# نادىر ماقالىلەر توپلىمى

# (16)

ئەسەر مەنبەسى: باغداش تورى، ئۇكىيان تورى، ئىزدىنىش مۇنبىرى
ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: تۇران 2016-يىلى 8-ئاي

# مۇندەرىجە

1. كىروراننىڭ نۇپۇسى ..........................غالىب بارات ئەرك 3
2. تۇغلۇق تۆمۈرخان .................................. غالىب بارات ئەرك 14
3. ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى ئېلىدىن باشلانغان! .................. دولقۇن روزى 35
4. فىلاندىيەدىكى ئالتايشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنى ................
.............................................. ئىسمائىل ئابدۇرېھىم 56
5. ئامانىنساخاننىڭ هاياتىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر.................سۇلتان مامۇت 72
6. ئەدەبىياتىمىزدىكى خاتا يېتەكلەش مەپكۇرەسى توغرىسىدا .......................
.................................................. ئابلەت ياسىن بابا 81
7. مەۋلانە جالالىدىن رۇمىنىڭ هاياتى ۋە ئەسەرلىرى.......... هەبىبۇللا ئابلىمىت 109
8. قۇمۇل ئۇيغۇر ۋاڭلىقىنىڭ گۈللىنىشى ۋە خارابلىششى............. ئەلى غۇپۇر 124
9. «لوپنۇر» ، «لوپ مەدەنىيتى» ۋە لوپ ناهىيسى توغرىسىدا مۇلاهىزە................
.................................................... ئابدۇقادىر كېرەم 135
10. مەۋلانە لۇتفىي هەققىدە يېڭى بايانلار........... ئەرافات هەسەن مۇسابايىف 148
11. «چاگموزا يۈسۈپخان» داستانىغا يۇشۇرۇنغان تارىخ.............................
.................................................ئابدۇرېشت هېلىمهاجى 163
12. ئېهتىياج نەدە، سىز نەدە؟.................................پولات هېۋزۇللا 170
13. مەهمۇد كاشغەرى ئاددىيلا لۇغەت تۈزگۈچىمۇ؟..............ئوسمان ئىسمايىل 183
14. «ئون» ۋە «توققۇز» سان مۇقەددەسلىكىدىن هونلار، ئوغۇزلار ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ
تارىخىي باغلىنىشىغا نەزەر............................... ئەزىز هېيىت كۆن 197

# كروراننىڭ نۇپۇسى

## غالىب بارات ئەرك

يېقىنقى يىللاردىن بېرى مەملىكەت مىقياسىدا قوزغالغان كروران قىزغىنلىقى كىشىلەرنى قىزغىن بىر تېمىغا جەلپ قىلماقتا ، ئۇ بولسىمۇ كروراننىڭ نوپۇسى قانچىلىك؟ ئۇلار نەگە كەتكەن ؟ زامانىمىزدا ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى بارمۇ؟ دېگەندىن ئىبارەت. بۇ ماقالىمىزدا ئەنە شۇ سوئاللارغا جاۋاب ئىزدىنىمىز .

كروران مىلادىيەدىن بۇرۇن قۇرۇلغان بىر شەھەرنىڭ ۋە شۇ شەھەرنى مەركەز قىلىپ قۇرۇلغان بىر كىچىك دۆلەتنىڭ نامى . بۇ خاندانلىق دەسلەپ كروران نامىدا ، كېيىنچە چەرچەن خاندانلىقى نامىدا زاھىر بولىدۇ . ھۆكۈمرانلىق دائىرىسى دەسلەپ لوپ كۆلى بويىنى مەركەز قىلغان ھالدا ھازىرقى چاقىلىق ناھىيىسى دائىرىسىنى كۆرسەتكەن بولسا ، مىلادىيە 2 – ئەسىردىن باشلاپ ھازىرقى چاقىلىق ، چەرچەن ، نىيا ناھىيىلىرىنى ۋە لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ بىر قىسىم زېمىنلىرىنى ئۆز ئىدارىسىغا ئالغان . بۇ ماقالىدە تىلغا ئېلىنغان كروران ئەينى دەۋردىكى كروران ۋە چەرچەن خاندانلىقىنىڭ مەركىزى بولغان چاقىلىق ناھىيىسى دائىرىسى ئاساس قىلىندى .

بىز « خەننامە» دىن كروران ، چەرچەن خاندانلىقلىرىنىڭ نوپۇسى ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنى كۆرۈپ ئۆتتۇق ، بۇلارنىڭ ئىچىدە چەرچەن ئېلىنىڭ نوپۇسى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ ، چەرچەن خاندانلىقى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 77 – يىلى كروراندىن پارچىلىنىپ چىققان . چەرچەن خاندانلىقىنىڭ نامى خەنزۇچە مەنبەلەردە 鄯善国 دەپ ، ھاكىمىيەت تىل يېزىقى بولۇپ قوللىنىلغان قارۇشتى تىل يېزىقىدا kroraina دەپ يېزىلغان ، خارابىلىكلەرنىڭ جايلىشىشى بىلەن نوپۇسنىڭ كۆپلۈكىدىن ئالغاندا بۇلار لوپ كۆلى بويىدىن تاكى مىرەن خارابىسىغىچە بولغان جايلارنى كۆرسىتىدۇ . كروران ئېلىنىڭ نوپۇسى ئېھتىمال مەردەك (padäka) ۋە كىتەك (katak~kadag) شەھەرلىرىنىڭ ئاھالىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان بولۇشى مۇمكىن .

مىلادىيە 400 – يىلى چەرچەندىن ئۆتكەن راھىب فاشەننىڭ خاتىرىسى يەنە بىر ۋاستىلىك ئۇچۇر ھېسابلىنىدۇ . ئۇنىڭ خاتىرىسىدە ، 17 كۈن يول يۈرۈپ چەرچەن

خاندانلىقىغا كەلگەنلىكىنى ۋە بىر ئاي تۇرغانلىقىنى ، بۇ يەردە 4000 دىن ئارتۇق كىچىك كۆلۈكۈ ( ھىنايانا ) راھىبى بارلىقىنى خاتىرىلىگەن . راھىب فاشەن چەرچەن خاندانلىقىدىن چىقىپ غەربىي شىمالغا يۈرۈپ 15 كۈندە ئاگنىي (偽夷国)غا بارغانلىقى خاتىرىلەنگەن.

‹‹ سۈگنامە ›› 98 – جىلد ‹‹ دى غۇزلىرى ھەققىدە قىسسە ››دە ‹‹ ... يۈەنجيا 19 – يىلى ( مىلادىيە 442 – يىلى ) 4- ئايدا ، جۈرچى ئۇرغۇ 10 مىڭدىن ئارتۇق تۈتۈننى باشلاپ، دۇنخۇاڭنى تاشلاپ كۈن پېتىشقا يۈرۈش قىلىپ جۈرچى ئارگۈنىڭ قېشىغا كەتمەكچى بولدى . ئۇلار چەرچەن (鄯善) يېتىپ بارغۇچە ، چەرچەن بېگى بىگى بىلوك 4000 دىن ئارتۇق تۈتۈننى باشلاپ قېچىپ كەتتى . شۇنىڭ بىلەن جۈرچى ئۇرغۇ چەرچەننى ئىگەللىۋالدى ....›› [1].

بىز بۇ بايانلارنى كۆرگەندىن كېيىن مۇنداق ئىككى نۇقتىغا دىققەت قىلىشىمىز كېرەك ، بۇنىڭ بىرىنچىسى راھىب فاشەننىڭ دۇخاندىن چىقىپ چەرچەن ئارقىلىق ھازىرقى قاراشەھەرگە بېرىشى . راھىب فاشەن ئاگنىيغا بارغاندا ئاگنىيدا 4000 دىن ئارتۇق كىچىك كۆلۈكۈ راھىبى بارلىقى يېزىلغان ، ئۇندىقتا ، مۇشۇ دەۋرلەردىكى ئاگنىينىڭ نوپۇسىنى ئىزدەپ كۆرىدىغان بولساق، جىن سۇلالىسى ( 265-420 ) دەۋرىدە ‹‹ ئاگنىي ئېلىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى تەخمىنەن 80 مىڭ ئەتراپىدا ئىدى ›› [2] . يەنە بىر مەسىلە، مىلادىيە 442 – يىلى جۈرچى ئۇرغۇنىڭ 10 مىڭ ئائىلىدىن ئارتۇق ئاھالىنى باشلاپ تۇرپاننى نىشانلاپ مېڭىپ چەرچەننى ئىشغال قىلغانلىقى ۋە چەرچەن خاقانى بەگرۇگنىڭ 4000 ئائىلىدىن ئارتۇق ئاھالە ( ئاھالىنىڭ يېرىمى )نى باشلاپ چالمادانا ( سارمادان ، ھازىرقى چەرچەن ) گە كۆچۈشىدۇر. يۇقىرىقى ئىككى مەسىلىدە بىزنى داۋاملىق ئىزدىنىشكە مەجبۇرلايدىغان نۇقتا شۇكى، دۇنخۇاڭدىن چىققان راھىب بىلەن جۈرچى ئۇرغۇ باشلىغان نۇرغۇن ئاھالىنىڭ چەرچەنگە ( ھازىرقى چاقىلىق ناھىيە بازىرى ۋە مىرەن بوستانلىقى) بېرىشىدۇر . ئەجابا ئۇلار ھازىرقى چاقىلىق بوستانلىقى ياكى مىرەن بوستانلىقىغا كېلىپ ، ئۇ يەردىن لوپ كۆلى بويىغا قايتىپ ، ئۇندىن كېيىن ئاندىن ئەسلىي يولىغا كىرگەنمۇ ؟ بۇنداق بولۇشى ئېھتىمالدىن يىراق . شۇڭا كروران شەھىرىنى مىلادىيە 327 – يىلى ئەتراپىدا ۋەيران بولغان دېگەن قاراشنى ئاغدۇرۇپ ، 5 – ئەسىردىمۇ لوپ كۆلى بويىدا بىر تۈركۈم ( خېلى كۆپ ساندا ) ئاھالىنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ، شۇنداق بولغاندا ئاندىن مەسىلىنىڭ تېگىگە يېتەلەيمىز.

بىز يۇقىرىقى بايانلارغا ئاساسەن، كروران ~ چەرچەن نوپۇسى ھەققىدە تەخمىنىي سانغا ئېرىشەلەيمىز. مىلادىيەنىڭ بېشىدا چەرچەن ( كروران ) ، نوپچان نوپۇسىنى قوشۇپ

ھېسابلىساق 15850 كىشى بولىدۇ ، بىز بۇ مەلۇماتنى تولۇقسىز مەلۇمات سۈپىتىدە قوبۇل قىلىمىز ، چۈنكى ئۇ دەۋرلەردە ھازىرقىدەك نوپۇس ستاتىسكىسى بولىشى ناتايىن . بىز بۇ سانغا دەريا – كۆل بويلىرىدا تارقاق ياشاۋاتقانلارنى ۋە قوشۇلماي قالغان شەھەر – بازارلار بار دەپ قاراپ ، بۇ ستاتىسكىنى پۈتۈنلەپ 20 مىڭ دەپ قارىساق خاتا بولىشى ناتايىن . راھىب فاشەننىڭ 400 – يىلىدىكى بايانى يەنى چەرچەندىكى 4000 دىن ئارتۇق راھىب بىلەن شۇ ۋاقىتلاردىكى ئاگىني ( قاراشەھەر)نىڭ 4000 دىن ئارتۇق راھىبى يېقىن بولۇپ، بۇلاردىن بۇ ئىككى جايدىكى ئاھالىنىڭ نوپۇسىنىڭ يېقىنلىشىدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز ، شۇنداق بولغاندا، ۋاستىلىك ھالدا كروران ئېلى ~ چەرچەن خاندانلىقىنىڭ نوپۇسىنىڭمۇ مىلادىيە 400 – يىلى ئەتراپىدا 80 مىڭ ئەتراپىدا ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلالايمىز . بىلوگىنىڭ ئاھالىنىڭ يېرىمى ( 4000 ئائىلىدىن ئارتۇق كىشى) باشلاپ چالمادانا ( ھازىرقى چەرچەن ) گە قېچىشىنى نەزەرگە ئالساق ، مىلادىيە 442 – يىلى چەرچەن ئېلىدە 8000 ئائىلىدىن ئارتۇق ئاھالە بارلىقىنى بىلىشكە بولىدۇ . بۇنىڭغا ئەينى چاغدا خاندانلىق مەركىزى ۋە شۇ ئەتراپتىكى ئاھالىلەرنىڭ يېرىمىنى يەنى 4000دىن ئارتۇق ئاھالىنى باشلاپ چالماداناغا كۆچكەن دەپ قارىساق ( تارىخ كىتابلىرىدا شۇنداق دېيىلگەن)، ، ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 8000 ئائىلىدىن خېلىلا كۆپ ئىكەنلىكىنى بىلىشكە بولىدۇ ، مۇشۇلارغا ئاساسەن شۇ ۋاقىتلاردا 9 – 10 مىڭ ئائىلە كىشى بارلىقىنى پەرەز قىلىش مۇمكىن . بىز بۇلارنى 10 مىڭ ئائىلە دەپ قارىساق ۋە مىلادىيەنىڭ بېشىدىكى ( « خەننامە» دىكى ) ھەر بىر ئائىلىدە 9 جان بولۇش نىسبىتى بىلەن ھېسابلىساق ، 442 – يىلى كروران ~ چەرچەن خاندانلىقىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 90 مىڭغا يېتىدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز . مانا بۇلارغا ئاساسەن كرورانلىقلار مىلادىيەنىڭ بېشىدا 20 مىڭ بولغان، 442 – يىلىغا كەلگەندە 80~ 90 مىڭغا يەتكەن دەپ قارايمىز . بىز تارىخىي ماتېرىياللار ئاساسىدا شۇنى دېيەلەيمەنكى ، ئاھالىنىڭ كۆچۈشى نوپۇسنىڭ ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ ، شەھەرلەرنىڭ ۋەيران بولىشى ، دەريا ئېقىنلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى ، تاجاۋۇزچىلىق قاتارلىقلار ئاھالىنىڭ كۆچۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ . « بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربكە ساياھەت خاتىرىسى » دە مىلادىيە 644 – يىلى ئەتراپىدا كروران دىيارىدىن ئۆتكەن شۈەنزاڭنىڭ بايانىغا قارىغاندا ، شۇ ۋاقىتتا « [چالمادانا ( سارمادان) دىن چىقىپ] شەرقىي شىمالغا 1000 چاقىرىمدىن ئارتۇق يۈرگەندىن كېيىن نوپ (纳缚波古国 دەپ يېزىلغان ، ئۇيغۇر ئالىمى سېڭقۇ سەلى تۇتۇڭ 10 – ئەسىردە بۇ نامنى نوپ دەپ تەرجىمە قىلغان ) قەدىمكى ئېلىگە كەلدىم ، بۇ كرورانىدۇر »[[3] دېگەن بايانىغا ئاساسلانساق، مىلادىيە 645 – يىلىدىن بۇرۇن، كروران ~ چەرچەن خاندانلىقى دائىرىسىدىكى شەھەر

بازارلار ۋەيران بولۇپ ئاھالىلەر كۆچۈپ كەتكەن ، پەقەت دەريا كۆل بويلىرىدىكى سانى نىسبەتەن ئازراق بولغان ئاھالىلەر قالغان. شۇنداق بولغاندا، كۆپ سانلىق ئاھالىلەر ھاياتلىق ئۈچۈن باشقا جايلارغا كۆچكەن ، لېكىن تارىخىي خاتىرىلەرگە ئاساسلانساق ، كىنىك ۋە مەردەك شەھەرلىرى بۇ ۋاقىتلاردا ۋەيران بولمىغان ئىدى .

بىز ئاھالىنىڭ كۆچۈشىنى ئۈچ رايون بويىچە تەھلىل قىلىشىمىز مۇمكىن . 1 – رايون لوپ كۆلى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىنى كۆرسىتىدۇ . بۇ رايوندا ئاھالىلەر تاش قورال دەۋرىدىن باشلاپ ياشاپ كەلگەن ، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2 – ئەسىردىن بۇرۇنلا كروران شەھرىنى ۋە ئۆز خاندانلىقىنى قۇرغان . ئەمما ، 6 – ئەسىردىن بۇرۇن، كۆنچى دەرياسىدىن بۇ يەرگە كېلىدىغان سۇ تەدرىجىي ئازلاپ، شەھەر – بازارلار ھاياتلىق مەنبەسى سۇدىن ئايرىلىپ ۋەيران بولغان . شەھەرلەرنىڭ ۋەيران بولۇشى تۈپەيلى ، شەھەر ئاھالىلىرى يۇرت ماكانىنى تاشلاپ كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان . بۇ ئاھالىلەرنىڭ ئىككى قېتىملىق كۆچۈشى ھەققىدە تارىخىي خاتىرىلەردە بەزى ئۇچۇرلار بار . كرورانلىقلارنىڭ 1 – قېتىملىق كۆچۈشى يۇقىرىدا بىز كۆرگەندەك مىلادىيە 442 – يىلى بولغان ، خان بىلوك باشچىلىقىدا 4000 ئائىلىدىن ئارتۇق ئاھالە ھازىرقى چەرچەن ناھىيىسى دائىرىسىگە كۆچكەن ، بۇ ئاھالىنىڭ سانى 20 مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ ، چالمادانانىڭ يەرلىك ئاھالىسى چەرچەندىن كۆچۈپ كەلگەنلەردىن ناھايىتى ئاز بولغانلىقتىن تەدرىجىي ، چەرچەن نامى چالمادانانىڭ ئورنىنى ئېلىپ ، بۈگۈنكى كۈنگىچە جاي نامى سۈپىتىدە ساقلىنىپ قالغان .

كرورانلىقلارنىڭ 2 – قېتىملىق كۆچۈشى ھەققىدە ، « كونا تاڭنامە » 40 – بۆلىدىكى« 纳职 (لاپچۇق) ، جېڭگۈەننىڭ 4 – يىلى كروران خورلىرى قۇرغان » [4] دېگەن بايانى ھەم تاڭ دەۋرىدىكى لى جىفۇ يازغان « يۈەنخې ئايمىقىدىكى ناھىيىلەرنىڭ تەزكىرىسى »دىكى « ئېۋىرغول ... چەرچەنلىكلەر كەلگەن . سۈي سۇلالىسىنىڭ دايې 6 – يىلى ( 610 – يىلى ) بۇ يەردە ئېۋىرغول ئايمىقى قۇرۇلدى . سۈي سۇلالىسىنىڭ مالىمانچىلىق يىللىرىدا بىر توپ خورلار كېلىپ ئولتۇراقلاشقان . ... لاپچۇق (纳职) جېڭگۈەننىڭ 4 – يىلى قۇرۇلغان، خورلار چەرچەننى لاپچۇق دەيدۇ، شۇڭا لاپچۇق ئاتالغان»[5] دېيىلگەن. « قۇمۇل ناھىيىسى تەزكىرىسى»دە لاپچۇق خارابىسى ھەققىدە مۇنداق دېيىلگەن: « قارلۇقغولنىڭ شەرق ۋە غەرب ئىككى تەرىپىگە جايلاشقان . دەريانىڭ شەرقىدىكى ئىككى شەھەر ( بىرى شىمالدا ، بىرى جەنۇبتا ) ، دەريانىڭ غەربىدە بىر شەھەر ... دەريانىڭ شەرقىنىڭ شىمالىدىكى شەھەرنىڭ جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 180 مېتىر ، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 150 مېتىر ، سېپىلىنىڭ قالدۇق ئېگىزلىكى 2 مېتىر ئەتراپىدا ، سېپىل تېمىنىڭ قېلىنلىقى 3 مېتىر ئەتراپىدا ، شەھەر سېپىلىنىڭ تۆت

بۇلۇڭىدا قاراغۇنىڭ قالدۇقى ، سېپىل ئىچىدە دۆڭ ۋە ئۆي خارابىلىرى بار . دەريا شەرقىنىڭ جەنۇبىدىكى شەھەر قەلئەسى كىچىكرەك بولۇپ ئۇزۇنلۇقى 100 مېتىردەك ، قالدۇق ئېگىزلىكى 3 مېتىرچە ، شەرقىي شىمالى بۇلۇڭىدا قاراغۇ بولۇپ ئېگىزلىكى 10 مېتىردەك كېلىدۇ . دەريانىڭ غەربىدىكى شەھەر قەلئەسىنىڭ قالدۇق ئۇزۇنلىقى 100 مېتىرچە .... »[6] دېيىلگەن ۋە تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسەن 493 – يىلى چەرچەن ئېلىدىكى بىر تۇرىكۇم ئاھالىنىڭ بۇ يەرگە قېچىپ كېلىپ يۇرت بەرپا قىلغانلىقى ، 630 – يىللىرى بۇ يەردە لاپچۇق ناھىيىسىنىڭ تەسىس قىلىنغانلىقى يېزىلغان . « قۇمۇل ناھىيىسى تەزكىرىسى » دە يەنە، مىلادىيە 489 – يىلى چەرچەن خورلىرىنىڭ ئىبۇرغۇلنى ئىشغال قىلغانلىقى ، لاپچۇق شەھىرىنى بەرپا قىلغانلىقى ، 632 – يىلى ئىبۇرغولدا لاپچۇقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا 3 ناھىيە تەسىس قىلىنغانلىقى ، 1332 ئائىلە ، 6778 نوپۇس بارلىقى يېزىلغان [7] . مانا بۇلار ئەمەلىيەتتە 1 – رايوندىكى ئاھالىنىڭ كۆچۈشى ھېسابلىنىدۇ . بۇلار ھازىرقى قۇمۇل شەھىرىنىڭ لاپچۇققا ۋە ھازىرقى چەرچەن ناھىيىسىگە كۆچكەن . يۇقىرىقى ئىككى قېتىملىق كۆچۈش تارىخىي يازمىلاردىكى خاتىرىلەردىن ئىبارەت . بىز يازما خاتىرىگە چۈشمىگەن كۆچۈشنى ھېسابقا ئالىدىغان بولساق، شەكسىزكى بىر تۇركۇم ئاھالە كۆنچى دەرياسىنى بويلاپ، سۇ قوغلاپ يۇقىرى ئېقىنغا كۆچكەن ، جۈملىدىن كىچىك مىرەن ئېقىنى بويىدىكى ئىزلارغا ، ئۈنىڭدىنمۇ يىراق جايلارغا كۆچكەن بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن . LA خارابىسىنى مەركەز قىلغان بىر تۇركۇم ئاھالە ھازىرقى مىرەن بوستانلىقى ۋە چاقىلىق ناھىيە بازىرى ئەتراپلىرىغا كۆچكەن . ئالىملارنىڭ تەتقىقاتلىرىغا ئاساسلانساق، كروران – چەرچەن خاندانلىقىدىكى ئاھالىلەر ياقا يۇرتلارغا جۈملىدىن خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان رايونلارغا بارغاندىن كېيىن، دۆلەتنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشى 鄯善 دىن 鄯 ياكى 善 خېتىنى فامىلە قىلىپ قوللانغان . تۇرپان ئاستانىدىن تېپىلغان يازمىلاردىكى 鄯庆، 鄯护، 鄯愿، 鄯好، 鄯月光 قاتارلىق نامىلارنى [8] كۆرسىتىشكە بولىدۇ . 1930 – يىللىرى لوپنىڭ شەھىرىدىن 6 – ئەسىردىكى كرورانلىقلارنىڭ قەبرە تېشى بايقالغان ، مانا بۇلار كرورانلىق بىر تۇركۇم ئاھالىنىڭ كۆچۈپ ئىچكىرىگىمۇ بارغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ . بىز بۇ يەردە 10 – ئەسىرلەردە بىر تۇركۇم كرورانلىقلارنىڭ داۋاملىق ئۆز يۇرتىدا ياشىغانلىقىدەك پاكىتنى ئەسكە ئېلىشىمىز زۆرۈر . « شاجو ۋە ئىبۇرغولنىڭ جۇغراپىيىلىك تەپسىراتى »دا « تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا شەرقىي تۈركلەرگە تەۋە شەنشۇتو باج سېلىقنىڭ ئېغىرلىقىدىن شەھەرنى تاشلاپ چەرچەنگە قاچتى . تۈيغۇنلار تەۋەسىدە ئولتۇراقلاشتى .... خورلار چەرچەننى لوپ ( 纳职 ) دەپ ئاتايدۇ .... » دېيىلگەن. مانا بۇلاردىن قارىغاندا،

كروران رايونىدا بىر تۆركۇم ئاھالىنىڭ داۋاملىق ياشىغانلىقىنى ، بىر تۆركۇم ئاھالىنىڭ ئانا يۇرتىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى بىلەلەيمىز . مىلادىيە 925 – يىلى ساك تىلىدا يېزىلغان، خوتەن ئالتۇن ئىل ھاكىمىيىتىنىڭ ئەلچىسىنىڭ يول بويلاپ يازغان دوكلاتىدا، كروران رايونىدىكى شەھەر- بازار ئولتۇراق نۇقتىلىرىدىن Kyaurata kamtha ( كروران شەھىرى ) ، Kadaka bisa kamtha ( كىتىك رايونىدىكى شەھەرلەر – چاقىلىق ناھىيە بازىرىنىڭ 100 كىلومېتىر شىمالىدا) ، Inaka chitta bu ( چوڭ لوپ- چاقىلىق بازىرى ئەتراپى ) بىلەن chunu ،naha ( كىچىك لوپ – مىرەن كونا شەھىرى ) بىلەن ( 弩支 ) durtci، ۋاششەھىرى كونا شەھىرى)، Padaka bisa kamtha ( بۇ نام قارۇشتىشۇناس لىن مېيىسۇننىڭ ئىسپاتلىشىچە شەھىرى مەردەك دېگەن نامدا ساقلىنىپ قالغان ) ۋە مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 77 – يىلىدىكى نام ( 鄯善 ) 7 – ئەسىردىكى تۇبۇتچە يازمىلاردا Cercen دەپ يېزىلغان ) نىڭ چەرچەن دېگەن شەكىلدە زامانىمىزغا يېتىپ كېلىشى 纳职، نىڭ ئەسلىسىنى لاپچۇق ( dapaci katha دەپ يېزىلغان )نىڭ ساقلىنىشى... قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ بارلىقىنى بىلىمىز . بۇلارنىڭ ئىچىدە كروران نامىنىڭ Kyaurata سۈپىتىدە ساقلىنىشى ، بىر تۈركۈم كرورانلىقلارنىڭ ئۆز يۇرتىنىڭ نامىنى ساقلاپ ياشاۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ[9] .

2- رايونىدىكى ئاھالىلەرنىڭ كۆچۈشى 10 – ئەسىردىكى ۋەقە بولۇپ بۇ ھەقتە يازما خاتىرە يوق ، لېكىن مىرەن كونا شەھىرى ۋە چاقىلىق ناھىيە بازىرىدىكى شەھەرلەرنىڭ ۋەيران بولۇشى تۇپەيلىدىن ئاھالىنىڭ كۆچكەنلىكىنى ئىلمىي پەرەز قىلىش مۇمكىن . ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەرگە ئاساسلانساق، 645 – يىلىدىن بۇرۇن نامەلۇم سەۋەبلەر بىلەن ۋەيران بولغان قۇتۇم ~ قىتىم ( khatum 、七屯、古屯)، مىرەن كونا شەھىرى خارابىسىنى كۆرسىتىدۇ) شەھىرى بىلەن قاغان شەھىرى (khavani、扜泥、扜泥、欢泥) ئەتراپلىرىغا ، 675 – يىللىرى بىر تۈركۈم ئاھالە يىغىلىپ يۇرتىنى قايتىدىن گۈللەندۈرگەن . بۇ قېتىمقى گۈللەندۈرۈش « شاجو ۋە ئۇيغۇرغولىنىڭ جۇغراپىيىلىك تەزكىرىسى » ، « شۇچاڭ ناھىيىسىنىڭ چېگرىلىرى » ناملىق يازمىلاردا، سەمەرقەندلىك سەردار كاڭ يەندەننىڭ تۆھپىسىگە يېزىلغان . بۇ قېتىمقى گۈللىنىش ئەلۋەتتە كرورانلىق بىر تۈركۈم ئاھالىنىڭ يۇرت ماكانىنى سېغىنىپ قايتىشى ۋە پېتراپ كەتكەن جايلىرىدىن قايتىشى بىلەن ناھايىتى تېزلا ئاۋات بولغان . خاتىرىلەردە يېزىلىشىچە، توققۇز شەھەرچە بەرپا قىلىنغان بولۇپ تاشبالىق (石城)، قۇتۇمبالىق (古屯城) ، ياڭىبالىق ( 新城) ، بورىبالىق ( 蒲桃城) ۋە شەھىرى سابىز (萨毗) ..... قاتارلىقلاردىن ئىبارەت . بىز بۇ شەھەرلەرنىڭ ئورنى ھەققىدە ئۇچۇرلارغا ئىگە بولساقمۇ

نوپۇسى ۋە ۋەيران بولغان يىللىرى ھەققىدە يازما ئۇچۇر يوق ، شۇنداقتىمۇ ئارخېئولوگىيە تېپىلمىلارغا ئاساسەن بۇ شەھەرلەرنى 10 – ئەسىردە ، توغرىراقى 11 – ئەسىردىن بۇرۇن ۋەيران بولغان دېگەن ھۆكۈمنى چىقارغان . بۇ قېتىم كۆچكەن ئاھالىلەر ئالدىنقى قېتىمكىدىن خېلىلا ئاز ئىدى ، شۇڭا بۇلارنى يېقىن قوشنا شەھەرلەر لوپ (LOP ،罗卜) ، كىتەك ~ كاتاك (kadag 、怯台، KADHAKH ) ۋە مەردەك (padäka) شەھەرلىرىگە كۆچكەن دېيىشكە بولىدۇ .

3- رايون : كىتەك ، لوپ ۋە مەدەك شەھەرلىرى بولۇپ بۇ شەھەرلەر ئەينى ۋاقىتتا ئىنتايىن گۈللەنگەن ئىدى . بۇلار ئوتتۇرا ئەسىردە، تەكلىماكاندىكى ئەڭ مەشھۇر شەھەرلەردىن ئىدى، 14- ئەسىردە تەبىئىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ۋەيران بولغان . بۇ شەھەرلەردىن لوپ شەھرى مىلادىيەنىڭ بېشىدىن باشلاپ گۈللەنگەن، شۇ ۋاقىتتىكى يازمىلاردا 弩支城 دەپ ، 7 – ئەسىردە قايتا گۈللەندۈرۈلگەندە ياڭبالىق دەپ يېزىلغان ، لېكىن ئوتتۇرا ئەسىردە قەدىمكى نامى بىلەن لوپ ~ نوپ دەپ يېزىلغان ، چاقلىق ناھىيە ۋاششەھرى يېزىسىنىڭ غەربىدىكى كونا شەھەر خارابىسىدۇر. لوپ شەھرىدە مىلادىيە 1276 – يىلىدىن بۇرۇن ئىسلام دىنى ئومۇملىشىپ بولغان . كىتەك شەھرى تۈبۈتلەر ئىشغالىيىتى دەۋرىدە kadag دەپ يېزىلغان ، 10 – ئەسىردىكى پارسچە ئەسەر ‹‹ ھۇدۇدۇل ئالەم››دە KADHAKH، 13- ئەسىردىكى خەنزۇچە يازمىلاردا 怯台 دەپ ، چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يادىكارلىقلاردا ( 16 – ئەسىردىن 20 – ئەسىرگىچە ) كاتاك ( كىتەك ) دەپ يېزىلغان ( بۇنىڭغا ‹‹ تارىخى رەشىدىي ›› ، ‹‹ مەۋلانا ئەرشىدىن تەزكىرىسى ›› ، ‹‹ تارىخي كاشغەر ( چىڭگىزنامە )›› ، ‹‹ تارىخى ھەمىدىي ››لەرنى مىسال قىلىش مۇمكىن ) . تارىخي يازمىلاردا بۇ شەھەرلەرنىڭ ۋەيران بولغان ۋاقتى ، ئاھالىسىنىڭ كۆچكەن جايلىرى ھەققىدە ئېنىق خاتىرە بار . مەردەك ۋە كىتەك شەھەرلىرىنىڭ ئاھالىسىنىڭ كۆپ قىسمى مۇسۇلمان ئەمەس ، ئاز بىر قىسمى مۇسۇلمان ئىدى . بۇ شەھەرلەردىكى ئاھالىلەرنىڭ قاياققا كۆچكەنلىكى ھەققىدە مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگاننىڭ ‹‹ تارىخى رەشىدىي›› ، شاھ مەھمۇد جوراسنىڭ ‹‹ تارىخى رەشىدىي زەيلى ›› ، ‹‹ كاشغەر تارىخى – چىڭگىزنامە ›› ( موللا مىر سالىھ كاشغەرى كۆچۈرگەن ) ، شىريارنىڭ ‹‹ مەۋلانە ئەرشىدىن ۋەلىيۇللا تەزكىرىسى ›› ، موللا مۇسا سايرامىنىڭ ‹‹ تارىخى ھەمىدىي ›› ... قاتارلىق كلاسسىك تارىخ كىتابلىرىدا بايان قىلىنغان ئۇچۇرلارغا ئاساسلانغاندا، مىلادىيە 1340 – يىللار ئەتراپىدا شەھرى كىتەكتە قاتتىق قۇرغاقچىلىق يۈز بېرىپ شەھەرنى قۇم باسقان ، مۇسۇلمانلار جاھالىدىن كىتەكى باشچىلىقىدا تارىم دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا قاراپ كۆچۈپ، ئاخىرى ئاقسۇ ئايكۆل قاتارلىق جايلارنى

ماكـان قىلغـان . يـول بـويلاپ ئىزلەيـدىغان بولسـاق، هـازىر كـورلا شـەھرىدە لوپئىرىـق ۋە ئۈنىڭ بويىدا لوپلۇقلار ، كورلا شەھرىنىڭ ئايروپىلان ئىستانسىسىنىڭ شىمالىدا كـىتىكلىكلەر كەنتى بارلىقى، چەرچى يېزىسىدىكى بىـر بۆلـۈك ئاھالىنىـڭ ئـۆزلىرىنى لوپلۇقلارغا بـاغلاپ رىۋايەت قىلىدىغانلىقى مەلۇم . بۈگـۈر ناھىيىسىدە كىتىك شەھرىنى بۈگـۈر تەۋەسـىدە دەپ قارايدىغان قاراشلار بار . ئاقسۇ ۋە كۇچارلاردىن كىتىكتىن كـۆچكەن كىشـىلەرنىڭ ئەۋلادى بـارلىقى تـارىخى ماتېرىيـالىاردىن مەلـۇم . پىچـان ناھىيىسـىدە لـوپ كـارىز نـاملىق كـارىز بولغاندىن سىرت، مۇشـۇ ناھىيىنىـڭ لۈكچـۈنگە يـېقىن بولغـان ئامانشـاھ مەھەللىسـى بـار، رىۋايەتلەرگە ئاساسـلانغاندا بـۇ مەھەللـىدىكىلەرمۇ شـەھرى كىتىكـتىن كۆچـۈپ بارغـانلار ئىكەن ، ئۇلار قۇمتاغدىن كەلگەن دەپ قارىلىدۇ . قۇمۇل شەھرىنىڭ لاپچۇقتا بىـر تۇركـۇم ئاهـاله هـازىرمۇ ئـۆزلىرىنى لوپلـۇق دەپ ئاتايـدۇ. مانـا مۇشـۇ ماتېرىياللارغا قارىغانـدا شەھرى كىتىك ، لوپ ۋە مەردەكلەر ۋەيران بولغاندا، ئاھالىلەر بىـر قـانچە تۈپقا بۆلۈنـۈپ كۆچكەن . ئۇلارنىڭ كۆچكەن جايلىرىنى يۇقىرىدا كـۆرۈپ ئۆتتـۇق ، مۇسـۇلمانلار يـۇقىرىقى جايلارغا كـۆچكەن بولسـا، مۇسـۇلمان بولمىغـان ئاهـالىلەر قەيەرگە كەتتـى ؟ ئۇيغـۇرچە كلاسسـىك تـارىخلاردا مۇسـۇلمان بولمىغـانلارنى قـوم تېگىـدە قېلىـپ هـالاك بولـدى ... دېگەندەك ھەر خىل رىۋايەتلەر بار . بۇ خۇددى مەھمۇد كاشغەرىنىڭ مۇسۇلمان بولمىغـان ئۇيغۇرلارنى يېزىشتىن پايدا يـوق دەپ، دىنىـي قـاراش تۇپەيلىـدىن نۇرغـۇن ئەھمىيەتلىـك بايـانلارنى يازمىغانغا ئوخشـاش بىـر ئىشـتۇر. ئەمەلىيەتـتە مۇسـۇلمان بولمىغـان ئۇيغـۇرلار كۆنسېرى كۆچىيىۋاتقـان ئىسـلام دىنىـدىن قېچىـپ شـەرققە كـۆچكەن ، ئـۇلار ئاساسـەن چارۋىچىلىق بىلەن ھايات كۆچۈرۈپ يۈرۈپ، تەخمىنەن 1360 – يىللىرى ئەتراپىـدادۇخان ئەتراپلىرىغـا كۆچـۈپ بارغـان . بۈگـۈنكى سېرىق ئۇيغـۇرلار بولغـان يۇغۇرلارنىـڭ تـارىخىي داسـتانى « يۇغـۇرلار كەلـگەن شـىجىنىڭ خاجىـدىن » دا، دەسـلەپ قـاتتىق قۇرغـاقچىلىق بولـۇپ شـەھەرلىرىنىڭ ۋەيـران بولغـانلىقى ، ئۇتلاقلىرىنـىڭ قـۇرۇپ كەتكەنلىكـى ، قـاتتىق بورانلىق، ھالاكەتلىك ئاشۇ يىللاردا يـات دىنىدىكىلەرنىڭ ئـۇلارنى ۋەيـران قىلىـش ئۈچـۈن ھۇجۇم قىلغانلىقى ، ئۇلارنىڭ كۆچە – كۆچە ئۈچ ئايدا توختىغانلىقى يېزىلغان . مانـا بـۇلار مۇسۇلمان بولمىغان ئاھالىسىنىڭ كېيىنكى كۆچـۈپ بارغـان يېـرى ۋە تەقدىرىـدۇر . سـېرىق ئۇيغـۇرلار ئىسـلام دىنىغـا كـىرمىگەن ۋە مىللـەت نـامىنى سـاقلاپ قالغـان بولـۇپ، هـازىرمۇ ئـۆزلىرىنى سـېرىق ئۇيغـۇر دەپ ئاتايـدۇ . « مىـڭ سۇلالىسـى تـارىخى» قاتـارلىق بەزى يـازمىلاردا ئۇلارنـىڭ يۇرتىنـىڭ چـاقىلىق ئىكەنلىكـى ئېنىـق يېزىلغـان . مۇسـۇلمان بولغـان سـېرىق ئۇيغـۇر ئاھـالىلىرى مىللـەت نـامىنى قوللانماسـتىن باشـقا ئۇيغۇرلارغا ئوخشـاش، ئۆزلىرىنى يۇرت نامى بىلەن ئاتايدىغان بولغان .

كرورانلىقلارنىڭ كۆچۈشى بۇنىڭ بىلەنلا ئاخىرلاشمايدۇ . تارىخي ئەسەرلەر ۋە ئېكسپېدىتسىيىچىلەرنىڭ ئۇچۇرلىرىغا ئاساسلانغاندا، كرورانلىقلارنىڭ ئەۋلادلىرى بولمىش لوپلۇقلار 18 – ئەسىرلەردىن باشلاپ 1940 – يىللىغىچە يۈز بەرگەن بىر قانچە قېتىملىق يۇقۇملۇق كېسەللىك ۋە دەريا ئېقىنلىرىنىڭ كۆچۈشى تۈپەيلىدىن، بىر قانچە قېتىم يۇرت ماكانلىرىنى تاشلاپ كۆچكەن . بۇلارنىڭ كۆچكەن يەرلىرى ئاساسەن كېيىن بەرپا بولغان چاقىلىق ناھىيە بازىرىنى مەركەز قىلغان بوستانلىق ، مىرەن بوستانلىقى ، ۋاششەھرى بوستانلىقى ۋە تارىم دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە يۇقىرى ئېقىنلىرىغا قاراپ كۆچكەن .

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا ، كروران رايونىدىكى كرورانلىقلارنىڭ نوپۇسى كۆپەيگەن ئاشۇ ۋاقىتلاردا 100 مىڭغا يەتكەن بولۇشى مۇمكىن . ھازىر بىز كۆپىنچە ھالدا خەنزۇچە يازمىلاردا ئۇچرايدىغان ئاخىرقى يىل چېكىنى شەھەرنىڭ ۋەيران بولغان دەۋرى قىلىپ قوبۇل قىلىۋاتىمىز ، ئەمما ھازىرقى پاكىتلار بۇ ھەقتە چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكىدىن بېشارەت بەرمەكتە . كەلگۈسىدە پاكىتلارنىڭ كۆپىيىشى بىلەن بالدۇر بولغاندا ،كروراننىڭ 5 – ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ۋەيران بولغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇلىشى مۇمكىن . كرورانلىقلار تارىخي دەۋرلەردە تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن يۇرت ماكانىدىن ئايرىلغان . مىلادىيە 442 – يىلى 4000 ئائىلە ئاھالە چالماداناغا يەنى ھازىرقى چەرچەنگە كۆچكەن ، بۇلار ئاھالىنىڭ يېرىمى بولۇپ قالغان يېرىمى يەنىلا ئاشۇ يۇرتىدا ياشاپ قالغان . كروران دائىرىسى خېلى چوڭ دۆلەت بولغانلىقتىن شەھەرلەر ۋەيران بولغان ۋاقىتلاردا، كۆپىنچە دەريا كۆل ۋادىلىرى ۋە گۈللىنىپ تۇرغان شەھەرلەرگە كۆچۈپ ياشىغان . 1 – رايونىدىكى شەھەرلەردىن ئاھالىلەرنىڭ 2 – ۋە 3 – رايونلارغا كۆچۈش بىلەن بىرگە قوشنا بولغان قومۇل ۋە چەرچەنلەرگە كۆچكەن . 2 – رايونىدىكى شەھەرلەر ۋەيران بولغاندا 3 – رايونىدىكى كىتىك ، لوپ ۋە مەردەك قاتارلىق شەھەرلەرگە كۆچكەن . 3 – رايونىدىكى شەھەرلەر ۋەيران بولغاندا ئاھالىلەر بىر قانچە توپقا بۆلۈنۈپ كۆچكەن ، بىر تۈپى تارىم دەرياسىنى بويلاپ كۆچكەن ، ئۇنىڭ ئىزناسى سۆپىتىدە كورلا شەھىرىدە كىتىكلىكلەر مەھەللىسى ، لوپ ئېرىق ناملىرى ساقلىنىپ قالغان بولسا ، بۇگۇر ناھىيىسىدە كىتىك ھەققىدىكى ئاجايىپ رىۋايەتلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن . ئۇلار كۆچۈپ يۈرۈپ ئاقسۇ ئايكۆلگىچە بارغان ۋە شۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان . بىر تۈركۈم ئاھالە قۇمتاغ قۇملۇقىنى كېسىپ ئۆتۈپ پىچان ناھىيىسىگە بارغان . پىچاننىڭ دىغار يېزىسى ۋە ئامانشا مەھەللىسىدىكى بىر قىسىم ئاھالىلەر ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ھېسابلىنىدۇ ، پىچان ناھىيىسىدە يەنە لوپكارىز دەيدىغان نام شۇنىڭ يالدامىسىدۇر. مۇسۇلمان بولمىغان كروران ئەۋلادلىرى شەھەرلەر ۋەيران بولغان 14 – ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، دۇخاننى

نىشانلاپ شەرققە كۆچكەن ۋە بوگۈنكى كۈندە سىبرىق ئۇيغۇر ( يۇگۇ مىللىتى ) دېگەن نامدا ياشاپ كەلمەكتە . دېمەك 14 – ئەسىردە كروراندىكىلەرنىڭ ئاخىرقى كۆچمەنلىرى كۆچۈپ كەتتى ، لېكىن دەريا – كۆللەرنى ئۆزگە ھاياتلىق مەنبەئى قىلغان بىر تۈركۈم ئاھالىلەر ئىزچىل تۇردە ئۆز يۇرت ماكانىدا ياشاپ كەلدى ، ئۇلارنىڭ نوپۇسى 20 – ئەسىرنىڭ باشلىرىدا 10 مىڭدىن ئوشۇق ئىدى . ئۇلار تاكى 18 – ئەسىرگىچە ئۆزلىرىنى «« لوپتۇق »» دەپ ئاتاپ كەلگەن ، قوشنا ئۇيغۇرلار ئۇلارنى«« لوپلۇق »» دەپ ئاتىغان ، بۇ خۇددى باشقا جايدىكى ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش مىللەت نامى بىلەن ئاتىغاندىن كۆرە، يۇرت نامى بىلەن ئاتىغانلىقىنىڭ ئىسپاتىدۇر خالاس . بۇ، لوپ دېگەن جايدا ياشايدىغان كىشىلەر دېگەن مەنىنى ئاڭلىتىدۇ . بۈگۈنكى كۈندە چاقىلىق ناھىيىسىدە لوپنۇر كۆلى ( چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە نۇر قوشۇمچىسى قوشۇلغان ) ، لوپنىڭ قىبقىرى ، لوپ لەنگەر ( لوپ جاڭزى ) ، لوپلۇقلار ( چاقىلىق ناھىيىسىكى بىر تۈركۈم ئاھالە ) ، لاپچۇق ( قۇمۇل ناھىيىسىدە ) ، ئابدال ( چاقىلىق ناھىيىسىدە ) ، لوپنۇرلۇقلار ( لوپنۇر نامى 1945 – يىلىدىن باشلاپ كۆنچى نامىنىڭ ئورنىنى ئالغان ، كېلىش مەنبەئى چاقىلىق ناھىيىسىدىكى لوپنۇر كۆلىنىڭ نامىدىن كەلگەن ، لوپنۇر ناھىيىسىدىكى لوپلۇقلار ناھىيە نامىنى قوللىنىپ لوپنۇرلۇق دەپ ئاتالماقتا ) قاتارلىق ناملار تارىختىن بۇيان ئىزچىل قوللىنىلىپ كەلمەكتە ، بۇ ناملار مۇشۇ يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ ناھايىتى قەدىمدىن بېرى مۇشۇ زېمىندا ياشاپ كۆللەندۈرۈپ كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلىماقتا . گەپنىڭ نېگىزىنى ئېيتقاندا، كروراندىكى زور بىر تۈركۈم ئاھالە كۆچۈپ كەتكەن ، بىر قىسمى كېيىن قايتىپ كەلگەن ، ئەمما سانى كۆپ بولمىسىمۇ بىر قىسىم ئاھالە ئاخىرقى شەھەرلەر ۋەيران بولغان 14 – ئەسىردىن كېيىنمۇ تارىم ، كۆنچى ، چەرچەن دەريالىرىنىڭ ئېقىنلىرىنى بويلاپ بېلىق ۋە قۇش ، ئۆسۈملۈكلەرنى ئوزۇقلۇق قىلىپ ، چارۋا بېقىپ ھايات كۆچۈرۈپ كەلگەن ، مانا بۇ كروراندىكىلەرنىڭ ئەۋلادلىرى كېيىنچە كەڭرى ماكانىنىڭ دائىرىدە مۇقىم شەھەر بەرپا قىلمىغانلىقتىن ، رايون نامى لوپنى قوللىنىپ ، ئۆزلىرىنى لوپلۇق دەپ ئاتاپ ، ھازىرمۇ ئارىمىزدا ياشاپ كەلمەكتە .

## ئىزاھاتلار:

[1] ‹ ئۇچ پادىشاھلىق تەزكىرىسى »» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 – يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 712 – بەت

[2] يوەن زۇلىياڭنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىگىدە تۈزۈلگەن ‹‹ يىپەك يولىنىڭ نوپۇس مەسىلىسى ئۈستىدە تەتقىقات ›› شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1998 – يىلى خەنزۇچە نەشرى 79 – بەت

[3] ياڭ جىەنشىن تۈزۈپ شەرھىيلىگەن ‹‹ قەدىمكى دەۋردىكى غەربكە ساياھەت خاتىرىلىرى ( تاللانما ۋە شەرھىي) ›› نىڭشا خەلق نەشرىياتى 1984 – يىلى خەنزۇچە نەشرى 104 – بەت

[4] [5]‹‹ لوپنۇرغا ئائىت ماتېرىياللاردىن ئۈزۈندە توپلام ›› ‹‹ شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ›› خەنزۇ رېئاكسىيىسى 1992 – يىلى خەنزۇچە نەشرى 12 –، 13ـ بەت

[6][7]‹‹ قۇمۇل ناھىيىسى تەزكىرىسى ›› شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1989 – يىلى خەنزۇچە نەشرى 397 –، – 6،ـ 7 – بەتلەر

[8] لىن مېيسۇن ‹‹ كروران – ئەسىرلىك سىرنىڭ يېشىلىشى ›› مەركىزىي پارتىيە مەكتەپ نەشرىياتى 1999 – يىلى خەنزۇچە نەشرى 194ـ 195، – بەتلەر

[9] خۇاڭ شېڭجاڭ ‹‹ ‹خولستېن قولىيازمىسى› بىلەن غەربىي شىمال تارىخ جۇغراپىيىسى ئۈستىدە تەتقىقات ›› ‹‹ شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى ›› 1984 – يىلى 2 – سان 62 – بەت

«شىنجاڭ تارىخ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2006 – يىللىق ساندا ئېلان قىلىنغان.

# تۇغلۇق تۆمۈرخان

غالىپ بارات ئەرك

## مۇقەددىمە

840-يىلى ئورخۇن ئۇيغۇر ئېلى يىمىرىلىپ خاندانلىق تەۋەسىدىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر ھەر تەرەپكە پىتىراپ كەتتى، نەتىجىدە ئۇلار ياشاپ كەلگەن ئورخۇن، تۇغلا دەريا بويلىرى، ئۆتۈكەن تېغى ئېتەكى ئاھالىسىز قالدى، بۇ بوشلۇقنى موڭغۇللار تولدۇردى. ئورخۇن ئۇيغۇر ئېلىنىڭ يىمىرىلىشىدە بىۋاستە سەۋەبكار قىرغىزلارمۇ قىتانلارنىڭ بېسىمى ئاستىدا 12-ئەسىرلەردە ئەسلىي ماكانلىرىغا ــ يېنسەي دەرياسى بويلىرىغا كېتىشكە مەجبۇر بولدى. موڭغۇل قوۋملىرى مانجۇرىيە تەۋەسىدىن تەدرىجىي سۈرۈلۈپ تۈركىي خەلقلەر ئەزەلدىن ياشاپ كەلگەن ۋە كېيىن موڭغۇللارنىڭ نامىدا ئاتالغان يەرلەرگە قاراپ سۈرۈلدى. ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلى مىلادىيە 12-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى قىتانلارغا بېقىندى بولۇپ قالغان. قىتانلارنىڭ ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلى (840-1368) ۋە خاقانىيە (840-1212) سۇلالىلىرىنى ئۆزىگە باج-خىراج تۆلەيدىغان ھالغا كەلتۈرۈشىدە، ئۇلارنىڭ ھەم ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتلەر سەۋەب بولغان ئىدى. قىتانلار ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن"قارا خىتاي" دەپ ئاتالغان قوۋمدۇر، ئۇلار ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلىگە شاۋكىم دەپ ئاتىلىدىغان لاۋازىمدار (كەنجى باسقاق) نازارەتچى ئەۋەتىپ نازارەت قىلغان. قىتانلارنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلاردىكى ھۆكۈمرانلىقى دەمزە خاراكتېرىدە بولغان، كېيىنچە ئېغىر باج-سېلىق ئالغان. قىتانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇش يولىدا ھەرىكەت قىلغان ئۇيغۇرلار، 1209-يىلى ئىدىقۇت بارچۇق ئارت تېكىن باشچىلىقىدا قىتانلارنىڭ نازارەتچىسىنى ئۆلتۈرۈپ، يېڭىدىن باش كۆتۈرۈۋاتقان موڭغۇللارغا تەۋەلىك بىلدۈرۈپ ئەلچى ئەۋەتكەن.

موڭغۇللار 12-ئەسىردە بۇرجىگىن، قوڭرات، جالايىر، بارلاس، سالجىغۇت قاتارلىق كۆپلىگەن قەبىلىلەرگە بۆلۈنۈپ كىرۇلىن، غونان دەريا بويلىرى ۋە ھىنگان تېغىنىڭ غەربىي-شىمالىي ئېتەكىدە ياشايتتى. تېمۈرچىنىنىڭ رەھبەرلىكىدە بىرلىككە كەلگەن

موڭغـۇل قەبىلىلـىرى 1206–يىلـى قۇرۇلتـاي چاقىرىـپ تېمـۇرچىننى خانلىققا كۆتـۈرگەن، شۇندىن باشلاپ تېمـۇرچىن «چىڭگىزخـان» دەپ، هـاكىمىيىتى «ئىكـى موڭغـۇل ئۇلۇسـى» (بۈيۈك موڭغۇل دۆلىتى) دەپ ئاتالغـان. ئەسلىدە ئـۇلار هـازىرقى موڭغـۇلىيە جۇمهـۇرىيىتى تەۋەسىدىكى بۇرهان خالدۇن تېغى ئەتراپىدىكى كىچىك دائىرىـدە ياشـاپ كەلـگەن ئىـدى، ئۇلارنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئاهالىسى بىر مىليونغىمۇ يەتمەيتتى. «بـۇ ۋاقىتتا موڭغـۇللار تېخى نايمان خانـدانلىقىنى بويسۇندۇرۇشـقا مۇۋەپپەق بولمىغـان، ئۇيغـۇر ئـىدىقۇت ئېلى ئىكـى موڭغـۇل ئۇلۇسـى» نىـڭ غەربىي جەنۇبىـدىكى قوشنىسـى ئىـدى. چىڭگىزخاننىـڭ بـايرىقى ئاسـتىدا بىرلەشـكەن، بىـرلىككە كەلـگەن موڭغـۇل قەبىلىلـىرى كېڭەيمىچىلىـك قىلىشـنى باشلاپ، نۇرغۇن زېمىن ۋە بايلىققا ئېرىشتى. 1211–يىلى ئۇيغـۇر ئـىدىقۇتى بـارچۇق ئـارت تېكىن كرۇلىن دەرياسى بويىدىكى موڭغۇل خانىدانلىقى ئوردىسىغا بېرىـپ بەيـئەت قىلـدى. چىڭگىزخـان ئۆزلىرىـدىن مەدەنىيەتلىـك بـۇ دۆلەتنىـڭ قـارام بولغانلىقىـدىن شـادلاندى، چۈنكى ئاكادېمىك بارتولدنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلار «تۈركىي خەلقلەر ئىچىـدە مەدەنىيەت جەھەتتە يۈكسەك ئورۇندا تۇرىدىغان» [1] ئاهـالە ئـىدى، چىڭگىزخـان قىـزى ئالتۇن بېكەنى ئىدىقۇتقا ياتلىق قىلىدىغانلىقىنى (ياتلىق قىلغـۇچە ئۆلـۈپ كەتـكەن) ۋە 5-ئوغلى سۆيـتەدە تونۇيـدىغانلىقىنى جاكارلىغـان. بـارچۇق ئـارت تـېكىن تۆمەنـدىن ئـارتۇق قوشـۇننى باشـلاپ موڭغۇللارنىـڭ ئىسـتىلا يۈرۈشـلىرىگە قاتناشـقان. ئىرانلىـق تـارىخچى ئالاۋىـددىن ئاتامەلىـك جـۇۋەينى (1226- 1283) «ئـۇلار ئۇيغۇرلارنىـڭ تىـل ۋە يازمـا ئەسـەرلىرىنى ئىلمىنىـڭ چوققىسـى دەپ قـارايتتى» [2] دەپ يازغىنىـدەك، ئەينـى زامانـدا ئىلىـم جەھەتـتە يـۇقىرى پەللىـگە يەتـكەن ئۇيغـۇرلار موڭغـۇللار قۇرغـان خانلىقلارنىـڭ هەممىسىدە هاكىمىيەت ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىغا ئىشـتىراك قىلىـپ، تـارىخ بەتلىرىـدە ئـۆز تـۆهپىلىرىنى قالـدۇردى. ئەينـى ۋاقىتتـا موڭغۇللارنىـڭ جەمئىـيەت ئەهـۋالى دوكتـور لىـۇ يىڭشىڭنىڭ سۆزى بىـلەن ئېيتقانـدا، چارۋىچىلىق ۋە ئوۋچىلىـق بىـلەن هايـات كۆچـۈرۈپ، كۆچۈپ يۈرەتتى [3]، شۇڭا موڭغۇللارنىڭ قەدىمى يەتكەن بـارلىق زېمىنلارغا ئۇيغۇرلارمۇ بېرىـپ، ئۇلارنىـڭ هـاكىمىيەت ۋە مەدەنىـيەت ئىشـلىرىغا قاتنىشـىپ، موڭغـۇل خانلىقىنىـڭ جايلاردىكى هاكىمىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرغان. ئۇيغۇر ۋە موڭغۇل خەلقلىرى ئورتـاق تۇرمـۇش، ياشاش داۋامىدا ئۆزئارا پەرقلەر بارغانسېرى ئازلاپ بارغان.

ئۇيغۇر ئـىدىقۇت هاكىمىيىتى بىۋاستە موڭغۇل مەركىزىي هـاكىمىيىتىگە بېقىنىـپ ئـۆز تېررىتورىيىسـىگە هۆكۈمرانلىـق قىلغـان. دوكتـور ئابىتاكىئونىـڭ پىكرى بـويىچە ئېيتقانـدا، يـۈەن سۇلالىسـى (1271-1368) قۇرۇلـۇپ 80 يىلغىـچە ئاساسـەن شـۇ تەرىقىـدە داۋاملاشـقان. 1227–يىلـى چىڭگىزخـان ئىگىلـىگەن بـارلىق زېمىنلىرىنـى ئوغۇللىرىغـا

سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەندە، ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلى موڭغۇل مەركىزىي ھاكىمىيىتىنىڭ بىۋاستە باشقۇرۇشىدا بولۇپ، ئۆز-ئۆزىنى ئىدارە قىلغان.

موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ دەسلەپ قۇرۇلغاندىكى زېمىنى توغرىسىدا ئالاۋىددىن ئاتامەلىك جۇۋەينى «تاتارلارنىڭ ماكانى، ئۇلار پەيدا بولغان جاي ۋە روناق تاپقان يېرى كەڭ بىر ئويمانلىق ئىدى، ئۇنىڭ دائىرىسى 7 – 8 ئايلىق يولدۇر. شەرقتە خىتاي (قىتان) بىلەن، غەربتە ئۇيغۇر (ئىدىقۇت) ئېلى بىلەن چېگرىلىناتتى، شىمالدا قىرغىزلار بىلەن سېلىنگا دەرياسى ئارقىلىق، جەنۇبتا تاڭغۇت ۋە تۈبۈتلەر بىلەن چېگرىلىناتتى» [4]، دەپ يازغان. 1227-يىلى چىڭگىزخان سىرلىق بىر سەۋەب بىلەن ئۆلگەندىن كېيىن، ئورنىغا ئۇگېداي خاقان (1229-1241) بولغان. موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ بارلىق زېمىنى چىڭگىزخاننىڭ تۆت پەرزەنتىگە سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلگەن. گوپسىلىك (قەدىمكى ئىران مۇسۇلمان يەھۇدىي تارىخچى راشىددىن فازىل ئۇللاھ (1247-1318) چاغاتاينىڭ سۇيۇرغال زېمىنى توغرۇلۇق «ئۇنىڭغا بېرىلگەن سۇيۇرغال زېمىن تۈركىستاندىن باشلىنىپ ئامۇ دەرياسىنىڭ ئېغىزىغىچەئىدى. ئۇ چىڭگىزخان بۆلۈپ بەرگەن ئۇلۇس ۋە چېرىكلەرنى ئىدارە قىلىش بىلەن، بەشبالىقتىكى ئۆز ئېلىدە خانلىق ھوقۇقىنى يۈرگۈزەتتى ...» [5] دەپ يازغان. «چىڭگىزخان ئىگىلىگەن زېمىننى ئوغۇللىرىغا سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەندىن باشقا، قوچۇ ئۇيغۇر ئىدىقۇتىغا ئۆز ئۇنۋانىنى داۋاملىق قوللىنىشقا، ئەسلى ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلگەن زېمىننى ساقلاپ قېلىشقا، يەنىلا قاراقۇچۇنى پايتەخت قىلىشقا رۇخسەت قىلدى. موڭغۇللار بۇ يەرگە ‹ داۇرۇغاتچى › ئەۋەتىپ، نازارەت قىلدى. ئىدىقۇتنىڭ مەرتىۋىسى چىڭگىزخان بويسۇندۇرغان باشقا ئەللەرنىڭ ھۆكۈمرانلىرىدىن كۆپ يۇقىرى تۇراتتى» [6]، موڭغۇل ئىمپېرىيىسى 13-ئەسىرنىڭ بېشىدىن باشلاپ يۇرتىمىزنىڭ پۈتكۈل تارىخىغا تەسىر كۆرسىتىپ كەلدى.

1227-يىلى چىڭگىزخان ئىگىلىگەن يەرلىرىنى پەرزەنتلىرىگە سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەندىن كېيىن، ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلى چاغاتاي خانلىقى بىلەن قوشنا بولغان. شۆھرەتسىيىلىك ئالىم دوساننىڭ يېزىشىغا قارىغاندا، چىڭگىزخاننىڭ 2 – ئوغلى چاغاتايغا شەرقتە ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلى چېگراسى بىلەن قايالىقتىن تارتىپ غەربتە جەيھۇن (ئامۇ) دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىغىچە بولغان زېمىن بىلەن، تۆت مىڭ چېرىك (ئائىلىسى بىلەن) تەقسىم بولغان. فرانسىيىلىك يېن پاۋل روشىنىڭ يازغانلىرىغا ئاساسلانساق، چاغاتاي خانلىقىدا يايلاقلار ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان، يەنى ئېرتىش دەرياسى يايلىقى، ئىلى يايلىقى، تالاس يايلىقى بىلەن بالقاش كۆلى ئەتراپىدىكى زېمىن خانلىق زېمىنىنىڭ ئاساسىي قىسمى بولۇپ قالغان. بۇ خانىدانلىق ھۆكۈمدارلىرىنىڭ يەرلىرىدىن تارىم

ئويمانلىقى (ھازىرقى بايىنغولىن تەۋەسىنى چەرچەندىن باشقا جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ)، ماۋرائۇننەھر، ئافغانىستاننىڭ غەربىي قىسىم يەرلىرى، پەنجاپ ۋە سىند قاتارلىق يەرلەردىن ئىبارەت. يېن پاۋل روشىنىڭ يازغانلىرىغا قارىغاندا، 14–ئەسىرگە كەلگەندە چاغاتاي خاندانلىقىدىكىلەرمۇ ئالتۇن ئوردا خانلىقىدىكىلەرگە ئوخشاشلا ئۆز ئانا تىلىنىمۇ ئۇنتۇپ تۈركىي تىلدىلا سۆزلىشىدىغان بولغان، ئۇيغۇر تىلى ئەدەبىي تىل بولۇپ خىزمەت قىلغان، كېيىن بۇ تىلغا «چاغاتاي تىلى» دەپ نام بېرىلگەن، بۇ تىل ئەمەلىيەتتە موڭغۇل تىلى بولماستىن، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدا شەكىللەنگەن تىل بولۇپ، زامانىمىز ئىلىم ساھىبلىرى ئېيتقان «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى» ئىدى. ئومۇمەن ئالغاندا، ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلى بىلەن چاغاتاي خانلىقى چېگرىلىنىپ تۇرغان. ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلى دەسلەپ موڭغۇل خانلىقىغا، كېيىن چىڭگىزخان نەۋرىسى قۇبلاي تەرىپىدىن قۇرۇلغان يۈەن سۇلالىسىگە بىۋاستە قارايدىغان بولغان، ئەمما موڭغۇل شاھزادىلىرىنىڭ ھاكىمىيەت تالىشىش ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ قېلىپ، تالاپەت تارتقان. ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلى كۆچەيگەن ۋاقىتلىرىدا ناھايىتى كەڭ تېررىتورىيىگە ئىگە بولسىمۇ، خاقانىيەنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن بىر قىسىم زېمىنلىرىدىن، كېيىن خاقانىيەنىڭ غازاتلىرى بىلەن يەنە بىر قىسىم زېمىنلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان. ئۇيغۇرلار ياشاۋاتقان يەرلەر 14- ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ چاغاتاي ئەۋلادلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا چۈشۈپ قالغان. تۇغلۇق تۆمۈرخان ئەنە شۇ چىڭگىزخاننىڭ 2 – ئوغلى چاغاتايخاننىڭ ئەۋلادى بولۇپ تارىخىمىزدا ناھايىتى مۇھىم شەخسلەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

## تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ نەسەبى

تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ نەسەبىدە بەزى مەسىلىلەر بار. 16–ئەسىردە ياشىغان ئۇيغۇر تارىخچىسى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگانى (موڭغۇللارنىڭ دۇغلات قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ ئۇيغۇرلىشىپ كەتكەن) نىڭ «تارىخى رەشىدى» ناملىق ئەسىرىنى ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇرغان ئېدۋارد دېنىسون روس ۋە مۇھەررىرى ئىلىياس لارنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ نەسەبى چىڭگىزخانغا تۇتۇشىدۇ. چىڭگىزخاننىڭ 2–ئوغلى چاغاتايخان، ئۇنىڭ ئوغلى مۇئاتۇغان («شەجەرەئىي تۈرك» تە «مۇتۇكەن»، «كاشغەر تارىخى» دا «مامۇكەي»، دېيىلگەن. «چىڭگىزخان» ناملىق تېلېۋىزىيە فىلىمىدە «مۇقاتوغان» دەپ تەرجىمە قىلىنغان)، ئۇنىڭ ئوغلى ئېسەن داۋا، ئۇنىڭ ئوغلى بەراق (باراق)، ئۇنىڭ ئوغلى داۋا ئىكەنلىكى سىخېمىلاشتۇرۇلغاندىن

كېيىن تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ داۋا ئوغۇللىرىدىن ئېسەن بۇغا ياكى ئېمىل خوجادىن بىرىنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن [7]. نەزەر خوجا ئابدۇسەمەت ئوغلى (ئۇيغۇر بالىسى) «تارانچى تارىخى» ناملىق كىتابىنى يازغاندا «شەجەرەئىي تۈرك» تىن پايدىلانغان بولسا كېرەك، «موغۇل تۆرىلىرى بۇخارادىن ئەل خوجا لەقەملىك ئېسەن بۇغا دۇۋان چېچەن ئوغلىنى ئالدۇرۇپ خان كۆتۈردى. ئېسەن بۇغا خاننىڭ توقلى ‹مەڭلىك› خاتۇندىن ‹تۇغلۇق تۆمۈر› ئاتلىق بىر ئوغۇل دۇنياغا كەلدى...»، دەپ يازغان. مۇشۇ قاراشلار بويىچە ئېيتقاندا، تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ ئاتىسىنىڭ كىملىكى ھېلىغىچە مەۋھۇم تۇرماقتا. 16–ئەسىردە ياشىغان تۆمۈرىيلەر ئىمپېرىيىسىدىكى ئىرانلىق ئاتاقلىق شائىر شەرىفىددىن ئەلى يەزدى (؟- 1454) 1420–يىللىرى يازغان «زەپەرنامە» شۇ ۋاقىتتا تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىشلاردىن كېيىن يېزىلغان. ئۇنىڭدا «چاغاتاي خان نەسلىدىن بولغان جەتە پادىشاھى تۇغلۇق تۆمۈرخان ئىبنى ئېمىل خوجا ئىبنى داۋاخان» [8]، دېيىلگەن. شەرىفىددىن ئەلى يەزدى تۆمۈرىيلەر ئىمپېرىيىسىدە ياشىغان، ئىمپېراتور تۆمۈرلەڭ (تارىختا ئەمىر تۆمۈر كۆرەگان، ئاقساق تۆمۈر دەپمۇ ئاتالغان) نىڭ ئەۋلادى شاھرۇھخاننىڭ ئوغلى ئىبراھىم سۇلتاننىڭ تەشەببۇسى بىلەن، خانلىقنىڭ قولايلىق يارىتىشى ھەمدە كۆپلەپ مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنىڭ تولۇقلىنىشى بىلەن يېزىلغان «زەپەرنامە» ئۈچۈن، تۇغلۇق تۆمۈر ھەم ئەمىر تۆمۈر كۆرەگانى توغرىسىدا كۆپ ماتېرىياللارنىڭ جۇغلانغانلىقىدا شۈبھە يوق. تۇغلۇق تۆمۈرخانىنى خانلىق تەختكە چىقارغان ئەمىر بۇلاجىنىڭ ئەۋلادى، شۇنداقلا تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئەۋلادى سۇلتان سەئىدخان قۇرغان ياركەنت سەئىدىيە (1514-1680) خانلىقىنىڭ دۆلەت ئەربابى بولغان مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگانى تەرىپىدىن 1545 – يىللىرى ئەتراپىدا يېزىلغان «تارىخى رەشىدىي» دە، تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ نەسەبى چىڭگىزخان ئوغلى چاغاتاي، ئۇنىڭ ئوغلى مامقانخان، ئۇنىڭ ئوغلى قارا سۇبۇخان، ئۇنىڭ ئوغلى بەراقخان، ئۇنىڭ ئوغلى داۋاچىخان، ئۇنىڭ ئوغلى ئېسەن بۇغا خان [9]، ئۇنىڭ ئوغلى تۇغلۇق تۆمۈرخان، دېيىلگەن. «تارىخي رەشىدىي» نى نەشرگە تەييارلىغۇچىلار بەراقخان ئوغلىنى ئېسەن داۋا دېيىلگەن بولسىمۇ، ئەسلىي مەتىندە isun kara دېيىلگەنلىكىنى ئىزاھلىغان، بۇ ئىسىم ئۇيغۇرچە نەشرىدە قارا سۇبۇخان، دېيىلگەن.

تۇغلۇق تۆمۈرخان نەسەبى توغرىسىدىكى ھېكايەت «تارىخى رەشىدىي» دىن ئېلىنىپ «تارىخى رەشىدىي زەيلى» (مىرزا شاھ مەھمۇد جوراس)، «كاشغەر تارىخى» (موللا مىر سالىھ كاشغەرىي كۆچۈرگەن)، «تارىخى ھەمىدى» (موللا مۇسا سايرامى) قاتارلىق كىتابلاردا خېلى كەڭ دائىرىدە بايانلانغان. شۇ كىتابلاردا ھېكايە قىلىنىشىچە، تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئاتىسى ئېسەن بۇغاخاننىڭ ئىككى خوتۇنى بولۇپ، چوڭ خوتۇنىنىڭ ئىسمى

ساتىلمىش، توقالىنىڭ مەڭلىك ئىكەن. ساتىلمىش تۇغماس بولۇپ كۆندىشى مەڭلىكنىڭ ئىككى قاتلىقنى سىزىپ، ئىسەن بۇغاخان شىكارغا (بەزىلىرىدە لەشكىرى يۈرۈشكە كەتكەندە، دېيىلگەن) چىقىپ كەتكەن پۇرسەتتە ئوردىغا كەلگەن شىراۋۇل دۇختەۋى (ئىرتىش دەرياسىنىڭ شىمالى تەرىپى، دەشتى قىپچاقتا ياشىغان دېگەن قاراش بار) گە خوتۇنلۇققا بېرىۋېتىدۇ. شۇ ۋاقىتتىكى موغۇل ئادەتلىرى بويىچە خاتۇن توقالىلارنىڭ تەقدىرىنى ئىلىكىدە تۇتقان. ئىسەن بۇغاخان قايتىپ كېلىپ مەڭلىك خاتۇننى سورىغاندا ئۇنىڭ يىراقتىن كەلگەن شىراۋۇل دۇختەۋگە بېرىۋەتكەنلىكىنى ئېيتقاندا، خان «يامان بوپتۇ، ئۇ مەندىن هامىلدار ئىدى» دېگەن. شۇ ئىشلار بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئىسەن بۇغاخان قازا قىلىپ، موغۇل قوۋمى خانسىز قىلىپ ۋەيرانچىلىققا يۈز تۇتقان. «تارىخى رەشىدىي» نىڭ ئاپتورىنىڭ ئەجدادى ئەمىر بۇلاجى دۇغلات «بىر خان پەيدا قىلىپ مەملىكەتنىڭ قانۇن تەرتىپلىرىنى تۈرغۈزۇشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ» [10]، توقال مەڭلىكنىڭ بالىسىنى ئىپىپ، ئوغۇل بولسا ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن تاشتېمۇر ئىسىملىك بىرىنى يولغا سالغان. تاشتېمۇر ئۇزۇن يول يۈرۈپ شىراۋۇل دۇختەۋى تۇرغان جايغا بېرىپ سۈرۈشتۈرۈپ، مەڭلىكنىڭ خاندىن بولغان بالىسىنىڭ ئوغۇل ئىكەنلىكى، ئىسمىنى تۇغلۇق تۆمۈرخان قويغانلىقىنى ئۇققان هەمدە ئۇنى ئېلىپ قېچىپ، دۇغلات ئەمىرى بۇلاجىنىڭ هۇزۇرىغا - ئاقسۇغا ئېلىپ كەلگەن. شەرەفىددىن ئەلى يەزدىنىڭ «زەپەرنامە» دە يېزىشىچە، تۇغلۇق تۆمۈرخان هىجرىيەنىڭ 764-يىلى 34 يېشىدا ۋاپات بولغان. ئۇنداقتا، هىجرىيە 730-يىلى (مىلادىيە 1329 -1330 - يىللىرى) تۇغۇلۇپ، هىجرىيە 764- يىلى (مىلادىيە 1362-، 1363 - يىللىرى قازا قىلغان بولىدۇ. بۇ يىلنامىدىن 1330- يىلىنى تۇغۇلغان يىلى سۈپىتىدە قوبۇل قىلساق، 1364- يىلى قازا قىلغان بولىدۇ. فرانسىيە مىللىي كۇتۇپخانىسىدا 1006 رەقىمىدە ساقلىنىۋاتقان «تەزكىرەت ئەل ئىرشاد» نىڭ ئاپتورىنىڭ «تارىخى رەشىدىي» دىن پايدىلانغانلىقى ئېهتىمالغا ناهايىتى يېقىن، شۇنداقتىمۇ تەزكىرەدىكى مۇناسىۋەتلىك يىلنامىلەر قىممەتلىك. ئۇنىڭدا «تارىخقە 730- يىلى ئۇي يىلىدا تۇغلۇق تۆمۈرخان ۋۇجۇدقە كەلدى. 16 ياشىدا قالماقتىن ئەمىر بۇلاجى ئاقسۇغا كەلتۈردى، 18 ياشىدا خان بولدى ۋە 24 ياشىدا مۇسۇلمان بولدى. 31 ياشىدا ماۋرائۇننەهرگە چېرىك ئاتلاندۇردى ۋە تارىخقە 764- يىلى ـــ توشقان يىلىدا 34 ياشىدا ۋاپات بولدى»[11]، دېيىلگەن. تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ نەسەبى هەققىدە 20-ئەسىرنىڭ بېشىدا ياشىغان چۆچەكلىك تاتار ئالىمى قۇربان غالى خالىدى يازغان «تەۋارىخى خەمسەئي شەرقى» دىكى بايانلارمۇ ئوخشاش بولۇپ، تۇغلۇق تۆمۈرخان ئىسەن بۇغاخاننىڭ ئوغلى، ئۇ بۇدۇيىچىچە خاننىڭ ئوغلى، ئۇ بەراق خاننىڭ ئوغلى، ئۇ

يەسۇنتۇنىڭ ئوغلى، ئۇ مۇتەكەن (مامقانخان) نىڭ ئوغلى، ئۇ چاغاتاينىڭ ئوغلى دېيىلگەن، ئىسىملارنىڭ تەلەپپۇزىدا ئازراق پەرقلەر بار. تۇغلۇق تۆمۈرخاننى ئېمىل خوجا ئوغلى دېگۈچىلەردىن شەرىفىددىن ئەلى يەزدى («زەپەرنامە»)، ئەبۇلغازى باھادىرخان («شەجەرەئىي تۈرك»)، خاندەمىر («تۈركىستان ۋە ماۋەرەئۇننەھىر موغۇل خانلىرىنىڭ تارىخى»)، مىرزا ئۇلۇغبەگ («تۆرت ئۇلۇس تارىخى») لەر بار.

تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ نەسەبى توغرىسىدا يۇقىرىدا كۆرگىنىمىزدەك، ئاتىسى ئېسەن بۇغاخان، ئېمىل خوجا دېگەن ئىككى خىل قاراش مەۋجۇت. «تارىخى رەشىدىي» نى نەشرگە تەييارلىغۇچىلار مۇقىملاشتۇرالمىغان. دوسان «دوساننىڭ موغۇل تارىخى» ۋە بەزى ماتېرىياللاردا ئېمىل خوجا دېگەن قاراش ياقلانغان. تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ نەسەبى 16 - ئەسىردىن باشلاپلا تەھقىقلەشكە ھەرىكەت قىلىنغان. مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگانى «تارىخى رەشىدىي» نى يېزىشتا شەرىفىددىن ئەلى يەزدىنىڭ «زەپەرنامە»، ئەمىن ئەھمەد رازىنىڭ «ھەفت ئىقلىم»، ئاتامەلىك جۇۋەينىنىڭ « تەۋارىخى جاھان كۇشاي» ... قاتارلىق ئەسەرلەردىن پايدىلانغان، جۈملىدىن «زەپەرنامە» دىن خېلى كۆپ مەنبەلەر كەلتۈرگەن. مۇشۇ نۇقتىلاردىن قارىغاندا، مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگانى «زەپەرنامە» دىكى تۇغلۇق تۆمۈرخان نەسەبىگە ئائىت ئۇچۇرلارنى كۆرمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا ئېيتىش مۇمكىنكى، تۇغلۇق تۆمۈرخان نەسەبى توغرىسىدىكى تەھقىقلىشىدە دۇغلات ئەمىرلىرىنىڭ بايانىنى ئاساس قىلىپ «ئېسەن بۇغا خان» ئوغلى، دەپ يازغان. ئاكادېمىك ۋ. ۋ. بارتولدنىڭ يېزىشچە، ئەبۇلغازى باھادىرخان ئېمىل خوجانىڭ لەقىمى ئېسەن بۇغا دەپ يازغانلىقىنى ئەسكەرتكەن ھەمدە تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ نەسەبى توغرىلىق گۇمانىي قاراشتا بولغان، جۈملىدىن «تۇغلۇق تۆمۈر ئەسلىي خان ئەۋلادىدىن ئىدى، دېگەن بۇ گەپنى دۇغلات ئۇرۇقىدىن بولغان ھېلىقى ئەمىر توقۇپ چىققان بولسا كېرەك ۋە بۇ ئەمىر ئۇنى چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ شەرقىدە مەزكۇر خان ئەۋلادىدىن ھېچقانداق پۇشتى قالمىغانلىقىنى كۆرۈپ، خانلىق تەختكە چىقارغان بولسا كېرەك» [12]، دېگەننى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەبۇلغازى باھادىرخان (1605 - 1663) نىڭ «شەجەرەئىي تۈرك» ناملىق ئەسىرىنىڭ ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە نۇسخىلىرى نەشر قىلىندى، ئۇيغۇرچە نەشرىنىڭ قايسى خىل نۇسخىسى ئاساس قىلىنغانلىقى نامەلۇم، پەرىزىمچە چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئەسلىي نۇسخىسىدىن كۆرە ئۆزبېكىستاندىكى نەشرى مەنبە قىلىپ نەشرگە تەييارلانغان بولۇشى مۇمكىن. خەنزۇچە نۇسخىسى 1874– يىلىدىكى فرانسۇزچە تەرجىمىسىدىن تەرجىمە قىلىنغان، فرانسۇزچىغا چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نۇسخىسىدىن تەرجىمە قىلىنغان. ئۇيغۇرچە نەشرىدە «چاغاتايخان ئەۋلادىدىن ئېلاجە لەقەملىك ئېسەن

بۇغا بىن دۇي چىچەن بىن بەراق بىن يەسەنتۇ بىن مۇتۇكەن بىن چاغاتايخان ماۋرائۇننەھردە تۇغۇلغان ئىدى» دېيىلگەن. خەنزۇچە نەشرىدە «چاغاتايخاننىڭ بىر ئەۋلادىنىڭ ئىسمى ئىسەن بۇغا بولۇپ يەنە بىر ئىسمى ئىلى خوجا (伊勒火者)، ئۇ ماۋرائۇننەھردە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ نەسەبى ئىسەن بۇغا – داۋا – چىچەن – بەراق – يىسەنتۇ – موتۇكەن – چاغاتايخان» دېيىلگەن. مىرزا ئۇلۇغبەگ «تۆرت ئۇلۇس تارىخى» دا «ئەمىر غازانخان شىھىد بولغاچ تۇغلۇق تۆمۈرخان ئىبن ئەلخوجا ئىبن داۋا چىچەنخان جەتە ئۇلۇسىدا ھاكىم بولدى. ماۋرائۇننەھر خەلقىنىڭ ئالىملىق ماۋازىنىدە ئۇنىڭ ئەمرى بىلەن قۇببە بىنا قىلغان ئىدى. ۋاپاتىدىن كېيىن ئاشۇ يەرگە دەپنە ئەتتىلەر. ئول قۇببە ئالتۇن نامى بىلەن مەشھۇردۇر. ... تۇغلۇق تۆمۈرخان ئىبن ئەلخوجا ئىبن داۋا چىچەنخان ئىبن سۇلتان غىياسىددىن بەراقخان ئىبن سۆقار ئىبن كومكور ئىبن چاغاتاي خان ئىبن چىڭگىزخان» [13] دېيىلگەن. ئاكادېمىك بارتولدنىڭ گۇمانىغا ئوخشاش گۇمانىنىڭ تۇغۇلۇشى تەبىئىي، ئەمما تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ چاغاتاي نەسەبكە تۇتاشماسلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلماق تەس، چۈنكى شۇ دەۋردىكى كەسكىن ھوقۇق تالىشىش كۈرەشلىرىدە، تۇغلۇق تۆمۈرخاننى خانلىق تەختىگە چىقىرىشتا يېتەرلىك ئاساسلار بولمىسا موغۇل قوۋمى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىشى مۇمكىن ئەمەس. «تارىخى رەشىدىي» ۋە باشقا ماتېرىياللاردىكى مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارغا قارىغاندا، 1330-يىلى تۇغۇلغان تۇغلۇق تۆمۈرخان 15 يېشىدا يەنى 1345-يىلى ئەتراپىدا ئاقسۇدا خانلىق تەختكە چىقىرىلغان. ئۇ 18 يېشىدا (كۆپىنچە ماتېرىياللاردا 1347-يىلى دېيىلگەن) ئالىملىق شەھىرىدە موغۇلىستان چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانى بولغان. بەزى ماتېرىياللاردا، 1347-يىلى شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتى، مۇشۇ ۋاقىتتا چاغاتاي خانلىقى ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن، دەپ بايان قىلىنىدۇ. 24 يېشىدا (1353 ~ 1354-يىللىرى) ئىلىدا مۇسۇلمان بولغان، 1360-، 1363- يىللىرى ماۋرائۇننەھرگە لەشكەر باشلاپ چاغاتاي خانلىقىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن يۈرۈش قىلغان ھەمدە ماۋرائۇننەھرنىڭ بىر قىسىم يەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خېلى نۇرغۇن يەرلەرنى ھۆكۈمرانلىقىغا ئالغان، يۈرۈشتىن قايتىپ ئۇزۇن ئۆتمەي 34 يېشىدا 1363-يىلى قازا قىلغان. ئۇنداقتا، ئىسەن بۇغا بىلەن ئىمىل خوجانىڭ قايسى بىرى تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئاتىسى؟ ناۋادا تارىخ يازمىلىرىدىكى تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ تۇغۇلغان يىلىنى ئىسپات قىلساق، ئىسەن بۇغاخان بىلەن يىل دەۋرىنى سېلىشتۇرۇش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلىدۇ. دوكتور تيەن ۋېيجياڭ ۋە دوكتور ليۇ يىڭشېڭلارنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، ئىسەن بۇغاخان كىچىككەندىمۇ 1320-يىلى قازا قىلغاندىن كېيىن كېبەكخان چاغاتاي خانلىقىنىڭ تەختىگە چىققان. ئەگەر مۇشۇ تەتقىقاتلارغا

ئاساسلىنىدىغان بولساق، ئىسەن بۇغاخان ئۆلۈپ 10 يىلدىن كېيىن ئاندىن تۇغلۇق تۆمۈرخان تۇغۇلغان بولۇپ چىقىدۇ.

تۇغلۇق تۆمۈرخان ئىسەن بۇغاخاننىڭ ئوغلى بولمىسا، ئۇ ھالدا ئىمىل خوجانىڭ ئوغلى بولۇش ئېھتىماللىقى قالىدۇ. دوكتور ليۇ يىڭشېڭنىڭ تەتقىقاتىدىن قارىغاندا، 15-ئەسىردىكى «مۇززىئال ئەنساب فى شاجارات سالاتىن موغول»، قاشانىنىڭ «تەۋارىخى ئولجايتو»، ئەبۇلغازى باھادىرخاننىڭ «شەجەرەئىي تۈرك» قاتارلىق مەنبەلەرگە ئاساسلىنىپ، شەرىفىددىن ئەلى يەزدىنىڭ «زەپەرنامە» دىكى «ئىمىل خوجا ئوغلى» دېگەن بايانىنىڭ توغرىلىقىنى بىلىش مۇمكىن. ئىسەن بۇغاخان ئوغلى دېگەن قاراشنى بارتولد ئېيتقاندەك، ئەمىر بۇلاجى باشچىلىقىدىكى دۇغلات جەمەتى توقۇپ چىققان بولۇشى مۇمكىن. دۇغلات ئەمىرى بۇلاجىنىڭ ئىمىل خوجا ئوغلى تۇغلۇق تۆمۈرنى ئىسەن بۇغاخاننىڭ ئوغلى دېيىشى، ئاساسلىقى ئىسەن بۇغاخاننىڭ تەخت ۋارىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىرىشنى كۆزلىگەنلىكىدىن بولسا كېرەك. دېمەك مۇشۇ قاراشلار بويىچە ئېيتقاندا، تۇغلۇق تۆمۈرخان ئىسەن بۇغاخاننىڭ ئوغلى بولماستىن، ئۇنىڭ بىر تۇغقان قېرىندىشى ئىمىل خوجانىڭ ئوغلىدۇر.

## تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ مۇسۇلمان بولۇشى

تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ مۇسۇلمان بولۇشى توغرىسىدا ماتېرىياللار ئىنتايىن كۆپ، گەپنى تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى مەشھۇر شەھەر كىتىكتىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ. شەھىرى كىتىك تارىم دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنىدا، يەنى چەرچەن دەرياسىنىڭ ئاياغ ئۇچىدا تارىم دەرياسىغا قوشۇلۇشقا ئاز قالغان ئورۇندىكى «ئېتەك تېرىم (ئېتەك تارىم دەپمۇ يېزىلغان)» دېگەن جايدا. بۇ شەھەر مىلادىينىڭ بېشىدىن باشلاپ گۈللىنىپ تۇرغان بولۇپ، 8- ئەسىرلەردىكى تۈبۈتچە يازمىلاردا kadag، 982- يىلى يېزىلغان پارسچە ئەسەر «ھۇدۇدۇل ئالەم» («ئالەمدىكى چېگرا-پاسىللار») دە KADHAK، ئوتتۇرا ئەسىر خەنزۇچە يازمىسىدا 怯台، چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يازمىلاردا «كىتىك» ياكى «كىدىك»، دەپ يېزىلغان. بۇ شەھەرنىڭ ئاھالىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى مۇشرىك، ئاز بىر قىسمى مۇسۇلمان بولۇپ، باياشات ياشايدىكەن. چىڭگىزخان مۇسۇلمان يۇرتلىرىنى ئىشغال قىلغان زامانلاردا بەلخلىق مەشھۇر ئالىم ئەبۇ ھەبىس كەبرىينىڭ ئەۋلادى جامالىددىن بەلخلىق شاگىرتى شەيخ شاھابىددىن بىلەن موڭغۇل ئىمپېرىيەسىنىڭ پايتەختى

قاراقۇرۇمدىن قىچىپ مۇشۇ شەھەر ــ كىتىككە يېتىپ كەلگەن. مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگانى جالالىددىن كىتىكى (جامالىددىندىن كېيىن جالالىددىن دەپ ئاتالغان) ئەۋلادلىرىدىن ئىگىلىشىچە، چىڭگىزخان بۇخارا ئۇلۇغلىرىنى يىغىپ قەتلى قىلغاندا مەۋلانا ھافىزىددىن كەبىرىينى بۇخارادا قەتلى قىلغان، ئۇنىڭ ئىنىسى شۇجائىددىن مەھمۇدنى پايتەختى قاراقۇرۇمغا ئېلىپ كەتكەن، ئۇ شۇ يەردە قازا قىلغان. كېيىن مەۋلانا شۇجائىددىننىڭ ئوغلى (يىل نۇقتىسىدىن ئالغاندا ئەۋلادى بولۇشى كېرەك) جامالىددىن «خوتەن بىلەن تۇرپان ئارىسىدىكى» شەھىرى كىتىككە كەلگەن. بۇچاغلاردىكى شەھىرى كىتىك قۇربان غەلىي خالىدىينىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، تەكلىماكاندىكى شەھەرلەرنىڭ مەركىزى ئىدى. ئۇچتۇرپانلىق شائىر موللا شاكىر («زەپەرنامە»)، شىريار («مەۋلانە ئەرشىدىن تەزكىرەسى») ۋە باشقا تەزكىرەلەرنىڭ بايانى بىلەن ئالغاندا 41 شەھەرنى باشقۇرىدىغان مەركەز ئىدى. جالالىددىن كىتىك شەھىرىگە كەلگەندىن كېيىن دىن تەرغىباتى بىلەن مەشغۇل بولغان. خەلق ئېغىز رىۋايەتلىرىدىن كۆرە «تەزكىرەتۇل ئىرشات» تا يېزىلىشىچە، شەھىرى كىتىكنى توشقان يىلىدا قۇم باسقان، تۈن بويى قۇم يېغىپ شەھەر قۇم تېگىدە قالغان. رىۋايەتلەردە بايان قىلىنىشى ۋە بەزى تەزكىرەلەردە يېزىلىشىچە، جالالىددىن كىتىكى باشلىق مۇسۇلمانلار موما ياغاچلارنى قاداپ، «40 كېچە – كۈندۈز» موما ياغاچنى چۆرگىلەپ ھايات قالغان. ھايات قالغان كىتىك ئاھالىسى (شىريار 15 كىشى دەپ يازغان، ئەمما بۇ سان ئەمەلىي ساندىن ناھايىتى كەم ئىكەنلىكى مەلۇم) تارىم دەرياسىنى بويلاپ كۆچكەن. ئۇلار كۆچۈپ «تاغ – دەريالاردىن ئېشىپ، چۆل – جەزىرەلەرنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئەردەۋىل شەھىرىگە كېلىپ ئايكۆل دېگەن جايدا تەكيەگاھ بىنا قىلدى» [14]. جالالىددىن كىتىكى باشچىلىقىدىكى كىتىكلىك مۇسۇلمانلار ئەردەۋىل (ئاقسۇ) ئايكۆلگە بارغۇچە يول بويلاپ بىر قىسمى تۇرۇپ قالدى، جۈملىدىن ئاقتاما (ھازىر لوپنۇر ناھىيە تەۋەسىدىكى 31- پولك دائىرىسىدە)، كۆتەكلەر كەنتى (كورلا شەھىرى ئايرودرومغا يېقىن مەھەللە) ۋە بۈگۈر ناھىيىسى تەۋەسىدە شۇ نامدىكى مەھەللىلەر بولغان ياكى رىۋايەتلەر قالغان. كىتىكلىكلەر ئاقسۇنىڭ يار بېشى دېگەن يېرىدە كۆپرەك ئولتۇراقلاشقانلىقتىن «كىتىكلىكلەر كەنتى» بەرپا بولغان [15]. مۇھەممەد تۆمۈر قاراقاشى 1818- يىلى يازغان «تەزكىرەتۇل ئىرشات» تا ئېيتىلغان شەھىرى كىتىكنى قۇم باسقان يىلنىڭ خاتىرىسى بولغان توشقان يىلى مىلادىيە 1340- يىلىغا توغرا كېلىدۇ. دېمەك، شۇندىن كېيىن سەپەر قىلىپ ئاقسۇدا ماكانلاشقان جالالىددىن كىتىكى ئۆيلۈك ئوچاقلىق بولۇپ پەرزەنت كۆرگەن ھەمدە ئۇنىڭغا «ئەرشىدىن» دەپ ئىسىم قويغان. جالالىددىن كىتىكى ئاقسۇ ئايكۆلدە ئولتۇراقلاشقان، ئۇنىڭ قەبرىگاھى ھازىر ئاقسۇ شەھىرى ئايكۆل

يېزىسىدا ئايكۆل مەۋلانەم بۇزرۇككاھى نامىدا مەشھۇر، يېقىنغىچە كىشىلەر تەرىپىدىن تاۋاپ قىلىنىپ كەلگەن. جالالىدىدىن كىتىكىنىڭ ئوغلى مەۋلانا ئەرشىدىن مازىرى كۇچا قارادۆڭدە (يېڭى شەھەر رايونىنىڭ غەربىدە) بولۇپ مەۋلانا ئەرشىدىن ۋەلى بۇزرۇككاھى دېگەن نامىدا مەشھۇر. جالالىدىدىن كىتىكى ئاقسۇدا ياشاۋاتقان كۈنلىرى تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ دۇغلات ئەمرى بۇلاجى تەرىپىدىن ئاقسۇغا كەلتۈرۈلگەن يىللىرى (مىلادىيە 1345– يىلى) ئىدى. شىكارغا چىققان تۇغلۇق تۆمۈرخان ئايكۆل بويلىرىدىكى سفىر(خانلار مەخسۇس شىكار قىلىدىغان ئورۇن)دا ئوۋ ئوۋلاپ يۈرگەندە، خان يارلىقىغا خىلاپ ھالدا ئوۋ رايونىدا يۈرگەن جالالىدىدىن كىتىكى باشلىق كىشىلەر تۇتۇپ كېلىنىپ سوراق قىلىنغان. يەنە بەزى ماتېرىياللاردا ئېيتىلىشىچە، تۇغلۇق تۆمۈرخان شەھىرى كىتىكىنى قوۋم باسقانلىقىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىش ئۈچۈن، جالالىدىدىن كىتىكلەرنىڭ شۇ يەردىن كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ چاقىرتقانلىقىدىن، يۈز كۆرۈشۈشكە ئىمكان بولغان. ئومۇمەن يۇقىرىقى سەۋەبلەر بىلەن جالالىدىدىن كىتىكى تۇغلۇق تۆمۈرخان بىلەن دىدارلاشقان ۋە ئۇنى دىنىي ئىسلامغا دەۋەت قىلغان. تۇغلۇق تۆمۈرخان ئۆزىنىڭ گەرچە خان ئاتالسىمۇ تېخى موغۇلىستان ئاستانىسى ئالمالىقتىكى تەختكە چىقمىغانلىقىنى، شۇ يەردە خانلىق تەختكە ئولتۇرغاندا بارسا مۇسۇلمان بولىدىغانلىقىنى، ھازىر مۇسۇلمان بولسا قوۋملىرىنىڭ قارشى چىقىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. يۇقىرىقى سەۋەبتە بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي جالالىدىدىن كىتىكى تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ مۇسۇلمان بولۇشقا قىلغان ۋەدىلىرى بىلەن ۋەسىيەتلىرىنى ئوغلى ئەرشىدىنگە قالدۇرۇپ باقىي دۇنياغا كەتكەن. تۇغلۇق تۆمۈرخان 15 يېشىدا ئاقسۇدا خان بولۇپ ئۈچ يىلدىن كېيىن يەنى 18 ياشقا كىرگەندە ئىلى رايونىدىكى ئالمالىق شەھرىدە موغۇلىستاننىڭ پادىشاھى بولغان. تۇغلۇق تۆمۈرخان ئىلىغا چىقىپ موغۇلىستان مەملىكىتىگە خان بولغاندىن كېيىن مەۋلانە ئەرشىدىن ۋەلى بىرىپ (ئەمەلىيەتتە ئاتىسىنىڭ ۋارىسلىرى بىلەن بىرگە ئۆسمۈر ئەرشىدىن ئىلىغا بارغان چىققان، تۆھپە شۇنىڭ نامىغا ئاتىلىپ قالغان بولۇشى ئېھتىمال. ئۇنداق بولمىسا، ئەرشىدىن ۋەلى كىتىكتە تۇغۇلغان، ئالمالىققا بارغاندا يېشى خېلى چوڭ بولۇشى مۇمكىن) ئۇنى ۋەدىسى بويىچە مۇسۇلمان بولۇشقا دەۋەت قىلماق بولغان بولسىمۇ كۆرۈشۈش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمىگەن، ئاخىرى ئەتىگىنى ئەزان تووۋلىغاندا خان ئاڭلاپ چاقىرتقان، شۇ سەۋەب بىلەن يۈز كۆرۈشۈشكە مۇيەسسەر بولغان. ئۇچۇرلاردىن قارىغاندا، مەۋلانە ئەرشىدىن ئەزان ئېيتقان دۆڭ تاكى بۈگۈنگىچە «ئەزان دۆڭ» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە. تۇغلۇق تۆمۈرخان مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، دۇغلات دوختەۋىي بېگى يارقى، ئوردا بېگى ئالتۇن باخشى ۋە تارغۇن باخشى، زارغۇن باخشى كەبى جايساڭلار ھەم لەشكەرلەر

مۇسۇلمان بولغان. جوراس قەبىلىسىدىكىلەر بويۇنتاۋلىق قىلغان بولسىمۇ ئاخىرى مۇسۇلمان بولغان. ئەسلىدە مۇسۇلمان بولۇپ ئاشكارىلاشقا جۈرئەت قىلالماي يۈرگەنلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمانلىقىنى ئاشكارا قىلغان. مەۋلانە ئەرشىدىن ۋەلى بالغاسۇن (ئالمالىق)دا بىر يىل تۇرۇپ مۇسۇلمانچىلىقتىن تەربىيەت قىلغان. ماتېرىياللاردا، تۇغلۇق تۆمۈرخان مۇسۇلمان بولغان كۈنى 160 مىڭ كىشى مۇسۇلمان بولغانلىقى بايان قىلىنغان، كۆپ كىشىلەر بۇلارنى موڭغۇللار، دەپ تونۇيدۇ. 160 مىڭ يېڭى مۇسۇلماننى موڭغۇل قوۋمىدىن دەپ قاراش سەۋەنلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس. سۇلتان ساتۇق بۇغراخان مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان بايتاش (مۇسا) ئىسلام دىنىنى خانلىقنىڭ دىنى قىلىپ جاكارلىشى، يۈسۈپ قادىرخاننىڭ خوتەنگە غازات قىلىشى سەۋەبىدىن ئىسلام دىنى خېلى كەڭ دائىرىدە ئومۇملاشقان ئىدى. گەرچە خاقانىيە بىلەن ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلى ئارىسىدا كۆپ سوقۇشلار بولغان، ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلى بىر قىسىم زېمىنلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان، مەلۇم مەزگىل خاقانىيەگە سېلىق تۆلەيدىغان هالغا كەلگەن بولسىمۇ، ئېتىقادىنى ساقلاپ قالغان ئىدى. ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلى دائىرىسىدە دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى بولۇپ، خېلى ساندا مۇسۇلمانلار بولسىمۇ، ئاھالىنىڭ كۆپى بۇددا، نېستۇرى ۋە مانىي دىنلىرىدا ئىدى. شۇڭا ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلى دائىرىسىگە (بۆگۈر ۋە چەرچەن ئارقىلىق خاقانىيە بىلەن چېگرىلانغان) ئىسلاملىشىش ئەمەلگە ئاشمىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتىش مۇمكىنكى، تۇغلۇق تۆمۈرخان زامانىدا مۇسۇلمان بولغان ئاھالىلەرنىڭ ھەممىسىلا موڭغۇللار دېيىشكە بولمايدۇ، بەلكى تەڭدىن تولا ئاھالە ئۇيغۇرلار - يەرلىك ئاھالە ئىدى. تۇغلۇق تۆمۈرخان نەسەبى موڭغۇل بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇنىڭ زامانىدا مۇسۇلمان بولغانلارنى موڭغۇل دەپ قاراشقا بولمايدۇ. چىڭگىزخان پەرزەنتلىرىگە يەر – زېمىن ئەمەس بەلكى ئاھالە (چېرىك) نى سۇيۇرغال قىلغان، جۈملىدىن 4000 چېدىر (پېرسىيەلىك رەشىدىن پەيزۇللا «جەمئۇت تەۋارىخ» تا بارلاس قوۋمى مىڭ چېدىر، قوڭغىرات قوۋمى مىڭ چېدىر ... قاتارلىق) ئاھالە چاغاتايغا تەقسىم بولغان. تۇغلۇق تۆمۈر خان بولغان دەسلەپكى ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسى هازىرقى شىمالىي شىنجاڭنى تېررىتورىيە قىلغان بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى نەچچە يىل خانسىز قالغان بۇ ھاكىمىيەت كەڭ تېررىتورىيىگە ئىگە ئەمەس ئىدى، ئۇ مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن ماۋرائۇننەھر قاتارلىق جايلارنى ھۆكۈمرانلىقىغا ئالغان. شۇ سەۋەبتىن تۇغلۇق تۆمۈر ھاكىمىيىتىدە ئۇنچە كۆپ موڭغۇل ئاھالىسىنىڭ بولۇشى گۇمانلىق، شۇڭا مۇسۇلمان بولغانلارنىڭ كۆپ سانلىقى يەنىلا ئۇيغۇرلار ئىدى. تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ مۇسۇلمان بولۇشى ئۇيغۇرلاردىكى ئىدېئولوگىيە بىرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش بىلەن بىرگە،

ئۇيغۇرلىشىپ كېتىۋاتقان موغۇل ئاھالىسى بىلەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى ئاخىرقى توسالغۇ دىنىي پەرق يوقىلىپ، ئۇيغۇرلارغا قوشۇلۇپ كېتىشنى ئىلگىرى سۈردى. تۇغلۇق تۆمۈرخان باشچىلىقىدا موغۇللار ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى مەسىلىسىدە ئېيتىش زۆرۈر مەسىلىدىن بىرى، تۇغلۇق تۆمۈرخاندىن بۇرۇنمۇ چاغاتاي ئەۋلادلىرىدىن مۇسۇلمان خانلارنىڭ ئۆتكەنلىكىدۇر. چاغاتاي ئوغلى مامقانخاننىڭ ئوغلى قاراھىلاكۇ خان بولغان. قاراھىلاكۇ قازا قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ سەبىي ئوغلى مۇبارەكشاھ ئانىسى ئەرغەنەنىڭ ياردىمىدە خان بولغان، مانا مۇشۇ مۇبارەكشاھ چاغاتاي نەسەبىدىن بولغان تۇنجى مۇسۇلمان پادىشاھىدۇر. مۇبارەكشاھتىن كېيىن چاغاتاي نەسەبىدىن «ئالغۇ بىن بەيدەر»، ئۇنىڭدىن كېيىن «بەرەقخان بىن يەسەنتۇ» خان بولغان. بەرەقخان پادىشاھ بولۇپ 2 يىلدىن كېيىن مۇسۇلمان بولغان (بۇخارادا مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن سۇلتان غىياسىدىن دەپ ئاتالغان)، ئۇزۇن ئۆتمەي قازا قىلغان. كېيىنكى ۋاقىتلاردا يەنە تەرمە شىرىن ئىسىملىك بىرى مۇسۇلمان بولغان، ئۇ ماۋرائۇننەھرنىڭ پادىشاھى بولغاچقا ئۇ تەرەپلەردىكى موغۇللارنىڭ مۇسۇلمانچىلىقى شۇندىن كېيىن مۇستەھكەم بولغان. مۇشۇ نۇقتىلاردىن ئالغاندا، تۇغلۇق تۆمۈرخان چاغاتاي نەسەبىدىكى خانلار ئىچىدە كەم دېگەندىمۇ مۇسۇلمان بولغان 4-خان ھېسابلىنىدۇ.

تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئاستانىسى ۋە تۇغلۇق تۆمۈرخان توغرىسىدا يېزىلغان ئەسەرلەردە «قارا بالغاسۇن» دېگەن يەر نامى تىلغا ئېلىنىدۇ. رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى سانكتپېتېربۇرگ شۆبىسىدە C556 رەقەمدە ساقلىنىۋاتقان «تەزكىرەئىي مەۋلانە ئەرشىدىن ۋەلى» نىڭ ھاشىيەسىدە «بۆلەك تارىخ كىتابلىرىدا بالغاسۇننى بىلاساغۇن دەپ زىكرى قىلىبدۇر» دېيىلگەن. ئەمەلىيەتتە قەدىمكى تىلدا «بالغاسۇن» سۆزى شەھەر دېگەن مەنىدە ئىدى، لېكىن تىل ئىشلىتىلىش داۋامىدا «بالاساغۇن» بولۇپ قېلىش ئېھتىماللىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلمايمىز. «تارىخى رەشىدىي» نىڭ مۇھەممەتتۇردى مىرزائەخمەد نەشرگە تەييارلىغان ئۇيغۇرچە نۇسخىسىدا « ‹تارىخى مەجمەئۇل – ئەنساب› (بارلىق نەسەبلەرنىڭ تارىخى) ناملىق كىتابتا، بالاساغۇننى موغۇللار ئالمالىق دەيدۇ» [16]، دېگەن ئۇچۇردىن ئالمالىقنىڭ ئەينى زاماندا بالغاسۇن - شەھەر دەپمۇ ئاتالغانلىقىنى جەزملەشتۈرىمىز.قارقى تەزكىرىدە تارتار، كاشغە ئەرەۋىل ، كۈەن، اچىن ، تۇرفان قاتارلىق تامامى يۇرتلارنىڭ باج-سېلىقلىرى بالغاسۇنغا يەتكۈزۈلىدىغانلىقى يېزىلغان. باج-خىراجى يىغىلىدىغان بۇ شەھەرلەر قاتارىغا رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى سانكتپېتېربۇرگ شۆبىسىدە D115 رەقەمدە ساقلانغان نۇسخىسىدا ياركەنت شەھىرىمۇ قوشۇپ سانالغان. مەۋلانە ئەرشىدىن

ۋەلى تۇغرىسىدىكى تەزكىرىلەردە يېزىلىشىچە ، ئاستانە جەنۇبلۇقلار (جۇملىدىن ئاقسۇلۇقلار) «تاغ» دەپمۇ ئاتالغان، بۇ ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ئاستانىغا مۇزارەت ئارقىلىق بارغانلىقىدىن بولسا كېرەك. بۇ تۇغرىدا مۇشۇ تەزكىرەدە «نەبىرەم خوجا راشىدىن بىلەن تاغقە بارىپ تۇغلۇق تۆمۈرخاننى مۇسۇلمان قىلغاندىن كېيىن خوجا راشىدىن بىلەن كۆسەن شەھرىدە تەكيەگاھ قىلىشلەر» دېيىلگىنى بۇنىڭ مىسالىدۇر.

## تۇغلۇق تۆمۈرخان ئەۋلادلىرىنىڭ تەقدىرى

تۇغلۇق تۆمۈرخان دۇغلات ئەمىرى خۇدايداد قازا قىلغاندىن كېيىن، تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئەمىرى بىلەن ئۇنىڭ يەتتە ياشلىق ئوغلى ئاتا ئورنىغا ئۇلۇس بېگى بولغان. ئەمىر بۇلاجى بەش ئاكا–ئىنى بولۇپ، ئۈچىنچى ئىنىسى ئەمىر قەمەرىددىن مەنسەپ تەمەسىدە ئىدى. تۇغلۇق تۆمۈرخان ئەمىر بۇلاجىنىڭ مەنسىپىنى ئۇنىڭ ئوغلى يەتتە ياشلىق خۇدايدادقا بەرگەنلىكىدىن نارازى بولۇپ، تۇغلۇق تۆمۈرگە دات ئېيتقان، ئەمىر خۇدايداد چوڭ بولغۇچە ئەمىر بولۇشىنى تەلەپ قىلغان، لېكىن تۇغلۇق تۆمۈرخان رەت قىلغان. تۇغلۇق تۆمۈرخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن قەمەرىددىن ئىسيان كۆتۈرۈپ، تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئورنىغا خان بولغان ئىلياس خوجا (ئاتىسى ھايات ۋاقتىدا ماۋرائۇننەھرگە ۋالىي بولغان) قاتارلىق تۇغلۇق تۆمۈر جەمەتىدىن 18 كىشىنى (ماتېرىياللاردا شاھزادە دېيىلگەن) ئۆلتۈرۈپ، ئۆزىنى خان دەپ جاكارلىغان. شۇ قېتىمقى قەستلەپ ئۆلتۈرۈشكە تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئەمىر ئاغا ئىسىملىك خوتۇنىدىن بولغان ئوغلى ئەمچەكتە قالغان، ئەمىر ئاغا ئوغلىنى ئېلىپ خۇدايدادنىڭ ھىمايە قىلىشىنى تەلەپ قىلغان. ئەمىر خۇدايداد تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ خىزىر خوجا ئىسىملىك بۇ ئوغلىنى قەمەرىددىننىڭ زىيانكەشلىك قىلىشىدىن ساقلاش ئۈچۈن بەدەخشان، كاشغەر، خوتەن تاغلىرىغا، ئاخىرىدا سارىغ ئۇيغۇر (ھازىرقى چاقىلىق- چەرچەن تەۋەسى) دائىرىسىگە يوشۇرۇپ ھاياتىنى ساقلاپ قالغان. قەمەرىددىن ئۆزىنى خان ئاتىغاندىن كېيىن ئەمىر تۆمۈر (ئەسلىدە تۇغلۇق تۆمۈر خان ئوغلى ئىلياس خوجىنى ماۋرائۇننەھرگە ھاكىملىققا قويغاندا ئاقساق تۆمۈرلەڭ – ئەمىر تۆمۈر كوراگان – ئۇنىڭغا ئىشىك ئاغا بولغان ئىدى) ئۇنىڭغا بەش قېتىم يۈرۈش قىلغان، 5– قېتىملىق يۈرۈشىدە قەمەرىددىن قېچىپ كەتكەن. ئەمىر خۇدايداد خىزىر خوجانى تاپتۇرۇپ كېلىپ خانلىققا كۆتۈرگەن، ئەمما چاغاتاي خانلىقى تۇغلۇق تۆمۈرخان ۋاپاتىدىن كېيىن پارچىلىنىپ كەتكەن، تۇغرىسىنى ئېيتقاندا، ماۋرائۇننەھر قاتارلىق جايلار

تۆركلىشىپ كەتكەن بارلاس قەبىلىسىدىن چىققان ئەمىر تۆمۈر 1370–يىلى قۇرغان تۆمۈرىيلەر ئىمپېرىيەسىنىڭ ئاساسى بولۇپ قالغان. چاغاتاي ئەۋلادىدىن بولغان تۇغلۇق تۆمۈر ئەۋلادى بولسا موغۇلىستان (ھازىرقى شىمالىي شىنجاڭ دائىرەسى) گە، دۇغلاتلار ماۋەرائۇننەھرگە (ئالتە شەھەر، ئاساسلىقى بۆگۈر ۋە چەرچەننىڭ غەربىي تەرەپلىرىنى ئىچىگە ئالغان جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە پەرغانە ۋادىسى) نى ئىدارە قىلغان. تۇغلۇق تۆمۈر ئەۋلادىدىن بولغان خانلار داۋاملىق موغۇلىستاننى ئىدارە قىلغان. تۇغلۇق تۆمۈر نەسەبىدىن سۇلتان سەئىدخان 1514–يىلى مىرزا ئابابەكرىنى يوقىتىپ، ياركەنت سەئىدىيە خانلىقى (1514-1680) نى قۇرۇپ ئۈچ يۈز يىلدىن ئارتۇق داۋام قىلغان خانلىق ئىچىدىكى خانلىق دۇغلات ئەمىرلىكى (دۇغلاتلار چىڭگىزخان، تۇغلۇق تۆمۈرخان ۋە خىزىر خوجالاردىن كۆپ ئىمتىيازلارغا ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈن ماۋەرائۇننەھرگە سىيەدىكى تەسىرى ئىنتايىن چوڭ ئىدى) نى يوقاتقان. چىڭگىزخان زامانىدىن باشلاپلا نۇرغۇن ئىمتىيازلارغا ئېرىشكەن دۇغلات ئەمىرلىرىنىڭ سەلتەنەتى ياركەنت سەئىدىيە خانلىقىنىڭ 2–خانى ئابدۇرەشىتخاننىڭ 1533–يىلى دۇغلات چوڭلىرىنى ئۆلتۈرۈپ تۈگىتىشى بىلەن تامامەن ئاخىرلاشقان. چىڭگىزخاننىڭ 2–ئوغلى چاغاتاي ئەۋلادى بولمىش تۇغلۇق تۆمۈرخان ئەۋلادلىرىنىڭ سەلتەنەتى ياركەنت سەئىدىيە خانلىقى نامىدا داۋاملىشىپ، 1680– يىلى جوڭغارلار تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلۇشى بىلەن ئاخىرلاشقان.

تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ خانلىق دائىرەسى توغرىسىدا موللا مىر سالىھ كاشغەرىي كۆچۈرگەن «كاشغەر تارىخى» دا «تۇغلۇق تۆمۈرخان بەشبالىق ۋە قايالىق ۋە ئالمالىق ۋە كاشغەر ۋە خوتەن، ئۆزكەنت ۋە پەرغانە، ئوترار ۋە تاشكەنت ۋە خوجەنت ۋە ماۋەرائۇننەھرگە، بۇخارا، سەمەرقەنت، جەيھۇندىن ئۆتۈپ بەلخ ۋە غورۇ ۋە تالقان ۋە قوندۇزغىچە تەخت تەسەررۇفىدا ئىدى» [17]، دەپ يازغىنىدەك خېلى كەڭرى زېمىنلار بولسىمۇ، ئوغلى خىزىر خوجا زامانىدا يەنى 1370– يىلى تۆمۈرىيلەر ئىمپېرىيەسىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن ھازىرقى شىنجاڭ دائىرەسى (تېخىمۇ ئۇنۇملۇك دائىرەسى ھازىرقى بايىنغولىندىن شىمالىي شىنجاڭ قاتارلىق جايلار) بولغان.

## تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ مازىرى

تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرى قورغاس ناھىيەسى تەۋەسىگە جايلاشقان، يەنى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش–قۇرۇلۇش ئارمىيىسى 4–دېۋىزىيە 61–پولك دائىرەسىدىكى مىللەتلەر

كوچىسىغا جايلاشقان، بۇ جاينىڭ بۇرۇنقى نامى چوڭ مازار مەھەللىسى. ماتېرىياللاردا قورغاس ناھىيە بازىرى بىلەن ئارىلىقى 30 كىلومېتىر . بۇ مازار بىر باغ ئىچىگە جايلاشقان، باغ ئىچىدە خەنزۇ ۋە ئىنگلىز يېزىقلىرىدا مازار ۋە ئالمالىق شەھىرى توغرىلىق تاش ئابىدە تىكلەنگەن. باغ ئىچىدىكى يول بىلەن 100 مېتىردەك ئىچكىرىگە تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئاتلىق ھەيكىلى تۇرغۇزۇلغان، شۇ يەردىن قارىغاندا 4 قۇرۇلۇش بار. ھەيكەلنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىدىكى قۇرۇلۇش زامانىمىزدا سېلىنغان، ئاساسەن پۈتۈپ قالغان، كەلگۈسىدىكى موزېي ياكى باشقا ئەسلەھە ئۈچۈن تەييارلانغان بولسا كېرەك. تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ھەيكىلىدىن ئۆتسىلا ھەيۋەتلىك ئىككى گۈمبەز زاھىر بولىدۇ، ئۇنىڭ ئوڭ تەرەپتىكىسى تۇغلۇق تۆمۈرخان قەبرىسى، قەبرىنىڭ ئېگىزلىكى 13.35 مېتىر، شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 14.7 مېتىر، شىمالدىن جەنۇبقا 10.7 مېتىر، ئايلانمىسى 67 مېتىر. گۈمبەزنىڭ ئالدى يۈزى كۈنچىقىشقا قارىتىلغان، ئالدى يۈزى 3 خىل رەڭدىكى 26 خىل ئۆلچەمدىكى كاھىش چاپلانغان. گۈمبەزنىڭ كۈنچىقىش تېمى ئىچىگە ئويما شەكىللىك تام ئىشىك چىقىرىلغان (ھەممە يېرىگە نەقىشلىك كاھىش چاپلانغان) بولۇپ ئېگىزلىكى 8 مېتىر، كەڭلىكى 4 مېتىر. مانا بۇ ئويۇقچە تام ئىشىكنىڭ ئۈستىدە ياغاچ پەنجىرە، ئاستىدا قوش قاناتلىق ياغاچ ئىشىك بار. مازارنىڭ ئالدى يۈزىدە 3 قۇر ئەرەبچە خەت بولۇپ، ئويۇقسىمان تام ئىشىكنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرەپ تامنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا ئىككى قۇر ئەرەبچە خەت بار. ئوڭ تەرەپ تامنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى خەت تۆۋەندىن يۇقىرىغا قارىتىپ، سول تەرەپ تامنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى خەت يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قارىتىپ يېزىلغان، بۇ ھال كىشىنى ئىلگىرى مازار ماڭلىيىدىمۇ خەت بولسا كېرەك دېگەن ئويغا كەلتۈرىدۇ، كاھىشلار بۇرۇنلا ئاجراپ كەتكەن بولغاچقا ھۆكۈم قىلماق تەس. ئويماسىمان تام ئىشىكنىڭ ئىككى يان تېمى ۋە ئەگمىسىدىمۇ ئەرەبچە خەت بولۇپ، ئوڭ تەرەپ ئاستىدىن ئۈستىگە قارىتىپ ئەگمىنى بويلاپ سول تەرەپتە يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قارىتىپ ئەرەبچە خەت بار (ئاق رەڭلىك خەت بار كۆك رەڭلىك كاھىش چاپلانغان). قوش قاناتلىق ياغاچ ئىشىكنىڭ ئۈستى تەرىپىدىكى پەنجىرىنىڭ تېگى تەرىپىدىن باشلاپ ئۈستى ۋە ئىككى يېنىدا «اللا» دېگەن خەت بار كاھىش چاپلانغان. مازارنىڭ جەنۇب ۋە شىمال تاملىرىغا 5 تىن ئويۇقسىمان ئويمان چىقىرىلغان. دوكتور، پروفېسسور راھىلە داۋۇت ئەلچىننىڭ يېزىشىچە، ئۇيغۇر بىناكارلىقىدا كۆركەم سېلىنغان بۇ گۈمبەزلىك قۇرۇلۇشنىڭ ئالدى يۈزى ئۇزۇنچاق چاسا، خىش قۇرۇلمىلىق، ئوتتۇرىسى گۈمبەز تورۇسلۇق قىلىپ سېلىنغان. ئىچىدىن تام ئارىلىقىغا ئۈستىگە چىقىدىغان پەلەمپەي ۋە ئايلىنىپ ئۆتىدىغان قەۋەت ئۈستى كارىدورى چىقىرىلغان. قەبرىنىڭ ئالدى تەرىپى 20 نەچچە خىل نۇسخىدىكى گېئومېترىك نەقىش ۋە

ئۆسۈملۈك شەكلى چىقىرىلغان كاھىشلار بىلەن زىننەتلەنگەن. مازارنىڭ ئالدى يۈزىدىكى ئەگمىنىڭ ئۈستىگە بىر قۇر ئايلاندۇرۇپ ئايەت پۈتۈلگەن ھەمدە تۇغلۇق تۆمۈرخانغا مەدھىيە ئوقۇلغان بېغىشلىما بار، ئەرەبچە بېغىشلىمىدا «ئۇلۇغ پادىشاھىم! سىز ئۇلۇغۋار ئىش ئىلتىپاتىڭىز دېڭىزىدۇرسىز، ۋەلىي غالىب، ئاق كۆڭۈل ئىنسانلارنى قوغدىغۇچىدۇرسىز، ئاللانىڭ ئالىي كالامى (قۇرئان) غا سادىق بەندىسىدۇرسىز، ئىسلام دىنىنىڭ شان-شەرىپى ۋە ئىپتىخارىدۇرسىز». «پادىشاھىمىزنىڭ خانىكەسى بەتفالىخە (خانىكە) گە بېغىشلايمىز»: «گۇناھكارلىرىڭىزنى كەچۈرگەيسىز، دەۋرىمىزنىڭ خانىكەسى، زامانىمىزنىڭ بىلقىسى، ئەقىل-پاراسەتلىك، دىيانەتلىك، دۇنيادا ئاياللار ئىچىدە تەڭدىشى يوق-بەتفالىخە خاتۇنىڭ شانۇ شەۋكىتى مەڭگۈ ساقلانغاي، ئۆمرى چەكسىز ئۇزۇن بولغاي، مەغرىبتىن مەشرىققىچە ئەبەدىلئەبەد ياشىغاي... !» دېگەن مەزمۇنلار بار [18]. بۇ قەبرە پىشۇرۇلغان خىش ۋە كاھىش بىلەن، لىم (ياغاچ) ئىشلىتىلمەستىن قوپۇرۇلغان. گۈمبەزلىك قەبرىنىڭ ئىچىدە ھازىر 4 بۇلۇڭىدا قويۇلغان ئىشكىتىن كىرىپ پەلەمپەيلەر ئارقىلىق 2- قەۋەتكە چىققىلى بولىدۇ. بۇ مازارنىڭ ئىچىدە 2 قەبرە بولۇپ بىرى چوڭ (تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ)، يەنە بىر كىچىك قەبرە بار (تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ سىڭلىسىنىڭ قەبرىسى دېگەن قاراش بار). تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرىنىڭ سول تەرىپىدە ئۇنىڭدىن كىچىكرەك بىر گۈمبەز بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە 2 قەبرە بار، بۇ گۈمبەزگە كاھىش چاپلانمىغان، ئەمما قۇرۇلمىسى تۇغلۇق تۆمۈرخان قەبرىسىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، پەرەزلەردىن قارىغاندا تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ خانىشىنىڭ قەبرە گۈمبىزى ئىكەن.

مەھمۇد يۈسۈپنىڭ يېزىشىچە، تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ مازىرى 1941-، 1942-يىللىرى شىڭ شىسەي تەرىپىدىن ئاچقۇزۇلغان، قەبرە گۈمبىزىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى ئۇلىدىن ئېچىلغان. قەبرە ئىچىدىن كۆمۈش بىلەن چەمبەرلەنگەن ئۆلۈك ساندۇقى چىققان. شۇ ۋاقىتتا بۇنى كۆرگەن قورغاس مۇسۇلمانلىرىدا «يات دىنىدىكىلەرنىڭ قەبرىسى ئىكەن» دېگەن غۇلغۇلا بولغاندا، زاكىر خەلىپە (شائىر تېيىپجان ئېلىيۇفنىڭ ئاتىسى) چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادى بولغان تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ مۇسۇلمانلار ئادىتى بويىچە نامىزى چۈشۈرۈلۈپ، موڭغۇللار ئادىتى بويىچە دەپنە قىلىنغانلىقىنى بايان قىلغان [19].

«تەزكىرەئىي مەلانە ئەرشىدىن ۋەلى» قاتارلىق بىر قىسىم تەزكىرەلەردىن قارىغاندا، تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرى بار جاي «شەھرى خامۇشان»، دەپ ئاتالغان. تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرى بۇرۇندىنلا تاۋاپگاھلاردىن بىرى بولغان بولۇپ، «تەۋارىخى خەمسەئىي شەرقى» دە غۇلجىدىن 4 كۈنلۈك نېرىدىكى قورغاس دەرياسى بويىدىكى چوڭ زىيارەتگاھلاردىن ئىكەنلىكىنى يازغان. تارىخشۇناس لى جيەنشىن «شىنجاڭ ئىسلام

خانلىقلىرى تارىخىدىن قىسقا بايان» ناملىق كىتابىدا، تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرى 1365-يىلى ياسالغان، دەپ يازغان، ئەمما دەلىل كۆرسەتمىگەن. شۇ سوك (1781-1848) تەرىپىدىن 1821-يىلى يېزىلغان «غەربىي يۇرتنىڭ دەريا - ئېقىنلىرى ھەققىدە خاتىرە» دە مازارنىڭ 1360-يىلى ياسالغانلىقى، مازار ئەتراپىدىكى يەرلەردىن ئالتۇن، كۈمۈش ۋە مىس پۇللار (خېتى بار) نىڭ كۆپ ئۇچرايدىغانلىقى يېزىلغان. «تارىخىي رەشىدىي» دە تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرىنىڭ ھىجرىيە 760-يىلى قۇرۇلغانلىقى يېزىلغان (ئېھتىمال مازارنىڭ بىرەر يېرىدىكى خاتىرە بولسا كېرەك)، ھىجرىيە 760-يىلى مىلادىيە 1359-يىلىغا، ھىجرىيە 769-يىلى مىلادىيە 1368-يىلىغا توغرا كېلىدۇ. تۇغلۇق تۆمۈرخان ھىجرىيە 764-يىلى (مىلادىيە 1363-يىلى) قازا قىلغانلىقىنى ئويلاشقاندا، بۇ مازار 1364-يىلىدىن كېيىن 1368-يىلىدىن بۇرۇن ياسالغان بولىدۇ (ئۆلۈمىدىن بۇرۇن ئالدىن ياسىتىلمىغان بولسىلا). ئەمما بۇنىڭدا مەلۇم سەۋەبلىك بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى تۇغلۇق تۆمۈرخان قازا قىلغاندىن كېيىن، قەمرىددىن ئىسيان كۆتۈرۈپ خان بولۇۋالغانلىقتىن، ئۇ تەختتىن چۈشكىچە گۈمبەزلىك قەبرىنىڭ ياسىلىش ئىمكانىيەتلىرى ناھايىتى ئاز، پەقەت تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئوغلى خىزىر خوجا خان بولغان ھىجرىيە 788-يىلى (مىلادىيە 1387-يىلى) دىن ھىجرىيە 806-يىلى (مىلادىيە 1404-يىلى) بولغان ۋاقىتتا ياسالغان بولۇشى ئېھتىمال. ئالىملارنىڭ قارىشىچە، خىزىر خوجا خاننىڭ خان بولغان ۋاقتىنىڭ ئەڭ كېچىككەندە ھىجرىيەنىڭ 788-يىلى دېگەن قاراشلىرىنى ئويلاشقاندا، يىل چېكىنى بىر قانچە يىل ئىلگىرى سۈرۈش مۇمكىن. مۇشۇنداق بولغاندا تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرىدىكى گۈمبەزلىك قەبرە 1387-يىلى ئەتراپىدا ياسالغان بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن.

## ماتېرىيال مەنبەلىرى توغرىسىدا

تۇغلۇق تۆمۈرخان توغرۇلۇق رىۋايەت ۋە تەزكىرەلەر ناھايىتى كۆپ، ئۇ توغرىلىق يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان «زەپەرنامە»، «تارىخى رەشىدىي»، «تەۋارىخىي ئولجايتو»، «شەجەرەئىي تۈرك»، «كاشغەر تارىخى» ناملىق كىتابلاردا ناھايىتى قىممەتلىك ئۇچۇرلار بولغاندىن سىرت، ماسامى ھامادا نەشرگە تەييارلىغان «شىنجاڭدا تەسنىق ئېتىلگەن تەزكىرەلەر» (ياپونىيە كيوتو 2006-يىلى نەشرى) ناملىق كىتابتا مۇناسىۋەتلىك تەزكىرىدىن 4 پارچە ئېلان قىلىنغان. ش ئۇ ئا ر قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى «مەۋلانە ئەرشىدىن ۋەلى تەزكىرىسى» نى نەشر قىلدى. «جالالىددىن بۇخارى ۋە تۇغلۇق تۆمۈرخان،

خوجا مۇھەممەد شېرىپ پىر، ئابدۇرەشىتخانلار توغرىسىدا تارىخىي قىسسە» (ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى 1988 – يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى)، «تەۋارىخى خەمسەئىي شەرقى» (ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى 1978– يىلى مىمېئوگراف باسمىسى)، «مەۋلانە ئەرشىدىن ۋەلى تەزكىرىسى» («ئاقسۇ قەدىمكى كىتابلار تەتقىقاتى» 1986– يىلى ئۇيغۇرچە 2– سان)، «تارىخى رەشىدىي– زەيلى» (مىرزا شاھ مەھمۇد جوراس، «ئاقسۇ قەدىمكى كىتابلار تەتقىقاتى» 1986 – يىلى ئۇيغۇرچە 1 – سان)، «تارىخى ھەمىدىي» (موللا مۇسا سايرامى مىللەتلەر نەشرىياتى 1986- يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى) ... قاتارلىق مەنبەلەرنى ئىمكان بولسا ئەسلى مەنبەلەرنى مەنبەشۇناسلىق، تېكىستولوگىيە پرىنسىپلىرى بويىچە تەتقىق قىلغاندا، ناھايىتى قىممەتلىك ئۇچۇرلار نامايان بولۇشى مۇمكىن، بۇنىڭ ئۈچۈن ئاكادېمىك بارتولدتەك ئىلمىي قابىلىيەت بولۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە.

تۇغلۇق تۆمۈرخان ۋە ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى توغرىسىدىكى مەنبەلەرنىڭ كېلىش نۇقتىسى مۇنۇلاردىن ئىبارەت:

1) خەلق رىۋايەتلىرى. بۇ ھەقتىكى رىۋايەتلىرى تەكلىماكان ۋە شەھىرى كىتىك توغرىسىدا خەلق ئېغىزىدا تا ھازىرغىچە ئېيتىلىپ كەلمەكتە.

2) ماۋرائۇننەھر ئۇچۇرلىرى. 15-، 16– ئەسىرلەردە بۇ توغرىدىكى رىۋايەتلەر تېمۇرىيلەر ئىمپېرىيەسىدە ۋە خىۋا خانلىقى تەۋەلىرىدە تويلانغان، شۇ دەۋر ئۇچۇرلىرى «زەپەرنامە»، «شەجەرەئى تۈركىي» ۋە خاندەمىرنىڭ يازمىلىرى مۇشۇ مەنبەلەردىن كەلگەن.

3) تارىم ۋادىسىدىن يىغىلغان ئۇچۇرلار. بۇ ئۇچۇرلار تارىم ۋادىسىنى مەركەز قىلغان ھالدا دۇغلات ۋە ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن يىغىلغان، «تارىخى رەشىدىي» مۇشۇ خاتىرەلەرنىڭ ئىنكاسىدۇر. كېيىنكى مەنبەلەر «تارىخى رەشىدىي–زەيلى»، «كاشغەر تارىخى»، «تەزكىرەتۇل ئېرشات»، «تارىخى ھەمىدىي» ... قاتارلىق ئەسەرلەردىكى مەلۇماتلار «تارىخى رەشىدىي» نى مەنبە قىلغان ھالدا بارلىققا كەلگەن.

4) مەۋلانە ئەرشىدىن ۋەلى ئەۋلادلىرىدىن قالغان ئۇچۇرلار. بۇ ھەقتە مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگانى ۋە موللا مۇسا سايرامىي تەرىپىدىن يازما ۋە ئېغىز ئۇچۇرلىرى ئىگىلىنىپ، ئۆز كىتابلىرىدا ئەكس ئەتكەن بولۇشى مۇمكىن. بۇلاردىن باشقا شىرىيار ۋە باشقا ئاپتورلار تەرىپىدىن يېزىلغان «مەۋلانە ئەرشىدىن ۋەلى تەزكىرىسى» نامىدىكى ئەسەرلەردىن ئىبارەت.

# ئىزاھاتلار:

[1] ۋ. ۋ. بارتولد «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەر تارىخى توغرىسىدا ئون ئىككى لېكسىيە» مىللەتلەر نەشرىياتى 2010–يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 234-بەت.

[2][4] ئاتامەلىك جۇۋەينى «تەۋارىخي جاھان كۇشاي» جياڭسۇ مائارىپ نەشرىياتى 2005-يىلى خەنزۇچە نەشرى 1– كىتاب 7–بەت.

[3] ليۇ يىڭشېڭ «چاغاتاي خانلىقى تارىخى توغرىسىدا تەتقىقات» شاڭخەي قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى 2006-يىلى خەنزۇچە نەشرى 61-بەت.

[4] لى شېڭ باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن «جۇڭگو شىنجاڭنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ھالىتى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2006–يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 15–بەت.

[5] راشىدىن فازىل ئۇللاھ «جامىئۇت تاۋارىخ» سودا نەشرىياتى 1-قىسىم 2–كىتاب 86–بەت، 2-توم 176–بەت.

[6] «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1989–يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 228–بەت.

[7] مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگانى «ئوتتۇرا ئاسىيا موغۇللىرىنىڭ تارىخى — تارىخى رەشىدىي» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983–يىلى خەنزۇچە نەشرى 44-بەتتىكە قىستۇرما جەدۋەل.

[8] شەرىپىدىن ئىلى يەزدى «زەپەرنامە» مىللەتلەر نەشرىياتى 2007–يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 61–بەت.

[9] [10] [16] مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگانى «تارىخى رەشىدىي» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2007–يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 45–، 47–، 791–بەتلەر.

[11] ماسامى ھامادا نەشرگە تەييارلىغان «شىنجاڭدا تەسنىق ئېتىلگەن تەزكىرەلەر» ياپونىيە كيوتو 2006–يىلى نەشرى 194–بەت.

[12] ۋ. ۋ. بارتولد «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلەر تارىخى توغرىسىدا ئون ئىككى لېكسىيە» مىللەتلەر نەشرىياتى 2010–يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 317-بەت.

[13] مىرزا ئۇلۇغبەگ «تۆرت ئۇلۇس تارىخى» ئۆزبېكىستان چولپان نەشرىياتى تاشكەنت 1994–يىلى ئۆزبېكچە نەشرى 323-، 325-بەتلەر

[14][15] شرىيار: «مەۋلانە ئەرشىدىن تەزكىرىسى» ش ئۇ ئا ر قەدىمكى ئەسەرلەر

ئىشخانىسى 1994–يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 12-، 13-بەتلەر.

[17] موللا مىر سالىھ كاشغەرىي كۆچۈرگەن «كاشغەر تارىخى» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1985–يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 74-بەت.

[18] راھىلە داۋۇت «ئۇيغۇر مازارلىرى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001–يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 255-بەت.

[19] مەھمۇد يۈسۈپ «تۇغلۇق تۆمۈرخان ھەققىدە قىسقىچە بايان» «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژورنىلى 1985–يىلى ئۇيغۇرچە 1–سان 191–بەت.

مەنبە: «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى 2010-يىلى 6-سان

# ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى ئىلىدىن باشلانغان !!!

دولقۇن روزى

مەن «ئىلى تارىخ ماتېرىياللىرى» كىتابىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىنى ئىشلەۋاتقان ئون نەچچە يىل مابەينىدە، ئىلى يېقىنقى زامان تارىخىنىڭ تەۋەررۈك شاھىدلىرى بىلەن يۈزتۇرانە ئۇچرىشىش، ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ ھەقىدا ۋارىسلىرى تەمىنلىگەن كىتاب- ژۇرنال، تارىخىي ھۆججەت، قول يازما، فوتو سۈرەت ۋە باشقا ماددىي بۇيۇملارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلاش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم.

ماتېرىيال ئىگىلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى تارىخىي ھەقىقەتنى ئەينەن تاپشۇرۇشنى تارىخ ۋە خەلق ئالدىدىكى مۇقەددەس بۇرچى سانايدىغان كىشىلەردىن بولغاچقا، ئۇلار- نىڭ تەمىنلىگىنى تارىخ ماتېرىياللىرى توپلاشنىڭ «ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن، ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىغان بولۇش» تىن ئىبارەت «ئۈچ ئۆز» لۈك پرىنسىپىغا تامامەن ئۇيغۇن كېلەتتى. ئۇنىڭ ئىچىدە ئىلىدا يېڭى مائارىپنىڭ قانداق باشلانغانلىقى، قانداق يوللار بىلەن تەرەققىي قىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان بىباھا ماتېرىياللارنىڭ موللىقى كىشىنى تولىمۇ سۆيۈندۈرەتتى. ئەمما، ئۇلار ئىچىدە قولىدا قەلەم توختايدىغانلار ساناقلىق بولغاچقا، بۇ قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىياللارغا نىگىزلىنىپ، سىستېمىلىق تارىخىي ماقالە يېزىپ چىققۇچىلار ساناقلىقلا بولدى. بەزىلەرنىڭ قولىدىكى تارىخىي ماتېرىياللار ئەسلىمە تارىخ يازغۇچىلارنىڭ تەرىپىدىن ۋاستىلىق يوسۇندا قەلەمگە ئېلىنغان، تارىخىي ماقالە ياكى ئەسلىمە تارىخ شەكلىدە مەتبۇئات يۈزى كۆرگەن بولسىمۇ، ئىلىدا يېڭى مائارىپنىڭ قانداق باشلانغانلىقىنى ئىلمىي ۋە سىستېمىلىق رەۋىشتە بايان قىلىپ بېرەلىگۈدەك بىرەر مۇكەممەل ئەسەر تا ھازىرغىچە يېزىلماي كەلدى. مەن ئىلى تارىخىنىڭ ئىخلاسمەنلىرىدىن بىرى بولۇش سۈپىتىم بىلەن بۇ «بوز تېما» ئۈستىدە چوڭقۇرلاپ ئىزدىنىش، ئەتراپلىق ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئومۇم ئېتىراپ قىلغۇدەك ئىلمىي ئەسەرلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشنىڭ تولىمۇ زۆرۈرلىكىنى ھېس قىلماقتا ئىدىم.

دەل مۇشۇ كۈنلەردە، «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىنىڭ 2013- يىللىق 3-سانىغا يالقۇن روزىنىڭ «ئىلىدا يېڭى مائارىپ قانداق باشلانغان» ناملىق ماقالىسى بېسىلدى. مەن بۇ ماقالىنى بۆلەكچە قىزىقىش ئىچىدە ئوقۇشقا كىرىشتىم. ماقالىنىڭ مۇقەددىمە قىسمىنى ئوقۇۋېتىپ، ئۇنىڭ ئىلى مائارىپ تارىخىدىن ئىبارەت بۇ «بوز تېما» ئۈستىدە ئىزدىنىشكە جۈرئەت قىلغانلىقىدىن سۆيۈنگەن ۋە ئۇنىڭ بۇ تېمىدا يېزىلغان ماقالە- ئەسلىمىلەردە كۆرۈلىۋاتقان بىر قىسىم مەسىلىلەر ئۈستىدە تەنقىدىي مۇھاكىمە يۈرگۈزمەكچى بولغانلىقىدىنمۇ ئالاھىدە خۇرسەن بولغان ئىدىم.

تولىمۇ ئەپسۇس! ماقالىنى ئىچكىرىلەپ ئوقۇغانسېرى بۇ خۇرسەنلىكىمنىڭ قۇيرۇقىنى قوم باستى. مۇئەللىپنىڭ ماقالە يېزىشتىكى مۇددىئاسى بىلەن ماقالىدا ئىلگىرى سۈرمەكچى بولغان مەۋقەسىنىڭ ئۆزئارا زىددىيەتلىك ئىكەنلىكى، ماقالە روھىغا ئىنتايىن قويۇق ئىنكارچىلىق خاھىشىنىڭ سىڭدۈرۈلگەنلىكى مېنى تولىمۇ ئۆكۈندۈردى. بولۇپمۇ، مۇئەللىپنىڭ باشقىلارنىڭ «خاتالىق» لىرىنى تۈزىتىمەن، دەپ خاتالىق ئۈستىگە خاتالىق سادىر قىلغانلىقى ۋە ئۇنى «مۇتلەق ھەقىقەت» سۈپىتىدە باشقىلارغا تاڭماقچى بولغانلىقى مېنى تېخىمۇ ئۆكۈندۈردى. دېمەك، ئۇ «چاپىقىنى ئالىمەن دەپ، كۆزىنى قارىغۇ قىلىپتۇ» دېگەندەك ئىش قىلغان بولۇپ، بۇ مەندە «يالقۇن روزى ئىلىدا يېڭى مائارىپنىڭ ئانا يۇرتىمىزنىڭ باشقا جايلىرىدىن بالدۇرباشلانغانلىقىنى تارىخىي چىنلىق ئاساسىدا يورۇتۇپ بەرمەكچىمۇ ۋە ياكى ئۇنى ئۇززۇل-كېسىل يوققا چىقارماقچىمۇ؟» دېگەن سوئاللارنى ئويغاتتى.

مۇئەللىپ تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان خاتا ھۆكۈملەر ئىلمىي تارىخ يېزىش ئىستىلىغا مۇناسىۋەتلىك زىل مەسىلىلەرگە بىۋاسىتە چېتىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ھەقتە مەخسۇس ماقالە يېزىپ، ئەستايىدىل ۋە ئىلمىي مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىشنى تارىخ ۋە خەلق ئالدىدىكى ۋىجدانىي بۇرچىم، دەپ قارىدىم.

ماقالىدا سادىرقىلىنغان بىرىنچى چوڭ خاتالىق ئىلىدا يېڭى مائارىپنىڭ شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدىن بالدۇر باشلانغانلىقى ھەققىدىكى ئوخشاشمىغان تارىخىي قاراشلارنى مەيلى ئۇنىڭ توغرا ياكى قىسمەن توغرا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر قار قويۇق ئىنكار قىلىشتا كۆرۈلىدۇ.

يالقۇن روزى ئىلىنىڭ يېقىنقى زامان تارىخى ھەققىدە ئەستايىدىل تەتقىقات ئېلىپ بارمىغانلىقى ئۈچۈن، ئىلى ئۇيغۇرلىرى باشتىن كەچۈرگەن تارىخىي قىسمەتلەرنى تارىخنىڭ رېئال قانۇنىيىتى بويىچە ئانالىز قىلىش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قالغان. شۇڭا، ئۇلار ياراتقان مەدەنىيەت ئۆرنەكلىرىنىڭ قانداق مەدەنىيەت ئەسلى تېپىنى مەنبە قىلغان ئاساستا

شەكىللەنگەنلىكى، ئۇلار ۋۇجۇدىدىكى مائارىپ ۋە مەدەنىيلىكنى ئەلا بىلىشتەك خاس مەنىۋى خاراكتېر، بىگىلىق ۋە ئىلغارلىقنى ئۇيۇتقا قىلغان دادىل ئەكىلىشپەرۋەرلىك روھىنىڭ قانداق مۇرەككەپ تارىخي شارائىتتا بارلىققا كەلگەنلىكى ئۇستىدە سالماق تەپەككۇر يۈرگۈزمەيدۇ. ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ يېڭى مائارىپقا كۆچۈش جەريانى ھەققىدە ئىلمىي نۇقتىدا تەپەككۇر يۈرگۈزمىگەننى ئاز دېگەندەك ئىلىدا يېڭى مائارىپنىڭ ئانا دىيارىمىزنىڭ باشقا جايلىرىدىن بۇرۇن باشلانغانلىقنى دەللىلەيدىغان تارىخي قاراشلار ۋە ئۇلاردا ئەكس ئەتكەن يىل تەرتىپلىرىگە قەستەن كۆز يۇمىدۇ . ئۇلارنىڭ تارىخي ھەققەتكە ئۇيغۇن ياكى ئۇيغۇن بولماسلىقىدىن قەتئىينەزەر ئۇزۇل- كېسىل ئىنكار قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ.

مۇئەللىپ بىرقارىماققا ئىلىدا يېڭى مائارىپنىڭ كىم تەرىپىدىن، قاچان، قانداق باشلانغانلىقنى خالىس نىيەت، لىللا مەيداندا تۇرۇپ ئىسپاتلاۋاتقاندەك قىلغىنى بىلەن ئۇنىڭ بۇ «خالىس» نىيىتىگە «سۈنئى لىبىتسىپ بىلىق تۇتۇش» مۇددىئاسى يوشۇرۇنغانلىقى ئۈچۈن، ئىلىدا يېڭى مائارىپنىڭ باشلىنىشىغا ھەققىي تۆرتكە بولغان شەخسلەرنى بىر ئامالىلارنى قىلىپ يوققا چىقىرىشقا، ئۇنىڭغا ئالاقىدار يىل تەرتىپلىرىنى قەستەن كەينىگە سۈرۈشكە ئۇرىنىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ «ئاكا- ئۇكا مۇساباييفلارنىڭ توققۇز چوڭ تۆھپىسى» ناملىق ماقالىسىدا ئوتتۇرىغا قويغان «تەرەققىي پەرۋەر سودىگەر ئاكا- ئۇكا مۇساباييفلار 1899- يىلى ئانا يۇرتى ئاتۇش ئىكساقتا جەدىدچە مەكتەپ ئېچىپ، شىنجاڭ تارىخىدا تۇنجى بولۇپ يېڭى مائارىپنى يولغا قويغان.» دېگەن بىر تەرەپلىمە قارىشى بىلەن «ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى قاچاندىن باشلانغان» ناملىق ماقالىسىدا ئوتتۇرىغا قويغان «ئاكا- ئۇكا مۇساباييفلارنىڭ بىر قولىدا يېڭى مائارىپنىڭ مەشئىلىنى يېلىنجاتقانلىقنى، يەنە بىر قولىدا مىللىي سانائەتنىڭ بايرىقنى لەپىلدەتكەنلىكىنى خاتىرىلىگەندە 1899- يىلنى ئانا دىيارىمىزدا يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ باشلىنىش يىلى، 1909- يىلنى كاپىتالىستىك زامانىۋى مىللىي سانائەتنىڭ بارلىققا كەلگەن يىلى سۈپىتىدە خاتىرىلەشنى، تەتقىقاتچىلارنىڭ ماقالە-ئەسەر يازغاندا مۇشۇ بويىچە يېزىشنى تەۋسىيە قىلىمەن.» دېگەن ھاكىم مۇتلەق قارىشىنى ئاسترىتتىن گەۋدىلەندۈرۈپ، ئىلىدا يېڭى مائارىپنىڭ شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىنىڭكىدىن بۇرۇن باشلانغانلىقىغا ئالاقىدار پاكىتلارنى «قان چىقارماي جان ئېلىش» ئۇسۇلىدا بىراقلا يوققا چىقارماقچى بولىدۇ.

يالقۇن روزى ئۆزىنىڭ شىنجاڭ پەن- تېخنىكا نەشرىياتى تەرىپىدىن 2012- يىلى نەشر قىلىنغان « لاي قەلئەنىڭ سىرى » كىتابىدىكى « ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى قاچاندىن باشلانغان» ناملىق ماقالىسىدا، ئۇيغۇر مائارىپ تارىخى تەتقىقاتچىلىقىدا كۆرۈلۈۋاتقان

مېتودىكا سەۋەنلىكى مەسىلىسىنى ئاياۋسىز ئەيىپلەپ: «بىزنىڭ تەتقىقاتچىلىرىمىز ئارىسىدا ئىلمىي تارىخ يېزىش ئېڭى ۋە مېتودىنى شەكىللەندۈرۈشكە سەل قاراش خائىشى خېلىلا ئېغىر دېيىشكە بولىدۇ. تەتقىقات ساھەسىدە ئىلمىي تارىخ يېزىش ئېڭى ۋە مېتودىنىڭ بولماسلىقى ئىلىم ساھەسى كۆرۈشنى قەتئىي خالىمايدىغان مەسىلىدۇر.» دېگەن ئىدى. بولۇپمۇ، ئۇ، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتوتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئىبراھىم نىياز ئەپەندىنىڭ «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتوتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1983-يىللىق 2-سانىدا ئېلان قىلىنغان «ئېكساق كەنتىدە يېڭىنقى زامان پەننىي مائارىپى» دېگەن ماقالىسى (ماقالە «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»نىڭ 1984-يىلى نەشر قىلىنغان 2- سانىدىمۇ ئېلان قىلىنغان) ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، 1985-يىلى ئېكساق مەكتىپىنىڭ 100 يىللىق تويى مۇناسىۋىتى بىلەن ئاتۇشتا بېسىلغان «مەشئەل» ناملىق ژۇرنالدا «يەرلىك قىزغىنلىقنىڭ كۈچى بىلەن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بېيىتىلغان ھەم ئىنتايىن مۇقىملاشتۇرۇلغان»، « ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى 1885-يىلى ئاتۇش ئېكساقتا قۇرۇلغان پەننىي مەكتەپتىن باشلانغان. » دېگەن بىمەنە قاراشنى دەل ۋاقتىدا ئىنكار قىلىپ، جامائەتچىلىكنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتقان ئىدى. چۈنكى، ئەينى ۋاقىتتا مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن ئويدۇرۇپ چىقىلغان بۇ بىمەنە قاراش ئابدۇللا تالىپ ئەپەندىنىڭ 1986-يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىن ئوچېركلار» ناملىق كىتابى ئارقىلىق مەتبۇئاتلاشتۇرۇلۇپ، ئۇيغۇر تەتقىقاتچىلىرىنىلا ئەمەس، بەلكى جۇڭگو ۋە چەتئەل تەتقىقاتچىلىرىنىمۇ قايمۇقتۇرغان ئىدى.

كۆڭۈلنى غەشقىلىدىغىنى شۇكى، مۇئەللىپ بۇ قېتىمقى ماقالىسىدا، « ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى 1899-يىلى ئاكا- ئۇكا مۇسابايېفلار تەرىپىدىن ئۇستىن ئاتۇشنىڭ ئېكساق كەنتىدە قۇرۇلغان جەدىدچە مەكتەپتىن باشلانغان.» دېگەندىن ئىبارەت تېخىمۇ بىر تەرەپلىمەقاراشنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئۆزى يۇقۇرىدا ئەيىپلىگەن « ئىلمىي تارىخ يېزىش ئېڭى ۋە مېتودىنى شەكىللەندۈرۈشكە سەل قاراش خائىشى» نى ئۆزى تەكرارلايدۇ. ھەتتا بۇ قاراشنى ئۆزى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان ئىلگىرىكى بىمەنە قاراش ئۈستىگە دەسسىتىشكە ئۇرۇنۇپ، «ھەممە ئىشنى موللا بىلىپتۇ، موللا قوپۇپ كۆلگە سىيىپتۇ» دېگەندەك ئىش قىلىدۇ.

ھەر قانداق بىر خاتالىقنىڭ جاھىللىق ۋە ئىلىم روھىغا ھۆرمەت قىلماسلىقتىن تۇغۇلىدىغانلىقى ئېنىق. ماقالە ئىستىلىدىن يەنە « ھەممىدە مېنىڭ دېگىنىم راست! » دەيدىغان ئىلىم زومىگەرلىكى خائىشى پۇراپ تۇرىدىغان بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ بايىقى بىر تەرەپلىمە قارىشىنى «ھاكىم مۇتلەق قاراش» سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەنلا

كۇپايىلەنمەستىن، ئۇنى ئاكسى يۇملاشقان ھۆكۈم شەكلىدە باشقىلارغا تاڭماقچى بولىدۇ. ئىلمىي مۇھاكىمەروھى دېموكراتىيەلىشىۋاتقان بۈگۈنكىدەك كۈندە، باشقىلارنىڭ تەپەككۇر ئەركىنلىكىنى بوغىدىغان بۇنداق ئۆكتەم ھۆكۈماچىلىقنى رايىشلارچە كۆنىۋەرگۈلىكمۇ، ئاخىر تۆۋەندە، مەن يالقۇن روزى ئىنكار قىلغان «بەش خىل قاراش» ئىچىدىكى «بىرىنچى خىل قاراش» نىڭ تارىخىي ھەققەتكە ئۇيغۇن ياكى ئۇيغۇن ئەمەسلىكى ھەققىدە توختىلىمەن.!؟

بۇ قاراش مۇھەممەتخان كامالىنىڭ «ئىلىدىكى ئوقۇتۇش ئىشلىرى- ئۇسۇلى قەدىم ۋە ئۇسۇلى جەدىد توغرىسىدا» ناملىق ئەسلىمىسىدىكى (بۇ ئەسلىمە «ئىلى تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 1-ساندا ئېلان قىلىنغان) « ئاتىمىز مەرھۇم ئابدۇمۇتائالى كامالى (خەلپەم) ئىلىغا ئۇسۇلى جەدىدنى ئەڭ بۇرۇن ئېلىپ كىرگۈچىلەرنىڭ بىرى »، « ئاتام دەسلەپتە موللا ئېلى دېگەن شائىردا، كېيىن شۇ دەۋردىكى مەشھۇر ئېشان ۋە شائىر نىزامىدىن ئاخۇنۇمدا ئوقۇغان. بۇنىڭدىن سەل كېيىن ياركەنتكە ئابدۇراھمان داموللام دېگەن تاتار ئالىم كېلىدۇ. بۇ كىشىمۇ مەكتەپ ئېچىپ بالا ئوقۇتىدۇ. بۇ كىشىنىڭ شۆھرىتىنى ئاڭلاپ كۆپلىگەن ئوقۇغۇچىلار بېرىپ دەرس ئوقۇيدۇ. ئاز ۋاقىتتىن كېيىن ئاتىمىزمۇ بېرىپ دىنىي دەرس ئوقۇشنى ئىلتىماس قىلىدۇ. ئابدۇراھمان داموللام دىنى دەرس ئوقۇۋاتقانلار كۆپ، سەن ئۇسۇلى جەدىدچە ئوقۇغىن. بۇنى ئوبدان ئۆزلەشتۈرگەندىن كېيىن خەلققە ئىلىم-مائارىپ ئۆگەتسەڭ شۇنچە ياخشى دېگەن سۆزنى قىلىدۇ. ئاتىمىز داموللامنىڭ سۆزىنى ماقۇل كۆرۈپ جەدىدچە ئوقۇيدۇ. بىر قانچە يىلدىن كېيىن ئوقۇشنى تۈگىتىپ غۇلجىغا قايتىپ كېلىدۇ. 1895- يىلى ئەلاباي مەسچىتىگە چۈشۈپ، بالا يىغىپ 40 چە ئوقۇغۇچىنى ئوقۇتىدۇ. » دېگەن قۇرلاردىن كەلگەن. مانا بۇ قاراش ۋە ئۇنىڭ ئۇيۇتقۇسى بولغان «1895- يىلى» دېگەن رەقەم يالقۇن روزىنىڭ «ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى قاچاندىن باشلانغان»، «ئاكا-ئۇكا مۇساباييېفلارنىڭ توققۇز چوڭ تۆھپىسى» قاتارلىق ماقالىلىرىدا تەرغىپ قىلىنغان «ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى1899-يىلى ئاكا-ئۇكا مۇساباييېفلار تەرىپىدىن ئۇستىن ئاتۇشنىڭ ئىكساق كەنتىدە قۇرۇلغان جەدىدچە مەكتەپتىن باشلانغان.» دېگەن بىرتەرەپلىمە قارىشىنى تەۋرىتىپ قويغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ئومۇم تەرىپىدىن تا ھازىرغىچە تولۇق ئېتىراپ قىلىنماي كېلىۋاتقان بۇ قارىشىنى«مۇتلەق ھەقىقەت» سۈپىتىدە پۈتكۈل ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىگە قوبۇل قىلدۇرۇش يولىدا تىنىماي ئات چاپتۇرىۋاتقان مۇئەللىپنىڭ ئوغىسى ئۇشتۇمتۇت قايناپ دۇ- دە، مۇھەممەتخان كامالى ئوتتۇرغا قويغان قاراشنىڭ «ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەسلىكى» نى جان- جەھلى بىلەن ئىسپاتلاش كويىغا چۈشىدۇ.

يالقۇن روزى بۇمۇددى ئاسغا تولۇق يېتىش ئۈچۈن، تارىخ ۋە ھەقىقەت روھىغا تىغ تەڭلەشتىنمۇ ھېيىقمىغان بولۇپ، ئىلى خەلقىنىڭ يېڭى مائارىپنى يولغا قويۇش يولىدىكى دادىل ئۇرۇنۇشلىرى ۋە بۇ جەھەتتە كۆرسەتكەن جانپىدالىقنى خۇپسەنلىك بىلەن مەسخىرە قىلىدىغان «قەشقەردىكى جەدىدچە مەكتەپ ئابدۇلكەرىم ئەپەندى ئۈستىن ئاتۇشنىڭ ئىكساق كەنتىدە ئاچقان ‹ھۈسەينىيە› مەكتىپىنى كۆرسىتىدۇ. غۇلجىدىكى جەدىدچە مەكتەپلەرنى كىملەر ئاچقان بولۇشى مۇمكىن؟ يۇقۇرىقى بايانلاردا كۆرستىلگەندەك ‹ھۈسەيىن باينىڭ بۇ جەھەتتىكى تىرىشچانلىقى› ئاساسىدا ئېچىلغانمۇ ياكى غۇلجىغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ سودا-تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان رۇسىيەلىك تاتارلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتۇش ئېھتىياجى بىلەن ئۇلار تەرىپىدىن ئېچىلغانمۇ ۋە ياكى ئابۇمۇتائالى خەلىپىتىم تەرىپىدىن 1895-يىلى ئېچىلغانمۇ؟ مېنىڭچە ئابدۇمۇتائالى خەلپىتىم 1895-يىلى ياركەنتتىكى ئابدۇراھمان داموللا دېگەن تاتار كىشىدىن جەدىتچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىپ كېلىپ غۇلجىدا تۇنجى جەدىدچە مەكتەپ ئاچقان، دېگەن قاراشنى ئويلىنىپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ. بۇ قاراشتا مەن باشتا ئېيتقاندەك مەلۇم دەرىجىدە ئاساس بار. لېكىن بۇ ئاساس بۇ قاراشنىڭ پۈت دەسسەپ تۇرۇشىغا يېتەرلىك ئەمەس.» دېگەندەك پەلپەتىش گەپلەرنى قىلىپ، ئىلى خەلقىنىڭ يېڭى مائارىپنى مۇستەقىل يولغا قويۇش جەھەتتىكى تەشەببۇسكارلىق روھىنى چۈكۈردۇ.

يالقۇن روزى قازانلىق ۋەلى شاھ غالى ئەكبەرىۋنىڭ «تەرجىمان» گېزىتىنىڭ 1902-يىلى 3-ئاۋغۇستتىكى سانىغا بېسىلغان خەۋىرىدىكى «ھۈسەيىن مۇسابايېۋ يەنە بىر ھاجى سوفى ئوغلى مەسۇم ئەپەندى دېگەن ئۇيغۇرنى جەدىدچە ئۇسۇلنى پۇختا ئۆگىنىپ كېلىشكە باغچە ساراي شەھىرىگە ئەۋەتكەن. بۇ مەسۇم ئەپەندى قەشقەر ۋە غۇلجىدا جەدىدچە توققۇز مەكتەپنىڭ دائىمىي رەۋىشتە ئىشلەپ تۇرغانلىقىنى مەلۇم قىلغان.» دېگەن قۇرلارنى ئىستات ئالغان تۇرۇقلۇق «ئىلىدا مۇنتىزىم يېڭى مائارىپنىڭ قانداق باشلانغانلىقىنى بىر قەدەر كۈچلۈك ئاساسلار بىلەن ئوتتۇرىغا قويغىلى بولىدىغان قاراش مەسۇم ئەپەندى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايمەن.» دېگەندىن ئىبارەت ئۆز مۇددىئاسىغىلا پايدىلىق، ئەمما، تولىمۇ مەنتىقىسىز خۇلاسىنى كۆتۈرۈپ چىقىدۇ. ئۇنداقتا، ئىلىدا مۇنتىزىم مائارىپنىڭ قانداق باشلانغانلىقىنى تېخىمۇ كۈچلىك ئاساسلار بىلەن ئوتتۇرىغا قويغىلى بولىدىغان باشقا ھەرقانداق قاراش ئۇنىڭ نەزىرىدە نۆلگە تەڭ ئوخشامدۇ !؟

ئۇ گەرچە مۇھەممەتخان كامالىنىڭ ئەسلىمىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان قاراشنىڭ توغرا بولۇشىغا پايدىسىز ئىككى گۇمانلىق نۇقتىنى ئەسكەرتكەندە، ئابدۇمۇتائالى كامالى

خەلپەمنىڭ غۇلجىدا مەكتەپ ئېچىپ، ئۇسۇلى جەدىدنى ئېلىپ كىرگەنلىكىنىڭ «مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان قاراش» ئىكەنلىكىگە چىن پۈتىسمۇ، بۇ مەكتەپنىڭ «دىنىي مەكتەپ» لىك خاراكتېرىنى ئالاھىدە پۇرىتىپ، جەدىدچە مەكتەپلىك خاراكتېرىنى قەستەن ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمەيدۇ. مۇھەممەتخان كامالىنىڭ بايىقى ئەسلىمىسىنى ئابدۇمۇتائالى كامالى خەلپەم جەدىدچە مەكتەپ ئاچقان 1895-يىلىدىن ئالاھىزەل 90 يىل ئۆتكەندىن كېيىن يازغانلىقىنى تەكىتلەش ئارقىلىق ئۇنىڭ چىنلىق دەرىجىسىدىن يوچۇق ئىزدەيدۇ. مۇھەممەتخان كامالىنىڭ غۇلجا تاتارلىرى «مەكتەبى نۇر» نامىدا قىزلار مەكتىپى قۇرغان ۋە ئۇنىڭ قارمىقىدا «نۇر قىرائەتخانىسى» ئاچقان «1914- يىلى»نى «1910-يىلى» قىلىپ يېزىپ قويغانلىقى ۋە مەكتەب قۇرۇش تەشەببۇسكارىنى «ئابدۇللا بوبى» دېمەي، «كەشفۇل ئەسرار داموللام» دەپ سالغانلىقىدەك كىچىككىنە سەۋەنلىكىگە مەھكەم ئېسىلىۋېلىپ، ئىلى خەلقىنىڭ يۈكسەك ئىززەت-ئېھتىرامىغا ئېرىشكەن بۇ لەۋزى ھالال، پاراسەتلىك زاتنى ئاساسسىز پاكىت ئويدۇرۇپ چىقىرىدىغان چاكىنا ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويغىلى تاسلا قالىدۇ. ھەتتا، «ئەلنىڭ كۆزى ئەللىك» ئىكەنلىكى بىلەنمۇ ھېسابلاشماي، «مۇھەممەتخان كامالى ئەپەندى ماقالىسىدا ‹1895-يىلى› دېگەن يىلنامىنى دەلىل-ئىسپاتسىز ئوتتۇرىغا قويغان.» دېگەن سۆزىدە جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرىۋالىدۇ. قازاقىستانلىق ئۇيغۇر ئالىم مۇرات ھەمرايېۋ بىلەن نەزەرغوجا ئابدۇسەمەتوفلارنىڭ يازمىلىرىدىكى مەزمۇنلارنى ئۆز مۇددىئاسىغا بويسۇندۇرۇپ تەھلىل قىلىپ، «مۇرات ھەمرايېۋ بىلەن نەزەرغوجائابدۇسەمەتوفنىڭ ماقالىلىرىدىكى ئۇچۇرلار ياركەنتنىڭ مائارىپ ئەھۋالىنىڭ 1895-يىلى ئۇ دەرىجىدە ئۈستۈن ئەمەسلىكىنى ئەسكەرتىپ تۇرىدۇ.» دېگەن يۈزە خۇلاسىگە كېلىدۇ.

يالقۇن روزى يەنە مۇھەممەتخان كامالى ئوتتۇرىغا قويغان قاراشنىڭ توغرا بولۇشىغا پايدىلىق ئىككى ئامىلنى تەكىتلەپ كېلىپ، «مۇھەممەتخان كامالى ئەپەندى ئابدۇمۇتائالى كامالى خەلپىتىمنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئوقۇمۇشلۇق، مۆتىۋەر كىشىدۇر. ئۇ دادىسىدىن ئاڭلىغانلىرىنى يازغان بولۇپ، ئىشەنچلىك دەرىجىسى خېلىلا يۇقىرى.» دېگەننى نومۇس كۆچىدىن تىلغا ئالغان بولسىمۇ، ئەمما، بۇ زاتنىڭ ئادىمىلىكىدىن شۈبھىلەنگەنلىكىنى راۋۇرۇس چاندۇرۇپ قويىدۇ. ئۇ، مۇھەممەتخان كامالىنىڭ بۇ ھەقتە يالغان ئېيتمىغانلىقىنى ئۆزىنىڭ «ياركەنت شەھرىدە ھەقىقەتەن ئابدۇراھمان داموللا دېگەن كىشىنىڭ بىر مەزگىل تۇرغانلىقى توغرا بايان قىلىنغان. ئابدۇللا بوبى بۇ ئۇچۇرنى 1913-يىلى 9-ئاينىڭ 25-كۈنى غۇلجىغا كېلىپ، تاتار قىزلار مەكتىپى بىلەن ئوغۇللار مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشقا باشلاپ بىرەر ئاي ئۆتمەي، غۇلجىدىكى رۇسىيە كونسۇلى تاتارلار

ئۆچۈن تەيىنلىگەن فازىلجان ئاقساقال دېگەن كىشىنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغاندا بايان قىلغان.» دېگەن سۆزى ئارقىلىق قىسمەن ياقلىغان بولسىمۇ، ئابدۇمۇتائالى كامالى خەلپەمنىڭ غۇلجىدا مۇسابايېفلاردىن بۇرۇن جەدىدچە مەكتەپ قۇرۇپ، ئىلغا ئۇسۇلى جەدىدنى سىستېمىلىق رەۋىشتە ئەكىرگەن تۇنجى جەدىدچى ئىكەنلىكىدەك ئەمەلىيەتنى ئىنكار قىلىش غەرىزىدىن پەقەتلا يانمايدۇ.

ئابدۇللا بوبىنىڭ ئەينى چاغدىكى شەخسىي خاتىرىسىدە يېزىلغان «بۇنىڭدىن بۇرۇن، بىزدىن مۇسابايېفلارغا مۇئەللىم بولۇپ كەلگەن ئابدۇلمۇتەللىپ ئىلكايېفنىمۇ فازىلجان ئەپەندى يولغا سېلىپتۇ تەكەن ئىكەن. مېنىمۇ ئۇ، ئابدۇلمۇتەللىپنى يولغا سېلىۋەتكەندەك يولغا سېلىۋەتمەكچى ئىكەن. لېكىن ئىش ئۇنىڭ دېگىنىدەك بولمىدى.»، « ئۇنىڭ پۈتۈن مەقستى ھەركىمنى ئۆزىگە بېقىندۇرۇپ، ئۆزىنى ھەممىدىن بىلىملىك قىلىپ كۆرسىتىشتۇر. ئۆزىگە بېقىنمىغان، ئۆزىدىن پازىل بىر ئادەمنى ھەرۋاقىت بار كۈچى بىلەن بوزەك قىلىشقا، يوقىتىشقا ھەرىكەت قىلىپ يۈرىدۇ. ياركەنتتىكى داموللام ئابدۇرەھماننىمۇ ئۇ خاراب قىلغان. پىتنە توقۇپ ئىناۋىتىنى تۆككەن.» دېگەندىن ئىبارەت شەخسىي ئاداۋەت پۇرىقى قويۇق ۋايىساشلىرىنى بىردىن-بىر پاكىت سۈپىتىدە كۆتۈرۈپ چىقىپ، «بۇ ئۇچۇردىن بىز ئابدۇراھمان داموللىنىڭ ياركەنتتە قاچان تۇرغانلىقىنى بىلەلمىسەكمۇ، بىر مەزگىل تۇرغانلىقىنى دەلىللىيەلەيمىز.» دېگەن مۇجمەل قاراشنى تەكىتلەيدۇ.

ئەمدى مەن يالقۇن روزى «بىرىنچى خىل قاراش»نى ئىنكار قىلغاندا ئوتتۇرىغا قويغان «دەلىل- ئىسپاتلار» نىڭ چىنلىق دەرىجىسىنى باھالايمەن:

بۇنىڭ ئۈچۈن ئابدۇمۇتائالى كامالى خەلپەم ياركەنتتىكى ئابدۇراھمان داموللا دېگەن ئالىمنىڭ قولىدا ئوقۇغانمۇ-يوق؟، ئۇنىڭ 1895-يىلى غۇلجىدا جەدىدچە مەكتەپ ئاچقانلىقى تارىخىي ھەقىقەتكە ئۇيغۇنمۇ-ئەمەسمۇ؟ دېگەن نازۇك مەسىلىلەرگە لىللا جاۋاب بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

يېقىندا، مەن خەلپەم ھەزرەتنىڭ غۇلجىدىكى نەۋرىسى ئابدۇراھمان ھاجىنى زىيارەت قىلدىم. ئۇ ماڭا: «دادام مۇھەممەتخان كامالىنىڭ ئېيتىشىچە، بوۋام ئابدۇمۇتائالى كامالى خەلپەمنىڭ تەكتى قورغاس مازاردىن بولۇپ، 1881- يىلىدىكى ‹كۆچ-كۆچ»تە، ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە ياركەنتكە كۆچۈپ چىقىپتۇ. دەسلەپتە كونا قورغاسلىق موللا ئېلى دېگەن شائىردا،كېيىن ياركەنت مەدرىسەسىگە كىرىپ، شائىر موللا بىلال نازىمىنىڭ ۋە مەشھۇر دىنىي ئالىم ، شائىر نىزامىدىن ئاخۇنۇمنىڭ قولىدا ئوقۇپتۇ. بۇ دەل ئابدۇراھمان مىشارالىيا داموللام دېگەن تاتار ئالىمنىڭ ياركەنتتە جەدىدچە مەكتەپ ئېچىپ، شۆھرەت تاپقان ۋە نىزامىدىن ئاخۇنۇم بىلەن بىللە «ياركەنتتىكى ئىككى پازىل» دەپ ئۇلۇغلانغان

چـاغلىرى ئـىـكەن. داموللامنىـڭ داڭقىنـى ئاڭلىغـان خەلـپەم بـوۋام ئـۇنى ئـىزدەپ بېرىـپ، داۋاملىق ئوقۇش ئارزۇسى بـارلىقىنى ئېيتىپتـۇ. ئـۇ خەلـپەم بوۋامغا: ‹ھـازىر قولۇمـدا دىنىي دەرس ئۆگەنگۈچىلەرجىـق. ئىلىـدىن كەلـگەن ئاسـىپ ئـاخۇن، ياقۇپبـايلارمۇ دىنىـي ئىسلامدىن دەرس ئېلىۋاتىدۇ. مېنىڭچە، ئۇسۇلى جەدىـدنى ئوقـۇغىن! ئەگەر، ئـۇنى ئوبدان ئۆزلەشتۈرۈپ، خەلققە ئىلىم-مەرىـپەت ئۆگەتسەڭ ساۋابى تېخىمـۇ چـوڭ بولىـدۇ.› دەپتۇ. خەلـپەم بـوۋام يـاركەنتە ئوقـۇپ «ئىرشـادنامە» ئالغانـدىن كېـيىن، جەدىـدچە مەكـتەپ ئېچىش ئۈچۈن، غۇلجىغا قايتىپ كەپتۇ.

خەلـپەم ھەزرەت بـوۋىمىز 1895-يىلـى ئەتىيـازدا، غۇلجـا مەھكـى مەئـى شـەرئىنىڭ ئىجـازىتى بىـلەن سـۇ دەرۋازا مەھەللىسـىدىكى ‹ئەلابـاي مەسـچىتى› گە ئـىمامەتچىلىككە قويۇلۇپتـۇ. جامائەتنىـڭ مەسـلىھەتىنى ئالغانـدىن كېـيىن، مەسـچىت قورۇسـى ئىچىـگە جەدىدچە مەكـتەپ ئېچىپتـۇ ۋە دەسـلەپ 40 نەپەرچە بـالىنى يىغىـپ ئوقۇتۇپتـۇ. شـۇيىلى كۈزدە، ئابدۇقادىر ئاقساقال باشـلىق ئاتا-ئـانىلار ۋەكىللىـرى ئالـدىدا بـالىلاردىن ئوچـۇق ئىمتىھان ئاپتۇ. ئۇلار دوسكىغا بىر بىرلەپ چىقىپ، ئىملا يېزىپتۇ، تۆت ئەمەل بىلەن ھېساب ئىشلەپتۇ، جۇغراپىيە دەرسـىدە ئـۆگەنگىنى بـويىچە خەرىتىنـى چېنەپ تـۇرۇپ، قىتئەلەرۋە ئۇنىڭغا جايلاشقان شەھەر، مەركەزلەر، تاغ- دەريالارنىڭ ئورنى، نامىنى ئەپچىللىـك بىـلەن ئېيتىپ بېرىپتۇ. جامائەت بۇ بالىلارنىڭ خەلپەم بوۋىمىزنىـڭ قولـدا ئوقـۇپ ناھـايىتى تېـزلا سـاۋادلىق بولغـانلىقىنى كـۆرۈپ، مەمنـۇن بولۇپتـۇ ۋە بالىلارنىـڭ تـار سـىنىپ تاقسـتىلىپ قالغـانلىقىنى كـۆرۈپ، مەكتەپنـى كېڭەيـتىش قارارىغـا كەپتـۇ. ئابـدۇقادىر ئاقسـاقال مەھكىمەئـى شـەرئىنىڭ رۇخسـتىنى ئالغانـدىن كېـيىن، مەكتەپنـى ئۆزىنىـڭ تـۆت كـۆۋرۈك مەھەللىسـىدىكى قـورۇ-جايىغا كۆچۈرۈپ ئـاپىرىپتۇ. بـۇ مەكـتەپ جامائەتنىـڭ قوللىشـىدا ناھـايىتى تېـز تەرەققـي قىلىـپ، بىـر مـۇدىر، تـۆت ئوقۇتقـۇچى، ئىككـى يـۈزدىن ئـارتۇق ئوقۇغۇچىسى بار تۆت سىنىپلىق باشلانغۇچ مەكـتەپكە ئـايلىنىپتۇ. مەكـتەپ نـامىمۇ خەلـپەم بوۋىمىزنىـڭ مۇبـارەك ئىسـمىغا يارىشا ‹تائـالىيە› مەكـتەپ، دەپ ئـاتىلىپتۇ. 1911- يىلـى بوۋىمىزنىـڭ تىرەكمـازاردىن قـورۇ- جـايلىق يەر سېتىۋېلىشـى بىـلەن تېخىمـۇ كېڭىيـىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىپ، رۇشتى (يەتتە يىللىق) مەكتەپكە تەرەققىي قىلىپتۇ.

ئابدۇراھمانىي شارالىيا داموللام دەل مېنىڭ ئانا جەمەت بـوۋام بولىـدۇ. ئابـدۇراھمان بوۋام ئالاھىدىن (تاتارچە غەلەتتىن)، خەلىمە، خەنىپە، خەدىچە ئىسـىملىك تـۆت پەرزەنـت يـۈزى كـۆرگەن بولـۇپ، كىچىـك قـىزى خەدىچەنـى (مېنىـڭ رەھمەتلىـك ئاپامنى) خەلـپەم بوۋامنىـڭ چـوڭ ئوغلىغـا يەنـى دادام مۇھەممەتخـان كامالىغـا چىتىپتـۇ. خەلـپەم بـوۋام ئابـدۇراھمان بـوۋىمىزنى چـىن ئىخـلاس بىـلەن يـادلاپ تـۇرۇش ئۈچـۈن، ماڭا ئەنە ئاشـۇ

زاتىنىڭ ئىسمىنى قويغان ئىكەن. دادامنىڭ ئەسلىشىچە، ئابدۇراھمان بوۋام ياركەنتتىن غۇلجىغا بىر نەچچە قېتىم كېلىپ، خەلپەم بوۋام، ئاسىپ ئاخۇنۇم (ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىدە مىللىي سوتنىڭ باشلىقى بولغان مۇھەممەتجان مەخسۇمنىڭ ئاتىسى)، ياقۇپ موللا (چاپچاللىق) قاتارلىق ئۈچ شاگىرتى بىلەن قايتۇقتا يەرلىشىپ قالغان تاتار بۇرادىرىنى ئالاھىتەن يوقلاپ كەتكەن ئىكەن. ئۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىن بۇرۇنراق ۋاپات بولۇپتۇ ۋە ياركەنتتىكى تاتارلار قەبرىستانلىقىغا يەرلىنىپتۇ. 1984- يىلى ياركەنتكە بارغىنىمدا، ئابدۇراھمان بوۋام ئاچقان‹نوغاي مەدرىسەسى› نى زىيارەت قىلغان بولساممۇ، ئۇنىڭ قەبرىگاھىنى بىلىدىغانلارنى تاپالمىغاچقا، تاۋاب قىلالماي، ئارماندا قايتقان ئىدىم. 1989- يىلى بېشكەكلىك تۇغقىنىمىز ئابدۇمېجىت قارىدىن دۆڭ مازارنىڭ تار كەنتىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ، ياركەنتكە قايتقان ئۆمەرجان ئەپەندىنىڭ قەبرە ئورنىنى ئېنىق بىلىدىغانلىقىنى ئاڭلىدىم. ۋەتەنگە قايتىشىمدا يەركەنتكە چۈشۈپ، ئۆمەرجان ئاكا بىلەن مەرھۇمنىڭ قەبرىگاھىنى تاۋاب قىلىپ قايتتىم.» دېدى.

ئابدۇراھمانمى شارالىيا داموللام جەمەتىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈرۈش ئۈچۈن، «غۇلجا رۇس مەكتىپى» نىڭ سابىق مۇدىرى، غۇلجا تاتارلىرىنىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر مۆتىۋەرى ئىليار گابى توفنى ئىزدىدىم. ئۇ ماڭا:« 2006- يىلى تاتارىستانغا ئوت پۇسكىغا بېرىپ يانارىمدا يەركەنتكە چۈشتۈم. تاتار مىللەتداشلار بۇ يەردىمۇ خۇددى غۇلجىدىكىگە ئوخشاش مۇستەھكەم مىللىي گەۋدە بولۇپ ياشاپ كېلىۋېتىپتۇ. شۇ كۈنلەردە، سالىخوفلار جەمەتى بەرگەن كاتتا نەزىرگە قاتناشتىم. مېنى سۆيۈندۈرگىنى شۇكى، ئۇلار ئۇلۇغ بوۋىلىرى مۇھەممەدى سالىخوف ۋە ئابدۇراھمان مشارالىيا داموللاملارنىڭ ئىزىنى ئۆچۈرمەي كېلىۋېتىپتۇ.» دېدى.

مىرقاسىم گوسمانوف «ئىسمائىل گاسپىرالى ۋە شىنجاڭدا يېڭى ئۇيغۇر مائارىپى» ناملىق ماقالىسىدا، «تەرجىمان» گېزىتىنىڭ 1901-يىلى 1- ئاينىڭ 1- كۈنىدىكى سانىغا بېسىلغان «غۇلجىدىكى جەدىد مەكتەپلىرىدە 500 نەپەردىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى بار. ئىمتىھان بايرام مەزگىلىدە ئېلىنىدى.»(1) دېگەن خەۋەرنى ئالاھىدە مىسالغا ئالغان بولۇپ، بۇ خەۋەر ئابدۇمۇتائالى كامالى خەلپەم قاتارلىقلارنىڭ غۇلجىدا جەدىدچە مەكتەپ ئېچىپ، بالىلاردىن ئوچۇق ئىمتىھان ئالغانلىقىغا ئىسپات بولالايدۇ.

خوش. يالقۇن روزىنىڭ تارىخي ئەمەلىيەتنى ئېنىق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلماي چىقارغان «ئابدۇراھمان داموللىنىڭ ياركەنتتە قاچان تۇرغانلىقىنى بىلەلمىسەكمۇ، بىر مەزگىل تۇرغانلىقىنى دەلىللىيەلەيمىز.» دېگەن ھۆكۈمى قىپ-قىزىل يالغان بولۇپ چىقمىدىمۇ!؟ ئېيتىڭلارا، ئۇنىڭ «ئادالەتنىڭ قازىسى»دەك چورتلا كېسىپ ئېيتىۋەتكەن

«قىسقىسى، ئابدۇمۇتائالى خەلپىتىم ئىلىدا ئۇسۇلى جەدىد ئوقۇتۇشىنى يولغا قويغان پىشىۋا مائارىپچىلاردىن ھېسابلانسىمۇ، ئەمما، پاكىت يېتەرلىك بولمىغاچقا، ئاساس كۈچلۈك بولمىغاچقا تۈنجى جەدىدچى دېگەن ئاتاققا نائىل بولالمايدۇ.» دېگەن تاقا-تۇقا گەپلىرىگە نېمە دېگۈلۈك؟

غۇلجىدىكى تارىخ بىلىمى مول زىيالىيلاردىن پولات بۇرھان ئاكىنىڭ ئېيتىشىچە، ئابدۇمۇتائالى كامالى خەلپەم ئوغلى مۇھەممەتخان كامالىنىڭ تارىخقا ئىنتايىن ھېرىسمەنلىكىنى بىلگەچكە، ئۇنى نۇقۇل دىنىي ئىلىم ئۆگىنىشكىلا زورلىماستىن، تارىخقا ئائىت بىلىملەرنىمۇ ئۆگىنىشكە دەۋەت قىلغان ئىكەن. ئۇ، ئاتىسىنىڭ رىغبىتى بىلەن بېرىلىپ تارىخ ئۆگىنىپ، ئىلى تارىخىدا بولۇپ ئۆتكەن ۋاقى ئەلەرنى بەش قولدەك ئېنىق بىلىدىغان «تىرىك تارىخ» لاردىن بولۇپ چىقىپتۇ. شۇڭا، تېيىپجان ھادى قاتارلىق تارىخ ئىخلاسمەنلىرى ئۇنى ئۇستاز سۈپىتىدە ھۆرمەت قىلاتتىكەنتۇق. مانا مۇشۇنداق تارىخىي ھەقىقەت تۇيغۇسى كۈچلۈك بىر زاتنىڭ ئۆز يىلتىزى، بىۋاسىتە تۇغقانلىرى ھەققىدە خالىغانچە توقۇلما قىلىشى مۇمكىنمۇ، ئاخىر؟!

پولات بۇرھان ئاكىنىڭ مۇھەممەتخان كامالى بىلەن بولغان بىر قېتىملىق سۆھبەت خاتىرىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئابدۇمۇتائالى كامالى خەلپەم ئىنتايىن كىتابخۇمار كىشى بولغاچقا، ئۇستازى ئابدۇراھمان مىشارالىيا داموللام ھەزرەتلىرىنىڭ شەخسىي كۇتۇپخانىسىدىن تۈركىيە، مىسىر، تاتارىستان قاتارلىق يەرلەردە نەشر قىلىنغان كىتاب-ژۇرنال، گېزىتلەرنى ئارىيەت ئېلىپ ئوقۇپ، ۋاقتىدا قايتۇرۇپ تۇراتتىكەن. ئەل ئۆمرىدە باشقىلارنىڭ قول چاغلىق نەرسىسىگە خىيانەت قىلمىغان بۇ پازىل زات بىركۈنى «شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ مەلۇم بىر سانىنى ئۇستازىدىن بىسوراق ئېلىپ كېتىپتۇ ۋە ئۇنى قايسى يوزى بىلەن قايتۇرۇشنى بىلەلمىگەنلىكتىن، يادىكار سۈپىتىدە ساقلاشقا مەجبۇر بولۇپتۇ. كېيىنچە، ئۇستازى بۇ ئىشنى ئۇقۇپ سالاۋات قىلىۋېتىپتۇ. ئەمما خەلپەم ھەزرەت مۇشۇ كىچىككىنە ئىش تۈپەيلى ئۆزىنى بىر ئۆمۈر ئەيىپلىك سانىغان ئىكەن.

يالقۇن روزى زورۇقۇپ ئىنكار قىلماقچى بولغان ئەسلىمىنىڭ چىنلىقىغا كەلسەك، مەزكۇر ئەسلىمە خەلپەم ھەزرەت ئۆز ئېغىزى بىلەن ئېيتىپ بەرگەن راست ئىشلارنى بىرىنچى قول ماتېرىيال قىلغانلىقتىن، ئۇنىڭ يالغان بولۇش ئېھتىماللىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولىدۇ. ئەسلىمە ئېلان قىلىنغان 1984- يىلى ئىلىدا خەلپەم ھەزرەتنىڭ زاماندىشلىرى ۋە ئۇ ياشىغان دەۋرنىڭ تىرىك شاھىدلىرى ئاساسەن دېگۈدەك ھايات بولۇپ، ئەگەر، ئەسلىمىدىكى بايانلار ساختا بولسا ئۇلارنىڭ قىلچە يۈز-خاتىرە قىلماي ئىنكار قىلىشىغا ئۇچرىغان بولاتتى. دېمەك، شاھىدلارنىڭ بۇ ھەقتە تەمسىلگەن

ماتېرىيالىلىرى تارىخىي ماتېرىيالىنىڭ چىنلىق دەرىجىسىنى بېكىتىشنىڭ «ئۈچ ئۆز»لۈك پرىنسىپىغىمۇ تامامەن ئۇيغۇن كېلىدۇ.

يۇقۇرىقىلاردىن بىز ئابدۇمۇتائالى خەلپەمىنىڭ ياركەنتتىكى ئابدۇراھمان مىشارالىيا داموللامىنىڭ قولىدائوقۇغانلىقىنى ۋە 1895- يىلى غۇلجىغا قايتىپ كېلىپ جەدىدچە مەكتەپ ئاچقانلىقىنى دەلىللىيەلەيمىز.

ئارىمىزدا «باشقىلاردىن ئاڭلاپ يېزىۋېلىنغان تارىخقا ئىشەنگىلى بولمايدۇ. تارىخ دېگەننىڭ ئېقى قەغەز، قارىسى سىياھ بولۇشى كېرەك.» دەيدىغانلارمۇ بولۇشى مۇمكىن. ئۇنداقتا، بارلىق تارىخنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىمىنى قايتىدىن يېزىشقا توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن، بۈگۈنكى قانلىق جەڭنىڭ ئەھۋالىنى بۈگۈننىڭ ئۆزىدىلا خاتىرىلەپ قالدۇرۇش ئەسلا مۇمكىن بولمايدىغان ئىش. ئۇنىڭ شاھىدلارنىڭ بايانىدىن ئاڭلاپ ئەتىسى خاتىرىلەنگەنلىكىگە قاراپ، بىراقلا يالغانغا چىقىرىۋەتكىلى بولامدۇ؟

1916-يىلى «تائالىيە» مەكتەپ تەرىپىدىن بۇ مەكتەپنىڭ 4– سىنىپىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرگەن 42– نومۇرلۇق ئوقۇغۇچى ئابدۇلخەمىت ئابدۇل ۋەكىلىگە تارقىتىپ بېرىلگەن تۆۋەندىكى «ئىمتىياز» گۇۋاھنامىسى بۇ سۆزىمىزنىڭ چىنلىقىنى يەنىمۇ ئىسپاتلايدۇ.

بىز بۇ «ئىمتىياز»نىڭ رەڭلىك ۋە ئۆلچەملىك ئىشلەنگىنىگە قاراپ، «تائالىيە» مەكتەپنىڭ ئەينى دەۋردىكى مۇنتىزىم باشقۇرۇلۇش ھالىتىنى كۆرىۋېلىپلا قالماي، ئىلمىي مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسىنىڭ قانچىلىك سەۋىيەگە يەتكەنلىكىنىمۇ كۆرىۋالالايمىز.

ئىلىم تەھسىل قىلغۇچىلارنىڭ ئارىلىقىنى يىراق كۆرمەي غۇلجىغا كېلىپ، ئابدۇللا بوبىنىڭ قولىدا ئوقۇشنى ئارمانلىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەرنىڭ بىرى شۇكى، ئابدۇللا بوبى (1871-1917)ئاتاقلىق پېداگوك بولۇپلا قالماي، قولىدا راۋرۇس قەلەم توختايدىغان ئاقارتقۇچى ۋە ئەدىب ئىدى. ئۇنىڭ «بوبى مەدرىسەسى تارىخى»، «تەئەددۇدى زەۋجاتى ھىفزىس سىھھاتە تەتبىق»، «تەرەققىئى فۇنۇن دىنسىزلىقى مۇجۇپمۇ؟»، «ھەقىقەت ياخۇد دوغرۇلۇق»، «تاتارچە خۇتبە ئوقۇش دۇرۇسمۇ؟»، «زامانى ئىجتىھاد مۇنقەرىزمۇ – ئەمەسمۇ؟» قاتارلىق كىتابلارنى يازغانلىقى ۋە مۇھەممەت ئابدۇھىنىڭ «تەۋھىد» كىتابىنىڭ تەرجىمىسىنى ئىشلىگەنلىكى مەلۇم. دېمەك، ئۇ ئالىملىق شەرتى ھازىرلىغان مەرىپەتچى بولۇپ، ئۇنىڭ 1913-يىلى تاتارىستان «مائارىف» كىتابخانىسى تەرىپىدىن قازاندا نەشر قىلىنغان «قىرائەت فەننىيە» («پەننى ئوقۇش») ناملىق خىمىيە تەجرىبە كىتابى غۇلجىدا ساقلىنىۋاتقانلىقى بۇ سۆزىمىزنى تەستىقلايدۇ.

ئىلى ۋە يەتتە سۇ ئۇيغۇرلىرى يېڭى مائارىپنى يولغا قويۇش ۋە بۈگۈنكىدەك مۇنتىزىم

ھالەتكە كەلتۈرۈش يولىدا ئاز بولمىغان بەدەللەرنى تۆلىگەن، تىللاردا داستان بولغىدەك شانلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولۇپ، ئىلى يىڭى مائارىپى ئەسىردىن ئۇزاق شانلىق تەرەققىيات مۇساپىسى جەريانىدا پۈتۈن سوۋېت ئۆيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىشى، مۇستەھكەم ئاساستا شەكىللىنىشى، سىستېمىلىق يوسۇندا تەرەققىي قىلىشى ۋە بۈگۈنكىدەك مۇنتىزىم ھالەتكە كېلىشىدە ئۇلۇغ تاشلىق رول ئوينىغان.

يۇقۇرى سەۋىيەلىك مەدەنىي مائارىپ سىستېمىسى بولمىسا، يۇقۇرى ساپالىق ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ يېتىشىپ چىقىشىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. سان ئۆزگىرىشىنىڭ سۈپەت ئۆزگىرىشىگە تۈرتكە بولىدىغانلىقى ئەڭ ئەقەللىي پەلسەپەۋي ساۋات. سان ۋە ساپا جەھەتتىن كىشىنى قايىل قىلغۇدەك نامايەندىلەرنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ ئەمەلىيەت بىزگە جەددىچە مائارىپ تۈرتكىسىدە شەكىللەنگەن يېڭى مائارىپىنىڭ ئىلى ۋە يەتتە سۇ ۋادىسىدا قانچىلىك چوڭقۇر يىلتىز تارتقانلىقىنى ۋە قانداق مول مېۋە بەرگەنلىكىنى ئېنىق ئەسكەرتىپ تۇرىدۇ.

تۆۋەندە، مەن ئەنە شۇلارئىچىدىكى نامايەندا خاراكتېرلىك شەخسلەرنىڭ مۇبارەك نامىنى ئېھتىرام بىلەن تىلغا ئېلىپ ئۆتىمەن:

دۆلەت ۋە ئۆلكە رەھبەرلىرى: ۋېلىباي يولداشېۋ (1836-1916) چار رۇسيە دۆلەت دۇماسىنىڭ ئەزاسى بولغان، ئابدۇللارۇزى باقىيېۋ (1897-1938)، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دۆلەت دەرىجىلىك رەھبىرى بولغان، سىياسىي- ئىجتىمائىي پائالىيەتچى، ئىسمائىل تاھىروۋ (1900-1937) تۈركىستان سوۋېت جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەھبىرى بولغان، ياقۇپ روزىېۋ (1905-1978) سوۋېت ئىتتىپاقى شەرق ئەللىرى بۆلۈمى مەركىزى كومىتېتىنىڭ رەئىسى بولغان، ئىسمائىل يۈسۈپوۋ (1914-)قازاقىستان كومپارتىيەسىنىڭ باش سېكرېتارى بولغان، مەسئۇد سابىرى (1888-1951)شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بولغان، ئوسمان خوجايېۋ (1898-1970) ئۆزبېكىستان مەركىزى كومىتېتىنىڭ باش سېكرېتاربولغان، ئەخمەتجان قاسىمى (1914-1949) شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان، ئابدۇللازاكىروۋ (1914-1982) ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان، تۇرسۇن رەخىموۋ (1912-1986) سوۋېت كومپارتىيەسى مەركىزى كومىتېتىنىڭ مەسئۇلى بولغان، ئابلەت ئابدۇرېشىت (1942-) ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى، جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان، مىجىت ناسىر (1938-) ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان، پاشا ئىشان (1938-) ش ئۇ ئار سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان، ئابدۇللا

ئىزباقىيېۋ (1914-1990) قازاقىستان ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى، مەرۇپ مەمەتوۋ (1901-1983) ئۆزبېكىستان رادىئو تېلېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى بولغان، خېلەم خۇداي بېردىيېۋ (1918-2004)ئۆزبېكىستان رادىئو-تېلېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان، سەييارە سەيدى ۋاققاسېۋا (1942-) سوۋېت قارى قالپاق ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۇئاۋىن سەھىيە مىنىستىرى بولغان، روبېرت تۇردىيېۋ (1939-2000) دىپلومات، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تۇنىستا تۇرۇشلۇق كونسۇلى بولغان، دىئاس هاسانوۋ (1942-1991) دىپلومات، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باغداتتا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى بولغان، ئابدۇلئەھەت خوجايېۋ (1942-)دوكتور، دىپلومات، ئۆزبېكىستاننىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنىڭ باش كاتىبى بولغان.

ئاكادېمىكلار: ئەزىز ئىسلام جانوۋىچ نارىنبايېۋ (1924-) پىروفېسسور، دوكتور، قىرغىزىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ ئاكادېمىكى، غوجاخمەت سەدۋاققاسوۋ (1929-1991) دوكتور، قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ فىلولوگىيە پەنلىرى ئاكادېمىكى، ماخمۇت ئەبەيدۇللايېۋىچ ئابدۇراخمانوۋ (1936-) پىروفېسسور، دوكتور، قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسسوتس ئالوگىيە پەنلىرى ئاكادېمىكى، ماھمۇتجان ھەۋەيدۇللايېۋىچ ئابدۇللايېۋ (1934-)دوكتور، قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى يېزا ئىگىلىك پەنلىرى ئاكادېمىكى، مۇراتبېك كەرىمووۋىچ ھەمرايېۋ (1936-1983) س س س ر پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ ئاكادېمىكى، رەخمجان ئاۋۇتوۋ (1936-1999) پىروفېسسور، دوكتور، قازاقىستان پەنلەرئاكادېمىيەسىنىڭ ئاكادېمىكى، دولقۇن ياسىن (ئۇچقۇن) (1938-) شائىر، ژۇرنالىست، ئامېرىكا كالفورنىيە خەلقئارا ئاكادېمىيەسىنىڭ ئاكادېمىكى، يارمۇھەممەت مۇبارەكوۋ (1944-1999) ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى تېخنولوگىيە پەنلىرى ئاكادېمىكى، تۇرغان قۇربانوۋىچ سوپىيوۋ (1942-) مېدىتسىنا پەنلىرى پىروفېسسورى، دوكتور، قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى مېدىتسىنا پەنلىرى ئاكادېمىكى، هوشۇر ئىسلام (1942-) شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى، جۇڭگو قۇرۇلۇش ئاكادېمىيەسىنىڭ ئاكادېمىكى، هاكىمجان ئارۇپوۋ (1962-) ئىقتىساد پەنلىرى دوكتورى، خەلقئارالىق ئىنفورماتسىيە پەنلىرى ئاكادېمىيەسىنىڭ ئاكادېمىكى، تۇران ئۇنىۋېرسىتېتى ئىگىلىك باشقۇرۇش فاكولتېتىنىڭ مۇدىرى.

دوكتور، پىروفېسسور، دوتسېنتلار: بۇرھان قاسىموۋ(1902-1938) سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى، ئابدۇسېمەتوۋ رابىك (1915-1986) مېدىتسىنا پەنلىرى دوكتورى، قاربايېۋا ساھىپجامال (1921-) مېدىتسىناپەنلىرى دوكتورى، پىروفېسسور، تۇغلۇقجان تالىپوۋ (1925-) فىلولوگىيە

پەنلىرى دوكتورى، ئەدۋارت رەخىموف (1930-) دوكتور، پىروافېسسور، قاپپە ئابدۇللايېف (1932-) پېروفېسسور، دامىر ساتتاروف (1934-) دوكتور، مامىدوۋا فلورا (1940-) مېدىتسىنا پەنلىرى دوكتورى، پىروفېسسور، رۇسلان روزىباقىيېف (1941-) مېدىتسىنا پەنلىرى دوكتورى، پىروفېسسور، تېمۇريالتاشېف (1956-) تېخنىلوگىيە پەنلىرى دوكتورى، ئامېرىكا كالفورنىيە دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى، ئابدۇرېشىت ئەلىيېف (1934-) فىزىماتېكا پەنلىرىدوكتورى، پىروفېسسور، ئابدۇلئەزىز ئابدۇللايېف (1936-) دوكتور ھەم پىروافېسسور، تېلمان ساتتاروف (1940-) تارىخ پەنلىرى دوكتورى، پىروفېسسور، تامارا ئەلباقىيېۋا (1941-) مۇزىكا پەنلىرى دوكتورى، پىروفېسسور، بەھرامجان گىلاۋدىنوف (1942-)، ئارخېتىكتورىيە پەنلىرى دوكتورى، پىروفېسسور، ئالېكساندىر رەخىموف (1943-) يادرو فىزىكا پەنلىرى دوكتورى، موسكۋا دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى، خەمىتنىلاشېف (1944-) دوكتور ھەم پىروفېسسور، كىلارا رەخىموۋا (1939-) مېدىتسىناپەنلىرى دوكتورى، پىروفېسسور، شەرىپىدىن ئۆمەر (1932-1995) شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ فىلولوگىيە پەنلىرى پىروفېسسورى،تۇردى ئوسمان (1938-) شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ يادرو فىزىكا پەنلىرى پىروفېسسورى، مۇھەممەتجان سادىق (1936-2012) ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتوتىنىڭ فىلولوگىيە پەنلىرى پىروفېسسورى، شۆكۈرخان زەيدۇن (1939-) شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاياللار كېسەللىكلىرى پىروفېسسورى، ئابدۇلھەي مۇھەممەدى (تولۇق ئىسمى مۇھەممەدوف ئابدۇل ھەيزاكىر ئوغلى) (1901-1946) تىلشۇناس، ئەدەبىياتشۇناس، دوتسېنت، مامىدوف مەرۇپ (1901-1966) ئىقتىساد پەنلىرىدوتسېنتى، ئەرشەم ھىدايەت تولۇق ئىسمى ئەرشىدىن ھىدايەت (1906-1951) تارىخ پەنلىرى دوتسېنتى، سالىھبايېف خەمىت سالىھ ئوغلى(1909-1970) دوتسېنت، روزىباقىيېف ئابدۇمېجىت ئەكبەر ئوغلى (1910-) بىئولوگىيە پەنلىرى دوتسېنتنى، مۇخامېدوۋا مەريەم(1910-1946) تارىخ پەنلەر دوكتۇر نامزاتى، دوتسېنت، تۇرغانوف مىرغىياسىدىن (1911-1987)تارىخ پەنلىرى دوتسېنتى، ئايشەم شەمىيېۋا (1912-1978) تىلشۇناسلىق پەنلىرى دوتسېنتى، ئەيسىراخۇن دەرام (1912-1966) ئىقتىساد پەنلىرى دوتسېنتى، غوجامبەردى يىفۋاھاپ (1912-1988) مېدىتسىنا پەنلىرى دوتسېنتى، نىيازوف باھاۋىدۇن (1912-1975)بىئولوگىيە پەنلىرى دوكتور نامزاتى، دوتسېنت، تۇرسۇنوف ئەخمەتجان (1920-1967) ئىقتىسادپەنلىرى دوكتور دوتسېنتى، ئىسمائىلوۋا ئازادگۈل (1925-)، تېخنىلوگىيە پەنلىرى دوتسېنتى، ساتتار سالىخ (1926-1992) ھايۋانات پەنلىرى دوتسېنتى، ئابابەكرى ئىسلام (1936-) ماتېماتىكا پەنلىرى دوتسېنتى، قۇببەس يولداش (1938-) شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ

فىزىكا پەنلىرى دوتسېنتى، ئەخمەتجان ئەسقەرى (2000-1938) شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىلشۇناسلىق پەنلىرى دوتسېنتى قاتارلىقلار.

مەرىپەتچىلەر: خەلپەت مەۋلانىدىن (1810-1738)، خەلپەت قاھاۋىدىن (1888-1786)، يۇسۇپ خەلپەت، ئابدۇقادىر خەلپەت، خەلپەت زاھىت ئەپەندى (1871-1845)، خەلپەت غوجامبەردى ھاجىم (1939-1848)، موللائىمىن ھەمەش(1849-1901)، ئابدۇراھمان مەخسۇم (1935-1855)، كەشفۇل ئەسرار داموللا (1858-1957)ۋە رەپىقىسى ئامىنە ئابىستاي، تاھىر خەلپەت (1953-1860)، خامۇش خەلپەم، خەلپەت ئەمىردىن ھاجىم (1917-1862)، مەنسۇر خەلپەت (1900-1865)، ئىمىر داموللام (1929-1866)، ئابدۇمۇتائالى خەلپەم (1960-1867) ۋە رەپىقىسى زۆھرە ئابىستاي، تاھىر ئىمىننىياز (1947-1869)، ئابدۇللا بوبى (1922-1871)، سېپىئايىم توختىيېۋا (1934-1872)، ئاقموللا خەلپەت (1948-1880)، ئايخان ئانا (1942-1882)، ئابدۇللا غوجامبەردى (1956-1883)، مەمتىلاخۇن سەئىدى (1962-1884)، مەسۇم ئەپەندى، رەپىق ئەپەندى ۋە رەپىقىسى شەفقە ئابىستاي، شاكىر خەلپەت، ئابدۇللا توقماق، پىدا خەلپەت، مۇھەممەت باراتسوپى، مەشۇر توختاخۇن، ھەسەن ئاقچۇرىن، يۇسۇپ خەلپەت، قاسىمئاخۇن ئوسمان خەلپەت (1931-1886)،ئەمرۇللا خەلپەت (1954-1887)، ناسىر ئىمىن (1944-1888)، ھارۇن ھاجى، داموللارزىيېۋ (1952-1889)، رەيھان خەلپەت (1944-1895)، سوپى زارۋات (1922-1890)،ھۆسەيىنبەگ يۇنۇسوۋ (1935-1890)، ئابدۇراھمان شادى (1937-1894)، ئىمىنجانباھاۋىدۇن (1948-1897)، سەيدۇللا خەلپىتىم، ئەسقەر قارى، ھاكىم ئەپەندى، ھاشىررازاق، تۇرسۇن ئەپەندى، خىلىل ئەپەندى، ھاشىر گۆھەرباقى، شەمشىدىن مۇھەممەتنۇرى، گابىتوف شېرفىدىن، مەرۇپ سەئىدى (1940-1898)، تىپىزات تاھىرى (1947-1901)، ئابدۇلخەمىت ئابدۇلۋەكىلى (1995-1902)، مەشىر روزىيېۋ (1982-1902)، زەينەپ گابىتوۋا (1984-1905)،ئەزىم سۇچەكوف (2008-1895)، خەمىت سەئىدى (1964-1906)، مالىك بېكتېمىروۋ، ئابدۇسالام ئەسقەرى (1972-1909)، ئابدۇرېھىم ئەيسا (1958-1909)، ھەسەل ئەپەندى تۆلەگەن (1955-1910)، ئۆمەرجان گۈلەم (1968-1913)، نۇرمۇھەممەت يۇسۇپى (1994-1920)،ھۈسەيىن رەشىتوف (1995-1922)، زەينىدىن يۇسۇپ (1987-1924)، كېۋىر نىياز (2001-1921)، ئىمىنجان يۇسۇپ (1998-1921)، ئاسىم مەسۇم ئەپەندى (2007-1922)، ھاكىم جاپپار (2002-1925)، مەسئۇد ئىسمائىل (1971-1925) قاتارلىقلار.

يازغۇچى- شائىرلار: نىزامىدىن ئاخۇنۇم، موللا بىلال نازىمى (1900-1823)، سېيىت

مۇھەممەت قاشى (1820-1905)، ئابدۇللا ھاپىز (1875-1956)، ئارۇپ قاسىمى (1887-1936)، نەزەرغوجا ئابدۇسەمەتوف (1887-1951)، نامەت خەلپەت (1962-1888)، پاشا غوجا ھاكىمبەگ (1893-1962)، مەرۇپ سەئىدى (1898-1942)، ئايۇپ مەنسۇرى (1902-1942)، ئۆمەر مۇھەممىدى (1906-1931)، ھېزىم ئىسكەندەروف (1906-1970)، مۆمىن ھەمراييېف (1907-1955)، نەسرۇللا قارى فەرھەتى (1997-1907)، نۇر ئىسرائىلوف (1910-1953)، ئابدۇرېھىم يۈسۈپى (1911-1974)،زۇنۇن قادىرى (1911-1989)، ئىبراھىم نورۇز (1911-1971)، (1911-1974)، خىلىل ساتتارى (1912-1943)، قادىر ھەسەنوف (1912)، ئەنۋەر ناسىرى (1914-1945)، زىيا سەمەدى (1914-2000)،نۇرمۇھەممەد بوساقوف (1914-1946)، ئابدۇرېھىم ئەيسا (1914-1958)، ئىسمائىلساتتاروف (1916-1944)، جامالىدىن بوساقوف (1987-1918)، داۋۇت تۇرەخمەتوف (1918-1978)، لۇتپۇللا مۇتەللىپ (1922-1945)، ئابدۇرېشت ئىمىن (1922-1949)، تۇرسۇن قاھارى(1924-2008)، ھېزمەت ئابدۇللىن (1925-1986)، يۈسۈپ ئىلياس (1925-1999)، تېيىپجان ھادى (1925-1989)، باتۇر ئەرشىدىنوف (1926-)، خىلىل ھەمراييېف (1928-1993)، ئىلىيابەختىيا (1932-1987)، تېيىپجان ئېلىيېف (1930-1989)، ئەلقەم ئەختەم (1922-)،زوردۇن سابىر (1998-1937) ، ئىسرائىل ئىبراگىموف (1934-)، پاتىگۈل سابىتېۋا(1936-)، ئەخمەتجان ھاشىرى (1938-) قاتارلىقلار.

ھەربىي سەپتىكلەر: سوۋېت ئارمىيەسى گېنېرالى راۋىل تۇرسۇنوف، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسى مۇئاۋىن باش قوماندانى زۇنۇن تېيىپوف، گېنېرال مايور مەرغۇپ ئىسخاقوف، گېنېرال مايور زاھىر ساۋدانوف، گېنېرال مايور مۇزەپپەر ئابدۇللايوف، گېنېرال مايور ئىبراھىم سۇلايمان، گېنېرال لېيتنانت مامىتوف تۇرسۇن، پولكوۋنىك ئابدۇرېھىم ھەسەنوف، پولكوۋنىك غېنى باتۇر، پولكوۋنىك رەخىمجان سابىر ھاجىيوف،پولكوۋنىك ئابدۇغوپۇر سابىر ھاجىيوف، پولكوۋنىك ئاۋاكرى ناسىروف، پولكوۋنىك قاھارشارىپوف، پولكوۋنىك رۇستەم دۇگاشوف، پولكوۋنىك مۇناجىدىن باراتوف، پولكوۋنىك مىرغىياس ياقۇبوف، پودپولكوۋنىك سالاھىدىن سىدىق، پودپولكوۋنىك ئابلاخان، پودپولكوۋنىك يۈسۈپجان ياسىنوف، ئاۋئاتسىيە باش ئىنژېنېرى رۇشىدىن كىچىكوف، ئاۋئاتسىيە ئىنژېنېرى ئابدۇكېرىم ئابدۇشۈكۈروف، باشلامچى ئۇچقۇچى ئابدۇخېلىل زەيناۋىدىنوف ، ئۇچقۇچى ياقۇب پەرھاتوف  قاتارلىقلار.

سەنئەتكارلار: ئاتاقلىق مۇقامشۇناس روزى تەمبۇر، قازاقىستان كومپوزىتورلار ئىتتىپاقىنىڭ رەئىسى، مۇزىكاپەنلىرى پىروفېسسورى قۇددۇس غوجامياروف، قازاقىستان

خەلق ئارتىسى، موسكۋا بالشوي تىياتىرىنىڭ دىرىژورى، مۇزىكا پەنلىرى پىروفېسسورى غەزىز دۇگاشېف، سەنئەتتەتقىقاتچىسى يۇسۇپجان غاپپاروف، غۇلجا سانائىي نەفسەنىڭ قۇرغۇچىلىرىدىن مەتتاھىرھەسەن، ئابدۇنەبى ماناپوف، گۈلسۇم ئىسمائىلوۋا، سەيدۇللام رەخمىتۇللام (ئىسكىروپكىنى شىنجاڭغا تۇنجى ئەكىرگۈچى)، نۇرمۇھەممەت ناسىروف، ئاتاقلىق رېژىسسور جالالىدىن يەھيارى، ئاتاقلىق ناخشىچى ئابدۇۋەلى جارۇللايېف، دۆلەتلىك بىرىنچى دەرىجىلىك كومپوزىتورلاردىن: زىكرى ئەلپەتتا، ھۇسەنجان جامى، ئابلىكىم ئابدۇللا، ئوسمانجان ئۆمەر، غىياسىدىن بارات، قازاقىستاندا خىزمەت كۆرسەتكەن كومپوزىتور سىلىماخۇن زەينالوف، دۆلەتلىك بىرىنچى دەرىجىلىك ناخشىچى پاشا ئىشان، ئۆزبېكىستاندا خىزمەت كۆرسەتكەن ئارتىسلاردىن: ئەيسا ئىبراگىموف، سۇلتان مۇرات ئەزىموف، قازاقىستاندا خىزمەت كۆرسەتكەن ئارتىسلاردىن: غۇلام جەلىلوف، ئاسقارجان ئاكباروف، سەيدەكرەم تۆلگەنوف، قازاقىستان خەلق ئارتىسلىرىدىن: جالال ئاسىموف، ئەخمەت شەمىيېف، رۇقىيە ساتتاروۋا، ئايتۇرغان ھاسانوۋا قاتارلىقلار.

تارىخ تارىخ يارانقۇچىلارنى ئۇنتۇمايدۇ. ئۇلارنىڭ سۆيۈملۈك نامى تارىخنىڭ ئالتۇن قۇرلىرىغا مەڭگۈ مۆھۈرلەنگۈسى. يۇقۇرىدا مەن سەھىپە ئېھتىياجى بىلەن ئىلى مائارىپىنىڭ گۈللەپ- يشنىشى ئۈچۈن، قىممەتلىك يۈرەك قېنىنى سەرپ نامايانىدا خاراكتېرلىك كىشىلەرنىڭ نامىنلا تىلغا ئالالىدىم. بۇلار پەقەت تارىخ پاراۋۇزىنىڭ ئەك پىداكار رولچىلىرى، خالاس. ئەمما ئۇنىڭ ئىلگىرىلىشىگە تۆرتكە بولغۇچىلارنىڭ سانىنى ئېنىقلاش بەسى مۈشكۈل.

خەلق يەنىلا ھەقىقي قەھرىماندۇر. مائارىپتىكى ئويغىنىش ۋە يېڭىلىققا كۆچۈشنىڭ پۈتكۈل جەمئىيەت خاراكتېرلىك ئىدىيەۋى ئويغىنىش، يېڭىلىققا ئىنتىلىش ھەرىكىتى تۈرتكىسىدە ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقى ھەممىمىزگە ئايان. ئىلىدا يېڭى مائارىپنىڭ باشلىنىشى ۋە ئىزچىل تەرەققىيات مۇساپىسىغا قەدەم قويۇشى تارىخ تەرەققىياتىنىڭ ئەنە ئاشۇ ئوبيېكتىپ مەنتىقىسىدىن مۇستەسنا بولغان ئەمەس، ئەلۋەتتە.

بىز ئىلى ۋە يەتتە سۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنىي مائارىپ جەھەتتىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي مەدەنىيلىشىش دەرىجىسىنىڭ يۇقۇرى بولۇشىدىكى ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ سەۋەبلەرنى تەھلىل قىلغاندا، ئۇلار ھايات كەچۈرگەن تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت بىلەن ئۇلارنىڭ ئادىمىيلىك ساپاسىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسەتكەن ئالاھىدە گىرەلەشمە مەدەنىيەت ئارقا كۆرنىشىنىڭ مۇھىم رولىنى تىلغا ئالغان ئىدۇق.

مانا بۇ خىل ئالاھىدە مۇھىت ئىلى خەلقىنىڭ ئاڭ ۋە ئىدىيە جەھەتتىكى ئويغىنىشىنى ئانا دىيارىمىزنىڭ باشقا جايلىرىدىكى قېرىنداشلىرىغا قارىغاندا بالدۇرراق ئەمەلگە

ئاشۇرۇشقا ماددىي ۋە مەنىۋى ئاساس يارىتىپ بەرگەن ھەمدە ئىلىدا يېڭى مائارىپنىڭ ئانا دىيارىمىزنىڭ باشقا جايلىرىدىن بالدۇر باشلىنىشى ۋە مۇستەھكەم ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە بولۇشىغا بىۋاستە تۈرتكە بولغان.

دېمەك، ئىلىدا يېڭى مائارىپنىڭ باشلىنىشى ۋە ئۇنىڭ ئىلىنىڭ شەھەر، يېزا-قىشلاقلىرىغىچە تەكشى ئەۋج ئېلىپ، كۈچلۈك مەدەنىي مائارىپ ھەرىكىتى دولقۇنىغا ئايلىنالىشىدا ئەنە ئاشۇنداق مۇستەھكەم ئاممىۋى ئاساس ۋە قويۇق ئىجتىمائىي مەدەنىيلىك ئاتموسفېراسى ۋە ئىدىيە-ئاڭ جەھەتتىكى ئىلغارلىق ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان بولۇپ، ئۇنىڭ توسقۇنسىز تەرەققىياتلارغا ئېرىششىنى مائارىپ ۋە مەدەنىيلىكنى قەدىرلەيدىغان ئىلى خەلقىنىڭ بىردەك قوللىشى ۋە ئۇلار ئىچىدىن چىققان مەرىپەت پېشىۋالىرىنىڭ پائال ۋە ئىزچىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىدىن ئايرىپ قارىيالمايمىز.

ئىلى خەلقى يېڭى مائارىپنى يولغا قويۇش ۋە بۇگۈنكىدەك مۇنتىزىم ھالەتكە كەلتۈرۈش يولىدا ئاز بولمىغان بەدەللەرنى تۆلىدى، تىللاردا داستان بولغىدەك نەتىجىلەرنى ياراتتى. شۇڭا، بىز ئىلى يېڭى مائارىپىنىڭ ئەسىردىن ھالقىغان شانلىق تەرەققىيات مۇساپىسىدا پۈتۈن سۈرۈك ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىشى، مۇستەھكەم ئاساستا شەكىللىنىشى، سىستېمىلىق يوسۇندا تەرەققىي قىلىشى ۋە بۈگۈنكىدەك مۇنتىزىم ھالەتكە كېلىشىدە ئۆلتاشلىق رول ئوينىغانلىقىدەك ھەقىقەتكە زىبىز كۆز يۇمالمايمىز. چۈنكى ئىلىدا يېڭى مائارىپنىڭ قانداق باشلانغانلىقىغا ئوبيېكتىپ ۋە ئىلمىي باھا بەرگەنلىك يالغۇز ئىلى مائارىپىنىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ تارىخىي تەرەققىيات مۇساپىسى ۋە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىگە ئادىل ھەم ۋىجدانەن باھا بەرگەنلىكتۇر.

خۇلاسە كالام شۇكى، ئىلىدا يېڭى مائارىپ 1850-يىللاردىن كېيىن بارلىققا كەلگەن پەننىيلەشكەن مائارىپ ئاساسىدا بىخ سۈرگەن، 1867–يىلى قورغاس مازارلىق زاھىت ئەپەندىنىڭ دىنىي دەرسلەرنى دادىل ئىسلاھ قىلىپ پەننىي دەرسلەرنى قوشۇپ ئۆتۈشى بىلەن دەسلەپ كىققەدەمدە شەكىللەنگەن، 1873-يىلى رۇسلارنىڭ غۇلجىدا ياۋروپا مائارىپ ئەندىزىسى بويىچە مۇنتىزىم پەننىي مەكتەپ ئېچىشى بىلەن رەسمىي باشلانغان، 1883-يىلى ئىسمائىل غاسپىرالى قوزغىغان جەدىدچىلىك ھەرىكىتىنىڭ ئىجابىي تەسىرىدە يەنىمۇ سىستېمىلاشقان، خەلپەم ھەزرەت، مەسئۇم ئەپەندى قاتارلىق مائارىپ پېشىۋالىرىنىڭ ئىزچىل جانپىدالىق كۆرسىتىشى ۋە ئۇيغۇر مائارىپىغا بارلىقىنى بېغىشلىغان كەش فۇلئەسرار داموللا، ئابدۇللا بوبى قاتارلىق تاتار مەرىپەتچىلىرىنىڭ جان كۆيەرلىك بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە ساغلام تەرەققىي قىلىپ، تېخىمۇ مۇنتىزىم ھالەتكە

كەلگەن ھەمدە 20- ئەسرنىڭ باشلىرىدا بارلىققا كەلگەن يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى ۋە كېيىنكى تۈرلۈك يېڭىلىقلار داۋامىدا زورىيىپ، ئۇزۇلمەس مائارىپ ئېقىمى دولقۇنىغا ئايلانغان ۋە ئانا دىيارىمىز يېڭى مائارىپنىڭ بارلىققا كېلىشى،مۇنتىزىملىشىشىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولغان.

مەن ماقالىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تارىخىي پاكىتلار ۋە دوكمېنتلىق ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ، ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى ئىلىدىن باشلانغان، دېگەن ئىلمىي قاراشنى دادىل ئوتتۇرىغا قويىمەن. ئۇيغۇر مائارىپ تارىخى ساھەسىدە ئىزدىنىۋاتقان كەسىپداشلارنىڭ بۇ ھەقتىكى ئوخشاشمىغان قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى سەممىي تەۋسىيە قىلىمەن.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار:


(1)، (2)، (3)، (4)، (5)، (6)، (7)، (8)، (25)، (26)، (27)–كوللىكتىپ ئاپتورلۇقىدىكى «ئىسمائىل بەگ گاسپىرىنسكى» ناملىق كىتاب، تاتارىستانجىيېن نەشرىياتى، تاتارچە نەشرى، 2006-يىل، قازان.

(9) ،(21) - ۋاسىلى ۋاسىلىيېۋىچ رادلوف،«ئىلىغا ساياھەت خاتىرىسى» ناملىق ماقالە، «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى 2013-يىللىق 3-سان، غۇلجا، پولات بۇرھان تەرجىمىسى.

(10) - ۋ. ئا.موئىبسېيېف، «رۇسىيە ۋە جۇڭگو ئوتتۇرا ئاسىياسىدا» نامىلىق كىتاب، رۇسىيە تارىخ نەشرىياتى، 2000 - يىل، رۇسچەنەشرى، موسكۋا.

(11) — رەھمىتۇللاھەسەن، «چىگسۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدىكىئۇيغۇرلارنىڭمائارىپ ئىسلاھاتچىلىق ھەرىكىتى» نامىلىقماقالە، «شىنجاڭ ئىجتىمائى پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى،ئۇيغۇرچە، 2013-يىللىق 2–سان، ئۈرۈمچى.

(12)،(31) - كوللىكتىپ ئاپتورلۇقىدىكى «20 ـئەسىر نامايانىدىلىرى» نامىلىق كىتاب، قازاقىستان روند نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى،2005-يىل، ئالمۇتا.

(13)،(14)،(20)،(22)، (28)،(29)،(30)– نەزەرغوجائابدۇسەمەتوف، «يورۇق ساھىللار» نامىلىق كىتاب، قازاقىستان جازۇشى نەشرىياتى،ئۇيغۇرچە نەشرى، 1991-يىل، ئالمۇتا.

(15)،(16)،(18)،(19) — نۇشىرۋان يائوشېۋ، «قەشقەرمەكتۇپلىرى»، «مىللەتلەر نەشرىياتى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 2013-يىل، بېيجىڭ.

(17) – شې بىن،«شې بىننىڭ ‹شىنجاڭغا ساياھەت خاتىرىسى› دىن ئۈزۈندىلەر»، «ئىلى تارىخماتېرىياللىرى» ، 19 - سان، پولات بۇرھان تەرجىمىسى.

(22) – چوقانچىڭگىزوۋىچ ۋەلىخانوف، «ئالتەشەھەرگە سەپەر»، ئالمۇتا ئاتا مۇرا نەشرىياتى،قازاقچە نەشرى، 2006-يىل، 133-بەت.

(23) – مىرقاسىمگوسمانوف، «يېپىلمىغان كىتاب»، تاتارىستان كىتاب نەشرىياتى، تاتارچە نەشرى،1996-يىل، قازان .

(24) ـ كوللىكتىپ ئاپتورلۇقىدىكى «ئۈچمەس ئوتلارلاۋۇلدايدۇ» ناملىق كىتاب، تاتارىستان كىتاب نەشرىياتى، تاتارچە نەشرى، 2006-يىل،قازان.

[1]
伊宁市地方志编纂委员会：《伊宁市志》，新疆人民出版社，2
。002年版，第680页

DelmarMorgan, A Journey through Semiretchia toKuldja in [2]
1880, proceedings of the Royal Geographical Society New Monthlyseries Vol.3 (1881), pp.163-164. See the description offered in Linda Bensonand Ingvar Svanberg, The Russians inXinjiang, Central .Asian Survey, Vol.8, No .2. 1989 Printed in GreatBritian, p.105
Mirkasım OSMANOV,İsmail Bey Gaspıralı Ve Doğu [3]
Türkistanda Yeni Uygur Maarifçiliği[A]. Hakan KIRIMLI, İsmail Bey Gaspıralı İçin[C]. Ankara, 2004, 669.[4] Masamihamada, La Transmission du Mouvement Nationaliste au TurkestanOriental (Xinjiang) [J] ,Central Asian Survey, Vol.1, 1990.[5] EugeneSchuyler, Turkistan. Notes of a Journeyin Russian Turkistan, Kokand, Bukara, and Kuldja Vol.2(London, 1876),p.199.See the description offered in Linda Benson and Ingvar Svanberg, The Russians in Xinjiang, Central AsianSurvey, Vol.8, No .2. 1989 Printed in Great Britian, p.105.6
伊宁市地方志编纂委员会编，《伊宁市志》，新疆人民出版社
，2002年版，第682页。</d</f

# فىنلاندىيەدىكى ئالتايشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنى

ئاپتورى: ئىسمائىل ئابدۇرېھىم
(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ لېكتورى)

**مۇھىم مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە ئاپتور فىنلاندىيەدە ئوقۇش جەريانىدا ئىگىلىگەن ئۇچۇرلارغا ئاساسەن ئالتايشۇناسلىق نەزەرىيەسىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى بولغان رامستېد ۋە باشقا فىنلاندىيەلىك ئالتايشۇناسلارنىڭ خەلقئارا ئالتايشۇناسلىق پىنىنىڭ شەكىللىنىشىگە قوشقان تۆھپىلىرى سۆزلىنىدۇ ۋە فىنلاندىيەنىڭ ھازىرقى ئالتايشۇناسلىق تەتقىقات ئورۇنلىرى، تەتقىقاتچىلار ۋە ئۇلارنىڭ مۇناسىۋەتلىك تەتقىقات نەتىجىلىرى ھەققىدە تەپسىلىي ئۇچۇر بېرىلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** ئالتايشۇناسلىق؛ فىنلاندىيە؛ رامستېد

ئالتايشۇناسلىق تەتقىقاتى ئادەتتە ياۋرو-ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا ياشىغان ۋە ياشاۋاتقان مىللەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ تىلى ھەققىدىكى تەتقىقاتنى كۆرسىتىدۇ. جۇغراپىيەلىك جايلىشىشى جەھەتتىن ئالغاندا، ئالتاي تىللىق مىللەتلەر ياشىغان رايونلار مەملىكىتىمىزنىڭ شەرقىي شىمالى، كورىيە ۋە ياپونىيەنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئالتاي تىللىرىغا تەۋە تىللارنىڭ سانى 74 ئەتراپىدا بولۇپ، بۇ تىللاردا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ سانى 270 مىليونغا يېتىدۇ.
ئالتايشۇناسلىق تەتقىقاتى جۇڭگو، ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فىرانسىيە، گېرمانىيە، پولشا، ۋېنگرىيە، فىنلاندىيە، شۋېتسىيە، نورۋېگىيە، دانىيە، رۇسىيە، تۈركىيە، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى، ياپونىيە، كورىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە ئېلىپ بېرىلماقتا. فىنلاندىيەنىڭ بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتى بىر قەدەر بالدۇر باشلانغان بولۇپ، بۇ ساھەدە ئالدىنقى قاتاردا

تۇرىدىغان دۆلەت دەپ قارىلىدۇ. فىنلاندىيەدە ئالتايشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ باشقا دۆلەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا بىر قەدەر بالدۇر باشلىنىشىنىڭ مۇنداق ئىككى تۈرلۈك سەۋەبى بار دېيىشكە بولىدۇ. بىرى، 1809-يىلدىن 1917-يىلغىچە فىنلاندىيە رۇسىيە ئىمپېرىيەسىگە تەۋە بولۇپ، تەتقىقاتچىلارنىڭ رۇسىيەنىڭ شەرقىدىكى ئالتاي تىللىق مىللەتلەرنى تەكشۈرۈشى ۋە ئۇ يەردىن موڭغۇلىيەگە كىرىشى قولاي ئىدى. ئىككىنچىسى، 19-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تەتقىقاتچىلار فىن تىلىنىڭ مەنبەسى شەرقتە دەپ قارىغان. مۇشۇ سەۋەبتىن، فىنلاندىيەلىك تەتقىقاتچىلار فىن تىلىنىڭ يىلتىزىنى تېپىش ئۈچۈن سىبىرىيە، موڭغۇلىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا قاتارلىق رايونلاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. بۈگۈنكى كۈندە تەتقىقاتچىلار فىن تىلىنى ئۇرال تىللىرى ئائىلىسى ياكى فىن-ئۇگىر تىللىرى ئائىلىسىگە تەۋە دەپ قارىسىمۇ، بۇ تىلنىڭ 18-ئەسىرلەرگىچە شىمالى موڭغۇلىيەنىڭ شەرقىي قىسمىدا ئىشلىتىلىدىغانلىقىغا بىردەك قوشۇلىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇرال تىللىرى بىلەن ئالتاي تىللىرى ئوتتۇرىسىدىكى مەلۇم ئوخشاشلىق ۋە باغلىنىشلار فىنلاندىيەنىڭ ئالتاي تىللىرىنىڭ سېلىشتۇرما تەتقىقاتىدا مۇھىم رول ئوينىشىغا سەۋەب بولغان. ئۇنىڭدىن باشقا، ئالتايشۇناسلىققا ئائىت ئەسەرلەردە فىنلاندىيەلىك تەتقىقاتچى رامستېد ئالتايشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە ئاساس سالغۇچىسى سۈپىتىدە بايان قىلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە فىنلاندىيەدىكى ئالتايشۇناسلىق تەتقىقاتى تېخىمۇ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولۇپ، رامستېدتىن بۇرۇن باشقا تەتقىقاتچىلار بۇ ھەقتە بىر قىسىم تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان.

## 1. رامستېدتىن ئىلگىرىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ نەتىجىلىرى

## (1840-يىلدىن 1895-يىللارغىچە)

فىنلاندىيەدىكى ئالتايشۇناسلىق تەتقىقاتىنى ماتتىياس ئالېكساندىر كاستىرېن (Matthias Alexander Castrén 1813-1852) دىن باشلانغان دېيىشكە بولىدۇ. كاستىرېن 1841-1849-يىللىرى رۇسىيەنىڭ شەرق-شىمالى، سىبىرىيە ۋە موڭغۇلىيەدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ۋە جاپالىق تەكشۈرۈشلەر ئارقىلىق يېنىسەي تىللىرى، بۇريات تىلى ۋە تۇنگۇس-ئېۋېنكى تىللىرى ۋە دىيالېكتلىرىنىڭ ماتېرىياللىرىنى توپلىغان. ئۇنى موڭغۇل ۋە تۇنگۇس تىللىرىنىڭ جانلىق تىلىنى تۇنجى بولۇپ تەكشۈرگەن تەتقىقاتچى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ مۇشۇ تەكشۈرۈشلىرى ئاساسىدا موڭغۇل، تۇنگۇس تىللىرىنىڭ تۈركى

تىللىرى بىلەن تۇغقانچىلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. 1850-يىلى ئۇ پىروفېسسورلۇق دىسسېرتاتسىيەسىدە فىن-ئۇگىر تىللىرى بىلەن تۇنگۇس-موڭغۇل-تۈركى تىللارنىڭ تۇغقانچىلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە ئۇرال-ئالتاي تىللىرى تەتقىقاتى ئۈچۈن ئاساس سالغان. ھازىر ئۇرال-ئالتاي تىللىرى دەپ ئاتىلىۋاتقان تىللارنى ئۇ ئالتاي تىللىرى دەپ ئاتىغان بولۇپ، ئۇنىڭ نەزىرىدىكى ئالتاي تىللىرى فىن-ئۇگىر تىللىرى، ساموېد، تۈرك، موڭغۇل ۋە تۇنگۇس تىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. كاسترېن بىلەن دەۋرداش تەتقىقاتچى ھېرمان كېلگرېن (Herman Kellgren 1856-1822) فىن تىلىنىڭ سېلىشتۇرما گىراماتىكىسى ھەققىدىكى تەتقىقاتىدا موڭغۇل تىلى، تۈرك تىلى ۋە مانجۇ تىللىرىنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىمۇ توختالغان.

كاسترېن فىن-ئۇگىر تىللىرى بىلەن تۈركى تىللارنىڭ تۇغقانچىلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن خېلسىنكى ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ تۈركى تىللارغا قىزىقىشى ئۈزلۈكسىز كۈچىيىپ بارغان. پىروفېسسور ئاۋغۇست ئالكۋىست (1826-1889 August E. Ahlqvist) قازان تاتارچىسى ۋە چۇۋاشچە ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان، ھەمدە فىن-ئۇگىر تىللىرىغا ئائىت نۇرغۇن ماتېرىياللىرىنى توپلىغان. گەرچە ئۇ ئۇرال-ئالتاي تىللىرىنىڭ تۇغقانچىلىقى ھەققىدە ماقالە ئېلان قىلمىغان بولسىمۇ، ھەر خىل مۇھاكىمە سورۇنلىرىدا ئۇرال تىللىرى ۋە ئالتاي تىللىرىنىڭ تۇغقانچىلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كەلگەنلىكىگە ئائىت يازما پاكىتلار بار. ئارۋىد گېنېتىز (1848-1915 Arvid Genetz) قازان تاتارچىسى ھەققىدە يازغان ئەسىرىدە فىن-ئۇگىر تىللىرى، تۈرك-تاتار تىللىرى، ساموېد تىللىرى، موڭغۇل ۋە مانجۇ-تۇڭگۇس تىللىرىنىڭ ئالتاي تىللىرى ئائىلىسىنى تەشكىل قىلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. 1852-يىلى يوھان لىندىستىرۆم (Johan Lindström) ئۇرال-ئالتاي تىللىرىدىكى مەنبەداش سۆزلەر ھەققىدىكى ئىزدىنىشىنى ئېلان قىلغان.

ئەينى يىللاردا فىنلاندىيە سىبىرىيە رايونىغا ئىككى تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئەۋەتكەن بولۇپ تۇنجى قېتىملىق ئۆمەككە ئەسپېلىن (J. R. Aspelin) باشلامچىلىق قىلغان. 1989-يىلى فىنلاندىيەلىك تەتقىقاتچىلار يېنسەي دەرياسىدىن تاپقان مەڭگۈ تاشلارنىڭ كۆچۈرۈلمىسىنى فىنلاندىيە ئارخېئولوگىيە جەمئىيىتىنىڭ ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان. 1890-يىلى ھېيكىل (A. O. Heikel) بىر ئۆمەك باشلاپ سىبىرىيەگە بارغان. 1892-يىلى «فىنلاندىيە تەكشۈرۈش ئەترىتى 1890-يىلى توپلىغان ۋە فىن-ئۇگىر جەمئىيىتى ژۇرنىلىدا ئېلگىرى ئېلان قىلىنغان ئورخۇن مەڭگۈ تاشلىرى» ناملىق تەكشۈرۈش دوكلاتى ئېلان قىلىنغان.

فىنلاندىيەدە ئالتايشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ئۇنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان تەتقىقاتچى ئوتتو دوننېر (1835-1909 Otto Donner) فىن-ئۇگور تىللىرى تەتقىقاتىدا ھىندى-ياۋروپا تىللىرى تەتقىقاتىنىڭ مېتودىنى قوللىنىش ئۈچۈن گېرمانىيەدە ھىندى-ياۋروپا تىللىرى تەتقىقاتىدا ئوقۇغان ۋە شۇ مەزگىلدە (1865-يىلى) «ئالتاي تىللىرىدىكى شەخس ئالماشلىرى» ناملىق ئەسىرىنى ئېلان قىلغان. كېيىن ئۇنىۋېرسىتېتتا لېكتور ۋە پىروفېسسور بولغان مەزگىللەردىمۇ فىن-ئۇگور تىللىرى ۋە ئالتاي تىللىرى تەتقىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان ۋە مۇشۇ مەقسەتتە 1883-يىلى فىن-ئۇگور جەمئىيىتىنى قورۇشتا كۆپ كۈچ چىقارغان. 1893-يىلى ئۇ فىن-ئۇگور جەمئىيىتىدىن تۈركلەر ۋە موڭغۇللار ياشىغان ۋە ياشاۋاتقان جايلارغا فىنلاندىيەلىك تەتقىقاتچىلارنى ئەۋەتىپ يەرلىك تىللارنى تەكشۈرۈش، ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ۋە قەدىمكى ۋەسىقە، قولىيازمىلارنى توپلاشنى تەلەپ قىلغان. 1897-يىلى ئۇ ئوقۇغۇچىسى رامستېدنى تۈركىيە شەھىرىدىن خېلسىنكىغا كېلىشكە تەكلىپ قىلغان ۋە ئۇنى موڭغۇلىيەدىكى تەكشۈرۈشكە تەييارلىق قىلىشقا بۇيرۇغان.

## 2. رامستېد ۋە ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تەتقىقاتلىرى (1895-يىلدىن 1975-يىللارغىچە)

ئالتايشۇناسلىق نەزەرىيەسىنىڭ ئاساس سالغۇچىسى گۇستاف جون رامستېد (Gustaf John Ramstedt, 1873-1950) ئەسلىدە دىنشۇناسلىق ۋە شەرق تىللىرى ئوقۇغان بولۇپ، 1897-يىلى ئۇستازى ئوتتو دوننېرنىڭ تەكلىپى بىلەن خېلسىنكىغا كەلگەندىن كېيىن فونېتىكا، فىن-ئۇگور تىللىرى ۋە رۇس تىلى ئۆگىنىشكە باشلىغان. ئەينى ۋاقىتتا فىن-ئۇگور تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ يازما ئەسەرلىرى كۆپ بولمىغاچقا تىل تەتقىقاتىدا جانلىق تىلنى تەكشۈرۈش ئاساس قىلىناتتى. شۇڭلاشقا فىنلاندىيەلىك تىلشۇناسلار تىل ماتېرىياللىرىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ئالاھىدە تىل تەكشۈرۈش ئۇسۇللىرى ۋە تىل ئالاھىدىلىكىنى ئېنىق خاتىرىلىگىلى بولىدىغان فونېتىكىلىق ترانسكرىپسىيە سىستېمىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. 1898-يىلى فىن-ئۇگور تىلشۇناسلىرى ئۆزلىرى ئوتتۇرىغا قويغان دالا تەكشۈرۈش ئۇسۇللىرىنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش مەقسىتىدە ۋولگا دەرياسى ئەتراپىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان بولۇپ بۇ

مەزگىلدە رامستېد قازان شەھرىدە بىر نەچچە ھەپتە تۇرۇپ، ياۋروپا ۋە رۇسىيە دائىرىسىدە شەرقشۇناسلىق بىر قەدەر بالدۇر باشلانغان قازان ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى تىلشۇناسلار بىلەن تونۇشۇپ چىققان. رامستېد ئەسلى موڭغۇل تىلى ئۇستىدىكى تەتقىقاتنى قەدىمكى موڭغۇل تىلىدىن باشلىماقچى بولغان بولۇپ، قازان ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى داڭلىق تۈركولوگ، پروفېسسور كاتانوف موڭغۇلچىنىمۇ ياخشى بىلىدىغان بولغاچقا، جانلىق تىل تەتقىقاتىنىڭ يېزىق تىل تەتقىقاتىغا قارىغاندا رامستېدنىڭ تەتقىقات نىشانى ئۈچۈن تېخىمۇ مۇھىم ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، رامستېدنىڭ جانلىق تىل تەتقىقاتىغا ئالدىن كىرىشىشىنى تەۋسىيە قىلغان. رامستېد ئەسلى قازان شەھرىدە تۈرك تىللىرىنىمۇ ئۆگىنىشنى پىلانلىغان بولۇپ، كاتانوفنىڭ مەسلىھەتىدىن كېيىن موڭغۇل تىلىغا دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈشنى قارار قىلغان. 1898-يىلى قىشتا رامستېد ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن موڭغۇلىيەگە بارغان ۋە ئۇ يەردە يازما موڭغۇلچىدىن كۆپ پەرقلىنىدىغان خالخا دىيالېكتىنى ئۆگەنگەن. ئۇ موڭغۇل تىلى لۇغىتىنى ئىشلەش جەريانىدا سۆزلۈكلەرنىڭ ئېتىمولوگىيەسىنى بىلىش ئۈچۈن تۈرك، مانجۇ-تۇنگۇس تىللىرىنى بىلىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلغان ھەمدە ئۇ تىللارنى ئۆگىنىشكە باشلىغان. ئۇ 1900-يىلى 11-دېكابىردا ئۇستازى دوننېرغا يازغان خېتىدە ”موڭغۇلچىدىكى دىنغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن قەدىمىي سۆزلەرنىڭ ئەسلى تۈركچە، ھەتتا پارسچە ئىكەنلىكىنى، تۈركى تىللار ۋە موڭغۇل تىللىرىدىكى نۇرغۇن قەدىمكى سۆزلەرنىڭ ئورتاقلىققا ئىگە ئىكەنلىكىنى، سۆزلەر قانچە قەدىمىي بولغانسېرى ئورتاقلىقنىڭ شۇنچە كۈچىيىپ بارىدىغانلىقنى بايقىغانلىقنى“ ئېيتقان. ئۇ 1902-يىلى يېزىپ پۈتتۈرگەن «خالخا موڭغۇلچىسىدىكى تۈرلىنىش توغرىسىدا» ناملىق دوكتورلۇق ماقالىسىدە قەدىمكى موڭغۇلچە بىلەن ھازىرقى جانلىق تىلنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق قەدىمكى ئورتاق موڭغۇلچىنى تېپىپ چىقىپ، تۈرك ۋە مانجۇ-تۇنگۇس تىللىرى بىلەن سېلىشتۇرغان ھەمدە ئۇلارنىڭ ئېتىمولوگىيەلىك باغلىنىشىنى تاپماقچى بولغان. رامستېدنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى كۆرۈلۈشكە باشلىغاندىن كېيىن خېلسىنكى ئۇنىۋېرسىتېتى رامستېدنىڭ ئافغانىستان، لاداخ، تىبەت، ئىچكى موڭغۇل، مانجۇرىيە ۋە موڭغۇلىيەدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشى ئۈچۈن ئۈچ يىللىق تەتقىقات راسخوتى ئاجرىتىپ بەرگەن. 1903-يىلى ئۇ ۋولگا دەريا ۋادىسىدىكى قالمۇقلارنىڭ تىلى ۋە فولكلورى ھەققىدىكى ماتېرىياللارنى توپلىغان. 1904-يىلى 4-ئايدا ئۇ قالمۇقلار رايونىغا ئىككىنچى قېتىم بارغان. كۈزدە كاۋكازىيەگە بېرىپ تۈركى تىللىق نوغاي ۋە قۇمۇقلارنىڭ تىلىنى تەكشۈرگەن. 1905-يىلى 5-ئايدا رامستېد شىنجاڭغا كەلگەن، ھەمدە چۆچەكتىكى بىر مانجۇ گارنىزونىدا ئوندەك ئادەمدىن

ئانكور سولون دىيالېكت ماتېرىياللىرىنى خاتىرىلىگەن. ئۇرۇمچى ۋە شىخودا تۇرغان مەزگىللىرىدە تورغۇت دىيالېكتىنى خاتىرىلىگەن. 1906-يىلى يازدا ئۆز ئۆيىدە تۇرغان مەزگىلىدە فىنلاندىيەگە تەكلىپ قىلىپ ئاپارغان سانجى بايانوۋ ۋە نوكاي ئوچىرووۋ ئىسىملىك ئىككى قالمۇق تاۋۇش بەرگۈچىنىڭ ياردىمىدە قالمۇق تىل ماتېرىياللىرىنى تۈزەتكەن. 1909-يىلى فىن-ئۇگىر جەمئىيىتى رامستېدنى ئارخېئولوگ ساكارى پەلسى (Sakari Pälsi 1882-1965) بىلەن موڭغۇلىيەگە تەكشۈرۈشكە ئەۋەتكەن. بۇ قېتىم ئۇلار ئاساسلىق ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، موڭغۇل دالاسىدىكى تۈركىي مىللەتلەرگە تەۋە مەڭگۈ تاشلارنى قايتا تەكشۈرگەن ۋە سۈرەتكە ئالغان. 1912-يىلى رامستېد فونېتىكا تەتقىقاتچىسى ئاروو سوتاۋالتا (Arvo Sotavalta) بىلەن موڭغۇلىيەگە يەنە بىر قېتىم بارغان. بۇ قېتىم ئۇلار ئاساسلىقى خالخا موڭغۇلچىسىنىڭ سۆزلۈكلىرىنى ۋە بىر قىسىم فولكلور ماتېرىياللىرىنى توپلىغان. 1898-يىلدىن 1912-يىلغىچە رامستېد يەتتە قېتىم تىل تەكشۈرۈشكە چىققان. ئۇ كۆپ ساھەلەرگە قىزىقىدىغان تەتقىقاتچى بولۇپ موڭغۇل تىللىرىنىڭ تىل ۋە فولكلور ماتېرىياللىرىنى توپلىغاندىن باشقا، تۈركىي تىللار ۋە مانجۇ-تۇڭگۇس تىللىرى تۈركۈمىدىكى تىللارنىڭ ماتېرىياللىرىنىمۇ توپلاشقا ئەھمىيەت بەرگەن. رامستېد 1906-يىلدىن باشلاپ خېلسىنكى ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىشلىگەن بولۇپ 1907-يىلى «ئالتاي تىللىرىدىكى سانلار توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلغان. 1910-يىلى خېلسىنكى ئۇنىۋېرسىتېتىدا «تۈركىي ۋە موڭغۇل تىللىرىنىڭ مورفولوگىيەسى» ناملىق دەرس تەسىس قىلغان. 1914-1915-يىللىرى «تۈركىي-موڭغۇل تىللىرىنىڭ دىياخرونىك تەتقىقاتى» ناملىق دەرسنى تەسىس قىلغان ۋە بۇ مەزگىلدە «موڭغۇل-تۈرك تىللىرىدىكى پېئىل يىلتىزلىرىنىڭ قورۇلمىسى»، «موڭغۇل-تۈرك ئورتاق تىلىدىكى سۆز بېشىدا كەلگەن جاراڭسىز لەۋ تاۋۇشى توغرىسىدا» ناملىق ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلغان. 1908-1909-يىللىرى «تۇڭگۇس تىلىغا كىرىش» دەرسىنى تەسىس قىلغان. 1917-يىلى رامستېد خېلسىنكى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئالتايشۇناسلىق پىروفېسسورى بولغان، ھەمدە ئالتاي تىللىرىنىڭ سېلىشتۇرما گىرامماتىكىسىنى يېزىشقا تۇتۇش قىلغان. ئەپسۇس 1919-يىلى ئۇ ياپونىيەدىكى فىنلاندىيە ئەلچىخانىسىدا ئىشلەشكە ئەۋەتىلگەن ۋە 1930-يىلغىچە ياپونىيەدە تۇرۇپ قالغان. ئۇ بۇ مەزگىلدە ياپونچە ۋە كورىيانچىنى ئۆگىنىپ، بۇ تىللارنى تەتقىق قىلىشقا باشلىغان. 1930-يىلى رامستېد خېلسىنكى ئۇنىۋېرسىتېتىغا قايتىپ كېلىپ «تۈرك-موڭغۇل تىللىرىنىڭ دىياخرونىك فونېتىكىسى»، «ئالتاي تىللىرىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرى» قاتارلىق دەرسلەرنى تەسىس قىلغان. 1934-يىلى كورېيە تىلى دەرسى تەسىس قىلغان. 1940-يىلى «مانېرھېيىم توپلىغان تۆت قەدىمكى ئۇيغۇرچە

ئۆرپ-ئادەتكە مۇناسىۋەتلىك ۋەسىقەگە ئائىت تەتقىقات نەتىجىسى» نى ئېلان قىلغان.
رامستېد فىنلاندىيە خېلسىنكى ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئالتايشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ باشلىنىشىغا ئاساس سالغان بولۇپ، بۇ ئۇنىۋېرسىتېت 1920-يىلىغا كەلگىچە فىنلاندىيەدىكى بۇ ھەقتىكى تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىردىنبىر ئۇنىۋېرسىتېت بولۇپ كەلگەن.
رامستېد 1939-يىلى بېرلىن پەنلەر ئاكادېمىيەسىدە كورېيە تىلىنىڭ ئالتاي تىللىرى بىلەن تۇغقانچىلىقىنى كۆچلۈك پاكىتلار بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان ۋە شۇ يىلى «كورېيە تىلى گىرامماتىكىسى» ناملىق ئەسىرىنى ئېلان قىلغان. 1942-يىلى فىنلاندىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسىدە سۆزلىگەن بىر قېتىملىق لېكسىيىدە ياپون تىلى بىلەن ئالتاي تىللىرى ئوتتۇرىسىدىكى نۇرغۇن ئورتاقلىقلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. 1943-يىلى خېلسىنكى ئۇنىۋېرسىتېتىدىن پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىن، 1946-يىلى باھار پەسلىدە شىۋېتسىيە ئۇپسالا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئالتاي تىللىرىنىڭ سېلىشتۇرما تەتقىقاتى ھەققىدە دەرس سۆزلىگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن رامستېدنىڭ سالامەتلىكى بارغانسېرى ياخشى بولماي كەلگەن. رامستېد شۇ ۋاقىتلاردا ئالتاي تىللىرىنىڭ سېلىشتۇرما تەتقىقاتى ھەققىدە مۇكەممەل بىر ئەسەر يېزىشقا تۇتۇش قىلغان بولسىمۇ، 1950-يىلى 11-ئاينىڭ 2-كۈنى ۋاپات بولغانغا قەدەر بۇ ئەسەرنىڭ پەيرىمىنىلا پۈتتۈرەلىگەن. رامستېدنىڭ ئوقۇغۇچىسى پېنتتى ئالتو (Pentti Aalto 1998-1917) رامستېدنىڭ قالدۇرغان خاتىرىسى ۋە ئىلگىرى ئېلان قىلغان ماقالىلىرىنىڭ ياردىمىدە 1952-يىلى «ئالتاي تىللىرىغا كىرىش» ناملىق ئەسەرنىڭ ئىككىنچى قىسمىنى نەشر قىلدۇرغان. 1957-يىلىغا بارغاندا بۇ كىتابنىڭ بىرىنچى قىسمىنى نەشر قىلدۇرغان. 1966-يىلىغا بارغاندا ئىككى قىسمىنى بىرلەشتۈرۈپ ۋە قوشۇمچە مەزمۇنلارنى قوشۇپ بىر كىتاب قىلىپ قايتا نەشر قىلدۇرغان.
شۇنداق قىلىپ ئالتايشۇناسلىقتا تەتقىقاتىغا ئاساس سېلىنغان بۇ مۇھىم ئەسەر رەسمىي مەيدانغا كەلگەن. رامستېدنىڭ دەسلەپكى تەتقىقاتى موڭغۇل تىللىرى ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان بولسا، كېيىنچە كورېيە تىلى ھەققىدە كۆپ تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان ۋە تەتقىقاتتا پىشقان مەزگىللىرىدە بارلىق ئالتاي تىللىرىنىڭ سېلىشتۇرما تەتقىقاتىغا كىرىشكەن. شۇڭلاشقا ئۇ موڭغۇل تىللىرى تەتقىقاتى ۋە ئالتاي تىللىرى سېلىشتۇرما تەتقىقاتىنىڭ ئاساس سالغۇچىسى دەپ قارىلىپ كەلمەكتە.
رامستېد پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىن مارتتى رەسەنېن ئۇنىڭ خېلسىنكى ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئورنىغا چىققان. مارتتى رەسەنېن (Martti Räsänen 1976-1893) مەخسۇس تۈركى تىللار ۋە ئالتاي تىللىرى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولۇپ، ئۇمۇ ئالتايشۇناسلىق نەزەرىيەسىنىڭ ئاكتىپ قوللىغۇچىسى. 1932-يىلى رەسەنېن فىن-ئۇگىر

جەمئىيىتى ماقالىلەر توپلىمىنىڭ 45-سانىدا «تۈركى تىللاردىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلغان. 1949-يىلى «تۈركى تىللارنىڭ فونولوگىيەسى» نى، 1956-يىلى «تۈركى تىللارنىڭ مورفولوگىيەسى» نى ئېلان قىلغان. ئۇنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرىنىڭ بىرى 1969-يىللىرى نەشر قىلدۇرغان «تۈركى تىللارنىڭ ئېتمولوگىيەلىك لۇغىتى» بولۇپ، بۇ لۇغەتتىمۇ ئۇ تۈركى تىللار بىلەن موڭغۇل تىللىرى ئۇتتىدە سېلىشتۇرما ئېلىپ بارغان. بۇ لۇغەت ھازىرغا قەدەر تۈركى تىللارنىڭ ئېتمولوگىيەسىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم پايدىلىنىش ماتېرىيالى سۈپىتىدە قوللىنىلماقتا.

پېنتتى ئالتو (Pentti Aalto 1998-1917) رامستېدنىڭ ياراملىق ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، ئۇ ئۇستازىنىڭ قولىيازمىلىرىنى رەتلەپ «ئالتاي تىللىرىغا كىرىش» ناملىق كىتابنى نەشر قىلدۇرغان. «كورېيە تىلى بىلەن ئالتاي تىللىرىنىڭ لېكسىكىلىق مۇناسىۋىتى»، «فىنلاندىيەدىكى ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلتۈرۈلگەن قولىيازمىلار»، «ئالتاي تىللىرى بىلەن كورېيە تىلىنىڭ سېلىشتۇرما تەتقىقاتى»، «فىنلاندىيەنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئېكسپېدىتسىيەسى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇ ئۇنىۋېرسىتېتتا سانسكرىت ۋە سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق پىروفېسسورى بولغان مەزگىللەردىمۇ ئالتاي تىللىرىنىڭ سېلىشتۇرما تەتقىقاتىنى تاشلاپ قويمىغان. ئۇ ئۇستازى رامستېدقا ئوخشاش دالا تەكشۈرۈپ تىل ماتېرىياللىرىنى توپلاش يولىنى تۇتماي، توپلانغان ۋەسىقىلەر ئۇتتىدە ئىزدىنىدىغان تېكستشۇناسلىق يولىنى تۇتقان بولۇپ ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى تالانتى ستوكھولمدىكى سۋېن ھېدىن توپلىغان ماتېرىياللارنى رەتلەشتە بايقالغان. كېيىن ئۇ موڭغۇل تىلىدىكى بىر قىسىم ۋەسىقىلەرنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئېلان قىلغان ۋە كېيىنكى مەزگىللەردە خېلسىنكى ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئالتايشۇناسلىق تەتقىقاتىغا مەسئۇل بولغان.

رامستېدنىڭ يەنە بىر ئوقۇغۇچىسى ئاۋلىس يوكى (Aulis J. Joki 1989-1913) دەسلەپتە سىبىرىيەدىكى تىللار ئۇتتىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان بولۇپ، گەرچە ئۇ ئۇنىۋېرسىتېتتا فىن-ئۇگور تىللىرى بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولسىمۇ، ئالتايشۇناسلىق ۋە شەرقشۇناسلىق تەتقىقاتىغا ئىزچىل كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەن. 1973-يىلى ئۇ خېلسىنكى ئۇنىۋېرسىتېتىدا شەرقىي ئاسىيا ۋە ئالتايشۇناسلىق تەتقىقاتى بۆلۈمىنى قۇرۇپ چىققان بولۇپ، كېيىن بۇ بۆلۈم ئاسىيا ۋە ئافرىقا تەتقىقاتى ئىنستىتۇتىغا ئۆزگەرتىلىپ فىنلاندىيەدىكى ئەڭ مۇھىم ئالتايشۇناسلىق تەتقىقاتى مەركىزى بولۇپ قالغان.

## 3. مانېرھېيىم (G. E. Mannerheim1867-1951) نىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا

## سەپىرى (1906-1908) ۋە ئۇ توپلىغان ماتېرىياللار ھەققىدىكى تەتقىقاتلار

كارل گوستاف ئېمىل ماننېرھېيىم 1906-يىلى رۇسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇرۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئېتنوگراف سىياقىدا ياسىنىپ چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭ ۋە گەنسۇدىكى ھەربىي كۈچىنى كۆزىتىش مەقسىتىدە فرانسىيەلىك پائۇل پېللىئوتنىڭ ئارخېئولوگىيە ئەترىتىگە قوشۇلۇپ شىنجاڭغا كىرگەن. ئەمما ئۇ شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن قەشقەرگە بېرىش سەپىرىدە پائۇل پېللىئوت بىلەن گەپ تالىشىپ قېلىپ ئېكسپېدىتسىيەنى يالغۇز ئېلىپ بارغان. شۇنداقلا قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ، غۇلجا، ئۈرۈمچى، تۇرپان، قۇمۇلدىن ئۆتۈپ گەنسۇ، شەنشى ئۆلكىلىرى ئارقىلىق 1908-يىلى بېيجىڭغا يېتىپ بارغان. ئۇ غەربتىن شەرققە ماڭغان سەپىرىدە شىنجاڭدا بىر مەزگىل تۇرغان ۋە خېلى كۆپ ماتېرىياللارغا ئېرىشكەن. بۇ ماتېرىياللارنىڭ بىر قىسمى فىنلاندىيە دۆلەتلىك مۇزېيىدا، بىر قىسمى خېلسىنكى ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا. ماننېرھېيىمنىڭ خاتىرىسىدىكى ئۇچۇرلارغا قارىغاندا، ماننېرھېيىم 1906-يىلى سەپەرگە ئاتلىنىشتىن بۇرۇن ئوتتو دوننېر ئۇنىڭغا ھەر قانداق يېزىقتىكى قەدىمكى ھۆججەت-ماتېرىياللار بولسا ئەسلىسىنى، ياكى بولمىسا كۆپەيتىلمىسى ياكى رەسىمىنى بولسىمۇ ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇغان بولۇپ، ئۇ دەسلەپتە خوتەننىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى يېڭى لەڭگەر دېگەن يەردىن تېپىلغان قوليازمىنى سېتىۋالغان. كېيىن دامىكۇ بازىرىغا يېقىن خادىلىق دېگەن جايدىن تېپىلغان ئالتە پارچە ھۆججەتنى سېتىۋالغان. بۇنىڭدىن باشقا خېلى كۆپ قىسىم يازمىلارنى تۇرپاندىن سېتىۋالغان. ئەپسۇسلىنارلىقى، ماننېرھېيىم بۇ يازمىلارنىڭ تېپىلغان ئورۇنلىرىنى ئېنىق خاتىرلىمىگەن، پەقەت بىر نەچچە ئورۇننىڭ نامىنىلا تىلغا ئېلىپ قويغان. بۇنىڭدىن باشقا ماننېرھېيىم خوتەندىكى داڭلىق ساختا ۋەسىقە ياسىغۇچى ئىسلام ئاخۇن ياسىغان ساختا ھۆججەتتىن بىر نەچچىنى سېتىۋالغان. ماننېرھېيىم توپلىغان يازمىلارنىڭ كۆپىنچىسى بۇددا دىنىغا ئائىت ۋەسىقىلەر بولۇپ، بۇ ماتېرىياللار تۇرپان رايونىدىكى بۇددىزم تەتقىقاتىنى ناھايىتى قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ ھۆججەتلەر 6-ئەسىردىن 13-ئەسىرگىچە بولغان دەۋرلەرگە تەۋە ئەسەرلەر بولۇپ، مەزمۇن جەھەتتىن بۇددا نوملىرى، قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئىجارە ۋە سودا توختاملىرى، كالېندار قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە «تۆت قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئۆرپ-ئادەتكە مۇناسىۋەتلىك ۋەسىقە» نى رامستېد تەتقىق قىلىپ 1940-يىلى ئېلان قىلغان. 1940-يىلى ماننېرھېيىمنىڭ «ئاسىيانى كېسىپ ئۆتۈش ساياھىتى» ناملىق

ساياھەت دوكلاتى خېلسىنكىدا نەشر قىلىنغان، بۇ كىتاب كېيىنچە نۇرغۇن تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان. مانىنرھېيىم سەپىرىدە نۇرغۇن رەسىم تارتقان بولۇپ، ھازىر 1200 پارچىدەك رەسىم فىنلاندىيە دۆلەتلىك ئاسارە-ئەتىقىلەرنى باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ مۇزېيىدا ساقلانماقتا، بۇ رەسىملەرنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى فىن-ئۇگر جەمئىيىتىگە تەۋە.

تەتقىقاتچى خاررى خالېننىڭ 1978-يىلى نەشر قىلدۇرغان «فىنلاندىيەدىكى شەرقشۇناسلىققا ئائىت يادىكارلىقلار» ناملىق ئەسىرىدە بەرگەن ئۇچۇرلارغا قارىغاندا مانىنرھېيىم توپلىغان يازمىلار ئىچىدە خەنزۇچە يازما 1971 پارچە (204 پارچە چوڭ، يەنى 16 سانتىمېتىردىن چوڭ، 592 پارچە ئوتتۇرھال، يەنى 7-15 سانتىمېتىرغىچە، 1175 پارچە كىچىك، يەنى 6 سانتىمېتىردىن كىچىك)، قەدىمكى ئۇيغۇرچە يازما 70 پارچە، سانسكرىتچە يازما 9 پارچە، ساك يېزىقىدا يېزىلغان يازما 2 پارچە بولۇپ، بۇنىڭدىن باشقا يەنە سوغدىچە ۋە چاغاتايچە يازمىلار باركەن. 1979-يىلى خاررى خالېن «مانىنرھېيىم توپلىغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە يازمىلار (1)» ناملىق ئەسىرىدە ئون بەش پارچە قەدىمكى ئۇيغۇرچە بۇددا دىنىغا ئائىت ۋەسىقىنىڭ ترانسكرىپسىيەسى ۋە فاكسىمىلىنى ئېلان قىلغان.

## 4. فىنلاندىيەدىكى ئالتايشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى ئەھۋاللىرى

يېقىنقى ئالتو ۋە ئاۋلىس يوكىنىڭ ئالتايشۇناس تەتقىقاتى يۆنىلىشتىكى ئوقۇغۇچىلىرى خاررى خالېن ۋە يوھا يانھونېن بولۇپ، خاررى خالېن (Harry Halen, 1943-) ئالتايشۇناسلىق ۋە سانسكرىت تىلى تەتقىقاتى بويىچە تەربىيەلەنگەن. ئۇ ئاساسلىق تەتقىقات يۆنىلىشىنى رامستېد، پەلىس ۋە مانىنرھېيىمنىڭ ماتېرىياللىرىنى تەتقىق قىلىشقا قاراتقان بولۇپ، خاررى خالېن 1978-يىلى «فىنلاندىيەدىكى شەرقشۇناسلىققا ئائىت يادىكارلىقلار» ناملىق ئەسىرىنى ئېلان قىلىپ مانىنرھېيىم توپلىغان يادىكارلىقلارنىڭ تەپسىلىي ئۇچۇرىنى بەرگەن. 1980-يىلى «مانىنرھېيىم توپلىغان پارسچە ۋە سوغدىچە يازما يادىكارلىقلار توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلغان. 1985-يىلى ئۇ يەنە «ئۇيغۇردىكى يەتتە قىز» ناملىق چاغاتايچە ھېكايىنى ئېلان قىلغان.

يوھا يانھونېن (Juha Janhunen, 1952-) تەتقىقاتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە فىن-ئۇگر تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان، كېيىنچە خەنزۇ، كورېيە، ياپون، موڭغۇل، مانجۇ

تىللىرى ۋە ئالتاي تىللىرىنىڭ سېلىشتۇرما تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ 1986-يىلدىن باشلاپ جۇڭگودىكى ئالتاي تىللىق مىللەتلەرنىڭ تىلى ۋە مەدەنىيىتى ئۈستىدە ئىزدەنگەن بولۇپ، دەسلەپتە مەملىكىتىمىزنىڭ شەرقىي-شىمال ئۆلكىلىرىدە، كېيىن چىڭخەي-گەنسۇ ئۆلكىلىرىدە تىل تەكشۈرگەن. ھازىر ئاساسلىق ئۇرال-ئالتاي رايونىدىكى تىللارنىڭ تىپولوگىيەلىك تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانماقتا. يوھا يانھونېن ئىلگىرى فىنلاندىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى، نورۋېگىيە ئوسلو ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىقلاردا خىزمەت قىلغان. ئىچكى موڭغۇل ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پەخرى پروفېسسورى، فىن-ئۇگور جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى بولغان. 2004-يىلدىن 2006-يىلغىچە خېلسىنكى ئۇنىۋېرسىتېتى ئاسىيا-ئافرىقا تىللىرى ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى بولغان. يوھا يانھونېن 2005-يىلدىن 2008-يىلغىچە ئامدۇ (گەنسۇ ۋە چىڭخەيگە تەۋە بىر قىسىم رايونلار) رايونىدىكى مىللەتلەر ئۆچرىشىشى ۋە ماسلىشىشى ناملىق تەتقىقات تېمىسىنى ئىشلىگەن بولۇپ، بۇ تېمىنى فىنلاندىيە ئاكادېمىيەسى ۋە فىنلاندىيە پەن-تەتقىقات جەمئىيىتى مەبلەغ بىلەن تەمىنلىگەن. بۇ تەتقىقات گۇرۇپپىسى خېلسىنكى، بېرلىن، موسكۋا، پىراگا، كامبرىج، بېيجىڭ، لەنجۇ، شىنىڭ، خوخخوت قاتارلىق ئورۇنلاردىكى پروفېسسور، ماگىستىر، دوكتور ۋە پوستدوكتورلاردىن تەشكىللەنگەن كۈچلۈك قوشۇن بولۇپ، بۇ تەتقىقاتچىلار سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق، تىپولوگىيە، سېلىشتۇرما دىنشۇناسلىق ۋە مىللەتلەر سىياسىتى نۇقتىسىدىن تۆرۈپ تەتقىقات ئېلىپ بارغان. ھازىرغا قەدەر بۇ تەتقىقات تۈرى رامكىسىدا ئىككى دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيەسى، ئالتە ماگىستىرلىق دىسسېرتاتسىيەسى يېزىلغان. ئىككى كىتاب، ئەللىك پارچىدىن ئارتۇق ماقالە ئېلان قىلىنغان. يوھا يانھونېن 2012-يىلى ماتتىياس ئالېكساندىر كاسترېننىڭ ماتېرىياللىرىنى رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىش نامىدىكى تەتقىقات تۈرىنى باشلىغان ۋە بۇ تۈرگە رىياسەتچىلىك قىلغان. بۇ تۈرگە فىن-ئۇگور تىللىرى جەمئىيىتى ياردەم بەرگەن بولۇپ بۇ تۈر كاسترېن توپلىغان ماتېرىياللارنىڭ تىلىنى تەسۋىرلەش، فولكلور ماتېرىياللىرىنى تۈرلەر بويىچە تەتقىق قىلىش، ساياھەت خاتىرىسى ۋە سالام خەتلەرنى رەتلەش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئۇ يەنە خەتەردىكى ئالتاي تىللىرى تەتقىقاتى بىلەنمۇ شۇغۇللانماقتا. يوھا يانھونېن فىن، شۋېت، ئىنگلىز، رۇس، گېرمان, فىرانسۇز، خەنزۇ، موڭغۇل، ياپون، كورىيان تىللىرىدا ئومۇمىي تىلشۇناسلىق، سىبىرىيەدىكى مىللەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ تىلى ھەققىدىكى تەتقىقاتلار، ئۇرال تىللىرى، ساموييد تىللىرى، ئالتاي تىللىرىنىڭ سېلىشتۇرما تەتقىقاتى، ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى، تۈركى تىللار تەتقىقاتى، موڭغۇل تىللار تەتقىقاتى، مانجۇ-تۇنگۇس تىللىرى تەتقىقاتى، ياپون-كورىيە تىللىرى تەتقىقاتى، خەنزۇ تىللىرى تەتقىقاتى، تىبەت تىللىرى

تەتقىقاتى، ئەپسانە ۋە دىنشۇناسلىق قاتارلىق ساھەلەردىن بولۇپ ئۈچ يۈز پارچىدىن ئارتۇق ماقالە ئېلان قىلغان. ئۇنىڭ تۈركى تىللارغا ئائىت ئەسەرلىرىدىن «سايان تۈركچىسىدىكى بوغۇز تاۋۇشى ھەققىدە»، «مانجۇرىيىدىكى قىرغىزلار»، «بايقال كۆلىنىڭ نامىنىڭ مەنبەسى توغرىسىدا»، «ئامدو رايونىدا تۈركى تىللارنىڭ رولى توغرىسىدا» ناملىق ئەسەرلىرى بار.

فىنلاندىيەدىكى ئالتايشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ تەتقىقات دائىرىسى بىر قەدەر كەڭ بولۇپ، فولكېر رىيباتسكى (Volker Rybatzki) ۋەسقشۇناسلىق يۆنىلىشىدە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەندىن كېيىن ئوتتۇرا ئەسىر موڭغۇلچىسى ئۈستىدە تەتقىقاتىنى داۋاملاشتۇرغان. فولكېر رىيباتسكى ھازىر فىنلاندىيە پەن-تەتقىقات جەمئىيىتى ۋە فىنلاندىيە مەدەنىيەت فوندىنىڭ ئىقتىسادى ياردىمىدە ئوتتۇرا ئەسىر موڭغۇلچىسىنىڭ ئېتىمولوگىيەلىك لۇغىتىنى ئىشلىمەكتە. ئۇنىڭ باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ نەشر قىلدۇرغان «ئالتاي تىللىرى فىلولوگىيەسىگە كىرىش» ناملىق كىتابى بار. ئۇنىڭ يەنە «ئىرق بىتىگ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پالچىلىق»، «ئوتتۇرا ئەسىر موڭغۇل تىلىدىكى ئەسەرلەردە ئۇچرايدىغان تۈركچە كىشى ئاتلىرى»، «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخىدىكى نايمانلار قوللانغان كىشى ئاتلىرى»، «ئوتتۇرا ئەسىرگە تەۋە موڭغۇلچە يازمىلاردىكى ئاياللار قوللانغان كىشى ئىسىملىرى» قاتارلىق تۈركولوگىيە ۋە موڭغۇلشۇناسلىققا ئائىت تەتقىقات ماقالىلىرى بار.

بۇلاردىن باشقا يەنە خېلسىنكى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى تاپانى خارۋئاينىن (Tapani Harviainen, 1944-) شەرقىي ياۋروپادىكى خەتەردە قالغان تۈركى تىل قارايىم تىلى ھەققىدە تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان. تۇركۇ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوتسېنتى يورما لۇتونېن (Jorma Luutonen) ئاساسلىقى تاتار تىلى ۋە چۇۋاش تىلى ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتقان بولۇپ، يورما لۇتونېننىڭ «چۇۋاش تىلىدىكى سىنتاكسىسلىق تۈرغۇن سۆزلەشتۈرگۈچى قوشۇمچە -كى ۋە ئۇنىڭ ئۇرال-ئالتاي تىللىرىدىكى تەڭدىشى»، «چۇۋاش ۋە تاتار تىلىنىڭ لېكسىكولوگىيەسى»، «چۇۋاش گىراماتىكىسى»، «تاتارچە-فىنچە لۇغەت» قاتارلىق ئالتايشۇناسلىققا ئائىت ئەسەرلىرى بار.

## 5. فىنلاندىيەدىكى ئالتايشۇناسلىق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇنلار

فىنلانـدىيەدىكى ئالتايشۇناسـلىق تەتقىقاتىنىـڭ تەرەققىيـاتىنى ئىلگـىرى سۈرۈشـتە مـۇھىم تـۆھپىلەرنى قوشـۇپ كېلىۋاتقـان جەمئىـيەت فىـن-ئـۇگىر جەمئىيىتـى بولـۇپ، بـۇ جەمئىيەت 1883-يىلى پىروفېسسور ئوتتو دوننېرنىڭ تەشەببۇسـى بىـلەن ئـۇرال ۋە ئالتـاي تىلـىدا سۆزلىشـىدىغان مىللەتلەرنىـڭ تـارىخى ۋە ئۆلارنىـڭ تىلـى ھەققىـدىكى تەتقىقـاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن قورۇلغان بولۇپ، ھـازىر 800 دىـن ئـارتۇق ئەزاسـى بـار. ھـازىرقى رەئىسى پىروفېسسور ئـۇللا مايا فورسىبېرگ. بـۇ جەمئىيەتنىـڭ دەسـلەپكى پائـالىيىتى كەڭ كۆلەمدە تىل تەكشۈرۈشتىن باشلانغان بولۇپ، چار رۇسىيە ئىنقىلابىدىن بۇرۇن، سـىبىرىيە، موڭغۇلىيە قاتـارلىق جـايلاردا كەڭ كۆلەمـدە تـىل تەكشـۈرۈش ئېلىـپ بارغـان. ئۇنىڭـدىن كېـيىن توپلانغـان ماتېرىيـاللارنى نەشـر قىلدۇرۇشـقا كىرىشـكەن. ھـازىر بـۇ جەمئىـيەت تەرىپىـدىن چىقىرىلىۋاتقـان بىـر نەچـچە ژۇرنـال بـار. بـۇلار يەنە قەرەللىـك ھالـدا مۇشـۇ ساھەدىكى ياخشـى يېزىلغـان تەتقىقات ئەسـەرلىرىنى نەشـر قىلدۇرىـدۇ. مۇشـۇ سـاھەدىكى تەتقىقاتلارنى تەتقىقات خىراجىتـى بىـلەن تەمىنلەيـدۇ. فىنلانـدىيەدىكى تەتقىقاتچىلارنىـڭ ئالتاي تىللىق مىللەتلەر رايونىـدا ئېلىـپ بارغـان تەكشۈرۈشـلىرىنىڭ كۆپىنچىسـىنى فىـن-ئۇگىر جەمئىيىتـى مەبلەغ بىـلەن تەمىـنلىگەن ۋە ئۇلارنىـڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنـى ئېلان قىلغان. ھازىرغا قەدەر بۇ جەمئىيەت فىنلاندىيەدىكى ئالتايشۇناسلىققا ئائىت تەتقىقـاتلارنى مەبلەغ بىـلەن تەمىـنلەپ كېلىۋاتماقتـا. فىنلانـدىيەدىكى ئالتايشۇناسـلىق تەتقىقـاتى بىـلەن شـۇغۇللىنىدىغان تەتقىقاتچىلارنىـڭ كۆپىنچىسـى مۇشـۇ جەمئىيەتنىـڭ ئەزاسـى. رامسـتېد 1943-يىلىدىن ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە بۇ جەمئىيەتنىـڭ رەئىسـلىك ۋەزىپىسـىنى ئـۆتىگەن. بۇ جەمئىيەت فىنلاندىيەدىكى ئالتايشۇناسلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى نەشـر قىلـدۇرۇپلا قالمـاي، باشـقا دۆلەتلەردىكـى ئالتايشۇناسـلارنىڭ ئەسـەرلىرىنىمۇ نەشـر قىلـدۇرغان. مەسـىلەن، 1897-1991-يىللـىرى نىكـولاس پوپپېنىـڭ (Nicholas Poppe) موڭغـۇل تىللىرىنىڭ سېلىشتۇرما تەتقىقاتى ھەققىدىكى ئەسىرىنى نەشر قىلدۇرغان.

ئۇنىڭـدىن باشـقا خېلسـىنكى ئۇنىۋېرسـىتېتى دۇنيـا مەدەنىيەتلىـرى فـاكۇلتېتى فىنلانـدىيەدىكى ئەڭ مـۇھىم ئالتايشۇناسـلىق تەتقىقـات مەركـىزى بولـۇپ، دۇنيـا مەدەنىيەتلىرى فاكۇلتېتى ئاسىيا، ئافرىقا، شىمالىي ئامېرىكا، لاتىن ئامېرىكىسـى ۋە رۇسـىيە ۋە شەرقىي ياۋروپادىكى مەدەنىـيەت ۋە تىللارنـى تەتقىـق قىلىـدۇ. شـەرقىي ئاسـىيا بۆلـۈمى خەنزۇ، يـاپون، كـورېيە تىللىرىنـىڭ ئوقۇتـۇش ۋە تەتقىقات خىزمىتـى بىـلەن شـۇغۇللىنىدۇ. شـەرقىي ئاسـىيا بۆلـۈمى 2005-يىلىغـا قەدەر ئالتايشۇناسـلىق بۆلـۈمى بىـلەن بىـر بولـۇپ كەلگەن. ھازىر ئالتاي تىللىرىغا تەۋە دەپ قارىلىپ كېلىۋاتقـان تىللاردىـن يـاپون، كـورېيە، مـانجۇ-تۇنگـۇس تىللـىرى ۋە يـىراق شـەرقتىكى تىلـلار شـەرقىي ئاسـىيا بۆلۈمـدە تەتقىـق

قىلىنىدۇ، موڭغۇل ۋە تۈركى تىللار ئالتايشۇناسلىق بۆلۈمىدە تەتقىق قىلىنىدۇ. بۇ فاكۇلتېتتا تۈركولوگىيە ياكى ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى كەسپىدە باكلاۋۇرلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ. ئالتايشۇناسلىق كەسپىدە ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ. دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئۈچۈن قايسى يۆنىلىشنى تاللاشنى ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرى بېكىتىدۇ. ئوقۇغۇچىلار ئۆزىنىڭ قىزىقىشىغا ئاساسەن، قەدىمكى مەركىزى ئاسىيا، ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيا، تىبەت، موڭغۇل، مانجۇ، سىبىرىيەدىكى تىللار ۋە مەدەنىيەتلەرنىڭ قايسىسىنى تاللىسا بولۇۋېرىدۇ. ئەمما ماگىستىر ۋە دوكتورلۇق ئۈچۈن چوقۇم ئالتاي تىللىرىغا تەۋە تىللاردىن بىرەرنى ئۆگىنىشنى ۋە شۇ رايونغا بىرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. دۇنيا مەدەنىيەتلىرى فاكۇلتېتىدا ھەر يىلى ئالتايشۇناسلىققا ئائىت دوكتورلۇق ۋە ماگىستىرلىق ماقالىلىرى يېزىلىپ تۇرىدۇ. يېقىنقى بىر نەچچە يىل ئىچىدە، مەزكۇر ماقالىنىڭ ئاپتورىنىڭ «ئۇيغۇر تىلىنىڭ لوپنۇر دىيالېكتى ئۈستىدە تەسۋىرى ئانالىز» ناملىق ئەسىرى 2014-يىلى خېلسىنكى ئۇنىۋېرسىتېتى تەرىپىدىن ئىنگلىز تىلىدا نەشر قىلىنغان. خېلسىنكى ئۇنىۋېرسىتېتى ھازىرقى زامان ئالتاي تىللىرىنىڭ ئوقۇتۇشىغىمۇ ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ موڭغۇل تىلى، تاتار تىلى، تۈرك تىلى ۋە ئۇيغۇر تىلى قاتارلىق ئالتاي تىللىرىغا تەۋە تىللار ئۆتۈلگەن. موڭغۇل تىلىنى يوھا يانھونېن ۋە ئىچكى موڭغۇل ئۇنىۋېرسىتېتىدىن ئىلىم ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن بارغان موڭغۇل تىلىنى ئانا تىل سۈپىتىدە قوللىنىدىغان تەتقىقاتچىلار ئۆتكەن. ئۇيغۇر تىلىنى 2000-يىلى كامىل تۇرسۇن ئىسىملىك فىنلاندىيەگە كۆچمەن بولۇپ بارغان بىر ئۇيغۇر تۇنجى قېتىم ئۆتكەن بولۇپ، ئاردىن ئون يىلدىن كېيىن، يەنى 2010-يىلى مەزكۇر ماقالىنىڭ ئاپتورى خېلسىنكى ئۇنىۋېرسىتېتىدا دوكتورلۇقتا ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە تولۇق كۇرس، ماگىستىر ۋە دوكتور ئاسپىرانتلارغا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىن دەرس ئۆتكەن. تۈرك تىلى، ئەرەب-پارس تىللىرى بىلەن يېقىن شەرق تەتقىقاتى بۆلۈمىگە تەۋە بولۇپ، ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىياغا مۇناسىۋەتلىك بىر قىسىم تەتقىقاتلارنىمۇ قىلىدۇ. تۈركىيە ھۆكۈمىتى ھەر ئىككى يىلدا بىر قېتىم خېلسىنكى ئۇنىۋېرسىتېتىغا تۈرك تىلى ئوقۇتقۇچىسى ئەۋەتىدىغان بولۇپ، ھەر مەۋسۇمدا تۈرك تىلى دەرسى تەسىس قىلىنىدۇ. تاتار تىلىنى فىنلاندىيەلىك تاتار مىللىتىدىن بولغان ئوكان داھېر (Okan Daher) ئۆتىدۇ. فىنلاندىيە خېلسىنكى ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن ئىچكى موڭغۇل ئۇنىۋېرسىتېتى ئوتتۇرىسىدا ئىلىم ئالماشتۇرۇش توختامى تۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ ياخشى مۇناسىۋەت سەۋەبلىك دۆلىتىمىزدىكى موڭغۇل مىللىتىدىن بولغان ئالتايشۇناسلىق تەتقىقاتچىلىرى بىلەن خېلسىنكى ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى تەتقىقاتچىلار ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى ياخشى ئىلىم ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرى بولغان. ئىچكى موڭغۇلدىن بارغان تىل

تەتقىقاتچىلىرىدىن سىچىن باتىر ۋە خۇخې خېلسىنكى ئۇنىۋېرسىتېتىدا دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ئۇنىڭدىن باشقا دابخۇر بايار، سىچىن گۇئا ۋە ۋۇيىڭچې قاتارلىق تەتقىقاتچىلار خېلسىنكى ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىر مەزگىل تۇرۇپ ئىلىم ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ تەتقىقاتچىلارنىڭ كۆپىنچىسى فىنلاندىيەدە تۇرغان مەزگىلدە تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرى ۋە ئاسپىرانتلارغا موڭغۇل تىلىدىن دەرس ئۆتكەن.

خۇلاسىلاپ ئېيتقاندا، فىنلاندىيە ئالتايشۇناسلىق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان دۆلەتلەر ئىچىدە بۇ تەتقىقاتنى بالدۇر باشلىغان دۆلەتلەرنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتىدە خەلقئارا ئالتايشۇناسلىق پىنىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشۇپ كەلگەن. بۇ ھەقتىكى تەتقىقات ھازىرمۇ ئۈزۈلۈپ قالماي داۋاملىشىپ كەلمەكتە. بۈگۈنكى كۈندە فولكېر رىيباتسكىنىڭ تەتقىقاتى تېكستشۇناسلىقنى ئاساس قىلغان بولسا، يوھا يانھونىننىڭ تەتقىقاتى دالا تەكشۈرۈش ۋە سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنى ئاساس قىلىپ كەلمەكتە. بۇ ئىككى خىل ئەنئەنە ھازىرقى فىنلاندىيەدىكى ئالتايشۇناسلىقنىڭ ئىككى يۆنىلىشىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا فىن-ئۇگىر جەمئىيىتى، خېلسىنكى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دۇنيا مەدەنىيەتلىرى فاكۇلتېتى قاتارلىق ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات ئورۇنلىرى فىن-ئۇگىر تىللىرىنىڭ تەتقىقاتىدىن باشقا ئالتاي تىللىرىنىڭ تەتقىقاتىغىمۇ زور ئەھمىيەت بېرىپ كەلمەكتە.

## پايدىلانمىلار:


1. 李增祥. 突厥语概论.[M]，北京：中央民族学院，1992年5月第1版，271-289页
2. 买提热依木•沙依提. 突厥语言学导论.[M]，北京：民族出版社，2004年7月第1版, 第31-32页
3. 牛汝极. 维吾尔古文字与古文献导论.[M]，新疆人民出版社，1997年8月第1版，第39-40页
4. Juha Janhunen, Mongolian Studies in the Nordic Countries: A Brief Historical Survey [J], 北方人文研究, 第五號, 2012年3月, pp 43-55.
5. Harry Halén, Handbook of oriental collections in Finalnd [M],

.London and Malmö, Curzop Press, First published 1978, pp 95-103

6. Harry Halén, Bibliography of the Publications of Juha Janhunen, Festskrift tillägnad Juha Janhunen på hans sextioårsdag [C], Mémoires de la Société Finno-Ougrienne 264, Helsinki 2012, pp .507-542

7. Pentti Aalto, G.J.Ramstedt and Altaic Linguistics [J], Central .Asiatic Journal XIX: 3, Wiesbaden 1975, pp 161-193

مەنبە: «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 2016–يىللىق 2–سانى

# ئامانىساخاننىڭ ھاياتىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر

سۇلتان مامۇت ئىبراھىم

ب د ت پەن -مائارىپ -مەدەنىيەت تەشكىلاتى تەرپىدىن 2005 -يىلى 11 -ئاينىڭ 25 -كۈنى «ئىنسانىيەت ئاغزاكي ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرى» قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلىشىگە مۇستەھكەم ئۇل سالغۇچىلارنىڭ بىرى بۈيۈك مۇقامشۇناس خانىش ئامانىساخاندۇر. ئامانىساخان 16 -ئەسىردىكى ياركەند سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن تالانتلىق مۇزىكاشۇناس، شائىرە. ئەپسۇسكى ئەينى دەۋرلەردىكى تۈرلۈك سەۋەبلەر، بولۇپمۇ سوفىزم تەرغىباتچىلىرىنىڭ توسقۇنلۇقى ۋە زىيانكەشلىكى تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ مۇبارەك نامى بىر مەزگىلگىچە ئاشكارا ئاتىلىشتىن مەھرۇم بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما سەنئەت سۆيەر ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ بۇ سۆيۈملۈك قىزىنى ھېچقاچان ئۇنتۇپ قالمىدى. بەلكى ئامانىساخان توغرىسىدىكى ئەسلىمىلەر ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملىشىپ كەلدى. مەسىلەن، 1956 -1959 - يىللىرى سابىق جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ جەمئىيەت ئەھۋالى ۋە تارىخىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى يەكەن، قەشقەر، قاغىلىق، خوتەن قاتارلىق جايلاردىن ئامانىسا بېگىم نامىلىق بىر شائىرە توغرىسىدا ھېكايە -رىۋايەتلەرنى توپلىغانلىقى بۇنىڭ روشەن دەلىلى. كىشىلەر ئون ئىككى مۇقامنىڭ دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە بولغانلىقىدىن ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىغا چۆمۈۋاتقان مۇشۇ دەقىقىلەردە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ «سۇ ئىچكەندە قۇدۇق قازغۇچىنى ئۇنۇتما» دېگەن ھېكمەتلىك تەمسىلىنىڭ روھى بويىچە ئاشۇ مۇقاملارنىڭ ئەينى دەۋردىكى بۈيۈك پەرۋىشكارى، مۇقام ئۇستازى، خانىش ئامانىساخاننى يەنە بىر قېتىم چوڭقۇر ئەسلىمەي تۇرالمايمىز. مۇشۇنداق ئەسلەش ئارقىلىق ئامانىساخاننىڭ ھايات پائالىيەتلىرىگە دائىر بەزى مەسىلىلەرنى، جۈملىدىن ئۇنىڭ قەيسەر، جۇشقۇن، غەيرەتلىك خاراكتېرى، بىلىم ئىگىلەش جەھەتتىكى ئۆزگىچە تالانتى، شائىرلىق، خەتتاتلىق ۋە مۇزىكا جەھەتتىكى ئالاھىدە ماھارىتى قاتارلىقلارنىڭ يېتىلىشىگە مۇئەييەن تەسىر كۆرسەتكەن ئەينى دەۋر ئۇيغۇر جەمئىيىتى ۋە ئائىلە مۇھىتى

توغرىسىدىكى مۇجمەللىكلەرنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرىنسىپى بويىچە توغرا ھالدا ئايدىڭلاشتۇرۇپ ئۆتۈش كېرەك، دەپ قارايمىز. بۇ ئەۋلادلارنى ۋەتەننى، خەلقنى، ئىلىم -پەننى ۋە ئىلغار ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى قىزغىن سۆيىدىغان قىلىپ تەربىيىلەشتە، شۇنداقلا ئۇلارنى تۆھپىكارلارنىڭ روھىدىن ئۆگىنىدىغان قىلىپ يېتىلدۈرۈشتە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە مۇھىم ئىش ھېسابلىنىدۇ، ئەلۋەتتە.

بۇ يەردە ئالدى بىلەن شۇنى ئوچۇق كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، گەرچە ئۆتكەن ئەسىرنىڭ80-يىللىرىدىن باشلاپ ئامانىساخان توغرىسىدا بەزى ئىزدىنىش ۋە تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ جەھەتتىكى ئىزدىنىش ۋە تەتقىقاتلارنىڭ خېلى بىر قىسمى قانداقتۇر ئايرىم كىشىلەرنىڭ سۇبيېكتىپ ئارزۇسىنىڭ تۈرتكىسىدە ئىلمىيلىكتىن يۈتۈنلەي چەتنىگەن ھالدا خىيالنى ئاساس قىلىپ ئېلىپ بېرىلغانلىقى ئۈچۈن ھەقىقىي تارىخىي شەخس بولغان ئامانىساخان بەزى كىشىلەرنىڭ، بولۇپمۇ بەزى قېرىنداش مىللەت كىشىلىرىنىڭ نەزىرىدە خىيالىي شەخسكە ئايلىنىپ قېلىپ، بۇ مەشھۇر مۇقام ئۇستازىنىڭ ھەقىقىي تارىخىي شەخس ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىدىغان ئەپسۇسلىنارلىق ئەھۋاللارمۇ كېلىپ چىقتى. مەسىلەن، بىرقانچە يىل ئىلگىرى قېرىنداش مىللەتتىن بولغان ھەمدە ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەرگە بىرقەدەر تونۇشلۇق بولغان بىر ئەپەندى كىشىلەر توپلاشقان بىر سورۇندا:«ئامانىساخان تارىختا ئۆتكەن كىشىمۇ ئەمەسمۇ، بۇ تېخى بىر مەسىلە»دەپ ئوتتۇرىغا قويغانىدا، گەرچە مەن شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا ئامانىساخان توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات قالدۇرۇلغان «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن»، «چىڭگىزنامە»قاتارلىق تارىخىي ئەسەرلەردىكى پاكىتلار ۋە خەلق ئىچىدە داۋاملىشىپ كەلگەن «ئامانىسا بېگىم» توغرىسىدىكى ئەسلىمىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق ھېلىقىدەك ئورۇنسىز گۇمانلارغا قايىل قىلارلىق دەرىجىدە رەددىيە بەرگەن بولساممۇ، ئەمما كۆڭلۈمدە ئۇزۇنغىچە بىر خىل غەشلىك ساقلىنىپ قالغانىدى. چۈنكى، ئامانىساخاننىڭ ھەقىقىي تارىخىي شەخس ئىكەنلىكىدىن ئايرىم كىشىلەرنىڭ گۇمانلىنىشىغا ھەقىقەتەن يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەنىدەك، بەزىلەرنىڭ تارىخى ئەسەرلەرنى ئوبدانراق ئۆگەنمەي، ئۇلارنى چوڭقۇرراق تەتقىق قىلىشنىڭ ئورنىغا، پۈتۈنلەي ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ خاھىشى بويىچە قىلچە ئىلمىيلىكى بولمىغان غەلىتە تۇترۇقسىز ھۆكۈملەرنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى سەۋەب بولغانىدى. بۇ خىلدىكى ھۆكۈملەرگە تۆۋەندىكىلەرنى يەنى ئامانىساخاننىڭ تۇغۇلغان يۇرتى دەپ ھۆكۈم قىلىنغان «قومۇش مەھەللە»نىڭ ئامانىساخان تۇغۇلغان16 -ئەسىردە ئەمەس، بەلكى 20 -ئەسىرنىڭ 30 -يىللىرىدا پەيدا بولغان مەھەللە ئىكەنلىكى ئېنىقلانغاندىن كېيىن ئۇنىڭ دەرھال «غاز كۆلى»گە

ئالماشتۇرۇلۇشى، ئامانىساخاننىڭ ئائىلىسىگە نىسبەتەن تارىخىي كىتابلاردا دېيىلمىگەن، ئەمما ھازىرقىلارنىڭ خىيالى بويىچە ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ نامرات مەنسىدىكى «كەمبەغەل» دېگەن سالاھىيەتكە ئىگە قىلىنىشى، تارىخچىلار ئېتىراپ قىلغان ئامانىساخاندىكى مول بىلىملەرنىڭ ئاشۇ «تەكلىماكان بويىدا» گويا غايىبتىن پەيدا بولۇپ قالغاندەك تەسۋىرلىنىشى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ.

تارىخىي مەلۇماتلار ۋە تەتقىقاتچىلارنىڭ پاكىتلىق ھۆكۈملىرىگە ئاساسلانغاندا، ئامانىساخان تەخمىنەن 1526 -يىلى قەدىمىي شەھەر ياركەنتتە تۇغۇلغان. 1560 -يىلى ۋاپات بولغان. تارىخىي مەلۇماتلار گەرچە يۇقىرىقىدەك بولسىمۇ، ئەمما بەزىلەر ئامانىساخانى قانداقتۇر 1520 -يىلى تۇغۇلغان، دەپ ئوتتۇرىغا قويۇشتى. مۇشۇ بويىچە بولغاندا، ئامانىساخان 40 يېشىدا ۋاپات بولغان بولىدۇ. ئەگەر بىز «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» دىكى مەلۇمات بويىچە ئامانىساخاننىڭ 34 يېشىدا تۇغۇتتا ۋاپات بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىش بىلەن بىللە يەنە ئۇنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتىنى «1520 -يىلى» دەپ بېكىتسەك، ئۇ ھالدا ئامانىساخان 1554 -يىلى ۋاپات بولغان بولىدۇ. ئەمما «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن»دا ئامانىساخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغان سۇلتان ئابدۇرەشىتخاننىڭ قاتتىق ئازابلىنىپ، سەۋدايىلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغاندىن كېيىن، ئۇزۇن ئۆتمەي ۋاپات بولۇپ كەتكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. دەرۋەقە ئابدۇرەشىتخان 1533 -يىلى تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ، 27 يىلدىن كېيىن يەنى 1560 -يىلى ۋاپات بولغان. مانا بۇ مەلۇماتلاردىن ئامانىساخان بىلەن ئابدۇرەشىتخاننىڭ بىر يىل ئىچىدە، يەنى 1560 -يىلى ئىلگىرى -كېيىن ۋاپات بولغانلىقىنى بىلمەك تەس ئەمەس. دېمەك، يۇقىرىقى ھېسابات بويىچە، ئامانىساخان قانداقتۇر 1520 -يىلى ئەمەس، بەلكى 1526 -يىلى تۇغۇلغان بولىدۇ. «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن»نى ئەينى ۋاقىتتا نەشرگە تەييارلىغۇچىلارمۇ بۇ رىسالىدىكى ئامانىساخان توغرىسىدىكى مەلۇماتلارنىڭ ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىپ:«بىرمۇنچە پاكىتلار مۆجىزىنىڭ ئامانىساخان توغرىسىدىكى بايانلىرىنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ» دەپ ئوتتۇرىغا قويغان.

تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ياركەنت سەئىدىيە خانلىقى مىلادىيە 1514 - يىلدىن 1682 -يىلىغىچە، يەنى 1514 -يىلى 9 -ئاينىڭ 15 -كۈنى مىرزا ئابابەكرىنىڭ 48 يىللىق مۇستەبىت ھاكىمىيىتىنىڭ ئاغدۇرۇلغانلىقى ۋە سەئىدخاننىڭ خان قىلىپ تىكلەنگەنلىكى جاكارلىنىپ، تاكى 1682 -يىلى ئافاق غوجا (ھىدايىتىللا ئىشان) جۇڭغار قالماقلىرىنىڭ ھەربىي ياردىمىدە ئاخىرقى خان (11 -خان) ئىسمائىل خانىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغانغا قەدەر 168 يىل داۋاملاشقان. ياركەنت سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسى

ئىلگىرى -ئاخىر بولۇپ شىمالدا يەتتە سۇ، پەرغانە ۋادىسى ۋە ئىسسىق كۆلگىچە، جەنۇبتا تىبەت -كەشمىرلەرگىچە، غەربتە بەدەخشانغىچە، شەرقتە قۇمۇلغىچە بولغان كەڭ زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالغان. پەقەت شىنجاڭ رايونىدىلا پايتەخت ياركەنتتىن تارتىپ قەشقەر، يېڭىسار، خوتەن، كۇچا، ئاقسۇ، ئۈچتۇرپان، قارا شەھەر، قۇمۇل ۋە بۆگۈرلەر ئاساسىي شەھەرلەردىن ھېسابلانغان.«تارىخى رەشىدىي»دىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، سەئىدخان دەۋرىدە خەلققە ئەمەلىي نەپ يەتكۈزىدىغان بىر قاتار ئىقتىسادىي تەدبىرلەر ۋە بۆگۈنكى زامان كىشىلىرىنىڭ تەلىپى بويىچە قارىغاندىمۇ خېلىلا ئادىل ھېسابلىنىدىغان » پادىشاھلىقنىڭ 10 شەرتى« قاتارلىق بىر يۈرۈش قانۇن -تۈزۈملەر ئېلان قىلىنىپ ئىجرا قىلىنغاندىن باشقا يەنە مەرىپەت ئىشلىرىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈنگەن. ئاشۇ دەۋردە ياركەنت شەھرىدە قۇرۇلغان 2 -خانلىق مەدرىسە «ئالتۇن مەدرىسە»دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنى يەكەندىكى ھازىرقى ئالتۇن باشلانغۇچ مەكتەپ دائىرىسىگە توغرا كېلىدۇ.

ئابدۇرەشىتخان تەختكە چىققاندىن كېيىنمۇ سەئىدخاننىڭ ئىشلىرىغا ياخشى ۋارىسلىق قىلىپ، ھەرقايسى ساھەلەر بويىچە بىرمۇنچە يېڭى تەدبىرلەرنى يولغا قويغان. شۇنداقلا ئۇمۇ مەرىپەت ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، مەدرىسە -مەكتەپلەرنى كۆپەيتكەن. ئابدۇرەشىتخاننىڭ «تارىخى رەشىدىي»نىڭ ئاپتورى مىرزا ھەيدەر كۆرەگاننىڭ نامىغا ئاتاپ بىنا قىلدۇرغان «مىرزا ھەيدەر مەدرىسە»سى ياركەنت شەھرىدىكى 2 -خانلىق مەدرىسە بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنى ھازىرقى يەكەن بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى قورۇسىنىڭ شەرق تەرەپ دائىرىسىگە توغرا كېلىدۇ.

سەئىدخان بىلەن ئابدۇرەشىتخان دەۋرىدىكى (ئامانىساخان ئۆسۈپ -يېتىلىۋاتقان چاغلاردىكى) ۋەزىيەت 1989 -يىلى جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر قىسقىچە تارىخىغا ئائىت مەجمۇئە -«ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» نى يېزىش گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن تەييارلانغان مەزكۇر كىتابتا مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپ:«سەئىدخان بىلەن ئابدۇرەشىتخان دەۋرىدە ياركەنت خانلىقىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئىگىلىك تەرەققىي قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى»، «سەئىدخان بىلەن ئابدۇرەشىتخان بىرقەدەر يۇقىرى ئەدەبىي تالانتقا ئىگە، مېڭىسى سەگەك، خانلىقنىڭ ئامانلىقىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدىغان دانا خانلار ئىدى»، «ئابدۇرەشىتخان تەختكە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىنمۇ ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بەرگەندى. شۇ دەۋردىمۇ جايلارنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ياخشى بولغان. بەزى جايلار تېخىمۇ گۈللەنگەندى» دەپ كۆرسىتىلگەن (مەزكۇر كىتاب، 325 -326 -بەتلەر).

دېمەك، سەئىدخان تەختكە چىقىپ 12 يىلدىن كېيىن دۇنياغا كۆز ئاچقان

ئامانىنساخان يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەندەك، ئەنە شۇنداق ياخشى بىر شارائىتتا ئۆسۈپ - يېتىلىپ، ئەتراپلىق تەربىيە ئېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن. ئامانىنساخاندەك بۇنداق ياپياش بىر قىزدىكى شېئىر، مۇزىكا، خەتتاتلىق جەھەتلەردىكى ئالاھىدە بىلىم ۋە ماھارەتلەرنىڭ شۇ دەۋردىكى بىلىم ئۇچاقلىرىنىڭ بىرى بولغان ياركەنت شەھىرىدىن يىراق بىر سەھرادا يېتىلىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكى ھەرقانداق بىر ئەقىل ئىگىسىگە ئايان، ئەلۋەتتە.

تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئامانىنساخاننىڭ دادىسى ئەسلىدە بەزىلەر يېقىنقى ۋاقىتلاردىن بېرى ئۇخشاش شەكىلدە تەكرارلاپ كەلگەندەك «كەمبەغەل ئوتۇنچى» بولماستىن، بەلكى شۇ دەۋرنىڭ ئالاھىدە ئوقۇمۇشلۇق زاتلىرىدىن بىرى بولغانلىقى مەلۇم. شۇنداقلا بۇ كىشىنىڭ ئابدۇرەشىتخان تەختكە چىقىپ مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن بەزى ئالاھىدە سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئائىلىسىدىكىلەرنى ئېلىپ، شەھەردىن يىراق بولغان تەكلىماكان بويىدىكى كونا تاتا (ھازىرقى قارا سۇ) يېزىسىنىڭ شاخ تاتا (ھازىرقى شاپتۇللۇق) كەنتىگە كۆچۈپ بېرىپ ماكانلاشقانلىقمۇ ئايدىڭلاشماقتا. بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بۇنىڭدىن بىرقانچە ئەسىر ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردىلا ئەمەس، ھەتتا ھازىرمۇ بۇ يېزىلاردا ئاھالىنىڭ نىسبەتەن شالاڭ، دەل - دەرەخ ۋە يېقىلغۇ ماتېرىياللىرىنىڭ بىرقەدەر كۆپلۈكى سەۋەبىدىن ئوتۇن ئېلىم - سېتىمىنىڭ بولمايدىغانلىقى، شۇ سەۋەبتىن مەخسۇس «ئوتۇنچى» كەسپىنىڭمۇ مەۋجۇد ئەمەسلىكى بىر پاكىت. شۇڭا «تەۋارىخى مۇسقىيۇن»دىكى «مەھمۇد ئاتلىق ئوتۇنچى» دېگەن باياندىكى «ئوتۇنچى» ئاتالغۇسىنىڭ شۇ چاغدا زادى قانداق مەنىدە ئىشلىتىلگەنلىكىنى ئويدان ئويلىنىپ بېقىش كېرەك. «تەۋارىخى مۇسقىيۇن»دا كۆرسىتىلگەندەك، بۇ ئائىلىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 15 - ئەسىردە ئۆتكەن ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىرى ئەلىشىر نەۋائىدىن تارتىپ فۇزۇلى قاتارلىق باشقا شائىرلارنىڭ قىممەت باھالىق ئەسەرلىرىگىچە، شۇ دەۋردە كەم تېپىلىدىغان، شۇنىڭ ئۇچۇن پەقەت ئايرىم ئوقۇمۇشلۇق ۋە ئىقتىسادىي شارائىتى يار بېرىدىغان ئائىلىلەردىلا بولىدىغان قەغەزدىن تارتىپ، دەۋەت، قەلەم قاتارلىق مەدەنىيەت بۇيۇملىرى ۋە تەمبۇر قاتارلىق چالغۇ ئەسۋابلارغىچە ساقلانغانلىقى يۇقىرىقى قاراشلارنىڭ ھەقىقەتەن بەلگىلىك ئاساسقا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

ئابدۇرەشىتخان تەكلىماكان بويىغا جايلاشقان ۋە «شاخ تاتا» (ئەسلىدە شاخ تارتار) دەپ ئاتىلىدىغان ئەنە شۇ خىلۋەت كەنتتە ئامانىنساخان بىلەن ئۇچراشقان. بۇ 1539 - يىللارغا توغرا كېلىدىغان ۋەقە بولۇپ، بۇ چاغدا ئامانىنساخان 13 - 14 ياشلاردا، ئابدۇرەشىتخان 28 ياشتا ئىدى. بۇ ياش قىزنىڭ مۇزىكا جەھەتتىكى ئالاھىدە تالانتى، چىرايلىق ھۆسنخەتلىرى، تەڭتۇشلىرىدىن روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان بىلىمى ۋە

شائىرلىقى، شۇنداقلا ئۇيغۇر قىزلىرىغا خاس بولغان ھايالىق سۆز -ھەرىكەتلىرى ۋە گۈزەل رۇخسارى ئەسلىدە شائىر، مۇزىكانت ۋە ئىلىم ئەھلى بولغان بۇ ياش پادىشاھتا ئالاھىدە بىر خىل قىزىقىش ۋە زوقمەنلىك قوزغىغان. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئامانىساخان سۇلتان ئابدۇرەشىتخانغا بېغىشلاپ يازغان:

سەڭا يۈز شۈكۈر يارەب بىزگە ئادىل پادىشاھ قىلدىڭ،
فەقىر -مىسكىنغە ئابدۇرەشىدخاننى پەناھ قىلدىڭ.
نەفسى كىچە -كۈندۈز قىل دۇئا تەڭرى تەقدىسىغە،
كى شاھىڭ ھەققىدە قىلماي دۇئا قاتتىغ گۇناھ قىلدىڭ.

قاتارلىق شېئىرلىرىنى پەنجىگاھ مۇقامىغا سېلىپ، تەمبۇر بىلەن ئورۇنلىغاندا، ئابدۇرەشىتخاندىكى ھەيرانلىق ۋە زوقلىنىش چېكىگە يەتكەن. ئاخىردا «نەفسى» تەخەللۇسلۇق شائىرەنىڭ دەل ئاشۇ ئامانىساخان ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئابدۇرەشىتخان ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ، ئاخىرقى ھېسابتا نىكاھىغا ئالغان. بۇ ۋەقە تەخمىنەن 1540 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ يەردە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئامانىساخاننىڭ يۇقىرىقى شېئىرى قانداقتۇر تارىختىكى بەزى ئوردا شائىرلىرىدەك خاننى زورمۇزور مەدھىيىلەپ يازغان سۈنئىي مەھسۇلات بولماستىن، بەلكى ئۇ ئۆزى بىۋاستە كۆرگەن، ئاڭلىغان، ھېس قىلغانلىرى بويىچە ئۇنىڭ قەلبىدە ئابدۇرەشىتخانغا نىسبەتەن پەيدا بولغان ھەقىقي رازىمەنلىك ۋە ھۆرمەتلەش ھېسسىياتىنىڭ تەبىئىي مەھسۇلى بولغاندىن باشقا يەنە ئۇ ئاۋام -پۇقرانىڭ ئابدۇرەشىتخانغا بولغان يۈرەك ساداسىنىڭ بەدىئىي جەھەتتىكى ئىپادىلىنىشى ئىدى. دېمەك، يۇقىرىقىلاردىن قارىغاندا، ئامانىساخان بىلەن ئابدۇرەشىتخاننىڭ نىكاھى ئىشقى قانداقتۇر مەجبۇرلاش خاراكتېرىنى ئالغان بولماستىن، بەلكى رازىمەنلىك بىلەن ۋۇجۇتقا چىققان مۇھەببەتلىك نىكاھ بولغانلىقىنى بىلمەك تەس ئەمەس. شۇنىڭ بىلەن بىللە شېئىر ۋە مۇزىكىغا بولغان ئورتاق ھەۋەس كېيىنكى چاغلاردىمۇ بۇ ئىككىيلەننى بىر -بىرىگە مەھكەم باغلاپ تۇرغان.

مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئامانىساخان ئوردىغا كەلگەندىن كېيىن ئىككى خىل تەبىقىنىڭ قارشىلىقىغا ۋە كەمسىتىشىگە ئۇچرىغان. ئۇنىڭ بىرى چوڭ خانىش -چۈچۈك خانىم باشچىلىقىدىكى يۇقىرى تەبىقە ئاياللىرى، يەنە بىرى تەركىدۇنياچى مۇتەئەسسىپ سوپى -ئىشانلار. «چىڭگىزنامە»دە كۆرسىتىلىشىچە، خاننىڭ ئامانىساخاننى نىكاھىغا ئېلىشىغا ئالدى بىلەن چوڭ خانىش چۈچۈك خانىم قارشى چىققان. چۈچۈك خانىمنىڭ

بۇنداق قىلىشىدا كۆندەشلىكنىڭ مۇھىم سەۋەب بولغانلىقى ئەلۋەتتە چۈشىنىشلىك. يەنە بىر تەرەپتىن سوپى -ئىشانلار، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى مۇتەئەسسىپ تەركىدۇنياچى مەزھەپتىكىلەر خانىنىڭ قوللىشى بىلەن بولۇۋاتقان مۇقاملارنى رەتلەش ئىشلىرىغا ئاشكارا قارشى چىقالمىغان بولسىمۇ، ئەمما تىغ ئۇچىنى ئامانىسساخانىغا قارىتىپ يوشۇرۇن پىتنە - پاسات تارقىتىپ تۇرغان. چوڭ خانىشنىڭ ئامانىسساخانى ھاقارەتلەپ «لولى» دەپ ئاتىشى ئەمەلىيەتتە ئەينى دەۋرنىڭ يۇقىرى تەبىقە غەيۋەتچى ئاياللىرى بىلەن سوپى - ئىشانلارنىڭ تۆرلۈك سورۇنلاردا بىرلىكتە تارقىتىپ يۈرگەن پىتنە -پاساتلىرىنىڭ نەتىجىسى ئىدى، خالاس. «چىڭگىزنامە»دىكى باشقا مەلۇماتلارغا قارىغاندا، «ئون ئىككى مۇقام»نى ياخشى كۆرىدىغان ۋە ئۇنى ئوبدان بىلىدىغان، شۇنداقلا مۇزىكا ماھىرى بولغان ئابدۇرەشىتخان ئامانىسساخانىنىڭ ئوردىدا سەنئەت پائالىيەتلىرىنى تەشكىللىشىگە ۋە مۇقاملارنى رەتلەش ئىشلىرىغا باشتىن -ئاياغ كۆڭۈل بۆلگەن ۋە ئۇنى قوللىغان. بۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندا، ئون ئىككى مۇقامنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك رەتلىنىشى مۇمكىن بولمىغان بولاتتى، ئەلۋەتتە.

ئامانىسساخان ئوردىدا خانىش بولۇپ 20 يىل تۇردى. ئۇ ۋاقىتنى تارىختا ئۆتكەن بەزى خانىشلاردەك ئەھمىيەتسىز ئىشلارغا سەرپ قىلماستىن، بەلكى ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ئىشلارغا بېغىشلىدى. ئامانىسساخان يۇقىرىدا ئېيتقاندەك، ئوردىغا كەلگەندىن كېيىن ئابدۇرەشىتخانىنىڭ قوللىشى ۋە يەنە بىر مۇقام ئۇستازى، ماھىر مۇزىكانت، ھەشتار قاتارلىق بىرقانچە چالغۇ -ئەسۋابلارنىڭ ئىجادچىسى ۋە يېڭىلىغۇچىسى، شائىر ۋە مۇزىكا تەتقىقاتچىسى، ئابدۇرەشىتخانىنىڭ يېقىن دوستى، ئوردا ۋەزىرى قىدىرخان ياركەندىنىڭ يېقىندىن ماسلىشىشى ئارقىسىدا ئۆزىنىڭ ئەقىل - پاراستى ۋە جاسارىتىگە تايىنىپ، مۇقامچىلارنى ئوردىغا تەكلىپ قىلىپ، مۇقاملارنى رەتلەش ۋە تېكىستلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ۋە جاپالىق ئىلمىي ئەمگەكنى تەشكىللىگەن ۋە قانات يايدۇرغان. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئۆزىمۇ دائىملىق ئۆگىنىپ ۋە تەتقىق قىلىپ، «ئىشرەت ئەنگىز» (خۇشاللىق قوزغىغۇچى)ناملىق مۇقامنى ئىجاد قىلغان. «نەفسى» تەخەللۇسى بىلەن نۇرغۇن شېئىرلارنى يازغان ھەمدە «دىۋان نەفسى» (نەفسى شېئىرلار توپلىمى)نى تۈزگەن. شائىرلىق، خەتتاتلىق، نەغمىچىلىك توغرىسىدىكى «شۇرۇھول قۇلۇب» (قەلبلەر شەرھى)، خانىم -قىزلارغا نەسىھەت قىلىش مەزمۇنىدىكى «ئەخلاقى جەمىلە» (گۈزەل ئەخلاق) قاتارلىق ئىلمىي ئەسەرلەرنى يازغان. شۇنداق قىلىپ ئامانىسساخان ئۆزىنىڭ تەخەللۇسىدىن تارتىپ، ئۆزى ئىجاد قىلغان ۋە يازغان ئەسەرلىرىنىڭ ئىسمى ۋە مەزمۇنىغىچە راستچىللىقنى، گۈزەللىكنى، خۇشاللىقنى تەرغىب

قىلغان ھەمدە ئون ئىككى مۇقامنى رەتلەش، تېكىستلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشنى غەلىبىلىك تاماملاپ ۋە ئۇنى خەلق ئىچىگە تارقىتىش ئارقىلىق جاھالەتپەرەسلەرگە ھەقلىق يوسۇندا رەددىيە بەرگەن. بۈيۈك مۇقام ئۇستازى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەھرىمان قىزى ئامانىساخان باشلىغان ۋە راۋاجلاندۇرغان. ئون ئىككى مۇقامنى رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىش ئىشى ياركەنت سەئىدىيە خانلىقىدىن كېيىنكى بوۋىنىكى كۈندە يەنە بىر قېتىم باشقىچە قانات يېيىپ، نۇرغۇن ئىلمىي ئەسەرلەر مەيدانغا كەلدى. ئون ئىككى مۇقامنى مۇزىكا ۋە تېكىست جەھەتتە يەنە بىر قېتىم رەتلەش ئىشى غەلىبىلىك تاماملاندى. ئون ئىككى مۇقام تەتقىقاتىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش مەقسىتىدە 1989 -يىلى 5 -ئاينىڭ 18 -كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇقام تەتقىقات جەمئىيىتى قۇرۇلدى ھەمدە شۇ يىلى ئۈرۈمچىدە تۇنجى قېتىملىق مۇقام تەتقىقات ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. 1992 -يىلى 8 -ئاينىڭ 5 -كۈنى يەكەندە ئېچىلغان 2 -نۆۋەتلىك شىنجاڭ مۇقام تەتقىقات ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى كۆلىمىنىڭ كەڭلىكى، تەتقىقات مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلاشقانلىقى بىلەن ناھايىتى زور تەسىر قوزغىدى ھەمدە تاللانغان ماقالىلەر توپلىمى -»ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ھەققىدە« دېگەن كىتاب نەشر قىلىپ تارقىتىلدى. شۇنداقلا ئامانىساخان تۇغۇلۇپ ئۆسكەن قەدىمىي يۇرت يەكەندە ئۇنىڭ مەقبەرىسى قايتىدىن ياسالدى ۋە ھەيكىلى تۇرغۇزۇلدى. بۇ، تارىختا مۇشۇ يۇرتتا بىر مەدەنىيەت -سەنئەت ئەربابىغا، شۇنداقلا بىر ئالىمغا ئاتاپ تىكلەنگەن تۇنجى ئابىدە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلى بىرقانچە يىلدىن بېرى ياۋروپا، ئاسىيا قىتئەلىرىدىكى بىرمۇنچە ئەللەردە زىيارەتتە بولۇپ، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامنى يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئورۇنلاش ئارقىلىق ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا، CD، DVD، VCD پلاستىنكىلىرى ئىشلىنىپ، كەڭ كۆرۈرمەنلەرنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى. 2004 -يىلى دېكابىردا ئۈرۈمچىدە ئۈچ ئىلمىي جەمئىيەت بىرلەشتۈرۈلۈپ، »شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتى« قۇرۇلدى. جۈملىدىن ئامانىساخاننىڭ يۇرتى يەكەندىمۇ 2003 -يىلىدىن باشلاپ خەلق ئارىسىدىكى مۇقامچىلارنىڭ ئون ئىككى مۇقامنى ئورۇنلىشى بويىچە مۇسابىقە پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلۈپ، باھالاش ئارقىلىق تاللانغان خەلق مۇقامچىلىرى گۇرۇپپىسى، قەشقەر، بېيجىڭ، سۇجۇ قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، ئون ئىككى مۇقامنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلاپ ياخشى تەسىر پەيدا قىلدى. شۇنداق قىلىپ ئاخىرقى ھېسابتا بۇلتۇر يىل ئاخىرىدا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تەرىپىدىن ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ دۇنيا بويىچە قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت مىراسى ئىكەنلىكى جاكارلىنىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۇ مەدەنىيەت مىراسىنىڭ

ئۇلـۇغ ئەھمىيتـى دۇنيـا بـويىچە تەنتەنلـك نامايـان قىلنـدى. شـۇنىڭغا چوڭقـۇر ئىشىنىمىزكى، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ 16 -ئەسىردىكى بۈيۈك پەرۋىشكارى، قەيسەر ئۇيغۇر قىزى، مۇقام ئۇستازى ئامانىسساخانىنىڭ مۇبارەك نامى ئاشۇ مۇقاملارنىڭ ئاجايىپ جەلپ قىلارلىق كۈيلىرى بىلەن بىللە پۈتۈن دۇنيادا مەڭگۈ جەۋلان قىلغۇسى!

## پايدىلانغان ماتېرىياللار:

مىرزا ھەيدەر كۆرەگان يازغان «تارىخى رەشىدي»نىڭ بابلىرى ئۇلاپ ئېلان قىلىنىۋاتقان « بۇلاق » ژۇرنىلىنىڭ 2002 -يىلىدىن ھازىرغىچە بولغان سانلىرى.

شاھ مەھمۇد جوراس: «سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1989 -يىل نەشرى.

موللامىرسالىھ كاشغەرى: «چىڭگىزنامە»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى. 1986 -يىلى نەشرى.

موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللانېئمەتۇللا مۆجىزى:«تەۋارىخى مۇسىقيۇن»، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى، 1982 -يىلى نەشرى.«ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 -يىلى نەشرى. ئىبراھىم نىياز:«تارىختىن قىسقىچە بايانلار» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988 -يىل نەشرى.

ھاجى نۇر ھاجى: «يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 -يىلى نەشرى.

سۇلتان مامۇت ئىبراھىم: «ئامانىسساخانىنىڭ يۇرتى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى 1994 -يىللىق 5 -سان.

ئابدۇقادىر داۋۇت: «ئامانىسساخانىنىڭ سەھرادىكى يۇرتى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1996 -يىللىق 3 -سان بىلەن «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1997 -يىللىق 1 –سانى

# ئەدەبىياتىمىزدىكى خاتا يېتەكلەش مەپكۇرەسى توغرىسىدا

**ئابلەت ياسىن بابا**

بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت بايلىقى شۇ مىللەت ياراتقان مەنىۋى ۋە ماددىي تەرەزدىكى ئىجتىمائىي قىممەتنىڭ جۇغلانمىلىرىدىن ئۆز پىرامىداسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان مەزمۇن بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە ھاسىلاتلارنىڭ بىرىكىشىدىن تەشكىل تاپىدۇ. بۇ ھاسىلاتلار مەدەنىيەت بەيگىلىرىدە مىللىي سەرمايە سۈپىتىدە ئەكس ئېتىدۇ. ئەدەبىيات ئەنە شۇ مىللى مەدەنىيەتنىڭ غول تەركىبى قىسىملىرىدىن سانىلىدۇ. ئۇ، ئۆزى ياراتقان مەدەنىيەت مىراسلىق قىممەتى بىلەنلا ئەمەس، مۇھىمى ئۆزىدىكى يېتەكلەش بۇرچى بىلەن بۇ باھانىڭ ساھىبى بولالايدۇ. ناۋادا ئۇ مىللىي مىراسلارنىڭ چەكلىك ئىپادىلىنىش كۆرۈنىشىگە ئايلىنىپ قالغاندا، ئەدەبىيات مىللەتنىڭ تۈپكى مەدەنىيەت ئۆزلۈكى سۈپىتىدە تېخىمۇ زور مەسئۇلىيەتلەرنى ئارتتۇرۇشقا، تېخىمۇ كۆپ بۇرچلارنى ئۈستىگە ئېلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. بەلكى رىئاللىقنى تونۇپ يەتكەن ھەربىر شەخسنىڭ ئۆگلۈك ئىزتىراپى بۇنى تەقەززا قىلىدۇ. بۇ ھال ئەدەبىياتنىڭ مىللى مەدەنىيىتىمىزدىكى ئورنىنى يەنە بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 – يىللىرىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى يېڭى بىر ھاياتىي كۈچ بىلەن جۇشقۇن بىر ھالەتتە ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى نامايەن قىلىپ، خەلقىمىزنىڭ مۇھىم بىر تۇرمۇشى ئەينىكى بولۇپ قالدى. بۇ يېڭى باشلامچى دەۋرگە تەئەللۇق ئەدىبلىرىمىز يول ئاچقۇچىلار بولۇش سۈپىتى بىلەن، گەرچە ھەممە جەھەتتىن مۇكەممەل دەپ ئېيتالمىساقمۇ، ئەمما كىشىنى قايىل قىلغۇدەك ئەدەبىي ئىجادىيەتلىرى بىلەن ئەدەبىياتىمىزنى يېڭى ئەسىرگە مۇۋاپىقىيەتلىك ئۇلاشتۇرۇپ، ئۆز بۇرچلىرىنى ياشلارغا – يېڭى قەلەمكەشكەرگە تاپشۇردى.

جەمئىيىتىمىز كۆپ تەرەققىي قىلدى. ئىقتىسادنىڭ تېز سۈرئەتتە ئېشىشى، ماددىي

تۇرمۇش سەۋىيەرىمىزنىڭ بالداقمۇ بالداق يۇقىرى كۆتىرىلىشى، تاشقى مەدەنىيەتنىڭ بورۇنقىغا قارىغاندا تېخىمۇ كۈچلۈك ۋە توختاۋسىز غىدىقلىشى، شەھەرلىشىش ( تۇغرىراقى شەھەر كۆرۈش ) قەدىمىمىزنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان ياكى ئومۇملۇققا ئايلىنالمىغان مەسىلىلەر كۆپلەپ يۈز بېرىشكە باشلىدى. ئەنئەنىۋى بىرلىك، قورۇلما، تۇرمۇش مۇناسىۋەتلىرى مۇتلەقلىكتىن قىلىپ، يىگى – يىگى شەكىللەر ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە ناتونۇش ئەمەس بولۇپ قالدى. ئەنئەنە يۈزلەنگەن خىرىس تۇيغۇ ياكى كەلگۈسىگە تەۋە ئىش ئەمەس، بەلكى جىددى رىئاللىق سۈپىتىدە كۆز ئالدىمىزدا نامايەن بولىۋاتىدۇ. خىرىس ئىچىدە تەمتىرەپ قالغان ئەنئەنە دەۋرگە ئاۋانگارت بولۇش ئىلتىجاسىدا نۇۋەتتىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي ئىجادىيەتىگە ئىلگىرىكىگە ئوخشىمايدىغان ۋەزىنىدىكى بۇرچلارنى تەڭلەپ تۇرماقتا. خىرىس بىلەن ئىسلاھات ئارىسىدىكى ئەنئەنە رىئاللىقتىن بەكرەك ئەدەبىي ئىجادىيەت رامكىسى ئىچىدە داۋاملاشماقتا. بۇ ئەھۋالدا ئەدەبىياتنىڭ بۇرچى ئىلگىرىكىگە قارىغاندا ۋەزنى ئېغىر بىر مەسئۇلىيەتكە ئايلىنىدۇ. بۇ ئېنىقكى، ئەدەبىياتىمىزنىڭ بۇرچلىرىنى تاپشۇرۇۋالغان يىگى ( ياشلارلا ئەمەس ) قەلەمكەشلىرىمىزگە يۈكلىنىدۇ. يىگى بولغان بىلەن كۆتۈرىدىغان ۋەزنىمىز ئېغىر. بۇ مەدەنىيەتىمىزنىڭ يىگى دەۋردە بىزگە قويغان بىر سىنىقى شۇنداقلا مىللىيەت باغلامچىسىدىكى يىگى تۈگۈن. بۇ تۈگۈننىڭ ياخشى چىگىلىش ياكى چىگەلمەسلىكى مەدەنىيەتنىڭ كېيىنكى بوغۇنلارغا يەتكۈزۈلىشىنىڭ سۈپەت ئۆتكىلىدۇر. باشقا نوقتىلارغا ئېسىلماي، پەقەت مۇشۇ نوقتىدىنلا سۆزلىگەن تەقدىردىمۇ، بۇنىڭغا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ، جىددىي تۇتۇش قىلىشنىڭ تەخىرسىزلىكى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرىدۇ.

ئەدەبىياتنىڭ ئۆتەيدىغان بۇرچى ئۇنىڭدىكى يېتەكلەش مەپكۇرىسىنى قارىتا ئېيتىلغان بولۇپ، ئۇ خەلقنى توغرا تەرەققىيات يۆنىلىشى ۋە ساغلام سالاھىيەت ئېگى بىلەن تەمىن ئېتىشنى كۆرسىتىدۇ. ئەدەبىياتنىڭ بىلىش، تونۇش رولى بولغىنىدەك، ئۇنىڭ تەربىيە ۋە زوقلاندۇرۇش رولىمۇ بار. نۇقۇل بىلىش، تونۇشنى ئۆز رولى دەپ بىلگەن ئەدەبىيات ئۆلۈك نەزىيەگە ئايلىنىپ قالىدۇ. پەقەت زوقلاندۇرۇشنى مەخسەت قىلغان ئەدەبىياتمۇ چاكىنا مەنتىقەلەرنىڭ قۇربانى بولۇپ كېتىش خەۋپىدىن قوتۇلالمايدۇ. تەربىيە بېرىشنى نىشان قىلغان، بىلىش، تونۇش ۋاستىلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئوقۇرمەنلەرنى ئېستېتىك زوقلاردىنمۇ خالىي قويمىغان ئاساستا ساغلام ئەقىدىگە يېتەكلىيەلىگەن ئىجادىيەت بۇرچنى ھەقىقي ئادا قىلغان ئەدەبىياتتۇر.

ھەرساھە قەلەمكەشلىرىمىزنىڭ بىلىم قورۇلمىسى، تۇرمۇش تەجرىبىسى،

مەسىلىلەرگە بولغان تونۇش روجەكلىرى، دۇنيا قاراش ۋە قىممەت يۆزلىنىشلىرى، ئىجادىيەتكە تۈتقان پوزۇتسىيە ۋە ئۇنىڭ چىقىش نوقتىلىرى، قەلەم قۇۋۋىتى دىگەندەك بىر قاتار ئوبيېكتىپ پەرقلەر تۈپەيلى ئوقۇرمەنلەرگە سۇنۇلغان ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ بىر – بىردىن سان ۋە سۈپەت جەھەتتە پەرقلىنىشى تەبىئىي ئەھۋالدۇر. ئەمما قانداقلا بولمىسۇن ئەدەبىياتىمىزنىڭ خەلقنى تەربىيەلەش، يېتەكلەشتىن ئىبارەت تۈپكى ۋەزىپىسى ئۆزگەرمەيدۇ. (ئۇنىڭ بۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىغان ياكى چىقالمىغانلىقى باشقا بىر مەسىلە.) بۇ تۈپكى ۋەزىپىدە ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىيەت مىتودى ۋە يېزىقچىلىقتىكى تەپەككۇر رامكىسى ئەدەبىياتنىڭ يېتەكلەش مەپكۇرىسىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئەدەبىياتنىڭ بۇرچىغا تاقىلىدۇ.

نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر ئەدەبىيات تەرەققىياتىدىن قارىغاندا، بارلىققا كەلگەن يۈكسىلىشلەر، مەيلى سان جەھەتتىن بولسۇن ياكى سۈپەت جەھەتتىن بولسۇن، ۋەياكى يازغۇچىلار قوشۇنىدىكى غولداشلار بولسۇن، ھەقىقەتەن كىشىنى قايىل قىلىدۇ. مىللىي كىملىك دۆچ كەلگەن كەسكىن رىقابەت ۋە تاللاش ئىچىدە تۇرۇۋېمۇ ئۆز مەۋجۇتلۇقى ۋە فونكسىيەسىنى جانلىق ۋە بىجاندىللىق بىلەن ئادا قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. قايسى نوقتىدىن چىققان بولمىسۇن، ھەممىسىدە ساۋاقتىن ئىبرەت ئېلىپ، بەختكە ئېنتىلىشتەك بىر گۈزەل ئىستەك پارلاپ تۇرماقتا. ئەمما، ئەدىبلىرىمىزدىكى مەخسەت گۈزەل بولغىنى بىلەن ئۇنى ئەكس ئەتتۈرۈش، ئەدەبىي يۇسۇندا پىششىقلاپ ئىشلەپ خەلققە سۇنۇش جەريانىدىكى قوللىنىلغان ۋاستە ۋە مەجازلاردا بەزىبىر تۆزەتمىسە بولمايدىغان، ھەتتا ۋاز كېچىش كېرەك بولغان ناتوغرا خاھىش ۋە قىلمىشلارمۇ يوق ئەمەس. ئۆز ئىدىيىسىنىڭ ئىپادىلىنىش جەريانى بولغان ئەدەبىي ئىجادىيەتنى ئوقۇرمەنلەرگە ساغلام نەپ بېرەلەيدىغان شەكىلدە ئېلىپ بېرىش كېرەك. بۇنىڭدا يازغۇچىنىڭ ئۆزىنى توغرا تۇرمۇش شەكلى، ئەقىدە مۇھىتىدىن بىلەك يەنە ئۆزىمىزدىكى ساپ قاراشلار بىلەن سۇغۇرۇشىمۇ مۇھىمدۇر. ئەنئەنىۋى رامكىدىكى ئىجادىيەت قېلىپى يىغى دەۋردىكى قەلەمكەشلىرىمىزنىڭمۇ تاللىۋېلىشى بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. مەسىلىلەرنى بۇرۇننىڭ كۆزى بىلەن ئەمەس ھازىرنىڭ نوقتىنەزىرىدىن چىقىپ تەھلىل قىلىشنى ئىجادىيەتتىكى باش تاللاش قىلىش سۈپەتلىك، دەۋر تەلىپىگە ماس كەلگەن، دەۋر يۈكلىگەن مەسئۇلىيەتكە لايىق بىر يازمانىڭ مەيدانغا چىقىشى ئۈچۈن بەكلا زۆرۈر. ھەددىسە سىنىپ قارىشى ئاساسىدىكى تەپەككۇر رامكىسى، ياخشى – يامانني تەسۋىرلەشتىكى مۇتلەق ماشىنىلاشقان پىرسۇناژ ئوبرازى، ئەنئەنىۋى ئىماگلارنى خۇنۇكلەشتۈرۈش خاھىشى، چەكتىن ئاشقان مەئشەتۋازلىقنى تۇرمۇش غايىسى سۈپىتىدە كۆرسىتىش يۈزلىنىشى نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر

ئەدەبىياتىدا ئىپادىلىنىۋاتقان كونا مەنتىقىلەر جۇملىسىدىن بولۇپ، ئۇ ئىجادىيەتتە ئۆزلۈكتىن ھالقىيالماسلىقتىكى چوڭ بىر بويۇنتۇرۇق بولۇپ قالماقتا. بۇ يېتەرسىزلىك ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ چىنلىقىنى تۆۋەنلىتىپ، ئۇنى تۇرمۇشتىن بارغانسېرى يىراقلاشتۇرۇۋېتىدۇ. ئىنساننىڭ ئىجتىمائىيلىقىنى ئېتىراپ قىلىش ۋە ئۇنى ئىجادىيەتتە ھەقىقىي يوسۇندا ئەكس ئەتتۈرۈش، چېكىدىن ئاشقان مەئىشەت تەسىۋۇرى ۋە خاھىشىدىن ۋاز كېچىش ئۇيغۇر قەلەمكەشلىرىنىڭ يېڭى يۈزلىنىشى بولالىغىنىدا، ئىجادىيەتتىكى ئۆزلۈكتىن ھالقىش ئىشقا ئېشىپ، بۇ بويۇنتۇرۇقتىن قوتۇلۇشى مۇمكىن. بۇ ھالدا ئەدەبىياتنىڭ يېتەكلەش مەپكۇرەسىمۇ ئۆز ئىزىغا چۈشۈشى مۇمكىن. چۈنكى، ئوبيېكتىپ رېئاللىق يازغۇچىنىڭ سوبيېكتىپ غايىسى ( ئىجادىيەت مۇشۇ ئىككى نوقتىنىڭ گىرەلىشى ) ئاساسىدا نامايەن قىلىنغىنىدا، ئەدەبىياتنىڭ يېتەكلەش مەپكۇرەسى يازغۇچىدىن سوبيېكتىپ غايىنى رېئاللىقنىڭ يېگانە قۇرۇمى دەپ قارىۋالماستىن بەلكى ئۆزىدىكى سوبيېكتىپ غايىلەردىن ھالقىشنى، يەنى ئومۇمىي غايىگە ياندىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ئەدەبىي ئىجايەتلىرىمىزنىڭ ئۆزلۈك قۇرۇلۇشىمىزدىكى نىگىزلىق ھالقىشىدۇر.

خەلقنى تەربىيەلەشنى، زوقلاندۇرۇشنى، ئىسلاھ قىلىشتەك گۈزەل ئىستەك، تۆرتكىلەرنى بويلاپ يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ ئوقۇرمەنلەردە ئەكس تەسىر پەيدا قىلىپ، ئويلىمىغان يەرلەردىن چىقىپ خەلقنى تېخىمۇ ئايىنىتىپ قويغانلىقى، كۈتمىگەن نەتىجىلەرنى بېرىپ يامان خاھىشلارنى باش كۆتەرتكۈزۈپ قويغانلىقى، پىكىر جەھەتتىكى بۆلۈنۈش ۋە ئۆزئارا ئىختىلاپنى كۈچەيتىپ بېرىۋاتقانلىقى بىزنى نۆۋەتتىكى ئىجادىيەتلىرىمىز ھەققىدە پىكىر قىلىشقا ئۈندەيدۇ. بۇنىڭدىكى مەسىلىلەرنى تېپىپ چىقىپ، ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن تەدبىر قوللىنىشىمىزنى تەقەززا قىلىدۇ. ئەلۋەتتە بۇنداق ئەكس تەسىرلەرنىڭ پەيدا بولۇشىنى ئەدىبىي ئىجادىيەتنىڭ ئۆزىدىن كۆرۈشكە بولمايدۇ. ئەمما ئۇنىڭلىق بىلەن ئەدەبىي مەسئۇلىيەتتىن قاچقىلىمۇ بولمايدۇ. ئەدەبىياتنىڭ يېتەكلەش مەپكۇرەسى بىزنى بۇنداق ئاينىشلارغا مەسئۇل بولۇشقا چاقىرىدۇ. چۈنكى، ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ مەقسىتى پىرىنسىپ جەھەتتىن ئېيتقاندا كىشىلەرنى تەربىيلەش، ئۇلارنى ئاينىتىش ئەمەس. بۇ مەسىلە يازغۇچىلاردىن قەلەملىرىگە بىر ئاز يۈگەن سېلىشنى، مەخسەت ئۈچۈن ( ئەدەبىي ئەسەر يارىتىش ) قوللىنىلغان ۋاستىلەردىن غايىل قالماسلىقنى ئەسكەرتىدۇ.

ئالدىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەقىقەتەن كىشىنى سۆيۈندۈرگىدەك بىر تەرەققىيات ھالىتىدە تۇرماقتا. ئەمما بۇ ئىجادىيەتىمىزدە مەسىلە يوقلىقىدىن ياكى يېتەرسىزلىكلەرنىڭ ساقلانمىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. نەتىجىلەرگە

ياندىشقان سەۋەنلىكلەر ھەم خېلى بار. بولۇپمۇ جەمئىيەتتىكى باش كۆتۈرۈۋاتقان يىگى ئىللەتلەرگە بولغان ساغلام بىر تونۇشنىڭ، ئەتراپىمىزدا يۈز بېرىۋاتقان خاتالىقلارنى تەنقىد قىلىدىغان دۇنيا قاراشنىڭ كىشىنى قايىل قىلغۇدەك يۇسۇندا پىشىپ يېتىلمىگەنلىكى، مۇھىمى ئومۇملۇقتا ئايلىنىپ يېتەكچى ئىدىيەگە ئايلىنالماسلىقى، ھادىسىلەردىن خۇلاسە چىقىرىش، ماھىيەتكە ھۆكۈم قىلىشتىكى ئۇنىۋېرسال ساپا ۋە مۇكەممەل بىلىم قورۇلمىسىنىڭ چەكلىكلىكى تۈپەيلى بەزى ئىجادىيەتلىرىمىزدە خاتا خاھىش ئەدەبىي دىت دەپ قارىلىپ مەيلىگە قويۇپ بېرىلمەكتە ياكى چىنلىق سۈپىتىدە تەرىپلەنمەكتە. ھەمدە مۇشۇ خىل سەنەمگە ئېغىش، ئەگىشىش قىسمەن قەلەم ئىگىلىرىدىكى ئومۇمىي كەيپىياتقا ئايلىنىۋاتىدۇ. ئىجادىيەتتىكى بۇ خىل بويۇنتۇرۇقلۇق ئاقىۋەتتە ئەدەبىياتىمىزدىكى ئوقۇرمەنلەرنى خاتا يېتەكلەش مەپكۇرەسىنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا. ئەدەبىي ئىجادىيەت بۇ سەۋەپتىن ئەكس رول ئېلىپ، ئەسلى مەخسەت، نىزاملاردىن چېنىش، مۇنداقچە ئېيتقاندا، تاپتىن چىقىش يۈزلىنىشلىرى كۆرۈلمەكتە. بۇ ھەقتىكى مۇلاھىزە دەلىللەرنى ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى جەريانىدىكى تۈۋەندىكى بىر قانچە نوقتىدىن كۆرۈپ يېتىش مۇمكىن.

ھاراق – شاراب ۋە كەيپكە مۇناسىۋەتلىك بايانلارنىڭ كۆپىيىپ، تەسۋىرلەرنىڭ ئىنچىكىلىشى نىمنى بىلدۈرىدۇ؟

ھاراق – شاراب مەسىلىسى ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا توغرا يورۇتۇپ بېرىلمىگەن مەسىلىلەرنىڭ بىرى. تەتقىقات ساھەسىدىكى توغرا يۇرۇتالماسلىق خاتالىقى كۆپ كىشىلەردىكى ناتوغرا ھىسسىياتقا يىلتە بولۇپ كەلمەكتە. كىلاسسىك ئىجادىيەت مىراسلىرىمىزدىكى شاراب سۆزى بىلەن شەربەت سۆزىنىڭ يىگى زاماندىكى ئىلمىي تەتقىقات ۋە تەشۋىقاتلىرىمىزدا پەرق ئەتتۈرۈلمەسلىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تەتقىقاتىدىكى تەخىرسىز بوشلۇقتۇر. « قۇتادغۇبىلىك » تە كۆپ تىلغا ئېلىنغان ئىچىملىك ئىستىمالىدىكى شەربەت سۆزىنىڭ ئەسەرنىڭ يەشمىسىدە ئېزچىل شاراب سۆزى بىلەن ئېلىنىشى ھەمدە كۆنمىزدىكى ھاراق – شارابقا تەڭداش قوللىنىشى بىزدىكى بۇگۈنكى بۇ تىراگىدىيەنىڭ مەنبۇە دەستىكى سۈپىتىدە داۋاملىشىپ كەلمەكتە. « قۇتادغۇبىلىك » تىن بورۇنقى بىر مەزگىللىك قىسمەن دائىردىكى شاراب تارىخىمىزنىڭ بولغانلىقى قانچىلىك كۈچلۈك پاكىت بولغان بولسا، « قۇتادغۇبىلىك » تىن كېيىنكى شارابسىز، بەلكى ئۇنى رەت قىلىش، چەتكە قېقىش تارىخىمىزنىڭ بولغانلىقىمۇ شۇنچىلىك كۈچلۈك پاكىتتۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز ھازىر ۋارىسلىق قىلىۋاتقان ئۇيغۇر مەدەنىيەت يۇسۇنلىرى « قۇتادغۇبىلىك » كېيىنكى ئىدىئولوگىيە قىممەت قاراشلىرىنى ئۆلچەم قىلىپ قېلىپقا چۈشكەن بولغاچقا، شاراب

مەزگىلنى بىر پۈتۈن تارىخىمىزدىكى بىر مەزگىللىك داۋاملىشىش دەپ قاراشقا بولىدۇكى، ئۇنى نۆۋەتتىكى تىرىك مەدەنىيەت ئۆلچىمىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە ياكى شۇنىڭغا ئورۇنشقا بولمايدۇ. مەخسەتنىڭ ئۆتمۈشكە ئايلانغان ئادەتنى قايتىدىن تىرىلدۈرۈشكە ئەمەس بەلكى مىڭ يىللاردىن بېرى پرىنسىپقا كۆتۈرۈلۈپ ئەمەل قىلىنىپ كېلىۋاتقان تىرىك مەزمۇنلارغا قارىتىلىشى زۆرۈردۇر.

بو نوقتىدىن چىقىپ سۆزلىگەندە، ئەدەبىي ئىجادىيەتلىرىمىزدىكى هاراق ھەققىدىكى بايانلار، ھېچ بولمىغاندا چوقۇمكى بىز هازىر ئەمەل قىلىپ كېلىۋاتقان قىممەت قاراشقا ھۆرمەت قىلىشى كېرەك بولىدۇ. ئومۇمىيلىققا ھۆرمەت قىلىنمىغان، ئۇنى نەزەرگە ئالمىغان ئىجادىيەتنىڭ خەلققە ئىجابىي نەپ بېرىشى ناتايىن.

ئۇيغۇرلارنىڭ باشقا مىللەتلەر بىلەن بولغان ئالاقىسىنىڭ قويۇقلىشىشى، سىرتقى ئۇچۇرلار بىلەن ئۇچرىشىش چاستوتىسىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، هاراق ھەققىدىكى تونۇش ۋە ئۇنىڭغا تۇتقان مۇئامىلەرمۇ ماس هالدا ئۆزگىرىش ياساپ، ئۇ بورۇنقى قىزىل سىزىق هالىتىدىن قىلىشقا باشلىدى. بۇ ئەھۋال شەھەرلەردە ياكى ئەنئەنىۋى قىممەت كۆچلىرى بىر ئاز ئاجىز جايلاردا تېخىمۇ گەۋدىلىك ئىپادىلەنمەكتە. ئەنئەنىۋى قىممەت قاراش بىلەن هاراق تەتۈر تاناسىپ شەكىلدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. بۇ هال هاراق ۋە ئۇيغۇر هاراقكەشلىرىدىكى چەكتىن ئاشقان زابويلۇقنىڭ ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى قىممىتىنى ئەڭ ئېغىر دەپسەندە قىلىدىغان بىر كۆچكە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. نۆۋەتتىكى رېئاللىقتىن قارىغاندا، بىزدىكى هاراق ئىستىمالى باشقىلاردىكى هاراق ئىستىمالىدىن سان جەھەتتىن پەرق قىلىدىغان بولۇپ، بىزدىكى هاراق ئىستىمالىنىڭ باشقىلاردىكىگە ئوخشاش نورمالنى مىقتارنى ساقلاپ داۋاملىشىشى مۇمكىن ئەمەس. بەلكى ئۇ تېزلا شارابىبازلىق مەستانىلىكىگە ئايلىنىپ، ئاجايىپ كۆلپەت ۋە كۆڭۈلسىزلىكلەر بىلەن ئاخىرلىشىۋاتىدۇ. تولۇقسىز مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلاردىكى هاراق سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان جىنايەت، تۇرمۇش ۋەيرانچىلىقى، ئىقتىسادى سورۇقچىلىقنىڭ نىسبىتى ھەممىدىن يوقىرى ئورۇندا تورىدۇ. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە نۆۋەتتە يۈز بېرىۋاتقان ئىجتىمائى ئىللەتلەرنىڭ باش سەۋەبكارى چېكىدىن ئاشقان هاراق ئىستىمالىنىڭ، كەيپخۇمارلىقنىڭ جەمئىيەتلىشىشىگە بېرىپ تاقىلىدۇ. بارغانسىرى ئېغىرلاپ كېتىۋاتقان ئىجتىمائى مەسىلىلەرنىڭ كەينىدە هاراقكەشلىكتىن ئىبارەت ئەنئەنىمىزگە يات ناچار ئادەتنىڭ بارلىقى ئىنكار قىلىپ بولمايدىغان بىر پاكىتقا ئايلىنىپ قالماقتا. هاراقنىڭ جەمئىيەتلىشىشى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائى توپ جەھەتتىكى بۆلۈنۈشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مىللىي ئويۇشۇش كۈچىمىزنى تۆۋەنلىتىۋاتقان مۇھىم بىر ئىللەتتۇر. بۇ

مەسىلىلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىش، ئۇنىڭغا قانداق ئىنكاس قايتۇرۇش، يۈز بېرىۋاتقان ھادىسىلەرگە قارىتا مۇۋاپىق، زامانغا، تەرەققىيات قەدىمىگە ماسلاشقان ئەمما ئەنئەنىنى ئىنكار قىلمىغان، نېگىزلىك قىممەت قاراشلىرىمىزغا مۇۋاپىق كەلگەن بولغان ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى ۋە ھەل قىلىش چارىلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىش خەلقىنى تەربىيىلەش رولىنى يۈكلىگەن ئەدەبىي ئىجادىيەتلىرىمىزنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسىدۇر.

ئەدەبىياتنىڭ مىللىيلىكى مەيدانغا كېلىۋاتقان ئىجادىيەتلىرىمىزنىڭ بۇ ھەقتە ئىپادە بىلدۈرۈشىنى، لايىقىدا پىكىر قاتناشتۇرۇشىنى تەقەززا قىلىدۇ. ئەمما، ئادەمنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغان بىر نوقتا شۇكى، ئەدەبىي ئىجادىيەتلىرىمىزدە بولىۋاتقان يۈكسىلىشلەردە بۇ ھەقتىكى نىسبۇلەرنىڭ بولمايۋاتقانلىقى ياكى يېتەرلىك نەزەرگە ئېلىنماسلىقىدۇر. بەلكى ئوت ئۈستىگە ياغ چاچقاندەك، شارابىبازلىقتا، ھاراقتا ئالاقىدار بايان ۋە تەسۋىرلەر كۆپلىگەن قەلەمكەشلەردىكى ئىجادىيەتنىڭ مۇھىم تەركىبى قىسمىغا ئايلىنىپ كېلىۋاتقانلىقىدۇر. ئۇلار خۇددى كۆنسىرى يامراۋاتقان ھاراقكەشلىك، كەيپخۇرمالىقنىڭ جەمئىيەتلىشىشكە پاس بېرىشىپ بېرىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قويۋاتىدۇ. بۇ خىل نۇرمالسىز ھادىسە ئەدەبىياتنىڭ رولى ھەققىدە كىشىنى گۇمانغا سالىدۇ.

توغرا، ئەدەبىيات تۇرمۇشنى چىن ئەكس ئەتتۈرۈشى كېرەك. چىنلىق ئەدەبىياتنىڭ جېنى. ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ خام ماتېرىيالى ئىجتىمائى تۇرمۇشتىن كېلىدۇ. چىنلىقتىن ئايرىلغان ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ قايىل قىلىش كۈچى بولمايدۇ. ئەمما بۇ دېگەنلىك ئىجادىيەت تۇرمۇشنىڭ ئەينەن ئۆزى دېگەنلىك ئەمەس. ئەدبىياتتىكى چىنلىق ئۇنىڭ تۇرمۇشقا يېقىنلىقىغا قارىتىلغان. تۇرمۇشتا نىمە بولسا شۇنى خاتىرىلەشكە قارىتىلمىغان. مەلۇم بولغىنىدەك، ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ تۇرمۇشتىن ئېلىنغان خام ماتېرىياللىرى يازغۇچىنىڭ قەلىمى ئارقىلىق تاللاش، شاللاشتىن ئۆتكۈزۈلۈپ، ئەسەرنىڭ چىقىش نوقتىسى ۋە ئۇنىڭدا يورۇتۇپ بېرىلمەكچى بولغان ئاخىرقى نىشاننىڭ، بۇ ئارقىلىق يەتمەكچى بولغان ئاخىرقى ئۈنۈمنىڭ نىمە ئىكەنلىكىگە ئاساسەن ئېلىپ بېرىلىدىغان جەرياندۇر. پىششىقلاپ ئىشلەش دېگەنلىك ئەسەردىكى مۇشۇ نوقتىغا قارىتىلغان. يازغۇچىنىڭ بۇ جەريانى ئەسەرنىڭ جەمئىيەتتە، مۇئەييەن بىر ئىجتىمائى توپتا ئوينىغان رولى ئارقىلىق ئۆز قىممىتىنى تاپىدۇ. ئىجادىيەتتە تاللانغان ۋاستىنىڭ قانداق بولۇشى ئاخىرقى ئۈنۈمنىڭ سۈپىتىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

نۆۋەتتە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بارلىققا كېلىۋاتقان خېلى كۆپ نىسبەتتىكى ئەسەرلەردە ( مۇتلەق دېيەلمىسەكمۇ )، مەيلى ئۇ ھاراق، ھاراقكەشلىك باش تېما قىلىنغان ياكى ئۇنىڭ

بىلەن ئالاقىسى يوق تىمالاردىكى ئەسەرلەردە بولسۇن، هاراق، ئىچىشۋازلىق ھەققىدە مەلۇم مەزمۇنلار بار. بۇ خىلدىكى هاراق، هاراقكەشلىك تۇتقا قىلىنغان تەسۋىرلەر خۇددى ئىجادىيەتنىڭ مۇهىم تەركىبى قىسمىدەك بەزى ئەسەرلەرگە زورمۇ زور، هېچبىر زۆرۈرىيەتسىز هالدا، بۇنىڭ ئەسەردىكى رولى، ئەهمىيىتى ھەققىدە قىلچە ئويلىشىلماي، ئىجادىيەتتىكى مودا ھېسابىدا ئۈشۈقچە قىستۇرۇلۇپ قويۇلماقتا. ئىجادىيەتنىڭ يىل سانى يىغىلىنىپ ماڭغانسىرى بۇ ھەقتىكى تەسۋىرلەر ئەرلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، يەنە ئاياللاردىكى ئىچىشۋازلىقمۇ ئومۇمىي كەيپىيات سۈپىتىدە ئەدەبىي ئەسەرلەردىن كەڭ ئورۇن ئالماقتا.

خېلى داڭلىق دەپ ئاتالغان بىر يازغۇچى تەرىپىدىن يېزىلغان، بۇنىڭدىن ئون يىللار ئىلگىرى نەشر قىلىنغان، ئەر كىشىنىڭ پىشىپ يېتىلىش جەريانىدىكى كىشىلىك تۇرمۇش سەرگۈزەشتىسى باش تېما قىلىنغان بىر روماندا هاراقكەشلىك ئاجايىپ كەڭرى بايانلار بىلەن يېپىدىن – يىڭنىسىگىچىلىك تەسۋىرلەنگەن. روماننى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، بۇ بىر هاراققا بېغىشلانغان، ئۇنىڭدا هاراقنى قايسى ۋاقىتتا قانداق ئىچىش، كىم بىلەن نىمە ئۈچۈن ئىچىش، ئادەم بولوشتىكى ئاخىرقى مەخسەتنىڭ هاراق ئىچىش ئىكەنلىكىنى ئۆگىتىش باش تېما قىلىنغان مەخسۇس ئەسەردىكىدەك تەسىراتقا كېلىپ قالدىم. كىشى ئىسىملىرى ۋە يەر – جاي ناملىرى ئۇيغۇرچە بولمىغىنىدا ئىدى، بۇنىڭ ئۇيغۇر تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بىر ئەسەر ئىكەنلىكىگە قەتئىي ئىشەنمەس ئىدىم. ( هېلىهەم بۇنىڭ ئۇيغۇر تۇرمۇشىغا بېغىشلانغان ئەسەر ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىمەن. )

بۇ رومان، زامان جەهەتتە مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ ئوتتۇرلىرىنى باشلانما قىلىپ ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 90 – يىللىرىغىچە بولغان قىسقىغىنا بىر دەۋرنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىدۇ. روماندا، ئەينى يىللاردىكى ئاچارچىلىقتىن قېچىپ كوچا ئارقىلىق غولجىغا چىققان خوتەنلىك بىر جۈپ ئەر – خوتۇنلارنىڭ غولجىلىقلار تەرىپىدىن ياخشى مۇئامىلىگە ئېرىشىپ ئۈبدان كۈن كۆرگەنلىكى، ئاپەتلىك كۈنلەر ئاخىرلىشىپ بازار قويۇۋېتىلگەندە خوتەنلىكنىڭ سودا قىلىپ بېيىغانلىقى، بورۇن ئۆزلىرىگە ياخشىلىق قىلغان بىر نەچچەيلەننى شېرىك قىلىپ زاۋۇت قۇرۇپ كۆپ پۇل تاپقانلىقى، كېيىن بۇ خوتەنلىكنىڭ خوتەندىكى ئاكىسىنىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن شېرىكچىلىككە خىيانەت قىلىپ، خوتەنگە بېرىۋېلىپ ئۇلارنى نۇرغۇن زىيانغا ئۇچراتقانلىقى، غولجىلىقلار شېرىكلەرنىڭ خوتەنگە بېرىپ ئۇنى مەست قىلىپ باغلاپ غولجىغا ئېلىپ كېلىپ ئەنتىنى ئېلىپ قويۇپ بەرگەنلىكى، ئەمما مۇشۇ چاغدا ھېلىقى خوتەنلىكنىڭ قىلغانلىرىغا تووۋا قىلىپ، رەسمىي ئادەم بولۇش ئۈچۈن غولجىلىق بۇرادەرلىرىنىڭ هاراق سورۇنىغا قايتىپ كەلگەنلىكى بىلەن

ئاخىرلىشىدۇ. رومانىدا ئىلگىرى سۈرۈلگەن يۇرتىۋازلىق، كەمسىتىش ياكى باشقا يۇرت ئۇيغۇرلىرىنى ھېچقانچە چۈشەنمەسلىك، تۇرمۇش دېتاللىرىنىڭ ساختىلىقى قاتارلىق ئەجەللىك ئاجىزلىقلىرىنى دېمەي تۇرۇپ، ماقالىمىزگە مۇناسىۋەتلىك تەرىپىنىلا تىلغا ئالساق، ناھايىتى 400نەچچە بەتلىكلا بۇ رومانىدا ئالاھەزەل 100 قېتىملىق ھاراق ئولتۇرۇشى ياكى ھاراق ئىچىشلەنلىككە ئائىت تەسۋىرلەر بار. ناۋادا بۇ روماننىڭ ھاراق ياكى ھاراق سورۇنى تەسۋىرلەنگەن قىسمىنى چىقىرىۋەتكەندە، بەلكىم 150بەتتەك مەزمۇن قىلىشى مۇمكىن. رومانىدا بېرىلگەن دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى ئاپتور تەرىپىدىن مەدەنىيەت ئىنقىلابى دەپ ئېيتىلغان بىلەن، ئەمما ئۇنىڭدا ئەكىس ئەتكەن تۇرمۇش كارتىنىلىرىدىن بىز بىلىدىغان مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ پۇرىقىنى بىلىش قىيىن. رومانىدا تەسۋىرلىنىۋاتقان مەدەنىيەت ئىنقىلابى شۇنچە چېكىگە چىققان ۋاقىتلاردىمۇ ئاددى كوممۇنا ئەزالىرى بولمىش پېرسوناژلارنىڭ كۆن ئاشۇرۇپ ئىلىپ بېرىلىۋاتقان ھاراق سورۇنى، بولۇشىغىچە كەيىپ قىلىپ كۆڭۈل ئېچىش خاھىشى، چەكتىن ئاشقان زابويلۇق ئادىتى، مۇھىمى مۇشۇ ئىللەتلەرنىڭ ئاپتور تەرىپىدىن ياكى پېرسوناژ تىلىدىن بولسىمۇ ھېچقانداق ئەيىب سۈپىتىدە ئىنكاس قايتۇرۇلماسلىقى، بەلكى ئۇيغۇر تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم پارچىلىرىدىن قىلىپ كۆرسىتىلىشى ئەدەبىياتىمىزدىكى بىر خۇنۇكلىكتۇر. گەرچە، مەن 80 – يىللاردىن كېيىن تۇغۇلغان، مەدەنىيەت ئىنقىلابىنى باشتىن كەچۈرۈپ باقمىغان بولسامىمۇ، ئەمما كۆرمىگەن شاھىت ۋە تاغدەك پاكىت ئارقىلىق مەدەنىيەت ئىنقىلابىنى بىر مۇدھىش زامان، تەتۈر قۇيۇن دەپ بىلىپ كەلگەنمەن. ئۇ ۋاقىتلاردىكى ئاچارچىلىق، يوقسۇزلۇقنىڭ ھەممە كىشىنى قالدۇرماي يوقلاپ چىققانلىقىنى بىلگەنمەن. ئەمما رومانىدىكى تەسۋىرلەرگە قاراپ ئادەم ئىككىلىنىدۇ. بىز ئاچارچىلىق جاھاننى قاپلاپ خەلق بىر پارچە نانغا زار بولىۋاتقان چاغلار دەپ بىلگەن بىر دەۋرنى تولا كۈنلىرىنى ھاراق ئىچىپ، دوستلار ئارا يىغىلىپ كۈلكە – چاقچاق بىلەن ئۆتكۈزگەن، تۇرمۇشتىن غېمى يوق بىر توپ كىشىلەرنىڭ ھاراق بىلەن كۆڭۈل خوشى قىلىشىدىكى چاغلار قىلىپ تەسۋىرلىگەن تۇرسا! قورساقنى تويغۇزۇش ئەمەس، ئۇنى ئەستەرلىگىدەك بىرەر يېمەكلىككە ئېرىشىشنىڭ ئۆزىمۇ چوڭ غەنىمەت بولىۋاتقان شۇ دەۋرلەردە نەدىن كەلگەن كەڭتاشا ھاراقكەن ئۇ ئۇزۇلدۇرمەي بولىۋاتقان سورۇنلاردا ئۆكسىمەيدىغان؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ دېگەن پىلانلىق ئىگىلىك يولغا قويىلىۋاتقان چاغلار تۇرسا، پۇل بولغان بىلەنمۇ دەماللىققا سېتىۋالغىلى بولمايدىغان ۋاقىتلار تۇرسا ئۇ لازىمەتلىكلەرنى؟ يەنە دىسەك، ھاراق ھازىرقىدەك كەڭرىچىلىك، تۇرمۇش باياشات بىر دەۋردىمۇ بۇنچىلىك شارابىازلىق يوق ئۇيغۇرلار ئارىسىدا. ئۇنىڭ ئۈستىگە روماننىڭ يېشىمى سۈپىتىدە بېرىلگەن ئازغان كىشى ئوبرازىدىكى باش

قەھرىمانىنىڭ خاتالىقلىرىغا پۇشايمان قىلىپ، پىشىپ يېتىلگەن، تاۋلانغان رەسمىي ئەر بولۇشىنىڭ جەريانى قىلىنىپ، ئەر بولماقلىقنىڭ ئاخىرقى پەللىسىگە ئىشارەت قىلىنغان ئاخىرقى بايانلارنىڭ باش پېرسوناژنىڭ ھەقەمسايىلىرىنىڭ سورۇنىغا – ھاراق ئولتۇرۇشىغا قايتىپ كېلىشى بىلەن تۈگىشىمۇ ئىجادىيەت مۇۋاپىقىيەتلىرىمىز ( ناۋادا بىز رومانچىلىقنى ئەدەبىياتىمىزدىكى بىر مۇۋاپىقىيەت دەپ قارىغىنىمىزدا ) ئىچىدىكى بىر ئېچىنىشلىق تىراگىدىيەدۇر.

تونۇلغان بىر ئەدەبىي ئاخبارات يازغۇچىمىزنىڭ ئەدەبىي ئاخبارات توپلىمىدا، ئۇنىڭ زىيارەت جەريانىدا باشقىلار بىلەن بولغان ئۇچرىشىلىرى شۇنچە جىق ئورۇنلار تۇرغۇچىدا ھېچبىر زۆرۈرىيەتسىز ھاراق ئىستىمال سورۇنلىرى ياكى ھاراقا زورلىنىدىغان، ئۇنىڭغا غىدىقلىنىدىغان جايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. بۇ توپلامنىڭ كۆپىنچە بايان ئوبيېكتلىرى ياش قىزلار بولۇپ، ئاپتورنىڭ بۇ قىزلار بىلەن ھاراق ئېچىشكەش ئولتۇرۇپ سۆھبەتلەشكەنلىكى، ئۇلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاڭلىغانلىقى، ھەتتا تېخىمۇ لاۋزىلىشىپ ھاراقنى ئۇ قىزنىڭ قانداق ئىچكەنلىكى، ئۆزىنىڭ قانداق مەستخۇش بولغانلىقى، كوچىلاردا كەيپىنىڭ كۆچى بىلەن قانداق سەيلە قىلىشقانلىقى دېگەندەك قىلىنماسلىق كېرەك بولغان، ناۋادا ھەقىقەتەن مۇشۇنداق قىلىنىپ قالغان تەقدىردىمۇ ئۇنى قەغەز يۈزىدىن يۇشۇرۇش زۆرۈر بولغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ بايانلارنىڭ ئەسەرنىڭ يۈرۈتماقچى بولغان باش تېمىسى بىلەن ھېچبىر باغلىنىشلىقى بولمىغان ئەھۋالدا بۇنداق قىلىشىنىڭ ئارتۇقچىلىق ئىكەنلىكى ئېنىق بولغان تەپسىلاتلارنىڭ بۇ قەدەر تەپسىلىي ۋە ئاشكارا يوسۇندا ھەتتا بەزى مەزمۇنلاردا چەكتىن ئاشقان قىلىقسىزلىق پاسۇندا ئوقۇرمەنلەرگە سونۇلۇشى ئادەمنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدۇ.

ئەدەبىياتىمىزدىكى ئىجادىيەتلەردە مەيلى ئۇ رومان بولسۇن ياكى پوۋېست ۋەياكى نەچچە بەتلىك ھېكايىلەردە بولسۇن، ھاراقا ئالاقىدار تەسۋىرلەرنىڭ بارغانسىرى كۆپىيىپ قىلىۋاتقانلىقى، بۇ ھەقتىكى ئوبيېكتلارنىڭ ئەرلەدىن ھالقىپ ھەتتا ئاياللارنى تەسۋىرلەشنىڭ ماتېرىيالى قىلىشى، ھەددىسە ۋەقەلىكنى ھاراق ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار بايانلار بىلەن بېيىتىشنى ئەسەرنىڭ جەلپكارلىقىنى ئاشۇرۇشنىڭ ۋاستىسى قىلىۋېلىش، ھاراق ئىچىشنى ئومۇمىي ئادەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، ئۇنى ئەسەرلەرنىڭ مۇھىم دېتاللىرى ھېسابلاپ، ئەسەر ۋەقەلىك تەرەققىياتىغا زۆرۈرىيەتسىز بولسىمۇ ھاراق ۋە ھاراق سورۇنلىرى ھەققىدىكى تەسۋىرلەرنى زورمۇزور قىستۇرۇپ قويۇش، ھاراق ئىچىش ۋە ئۇنداق سورۇنلاردا بولىدىغان پاراڭلارغا ئالاقىدار تەسۋىرلەرنىڭ بارغانسىرى ئەنچىكىلىشىشى ئومۇملىقا ئايلىنىۋاتىدۇ. بۇ خىل ھادىسە ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى

تەرەققىيات ئەمەس بەلكى، ئەدەبىياتنىڭ ئىجتىمائى رولىنى ئاجىزلاشتۇرۇشنىڭ سەۋەبكارىغا ئايلىنىپ قالماقتا. قەلەم ئىگىسىنىڭ ئۆز ئىدىيە ۋە قىممەت قاراشلىرىنى، مەسىلىلەرگە بولغان ئىنكاسىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى هادىسىلەرگە تۇتقان پوزۇتسىيەسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەدەبىي ئىجادىيەت ئەسەرلىرى يازغۇچى خاراكتېرىنىڭ، شەخسىيىتىنىڭ قەغەز يۈزىدىكى ئاشكارىلىنىشى بولۇپ، ئۇيغۇر ئەدەبىي ئىجادىيەتلىرىدىكى بۇ خىل ئېغىش ماھىيەت جەھەتتىن ئالغاندا، ئەڭ ئاۋۋال ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدە بار بولغان مۇشۇ خىل ئادەت ياكى تۇرمۇش ئۇسۇلىنى پۈرىتىپ ئۆتىدۇ. ئەمما بۇنداق بولغانلىق ئەدەبىياتنىڭ يېتەكلەش بۇرچىنىڭ ئەمەلدىن قالغانلىقىنى بىلدۈرمەيدۇ. دېمەكچىمىزكى، يازغۇچىلىرىمىز ئىجادىيەت جەريانىدا ئەڭ ئاۋۋال ئومۇمىي مەنپەئەتنى، خەلققە ھەققىي كېرەكلىك ئاڭ ياكى كۆرسەتمىنىڭ نىملىكىنى، قانداق مەزمۇندىكى ئەسەر مەركىزى ئىدىيىسىنىڭ بىزلەرنى ئۆزىمىزنى ئىسلاھ قىلىشقا، ساغلام تەرەققىي قىلىشىمىزغا يېتەكلەشكە پايدىلىق ئىكەنلىكىنى، نىمىنىڭ بىزنىڭ تۇرمۇش يولىمىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرۇشنى، ئاينىپ كەتكەن ناچار ئادەتلەرنى ئەدەتتىكى ئىش سۈپىتىدە ئەمەس بەلكى يامان قىلىق، ناچار ئەخلاق سۈپىتىدە تەنقىدلىيەلەيدىغان بولۇشنى ھېس قىلدۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. يازغۇچىدىن ئۆزىنىڭ يازغانلىرىغا، ئۇنىڭدىكى ئىدىيەلەرگە، ئۇنىڭدىن مەيدانغا كېلىۋاتقان نەتىجىلەرگە مەسئۇل بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى بۇ خىل ھاراق – شاراب ۋە كەيپكە ئالاقىدار بىمەنە دېتاللار، رىئاللىقتىن چەتنەپ كەتكەن، ئۇيغۇر ئەنئەنىسىگە يوچۇن، ئادەت – ئۇدۇملىرىمىزغا يات چېكىدىن ئاشقان تەسۋىرلەر ئوقۇرمەنلەرگە نە ئېستېتىك زوق بېرەلىسۇن؟ نە ئوقۇرمەنلەرنى توغرا تونۇش بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشتىن ساۋاق ئېلىشقا، ئىبرەت ئېلىشقا، ئۇلارنى تەربىيەلەشكە، مۇھىمى ئۇلارنى توغرا بولغان قىممەت قاراشقا يېتەكلىيەلىسۇن؟

دۇرۇس، يېقىنقى يىللاردىن بىرى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە سەلدەك يامراۋاتقان ھاراققا ھەددىن زىيادە بېرىلىش، كەسپىي زابويلارغا ئايلىنىپ توپ شەكىللەندۈرۈۋاتقانلار دىققەتنى تارتىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال شەھەرلەردىلا ئەمەس ھەتتا يېزىلاردىمۇ ئەۋج ئالماقتا. ھاراقكەشلىك بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ چۈشكۈنلىشىش، ئىجتىمائى ئورنىنىڭ تۆۋەنلىشى، ئىقتىسادتا ئاجىزلىششى، ئېغىر جىنايەت نىسبىتىنىڭ ئېشىشى ئوڭ تاناسىپ شەكىلدە نامايەن بولماقتا. ھاراققا قانچە بېرىلگەن، ھاراقكەش قانچە كۆپ جايلاردا بىچارىلىك ۋە بىقۇۋۇلۇق شۇنچە ئوچۇق – ئاشكارىلانماقتا. ئەنئەنىلەرنىڭ يىمىرىلىشى، ئائىلىلەرنىڭ بۇزۇلۇشى، ئەۋلادلارنىڭ ئېتىقادسىز چوڭ بولۇشى ئېغىرلاشماقتا. ھاراقكەشلىكنىڭ

ئىجتىمائىلىيىشىدەك بۇ خىل ناچار يۈزلىنىش پەيدا قىلىۋاتقان تالاي – تالاي پاجىئەلەر، هاراق سەۋەبلىك بۇزۇلىۋاتقان نەچچىلىگەن ئائىلىلەر، هەق – هوقۇقلىرى لايىقىدا هۆرمەت قىلىنمىغان، تۇرمۇشنىڭ جاپالىرىغا تاشلاپ قويۇلىۋاتقان مەزلۇم ئاياللار، يېتىم بولۇپ خورلۇققا پاتقان باللار، هاراق ئىچىۋېلىپ قىلىنغان جەڭگى – جېدەل، ئۇرۇش – سوقۇشلار، قاتىللىق، بۇلاڭچىلىق كەبى جىنايەتلەر، ئەرلەرنىڭ هاراققا بېرىلىشى سەۋەبلىك ئۇلاردىكى ئۇنتۇلغان مەسئۇلىيەتلەر، تاشلىنىپ قالغان بۇرچلار، مۇهىمى پايخان بولىۋاتقان ئەرلىك سالاهىيەت ۋە هۆرمەتلەر، غۇرۇر ۋە ئېتىقادلار، ئىسىل قىممەت قاراشلىرىدىن يىراقلىشىۋاتقان ئەۋلادلار، يېمىرىلىۋاتقان ئەنئەنىۋى قورغانلار، ئەۋج ئېلىۋاتقان ئەخلاقىي بۇزۇلۇشلار، سىندىن قىلىۋاتقان قىزلىق شەرمىي – هايا ۋە ئىپپەتلەر قەلەم تۇتقانلارغا بېرىلگەن قاتتىق بىر سىگنالدۇر. ئەدەبىياتىمىزنى بۇنىڭغا ئىنكاس قايتۇرۇشقا ۋە ئۇنىڭ توغرا هەل قىلىش شەكىللىرىنى، كىشىلەرنى بۇنداق پاجىئەلەردىن قوتۇلۇشقا، يىراق تۇرۇشقا يېتەكلەيدىغان، مۇشۇ هەقتە ساغلام بىر كۆرسەتمە تەقدىم ئېتەلەيدىغان ئىجادىيەتلەرنى مەيدانغا كەلتۈرۈشكە زورلايدۇ. ئەدەبىياتنىڭ تۇرمۇشنى چىنلىق بىلەن تەسۋىرلەش تەلىپى ئۇنىڭدىكى مەركىزى ئىدىيەنىڭ، ئىلگىرى سۈرۈلمەكچى بولغان قىممەت قاراشنىڭ تۇرمۇشتىكى ئەينەن رېئاللىق ياكى شۇنىڭ كۆچۈرۈلمىسى ئەمەس، بەلكى رېئاللىقتىن ئۈستۈن تۇرىدىغان، كىشىلەرگە كۆرگىنى ياكى ئويلىغىنى بويىچە ئەمەس، بەلكى ئۇلار تېخى ئويلاپ يەتمىگەن ياكى هېس قىلالمىغان نۇقتىلارنى تەقدىم قىلىشى، ئوقۇرمەنلەرنى توغرا يۆنىلىشكە يېتەكلەشى كېرەك دېگەنلىكتۇر.

هاراقكەشلىك ئۇيغۇرلارغا ئەنئەنە ئەمەس، پاكىت شۇكى، ئۇ ئۇيغۇرلارغا بىرەر مەنپەئەت ياكى پايدا ئېلىپ كەلگىنىمۇ يوق. ئۇنىڭ ئېلىپ كەلگىنى سورۇقچىلىق، رەسۋالىق، بىقۇۋلۇق ۋە يېمىرىلىشتىنتۇر. شۇڭلاشقا ئىجادىيەتتە بۇ هەقتىكى تەسۋىرلەرنى ئوچۇقلاشتۇرۇش، ئىنچىكىلەشتۈرۈشنىڭ ئورنىغا، كىشىلەرنى ئۇنىڭدىن يىراق تۇرىدىغان، كىشىلىك قەدىر – قىممەتنى ساقلاشقا دەۋەت قىلىدىغان، كېلىچەك، تەقدىر ئۈستىدە ئويلىنىدىغان، ئاشۇلارغا كۆڭۈل بۆلىدىغان مەزمۇنلارنى كۆپرەك يورۇتۇپ تەخىرسىز مەسىلىلەرگە تەخىرسىز مۇئامىلە قىلىدىغان ئۇيغاق پوزۇتسىيەنى يېتىلدۈرسەك. ئەمەس بايانلار بىلەن ئىجادىيەتنىڭ قىممىتىنى پاخاللاشتۇرۇپ، ئۇنى سۈپەتسىزلىككە سۆرەش هەممىمىز كۆرۈشنى خالىمايدىغان بىر ئەهۋالدۇر. چۈنكى، ئىجادىيەتنىڭ سۈپەتسىزلىكى ئۇنىڭ قىممەت قاراشلارنى ئاستۇن – ئۈستۈن قىلىۋېتىشى بىلەن ئىپادىلىنىشى نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتتە ئالدىنى ئالمىسا بولمايدىغان بىر تەخىرسىزلىكتۇر.

ئەدەبىياتتىكى سىرىقلىشىش ۋە بىمەنە مۇھەببەت دىتاللىرىنىڭ جىقلاپ كېتىشى نىمەدىن دېرەك بېرىدۇ؟

مۇھەببەت تېمىسىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تېماتىك مەزمۇن سۈپىتىدە قوللىنىلىشاتقانلىقىغا ئۇزۇن دەۋرلەر بولدى. نەچچە ئۆزگىرىش ۋە بۇرۇلۇشلارنى ياساپ، نادىر نەتىجىلەرنى يارىتىپ بىزنى شاتلاندۇردى. يىقى زامان ئەدەبىي ئىجادىيەتلىرىمىز بۇ كونا ئەمما مەڭگۈلۈك تېما بولغان مۇھەببەت تېمىسىنى ئۆزىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن قىلىپ، ئىجادىيەت سەيناسىنى بېيىتىپ كەلدى. ئەمما بۇ سەينادىكى تارىيش يۈزلىنىشى، يەنى مۇھەببەت ئوقۇمىنىڭ نوقۇل ھالدىكى قىز – ئوغۇللار ئارىسىدىكى ئىشىققا، ئەر – ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى ئاشىنىدارچىلىققا مەركەزلىشىپ قېلىشى بىزنى بىئارام قىلىدۇ. شۇنداقلا بۇ خىل تارىيىشىنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە ئەدەبىياتىمىزدا بارلىققا كېلىۋاتقان يىقى ئىجادىيەتلەردە غولداپ كېتىۋاتقان جىنسىيەت دىتاللىرى بىزنى تەئەججۈپلەندۈرىدۇ.

مۇھەببەتنىڭ، يەنى كېلىپ ئەر – ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى سۆيگۈگە، مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرىگە، ئۇلاردا ئەكىس ئەتكەن دۇنيا قاراش ۋە قىممەت يۈزلىنىشلىرىنىڭ ئۆزگىرىش تەرەققىياتىغا بېغىشلانغان ئەسەرلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى ئەلۋەتتە نورمال ھادىسە. ئۇنى ئالقىشلاشقا، رىغبەتلەندۈرۈشكە تامامەن بولىدۇ. ئەدەبىياتنىڭ تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇرنى كەڭ قاناتلاندۇرۇپ، جەمئىيەتتىكى رېئال مەسىلىلەرنى ئەكىس ئەتتۈرۈش باش تېما قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتلىرىمىزدىكى ئەھمىيىتىگە كۆز يۇمغىلى بولمايدۇ. ئەمما باش تېمىنى يورۇتۇشتىكى ۋاستىنىڭ كەچتىن ئېشىشى ياكى ئاخىرقى رامكىلاردىنمۇ ئاينىپ كېتىشى ھاي قىلمىسا بولمايدىغان مەسىلەدۇر.

ئىلان قىلىنغان ئەسەرلىرىمىزگە قارايدىغان بولساق، ھاراق ۋە جىنسىيەت تەسۋىرلىرى ئەڭ كۆپ چېلىقىدىغان مەزمۇنلارغا ئايلىنىپ قىلىۋاتىدۇ. قانداقلا بىر ئەسەر بولمىسۇن، ئۇنىڭدا جىنسىيەت ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنىڭ كۆرۈلۈش نىسبىتى كۈندىن – كۈنگە يوقىرىلاپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ خىل يامان ئەھۋال رومان ئىجادىيەتلىرىدە بەكرەك گەۋدىلىك.

ئۇيغۇرلار ئىپپەت قارىشى تولىمۇ كۈچلۈك بىر مىللەت. ئۇلاردىكى نۇرغۇن قىممەت قاراش ۋە مەدەنىيەت ھاسىلاتلىرى دەل مۇشۇ ئىپپەت قارىشى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىكتۇر. ئۇيغۇر كىشىلىك تۇرمۇش پەلسەپەسىدىكى ئاساسىي ئۇل – نومۇس كۈچىمۇ ئىپپەت قارىشىنى تەگ قىلغان. ئۇيغۇر پىسخىكىسىمۇ بۇنىڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەرگە بەكلا سەزگۈر بولۇپ، تولا ھاللاردا جەمئىيەتتە ئاسانلا پىكىر ئېقىمى شەكىللەندۈرەلەيدۇ. ئۇلاردىكى بۇ قاراش ئۆتكىلى بولمايدىغان قىزىل سىزىق سۈپىتىدە

كۆندىلىك تۇرمۇشىمىزدا ھېلىھەم ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىپ تۇرماقتا. جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي قورۇلمىسى جىددىي ئۆزگىرىش ياساۋاتقان، ئەنئەنىۋى قىممەت قاراشلار تىز سۈرئەتتە ئاجىزلاۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇرلاردا مەۋجۇت بولغان جىنس ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار تېمىلار يەنىلا سەزگۈرلۈك پېتىنى يوقاتماي، ئەنئەنىمىزدىكى نىگىزلىك قىممەت قاراشلار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ كەلمەكتە. ناۋادا ئۇيغۇرلاردىكى بۇ ئاڭ يوقاپ كەتكەندە ئىدى، ئۇيغۇرلارنىڭ نومۇس تۇيغۇسىمۇ قۇرۇق نەرسىگە ئايلىنىپ قالغان بولاتتى. دېمەك، ئۇيغۇرلاردىكى بۇ قاراش ئۇيغۇر كىشىلىك مۇناسىۋەت ھالقىلىرىنى بىر – بىرىگە باغلاپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى تىرەپ تۇرماقتا. نۇ نوقتىدىن ئالغاندا، ئۇ، كم بولۇشى ۋە نىمە يۈز بېرىشىدىن قەتئىينەزەر چوقۇم ئەستايىدىل، ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلىنىشى كېرەك بولغان بىر تۇسۇقتۇر. ئۇيغۇرلاردىكى ئىپپەت قارىشىنى قوغداش ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى قوغداشتىكى مۇھىم تەركىۋى قىسىمدۇر.

ئەدەبىيات تۇرمۇشنىڭ ئەينىكى. بىر مىللەت مەدەنىيەتنىڭ، قىممەت قاراشلىرىنىڭ ئىپادىلىنىشىنىڭ مۇھىم ۋاستىسى. ئەدەبىياتنىڭ مىللىيلىكى ئۇنىڭ مىللەتكە نىسبەتەن ئەنئەنىۋى قىممەت قاراشلارنى، تۇرمۇش ئۇسۇللىرىنى ئەكىس ئەتتۈرۈش ۋە ئۇلارنى جارى قىلدۇرۇشتا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. ئۆز ئەنئەنىلىرى ۋە قىممەت قاراشلىرىغا لايىقدا ھۆرمەت قىلىش، ئۇنى توغرا ئۇسلۇب بىلەن بايان قىلىش، نىگىزلىك قاراشلارغا ئەمەل قىلىش ئەدەبىياتنىڭ قەلەمكەشلەرگە قويىدىغان مۇھىم تەلەپىدۇر.

جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئەر – ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىقنى بارغانسىرى يېقىنلاشتۇردى. يەنى ئاياللارنى بۇسۇغىنىڭ تېشىغا يۈزلەندۈردى. كۆپلىگەن ساھەلەردە ئاياللار ئەرلەرگە ئوخشاشلا ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىپ، مۇئەييەن كۆلەم شەكىللەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىيلىشى ئۇلارنى يەنە يىگى – يىگى مەزمۇنلارغىمۇ باشلاپ كىردى. يات ئەرلەر بىلەن بىمالال ئالاقە قىلىش، كەچلىك سورۇنلارغا قاتراش، قاتار چاي زىياپەتلىرىگە داخىل بولۇش، باشقىلار بىلەن چەكلىمىسىز مۇناسىۋەت ئورنىتىش نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر ئايالىرىنىڭ تۇرمۇشىدا ئادەتتىكى مەسىلىگە ئايلىنىپ قالدى. مەسىلىنىڭ ئىككى تەرىپى بولغىنىدەك، ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىيلىشى ئۇلارغا بەزى ھەق – ھوقۇقلارنى بەرگىنى، ئۇلارنى يوقىرى ئېمتىيازلاردىن بەھرىمەن قىلغىنى بىلەن، ئۇلارنى يەنە بىر قاراڭغۇ تەرەپكىمۇ سۆرەپ كىردى. ئائىلىسىدىن چېنىش، ئۆز جۇپتىغا خىيانەت، كەيىپ ۋە پۇل – مالغا بېرىلىش، ئاشىندارچىلىق، داغۋازلىق، باشتۇڭلۇق قاتارلىق بولمىغۇر جىنايەتلەر ئۇلارنى چوڭقۇر ھاڭلارغا، تۇرمۇشنىڭ كۆلپەتلىرىگە، چۈشكۈنلۈكلىرىگە مۇپتىلا قىلماقتا. نۇرغۇنلىغان تىراگېدىيەلەرنىڭ باش

ھالقىسىغا ئايلىنىپ قالماقتا.

تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسى بولغان ئەدەبىي ئەسەلەر تۇرمۇشتىكى بۇ ۋەقەلىكلەرنى مەنبە قىلىپ تۇرۇپ، جەمئىيەتتىكى مۇشۇ خىل مەسىلىلەرگە ئوخشىمىغان نوقتىلاردىن، پەرقلىق قىممەت قاراشلارنى تۇتقا قىلىپ باھا ۋە ئىنكاس قايتۇرۇشقا باشلىدى. ئەمما بىرنىڭ كەينىدىن بىرى مەيدانغا چىقىۋاتقان بۇ ئىجادىيەتلەر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىغا يېڭى ئىجادىيەت مەنبەسى تەقدىم قىلغان بۇ مەسىلىلەرگە كۆپلىگەن كۆلپەت ساھىبلىرى كۆزلىگەن، ئۇلار ئۈمىد قىلغان چىقىش يولىنى كۆرسىتىشتىن، ئۇلارغا ئۇلار تەلپۈنگەن ھايات ئىستىلىنى تەقدىم قىلىشتىن ئاجىز كەلدى. ئىجادىيەتلەردىكى ئىنكاس ئۇلارنىڭ خاتا تۇرمۇشىنى تەسۋىرلەش، ئازغۇن يوللىرىنى ئۇچۇقلاشتۇرۇپ بېرىش، ئۇلارنىڭ تىراگېدىيەلىرىنى ئوقۇرمەنلەرگە ئەينەن تاشلاپ قويۇشنىڭ نېرىسىغا ئۆتەلمىدى. قىسمەن ئاپتورلاردىن باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرى ئوقۇغۇچىلارنى ئېنىق بىر يەكۈن بىلەن تەمىن ئېتەلمىدى، بەلكى ئەسەردىكى بايان دېتاللىرى ئەكسىچە ئۈنۈم بېرىپ، بۇ خىل ناچار قىلمىشلارنىڭ ئەدەپ كېتىشىگە سەۋەب بولماقتا.

ئەر – ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى تىراگېدىيە، ئىجتىمائى تۇرمۇشتىكى تاپتىن چىقىش، ياش قىزلارنىڭ زالالەت كوچىسىغا يەم بولۇۋاتقانلىقى، قىز – ئوغۇل ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتلىشىش دېگەندەك مەخسۇس مۇشۇ خىل خاس تېمىغا بېغىشلانغان ئەسەرلەردىلا ئەمەس، بۇنىڭغا يېقىنمۇ كەلمەيدىغان مۇناسىۋەتسىز تېمىلاردىكى ئەسەرلەردىمۇ جىنسىيەت ۋە شەھۋانىيلىق ھەققىدىكى تەسۋىرلەرنىڭ كەڭرىلىكى، تەپسىلى ۋە ئۇچۇقلۇقى، يەنى كىلىپ ئىنچىكىلىكى ھەققىدەن ئەپسۇسلىنارلىق بىر ئەھۋال. نىملا دەيلى، قانداقلا باھانە – سەۋەب كۆتۈرۈپ چىقمايلى، ئەدەبىي ئەسەرنىڭ شەھۋانىيەتنى، بۇزۇقچىلىقنى تەشۋىق قىلمايدىغانلىقى ھەممىگە ئايدىڭ. يەنە كىلىپ بۇ خىل ئەھۋالنىڭ بولغانلىقىلا ئۇنى ئىجادىيەتكە كەڭرى سۈرەپ كىرىشنىڭ سەۋەبى بولالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە يازغۇچىنىڭ چىقىش نوقتىسىمۇ بۇ ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەرنى تەربىيەلەشنى چىقىش قىلىدىغان بولغاندىكىن، ئەدەبىي ئەسەرلەردە كەڭ ئورۇن ئالغان بۇ خىل تەسۋىرلەرنىڭ كەلتۈرۈپ چىقارغان سەلبىي تەسىرىنىمۇ، ياشلارغا، ئۆزىنى كونترول قىلالمايدىغان تەنتەكلەرگە ئېلىپ كېلىدىغان ئەكس ئۈنۈمىنىمۇ ئويلىنىپ بېقىشقا، مۇھىمى قەلەم تۇتقۇچىلارنىڭ ئۆز قەلىمىدىن تامغان قورلارغا مەسئۇل بولۇشى كېرەكلىكىنى ئويلاپ بېقىش لازىم بولىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، ئەدەبىي ئەسەرلەرىمىزدىكى بارغانسىرى كۆپىيىۋاتقان جىنسىيەتكە ئائىت مەزمۇنلار ۋە بۇنىڭ ئۇچۇقلىشىپ، چەكتىن ئېشىپ بېرىۋاتقانلىقى يازغۇچىنىڭ

يىزنىقچىلىقتىكى بەدىئىي دىتىنى ئەمەس بەلكى ئۇلارنىڭ دۇنيا قارىشىنى، پسىخىك ئىچكىرىلىشىگە ئىپادىلەپ قويىدىغان بارومېتىردۇر. بەدىئىي دىت بۇنىڭ بىلەن ئۆلچەنمەيدۇ ئەلۋەتتە. ئوقۇرمەنلەرنىڭ ساغلام ئىستېتىك زوقىمۇ بۇنى تەلەپ قىلمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ مەسىلە شەخسىنىڭ كۆز – قاراشلىرىغا قاراشلىق مەسىلە ئەمەس. ئۇ مىللەتنىڭ قىممەت قارىشىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىدۇر. ئەتراپىمىزدا بۇ خىل ئەھۋالنىڭ يامراپ كېتىشى ياكى كۆپلەپ يۈز بېرىشى ئەدەبىي ئەسەرلىرىمىزدە ئۇنى كۆپلەپ بايان قىلىش، بۇ ھەقتىكى جەريانلارنى ئىنچىكە تەسۋىرلەش ياكى ئۇچۇقلاشتۇرۇش يولى بىلەن ئەمەس، بەلكى بۇنداق ناچار ئىللەتلەرگە قارشى تۇرۇش، چەكلەش، يەكلەش پوزىتسىيەسى بىلەن ئىپادىلىنىشى لازىم. ئەلۋەتتە ئۇنى ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئىنچىكە تەسۋىرلىمەي تۇرۇپمۇ بۇ خىل مەخسەتكە تامامەن يەتكىلى بولىدۇ.

ئەدەبىياتىمىزدا جىنسىيەت، شەھۋانىيلىق، قىز – ئوغۇللار ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت دېگەندەك بىمەنە مەزمۇنلارنىڭ جىقلاپ كېتىشلا ئەمەس، بەلكى ناھايىتى ئۇچۇقلىشىپ، ئىنچىكە تەسۋىرلەر بىلەن بايان قىلىنىشى تولىمۇ ئېچىنىشلىق بىر نەتىجىدۇر. ئوقۇرمەنلەرنى زەھەرلەيدىغان، خاتا تۈيغۇ ۋە بىر تەرەپلىمە ھۆكۈمگە سۆرەيدىغان، ئوقۇرمەننىڭ تەپەككۇرىنى ناتوغرا يۆنىلىشكە يېتەكلەيدىغان ناچار ئەھۋالدۇر. يەنە دەپ ئۆتسەك، ئەسەرنىڭ مەخسىتى بۇنداق مەزمۇنلارنى ئاخىرقى نىشان قىلمىغان ئەھۋال ئاستىدا، بۇ ھەقتىكى ئېچىنىشلىق بايانلارنى ئازلاشتۇرۇپ، ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىنىڭ ھەل قىلىش چارىسى ۋە ئوقۇرمەنلەرگە سۇنۇلماقچى بولغان ئەسەرنىڭ ئاخىرقى يېشىمى ۋە تەشەببۇسىنىڭ مۇۋاپىقىيەتلىك چىقىشىغا كۆچىگىنى ياخشى.

بۇ ھەقتە بىر يۇمۇر ئوقۇغىنىم ئېسىمدە. بىر مۇخبىر داڭلىق بىر يازغۇچىدىن بۇرۇنقى كىلاسسىك ئەسەرلەر بىلەن ھازىرقى ئەسەرلەرنىڭ پەرقى نېمە دەپ سورىغاندا، ھېلىقى يازغۇچى، بۇرۇن بىرەر كىتاپنى ئوقۇپ ئوتتۇرىغا بارغاندىمۇ قىز – ئوغۇلنىڭ مۇھەببەتلەشكەنلىكىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئەمما ھازىرقى ئەسەرلەردە ئوقۇپ 2- بەتكە بارمايلا ئۇلارنىڭ ھارامدىن بالا تېپىپ بولغانلىقىنى كۆرىسىز، دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ..

مەلۇم يازغۇچىمىز تەرىپىدىن يېزىلغان، ئوتتۇرا بايان ئۇسلۇبىدىكى بىر جۈپ قىز – يىگىتنىڭ تونۇشۇشىدىن باشلانغان بىر روماندا، 3- بەتتىلا باش پېرسوناژ قىزنىڭ بويىدا قالغانلىقىنى ئوقۇپ يوقىرى يۇمۇرنىڭ مۇنداقلا دەپ قويغان ھەزىل ئەمەسلىكىنىڭ، ئۇنىڭ يۈز بېرىۋاتقان ئېجادىيەت ئەمەلىيىتىدىن كەلگەنلىكىنى ھىس قىلىپ يەتكەنىدىم. ئەپسۇس، غەرپلىك بىر يازغۇچىنىڭ ئېغىزىدىن چىققان بىر گەپنىڭ بىزنىڭ ئارىمىزدا ئەمەلگە ئېشىپ قالغىنى دىسە!

17 ياشلار ۋاقتلىرىمغۇ دەيمەن. « ئانا يۇرت » رومانى يېڭى نەشر قىلىنغان ۋاقىتلار ئىدى. سىنىپ مەسئۇلىمىز بۇ كىتاپتىن بىر يۈرۈش سېتىۋېلىپ ئوقۇغۇچىلار دەپ بىرگە تارقىتىپ بەردى. كىتاپ قولدىن قولغا ئۆتۈپ، تالىشىشلار بىلەن ئوقۇلدى. شىنىڭ شىسىنىڭ بەتقىلىقىغا ئالاقىدار بايانلار بار قىسمى بولۇپمۇ ئوغۇللار ئارىسىدا بەكمۇ تالاشتا قالدى. بۇ رومان ھەققىدە ياتاقلاردا بولۇنغان پاراڭ ئارىلىقىدا بىر ساۋاقدىشىمىز ئۈچۈقلا قىلىپ، مۇشۇنداق يېرىنى دىمىسەك نىمىشقا ئوقۇيمىز بۇنى دېگەنىدى. بۇنىڭغا ياتاقتىكىلەردىن بىرەر قارشى ئىنكاس چۈشمىگەنىدى...« قىز كۆكسىگە چېكىلگەن كەپتەر » دېگەن ئەسەرنى ئوقۇپ، ئۇزەمنىڭ نىمە ئوقۇۋاتقانلىقىمنى، بۇ، دىيىلىۋاتقان سىرىق ئەسەرمۇ قانداق، بۇنى نىمىشقا ئاشكارا تارقىتىدىغاندۇ دەپ گاڭگىراپلا قالغانىم ئىسىمدە. « نازىنىن قىزلار » نەشر قىلىنغاندىن كىيىن ما ئادەمگە نىمە بولغاندۇ ئەمدى دەپ ئەپسۇسلانغانىدىم. ئاشىقلىقنىڭ گۇناھ ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاشنى نىشان قىلغان، مۆتىۋەر بىر يازغۇچىمىزنىڭ قولىدىن چىققان، ئوقۇرمەنلەر بىلەن يېقىندا يۈز كۆرۈشكەن بىر رومان‌دا، ئىرى بار چوكاننىڭ يېزىغا چېنىقىشقا چۈشكەن بىر بوز يىگىتكە ئاشىق بولۇپ قالغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن ئىرى بىلەنمۇ زورمۇزور ئاجرىشىپ ( بۇ جەرياندا نىكاھىدىكى ئەرگە قىلىنغان خىيانەتلەرمۇ بار. ئەمما بۇ ئاپتۇر قەلىمىدە ئەيىبلىنىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئاشىقلىق نامى بىلەن ئاقلىنىپ، بىچارە ئەر زومىگەر قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ.) ھېلىقى يىگىت بىلەن مەڭگۈ بىللە ئۆتۈشكە ئەھدە قىلىشىدۇ. ئەمما نامەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بىر مەزگىل توي قىلالمايدۇ. بۇ ئارىلىقتا قىزنىڭ ئۆيدىكىلىرى قىزنى بۇ ئىشتىن تۇسۇپ قويىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ مۇناسىۋەتلىرىگە چەك قويىدۇ. ئەمما بۇ چوكان ئاتا – ئانىسىغا، ھەتتا دادىسىنىڭ ئورۇشلىرىغا پىسەنت قىلماي داۋاملىق ئۇ يىگىتنىڭ ئۆيىگە بېرىۋالىدۇ. قولۇم – قىشنىلارنىڭ بۇ ئىككىسىنى ئەيىبلىگەنلىكىنى، ساقچىخانىدىن بۇ ئىككەيلەننىڭ بۇنداق مۇناسىۋەتلىرىنى تۇسۇشقا ئورۇنۇشلىرىنى قالاقلىق، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلىق قىلىپ ئەيىبلەيدۇ. ھەتتا ئۇ چوكان ئۆيىدىن سولاپ قويغان يەرلىرىدىن قېچىپ ( بۇ ھەقتىكى تەسۋىرلەرى چوكاننىڭ ئۆيىدىن قېچىپ چىقىشى باتۇرلۇق مەنىسىدە، ئاتا – ئانىسىنىڭ قىلغانلىرىغا قارىتا مەسخىرە، بىچارە كۆرسىتىش تەلەپپۇزىدىكى بايانلار قەدەمدە بىر ئۇچرايدۇ.) ئارقىمۇ – ئارقا ئۈچ كۈن ھېلىقى يىگىتنىڭ ئۆيىگە بارىدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە قونۇپ قالىدۇ. بۇ ھەقتىمۇ ئىككىسىنىڭ كىيىمنى قانداق سالغانلىقىدىن تارتىپ ھەممە قىلىقسىزلىقلىرى ھەققىدە خىلى كۆپ تەسۋىرلەر بار. 3 – كۈنى قوشنىلارنىڭ پاش قىلىشى بىلەن ساقچىلار كېچىسى كېلىپ نەق مەيداندا بۇ ئىككىسىنى تۇتىۋالىدۇ. ئەمما ئۇلار قىلچىلىك خىجىل بولۇشنىڭ، نومۇس قىلىشنىڭ ئورنىغا ساقچىلار بىلەن تەڭ

زوكۇنلىشىپ قارشىلىشىدۇ. ساقچىخانىغا ئېلىپ بېرىلىپ قىلىنغان سوراقلاردىمۇ بۇنداق ئىشنىڭ ئەخلاقسىزلىق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. تېخى چوكاننىڭ ساقچى باشلىقى بىلەن سوراق جەريانىدا بولغان دىئالوگى ئۇ چوكاننىڭ خۇددى دۈشمەننىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان قەھرىماننىڭ نوتۇقلىرىدەك تۇستە بېرىلگەن. قىسقىسى، چوكاننىڭ ھەرقانداق قىلمىشى قەھرىمانلىقنى كۆتۈرۈلۈپ تۇرۇپ باھا بېرىلگەن. چوكاننىڭ مۇشۇ قىلىقلىرى ئارقىلىق بىراۋنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشنىڭ خاتا ئەمەسلىكى ئىلگىرى سۈرۈلگەن. ھەقىقەت شۇكى، بىراۋنى ياخشى كۆرۈش گۇناھ بولمىغىنى بىلەن، ئېرى بار بىرىنىڭ ياخشى كۆرۈپ قالدىم دەپلا يەنە بىرىگە چاپلىشىۋېلىشى، نىكاھدىكى ئېرىگە خىيانەت قىلىشى قانداقلا بىر مەدەنىيەت كونتېكىستىغا قويۇلمىسۇن، ئۇ ئەخلاقسىزلىقلا ئەمەس بەلكى بىر كەچۈرگۈچىسىز جىنايەتتۇر. بۇنداق ئېنىق ھەقىقەتنىڭ قىلچىلىك نەزەرگە ئېلىنماي، ئەخلاق قاراشلىرىمىز ۋە نومۇس تۇيغۇلىرىمىزغا خىلاپ، بۇ دەرىجىدىكى چاكىنىلىق مەدھىلىنىدىغان، ئەسەرنىڭ جەمئىيەتتە پەيدا قىلغان تەسىرى بىلەن قىلچە ھېسابلاشمايدىغان، ئۆز قەلىمىگە مەسئۇل بولمايدىغان، كىشلەرنى چەكلىمىسىز شەھۋەتكە دالالەت قىلىدىغان بۇنداق ئەسەرنىڭ قانچىلىكمۇ قىممىتى بولسۇن؟

باشتىن – ئاخىر توي قىلمىغان بىر جۈپ قىز – ئوغۇل ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە بېغىشلانغان يەنە بىر رومانىمىزدىمۇ چېكىدىن ئاشقان جىنسىيەت تەسۋىرلىرى ۋە شەھۋانىيەت دېتاللىرىنى بايان قىلىش ئاساسىي مىتود قىلىنغان. ھەتتا پۈتۈن ئەسەر قىزنىڭ تىلىدىن بېرىلگەن ئاجايىپ ئۈچۈق ۋە قىلىن بايانلار بىلەن راۋاجلاندۇرۇلغان ھەم شۇ يۈسۈندا تۈگەللەنگەن. ئوقۇرمەن جىسمانىيەت جەھەتتىن ساغلام بولسىلا، بۇ روماندا بېرىلگەن تەسۋىرلەرنىڭ ئۆلارنى ھەر خىياللار، ھەر كويلارغا سالغانلىقى، ئەسەر ئارقىلىق بىرەر نەپ بېرىشنىڭ ئورنىغا، ئەسەبلىرىنى چالغىتقانلىقى ئېنىقتۇر. ئازغۇن بىراۋنىڭ قىلمىشلىرىنى يورۇتۇپ بېرىش زۆرۈردۇر، ئۇلارنىڭ كەچمىشلىرىنى ئوقۇرمەنلەرگە يەتكۈزۈپ بېرىش ئەسەرنىڭ ئېھتىياجىدۇر. ئەمما بۇنىڭ ئۈچۈن بۇ دەرىجىدە چاكىنا تەسۋىرلەرنى، بۇنچىلىك كۆپ قىلىن گەپلەرنى، يەنى كىلىپ توي قىلمىغان بىر قىزنىڭ ئېغىزىدىن بېرىشنىڭ زادى نىمە زۆرۈيىتى ۋە قانچىلىك مۇمكىنچىلىكى بار؟ بۇ دەرىجىدىكى جىنسىي ئۈچۈقلۇقنىڭ ئەسەرنىڭ بەدىئىي چىنلىقىنى يوقىرى كۆتۈرۈشكە قانچىلىك پايدىسى بار؟ ئەسەرنىڭ ئاخىرقى نىشانى كىشلەرنى بۇنداق بۇزۇقچىلىقلاردىن خەۋەردار قىلىشمۇ ياكى بۇ يولدا ماڭغانلارنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئاگاھلاندۇرۇشمۇ؟ ناۋادا كىشلەرنى بۇنداق بۇزۇقچىلىقلاردىن يىراق تۇرۇشقا دەۋەت قىلىش بولسا، مۇشۇ دەرىجىدىكى بايانلارنىڭ بېرىلىشىنىڭ نىمە ئەھمىيتى بار؟ بۇنداق بايانلارنىڭ كىشلەرنى

تەربىيلەشتىكى، ئۇلارغا توغرا يولنى كۆرسىتىپ، ساغلام ئىستىلغا يېتەكلەشتە قانچىلىك پايدىسى بار؟ ئۇيغۇرلاردا بارلىققا كېلىۋاتقان ئەسەرلەردىكى بۇ خىل جىنسىيەتكە ئائىت، ئەر – ئايالللار ئوتتۇرىسىدىكى ئىشقىۋازلىق، رەڭلىك سورۇن ۋە ھوقۇقدارلارنىڭ، باشلىقلارنىڭ بۇزۇقچىلىقى مەزمۇن قىلىنغان يالىڭاچ مەزمۇنلار بەزى ئاپتورلارنىڭ ئىجادىيەتلىرىدىن كۆپلەپ ئورۇن ئالماقتا. تەسۋىرلەش جەھەتتىن بارغانسېرى ئىنچىكىلىشىپ، ئوقۇغان ئادەمنى خىجىل قىلىپ قويىدىغان ھالەتكە كېلىۋاتىدۇ. بۇ ئەدەبىياتىمىزدىكى تەتۈر تەرەققىياتتۇر.

ئەسەردە بۇنداق تېتىقسىز، يالىڭاچ تەسۋىرلەرنى كۆپەيتىش، بايان ئۇسۇلى جەھەتتىن ئىنچىكىلەشتۈرۈش ھەرگىزمۇ يازغۇچىنىڭ قەلەم قۇۋۋىتىنىڭ كۈچلۈكلىكىدىن ياكى يازغۇچىنىڭ تۇرمۇشنى كۆزىتىشىنىڭ چوڭقۇرلۇقىدىن، ھادىسىلەرنى رېئاللىققا يېقىن، چىن يورۇتۇپ بەرگەنلىكىدىن، تۇرمۇشقا چۆككەنلىكىدىن دېرەك بېرىدىغان پاكىت ئەمەس. ئۇ يازغۇچىنىڭ بەدىئىي دىتىنىڭ يوقىرىلىقى تېخىمۇ ئەمەس. تېگىدىن ئېيتقاندا، بىر ئەسەردە بۇنداق مەزمۇنلارنىڭ تولا كۆزگە چېلىقىشى يازغۇچىنىڭ ۋەقەلىكنى كونترول قىلالمىغانلىقىدىن، پىكىر جەھەتتە قاتمىغانلىقىدىن، تەپەككۇرنى كونترول قىلالمايدىغان ئاجىزلىقىنىڭ، ساغلام دۇنيا قاراش ۋە جەمئىيەتكە مەسئۇل بولۇش ئېڭىنىڭ كەمچىللىكىدىن دېرەك بېرىدىغان بەلگىدۇر. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە يازغۇچىنىڭ جەمئىيەتنى كۆزىتىش، ئومۇمىيلىق مەۋقەسىدە تۇرۇپ پىكىر قىلىش، ۋەقەلىكنى ساغلام يۆنىلىشتە تەسەۋۋۇر قىلالماسلىقىدىن، تەپەككۇر جەھەتتىكى يەكۈن چىقىرىش، خۇلاسىلاش لوگىكىسىنىڭ كاملىكىدىن بولىۋاتقان ئىش. ناۋادا يازغۇچى بۇنىڭغا قادىر بولالىغىنىدا، ئەسەرلىرىنى بۇنداق چاكىنا قۇرلار بىلەن بىزەپ قىلىپ يۈرمىگەن بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق بۇنچىلىك كۆپ ۋە ئۇچۇق تەسۋىرلەرنى بەرمەي تۇرۇپمۇ يۈز بەرگەن ۋەقەلىكنى بىلدۈرگىلى، ئىپادىلىمەكچى بولغان ئىدىيەنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگىلى، ئوقۇرمەنلەرنى يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئاڭقىرىۋېلىش ئىمكانىيىتىگىمۇ ئىگە قىلغىلى بولىدۇ. ناۋادا ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىلغىنىدا، كۆپ چېكىت ئارقىلىقمۇ بۇنداق ئىشلارغا ئالاقىدار كۆپ مەخسەتلەرنى ئوقتۇرغىلى بولىدۇ. يەنە كېلىپ ئوقۇرمەن دېگەن ئۇنچىلىكمۇ پەمسىز كەلمەيدۇ. ئىشقىۋازلىق ھەققىدىكى تەسۋىرلەرنى يىپىدىن – يىڭنىسىغىچە ئىنچىكىلەشتۈرۈپ ئولتۇرمىسىمۇ، بۇزۇقچىلىق، شەھۋانىيەتتە نىمە ئىشلار بولىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىپمۇ بىلىۋالالايدۇ.

ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى جىنسىيەت ۋە بۇزۇقچىلىققا ئائىت مەزمۇنلارنىڭ ھەددىدىن زىيادە چەكتىن ئېشىپ كېتىشى ئويلىغاندىن ئەكسىچە ئۈنۈم بېرىپ قالىدۇ. ئىنسان نەپسى

جەھەتتىن بۇنىڭغا مايىل بولغىنى بىلەن، ئەقىل جەھەتتىن بۇنى مەلۇم چەكتە كونترول قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئاشكارىلانماسلىقنى، شەخسىي مەخپىيەتلىك سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىنىپ، پىنھانلىقنى ساقلىشنى تەقەززا قىلىدۇ. بۇ ھەقتىكى زىيادە ئۇچىغۇق ۋە كۆپ تەسۋىرلەر ئوقۇرمەننىڭ ئىچكى خىياللىرىنى ئاشقۇندىتىپ، ھىسسىيات جەھەتتىن بىنورمال غىدىقلايدۇ، تەپەككۇرىنى ئايىنىتىدۇ. بۇ ئەھۋاللار تەبىئىي ھالدا كىشىلەردىكى شەرم – ھايا تۇيغۇسىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ. ئەخلاقتىن چەتنەش، ئەنئەنىدىن ياتلىشىش، تاپتىن چىقىش خاھىشى كۈچلەندۈرىدۇ. بۇنداق خاھىشلارنىڭ جەمئىيەتلىششى ياكى كىشىلەرنىڭ يۈشۈرۈن ئېڭىدا يىلتىز تارتىشى ئەنئەنىگە زور خىرىس ۋە يوقۇتۇشلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. بىزنىڭ نۆۋەتتىك رىئاللىقىمىزمۇ بۇ نوقتىنى ئىسپاتلاپ تورۇپتۇ.

ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئاخىرقى مەخسىتى كىشىلەرنى تەربىيلەش، ئۇلارنى توغرا يولغا يېتەكلەش. ئۇيغۇر ئىجادىيەت لىنيەسىنىڭ مۇھىم نىشانلىرىدىن بىرى ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئەخلاقنى قوغداش، ئۇنى جارى قىلدۇرۇش، ھېچبولمىغاندا ئۇنى ھۆرمەتلەشتۇر. قولىغا قەلەم ئالغان ھەربىر ئادەم ئۆز ئىجادىيەت جەريانلىرىدا جەمئىيەتكە مەسئۇل بولۇش، خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، كىشلەرنى توغرا يولغا باشلاش مەسئۇلىيتىنى بارلىقنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى، مۇشۇ باش ئىدىيەنى تۇتقا قىلىپ تورۇپ ئەسەرنىڭ تەپسىلاتلىرىنى قانات يايدۇرۇشى كېرەك بولىدۇ.

جاھان ماددىي تەرەپتىن تەرەققىي قىلدى، كىشىلەرنىڭ مەنىۋىيىتىدىمۇ چېقى ئۆزگىرىشلەر بولدى، كۆپ پەردىشەپلەر كۆتۈرۈلۈپ كەتتى، نۇرغۇنلىغان ئەخلاقى ئاقىلار تاشلىنىپ ياكى سۇسلىشىپ قالدى... لېكىن ئەدەبىياتنىڭ خەلقنى تەربىيلەش، ئۇلارغا مەسئۇل بولۇش رولى ئۆزگەرمىدى. يازغۇچىلارنىڭمۇ ئوقۇرمەنلەرنى يېتەكلەش مەجبۇرىيتى ئۆزگەرمەيدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەردىن بىزگە كىرىكى جەمئىيەتتە بۇزۇقچىلىقلارنىڭ مەۋجۇت بولىۋاتقانلىقنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان ئۇچۇق تەسۋىر ئەمەس، بەلكى تۇرمۇشىمىزدىكى بۇزۇقچىلىقلارغا تۇتۇلغان ئېنىق پوزىتسىيە، بۇ خىل مەۋجۇتلۇقنى سالاھىيەت نوقتىسىدىن ئېنىكار قىلىش مەيكۈرەسىدىكى يەكۈن ۋە ساغلام يۆنىلىشنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئاخىرقى خۇلاسىدۇر. بۇنىڭدىن ئاجىز كەلگەن ئىجادىيەتنى لايەقەتلىك، سۈپەتلىك ئىجادىيەت دەپ قارىغىلى بولمايدۇ.

دىننىي ئېتىقادقا ئالاقىدار بايانلاردىكى يەڭگىللىتەكلىك ۋە خاتالىقلار نىمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟

ئالدىنقى يىلى مەكتىپىمىزدە دىيارىمىزدىكى ئەڭ نوپۇزلۇق ئۇنىۋېرسىتېت – شىنجاڭ

ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، تېخى چەتئەلدە ئوقۇپ دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى ئالغان بىر ئۇيغۇر پىروفېسسورنىڭ « ئىلىم چىندا بولسىمۇ ئۆگىنىڭلار»دېگەننى ئايەت دەپ ماقالىسىغا يېزىشى غولغۇلا ۋە نارازىلىق قوزغىغانىدى. تورلاردىمۇ بۇ ھەقتە ئاپتورغا ۋە ئۇنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسىغان بولغان بەزى قاتتىق – يېرىك مۇلاھىزىلەر بولۇپ ئۆتكەنىدى. ھەتتا بەزىلەر ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسىغا بولغان گۇمانىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆلگۈرگەنىدى. تېگىنى سۈرۈشتۈرگەندە ئەرەبلەردىكى قەدىمقى ھېكمەتلىك سۆز بولغان بۇ بىر جۈملە ئادەتتە جۇڭگودىكى مۇسۇلمانلاردا، تولىراقى خۇيزۇلاردا ھەدىس دەپ سۆزلىنىدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق جۇڭگو بىلەن ئىسلام مۇناسىۋىتىنى باغلاشقا دەلىل قىلىنىدۇ. مەلۇم بولغىنىدەك، ھەدىس ۋە ئايەت ئىككى گەپ. يەنى كېلىپ ئىسلام دىنىدىكى ئوقۇمى ناھايىتى ئېنىق بولغان، ئەڭ دەسلەپكى ئاددى ساۋات. بۇ ھەممە مۇسۇلمانغا ئايدىڭ بىر قاراش. لېكىن، مۇشۇنداق باشلانغۇچ مەلۇماتتىكى بىر ئوقۇم دوكتور ئاتالغان بىر پىروفېسسورنىڭ ماقالىسىدا كۆلكىلىك ھالدا تۆپتىن خاتا قوللىنىلغان. بۇنىڭ بىلەن يازغۇچىمىز ۋە بۇ ماقالە مەسخىرىلىك بىر باھا بىلەن يەكۈنلەنگەنىدى. دېمىسىمۇ ئۇيغۇر مەدەنىيەت مۇھىتىدا چوڭ بولغان، يەنە كېلىپ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر پىروفېسسورنىڭ قەلىمىدىن بۇنداق ئەجەللىك خاتالىقنىڭ سادىر بولۇشى كىشىنى ئاچچىق ئويغا سالىدۇ.

تەتقىقات ساھەسىگە مەلۇم بولغىنىدەك، دىن بىلەن مەدەنىيەت زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى بۇ مۇناسىۋەت ئۇزۇن مەزگىللىك سىڭىشىش، تەسىر كۆرسىتىشنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، ھەتتا بەزىدە قايسى دىن، قايسى مەدەنىيەت ئايرىغىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە گىرەلىشىپ كېتىدۇ. دىنىنىڭ تەسىرىدىن خالىي مەدەنىيەت يوق. مەدەنىيەتتىن مۇستەسنا دىنىمۇ تاپقىلى بولمايدۇ. دىن ئۆز نۆۋىتىدە يەنە كىشىلەرنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلى ۋە تۇرمۇش شەكلى بىلەن بىرىكىپ، مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم تەشكىلى قىسمىغا ئايلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن دىنىنىڭ بەزى ئاڭ، ئەھكاملىرى كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ بىر بۆلىكىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ ھەمدە ئۇزۇن مەزگىللىك تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدىن ئۆتۈپ، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىغا ئايلىنىدۇ. شۇ تۇپقا تەۋە كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىكى كىشىلىك پەلسەپە ۋە بىلىش جەريانىدىكى ئەقەللىي ساۋاتلارغا ئايلىنىپ، گاھ يوشۇرۇن، گاھ ئاشكارا يوسۇندا ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. دىنىنىڭ مەۋجۇتلۇقى مەدەنىيەتكە خىرىس بولمىغىنىدەك، مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىمۇ دىنىنى خىرەلەشتۈرۈپ قويمايدۇ. دىن بىلەن مەدەنىيەتنىڭ گىرەلىشىشى بىر مىللەتنىڭ ئەنئەنىسىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. ئەنئەنە دىن بىلەن مەدەنىيەتنىڭ گىرەلىشىشىدىن

قۇۋۋەت ئالىدۇ. دىن بىلەن مەدەنىيەت سىڭىشىش ئىچىدە مەۋجۇت بولۇش ۋە ماسلىشىش ئىچىدە تەرەققىي قىلىش جەريانىدا ئۆز قىممەتلىرىنى نامايەن قىلىدۇ. مەدەنىيەتنى دەپ دىندىن چىنىششقا، دىننى دەپ مەدەنىيەتتىن ۋاز كېچىشكە بولمايدۇ. بۇنداق قىلىش كۆز ئالدىمىزدىكى سۈنئىي تەرەققىيات بىلەن نەتىجىلىنىدۇ دە، ئۇزۇنغا قالماي ئۆزىدىكى خاتالىقلارنى ئاشكارىلاشقا باشلايدۇ ۋە جەمئىيەتنى يىغىشتۇرۇۋالغۇسىز تەرتىپسىزلىككە سۆرەپ ئەكىرىدۇ. دىن بىلەن مەدەنىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ھەل قىلىنىشىنى تەبىئىي تەرەققىياتقا قويۇپ بېرىش كېرەك.

ئۇيغۇرلار ئەنئەنىۋىلىكى كۈچلۈك بىر مىللەت. ئەنئەنىۋىلىك بىزنى ئۆزئارا باغلاپ تۇرغان مۇھىم بىر رامكا. كۆپىنچە ھالالاردا بىزدىكى كىشىلىك مۇناسىۋەت ھېلىھەم ئەنئەنە رامكىسى ئىچىدە يۇرۇۋىشىدۇ. ئۇيغۇر جەمئىيىتى چوڭ دائىرىدىن ئالغاندا يەنىلا ئەنئەنىنىڭ تەسىر دائىرىسى ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ كەلمەكتە. بۇ خىل ئەنئەنىۋىلىك تەبىئىيكى بەزى جەھەتلەردىن بىزنى دىن ياكى شۇنىڭغا تەئەللۇق ھادىسىلەر بىلەن ئازدۇر – كۆپتۇر باغلاپ تۇرىدۇ. ئىلمىي نوقتىدىن قارىغاندا، بۇنىڭ ھېچبىر پاسسىپ تەرىپى يوق. يەنە كېلىپ دىننىڭ پاسسىپ تەرىپى جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ تەبىئىي شاللىنىپ ماڭىدۇ. بىر مىللەت مەدەنىيىتىدىكى بەزى ئۆرپ – ئادەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋىلىكىنىڭ دىن ياكى ئۇنىڭغا ئالاقىدار ئاڭ ياكى شەكىللەرنى مەنبە قىلغانلىقىنى ئەجەبلىنىدىغان يېرى يوق. بۇ دۇنيا مىللەتلىرىدىكى ئومۇمىي ھادىسە. بۇ نوقتىدىن قارىغاندىمۇ دىن بىلەن مەدەنىيەتنى زادى ئايرىمەن دېيىشنىڭ ھېچبىر زۆرۈرىيىتى ۋە قىلچە رېئال ئەھمىيىتى يوق.

دىن ياكى مەدەنىيەتنىڭ كىشىلەرنىڭ ئىدىيە – قاراش ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىغا تەسىر كۆرسىتىشى ماھىيەت جەھەتتىن ئالغاندا، ئەنئەنىنىڭ شەكىللىنىش جەريانىدۇر. ئەنئەنىنىڭ شەكىللىنىشى كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ئىپادىلىنىش جەريانىدۇر. دېمەك، كىشىلىك تۇرمۇش ئەنئەنىنى چەتكە قاقمايدۇ. ئەنئەنە بولسا دىن ياكى مەدەنىيەتنى ئىنكار قىلمايدۇ. بۇلار بىر – بىرىنى شەرت قىلغان ئاساستا بىر پۈتۈنلۈكنى مەيدانغا چىقىرىدۇ. ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ خام ماتېرىيالى بولغان تۇرمۇش مانا مۇشۇنداق مۇرەككەپ مەزمۇنلاردىن تەركىپ تاپىدۇ. يازغۇچىنىڭ بۇلارنى چۈشىنىشى قانچە چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق بولسا، چىقىرىلغان يەكۈن ۋە خۇلاسە شۇنچە ئەمەلىيەتكە يېقىن، مۇۋاپىق بولىدۇ. ئىجادىيەتمۇ شۇنچە چىنلىققا ئىگە بولىدۇ. بۇنىڭغا ماس ھالدا ئىجادىيەتنىڭ سۈپىتىمۇ شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ، ئوقۇرمەنلەرنى قايىل قىلىش كۈچىمۇ شۇنچە ئاشىدۇ. بۇ يازغۇچىنىڭ ئۇنىۋېرسال بىلىم قۇرۇلمىسى ۋە ساپاسىغا مۇناسىۋەتلىك.

بەزى ئۇيغۇر زىيالىلىرىدا سادىر بولۇۋاتقان بىر تەرەپلىمىلىك، ئىلمىي جەھەتتىكى ئاجىزلىق، يەكۈندىكى خاتالىق قاتارلىق كەمچىلىكلەر ئۇلارنىڭ ئۆزى تەۋە ئېتىقاد ھەققىدە تولۇقراق چۈشەنچىگە ئىگە بولماسلىقى، ئۇنى تـوغرا تونۇيالماسلىقى سەۋەبىدىن چىققان بولۇپ، بۇ جەھەتتىكى بىلىمسىزلىك ئىلىم جەھەتتىكى خاتا ئوقۇمغا باشلاپ بېرىۋاتىدۇ. ئۆزى قەلەم تەۋرىتىۋاتقان تىما ھەققىدە ئېنىق مەلۇماتقا ئىگە بولۇش، ئۇنى ئەتراپلىق چۈشىنىش ئەقەللىي بىر تەلەپ. بۇنداق تەلەپنى قاندۇرمىغان ئىجادىيەتنىڭ خاتا خۇلاسە ۋە بۇنىڭغا چۈشكەن ھەرتەرەپلىمىلىك تەنقىد بىلەن تۈگەللىنىشگە ئەجەپلىنىپ كېتىشكە بولمايدۇ. ئۇيغۇر تۇرمۇشى ۋە ئۇلارنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالىنى، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ئىجتىمائى مەسىلىلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈشنى مەخسەت قىلغان ئەسەرلەردىكى ئىجتىمائى مۇھىتنىڭ مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى، تەبىئىكى ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي، مەدەنىيىتى بىلەن ئالاقىدار مەزمۇنلاردىن، بۇنىڭغا چېتىلىدىغان تەسۋىرلەردىن، ھەتتا بەزىدە بىۋاستە مۇشۇ تېمىلار نوقتىسىدىن تـورۇپ بېرىلىدىغان باياناتلاردىن قېچىپ قوتۇلالمايدۇ. بۇھەقتىكى تەسۋىرلەرنىڭ قانچىكى توغرا ۋە رېئاللىققا ئۇيغۇن بولىشى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمىي قىممەت قارىشى ۋە تۇرمۇش مەنتىقىسىگە، پسىخىكىسىغا مۇۋاپىق ھالدا يۇرۇتۇپ بېرىلىشى، ئەسەرنىڭ چىنلىقى، ئوقۇرمەنلەرنى قايىل قىلىش كۈچى، ئوينىغان ئىجتىمائى ئۈنۈمى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى بۇ نوقتا يازغۇچىنىڭ قەلەم قۇۋۋىتىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم تەلەپلەرنىڭ بىرىدۇر.

ئەمما، مەيدانغا كېلىۋاتقان ئەسەرلەرنىڭ سۈپىتىدىن قارىغاندا ،بۇ ھەقتە ساقلانغان مەسىلىلەر خېلى بار. ھەمدە بۇ مەسىلىلەر ئوقۇرمەنلەردە نارازىلىق شەكىللەندۇرۇپ قويىۋاتىدۇ. بۇ ھەقتىكى بەزى كەمچىلىكلەر بىۋاستە ھالدا ئاپتورنىڭ بەدىئىي دېتى، مەسىلىلەرنى ئەتراپلىق كۆزىتىش قابىلىيىتى، ئاخىرقى يەكۈن چىقىرىش ئېتىقادارىغا تەسىر يەتكۈزۈپ، ئەسەرنىڭ قىممىتىنى تۆۋەنلەتمەكتە. ئۇيغۇر مەدەنىيەتىدە دىنىي ئامىللار بولغىنىدەك، ئەدەبىي ئەسەرلەردىمۇ تەبىئىي ھالدا دىنغا ئالاقىدار بەزى مەزمۇنلارنىڭ بولۇشى ساقلانغىلى بولمايدىغان بىر مەزمۇن. بۇنداق مەزمۇنلارنىڭ ئەسەردە توغرا رەۋىشتە ئورۇن ئېلىشى ۋە تەسۋىرلىنىشى شۇ ئەسەرنىڭ سۈپىتىنى يوقىرى كۆتۈرۈش، قايىل قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇش، مۇھىمى ئوقۇرمەنلەرنى يېتەكلەش رولىنى جارى قىلدۇرۇش جەھەتلەردە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

تۆت يىل ئاۋۋال تەتقىقات تىمامغا ماتېرىيال توپلاش ئۈچۈن خوتەننىڭ يېزىلىرىدا بىر مەزگىل تەكشۈرۈشلەردە بولغان ئىدىم. بۇ جەرياندا كىشىلەر بىلەن خېلى چوڭقۇر سىردىشىش، ئۇلارنىڭ قەلب سۆزلىرىنى ئاڭلاش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم. ئەمەلىيەتتە بۇلار

ئىچىدە كىتاب ئوقۇيدىغانلار خېلى بار ئىدى. ئۇلار نەشىر قىلىنغان دىنىي كىتابلارنىلا ئەمەس، يەنە رومان، ژورنال دېگەندەك ماتېرىياللارنىمۇ كۆرەتتى. خېلى كۆپ ساندىكى كىشىلىرىمىز رادىئولاردىن ئاڭلىتىلىۋاتقان ئەدەبىي ئاڭلىتىشلارنى ئۆتكۈزۈۋەتمەي ئاڭلايتتى. « ئامەت ۋە ئاپەت»، « جاللات خېنىم» رومانلىرى بىر مەھەل دېھقانلىرىمىزدا رادىئو ئاڭلاش قىزغىنلىقىنى يۇقىرى كۆتىرىۋەتكەن ئىدى. بايقىشىمچە، خېلى كۆپ كىشىلەر ماشىنىلىرىدىكى ناخشا قويغۇچلارنى ئېتىۋېتىپ رادىيوسىنى ئېچىپ قۇيۇشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن ئىدى. ھەر دەرىجىلىك رادىئو ئىستانسىلىرىمۇ ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ ئەدەبىي ئاڭلىتىش پىروگىراممىسىنى يولغا قويۇپ، بۇ ھەقتىكى قىزغىنلىققا جۈر بولۇپ كەلمەكتە. ھېس قىلىشىمچە، خېلى كۆپ ئەسەرلەر رادىئو ئارقىلىق خەلققە يەتكۈزۈلۈپ كەلمەكتە.

تەتقىقات ئىشى ئۈزۈنغا سوزۇلىدىغان ئىش. تەكشۈرۈشلەرىمنى ئۈزۈلدۈرمەي داۋاملاشتۇردۇم. ھەربىلى مەلۇم ۋاقىت چىقىرىپ بۇ ھەقتىكى ئىزدىنىشلەرنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلدىم. تەتقىقات تىمام دىنغا ئالاقىدار بولغاچقا پاراڭلىرىمىز تەكشۈرۈش دائىرىسىدىن ھالقىپ تەبىئىي ھالدا دىن ھەققىدىكى مەزمۇنلارغا بېرىپ قالاتتى. بۇ جەرياندا، مەن ئۇلارنىڭ بەزى ئاپتورلىرىمىز تەرىپىدىن يېزىلغان، رادىئولاردا ئاڭلىتىلغان بەزى رومانلارغا بولغان تەنقىدلىرىنى ئاڭلاپ قالدىم. بۇ خىل تەنقىد ئەلۋەتتە روماننىڭ تىلىنىڭ، قۇرۇلمىسىنىڭ قانداقلىقى دېگەندەك نەزەرىيەۋى ئوقۇملارغا ئەمەس، بەلكى ئاپتۇرنىڭ بەزى مەسىلىلەرنى بايان قىلىشتىكى مەزمۇنلارغا تاقىلاتتى. بىر كۈنى بىر ئائىلىدە سۆھبەتتە بولۇپ قالدىم. سۆھبەت ئارىلىقىدا رىئودا ئاڭلىتىلىۋاتقان بىر رومان ھەققىدە گەپ بولۇپ قېلىندى. ئۆيدىكى ئەر ساھىبخان، باللار تۇشمۇ – تۇشتىن بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىنى سۆزلەشتى. ئايال ساھىبخان بۇ رومانغا بولغان قارىشى سۆزلەپ، روماندىكى دىنغا ئالاقىدار بەزى دىئالوگلارنى كۆرسىتىپ، قاتتىق بىر نارازىلىق تۇسىدە «...خاتا دەپتۇ. مۇشۇنچىلىك گەپلەرنىمۇ بىلمەيدىكەن بۇ يازغۇچى» دەپ مېنى ئۇچايسىزلاندۇرۇپ قويغانىدى. ئەدەبىي ئەسەرلەردە بۇ ھەقتە زۇرۇر تۆزىتىشكە تېگىشلىك نوقتىلارنى بارلىقىنى ھېس قىلغان بولسامۇ، ئۇنىڭ بۇ دەرىجىدە نارازىلىققا ئۇچرىشىنى ئويلاپ باقمىغان ئىكەنمەن. دېمىسىمۇ بۇ دېيىلىۋاتقان گەپ ناھايىتى ئومۇمىي بىر ئۇقۇم بولسىمۇ، لېكىن يازغۇچى بىلمەمدۇ ياكى باشقا سەۋەپتىنمۇ بورمىنىلىپ، ئاقنى قارا قىلىپلا تەسۋىرلەنگەنىدى. ئەسەرلىرىمىزدە كۆزگە چېلىقىۋاتقان ھاراقىا، شەھۋانىيەتكە ئائىت تەسۋىرلەرگە ئوخشاشلا، دىن ھەققىدىكى خاتا بايانلارمۇ كىشىلىرىمىزنىڭ ئەك نارازىلىقىنى قوزغىۋاتقان بىر تىما بولۇپ قالغانىدى. ئەدەبىي ئەسەرلىرىمىزگە قارىتىلغان بۇ

ھەقتىكى كۆپ پاراگلار ۋە تەنقىدلەرنى ئۇچراتتىم. مەلۇم بولغىنىدەك، خاتالىق سادىر بولۇشۋاتقان مەسىلىلەر خېلى ساقلانغانىدى.

سۆيگۈگە بېغىشلانغان بىر روماندا، ئاپتور تىلىدىن بېرىلگەن ھايات ۋە تەقدىرگە دىنىنىڭ قانداق قارايدىغانلىقىغا ئالاقىدار پەتىۋا شەكلىدىكى بىر ئابزاستا، تولىمۇ كۈلكىلىك مەزمۇنلار بېرىلگەن بولۇپ، ئۇيغۇر ئېتىقادى بىلەن پەقەت سىغىشمايدىغانلا بۇ بايانلار ئېنىقلا خاتا بىر قاراش ئىدى. دىنىدىنمۇ ئىزدەپ بۇنداق گەپلەرنى تاپقىلى بولمايتتى. ئاپتورنىڭ بۇنى قانداق ئويلاپ چىققانلىقىغا ياكى قايسى مەنبەلەردىن ئالغانلىقىغا ھەيران قالدىم. قەشقەر كۇچىلىرىغا بېغىشلانغان يەنە بىر روماندا، بىر ھاجىم تىلىدىن دىن دەپ بايان قىلىنغان تەسۋىرلەرنى ئوقۇپ، تولىمۇ ئەپسۇسلانغانىدىم. ئەسەردىكى بايان دىنىي مەزمۇن سۆپىتىدە ئەمەس، پېرسوناژ تىلى ياكى بولمىسا ئاپتورنىڭ ئۆزىنىڭ قارىشى بويىچە بېرىلگەن بولسىمۇ ھەرھالدا مەيلى دېيىش ئىمكانىيىتى بولغان بۇ بايانلارنىڭ دىن سۆپىتىدە مۇقەددەس كىتابلاردىن نەقىل ئېلىنغان شەكىلدە ئوتتۇرىغا چىقىشى ئادەمنى بەكمۇ ئوسال قىلىدۇ. يوق نەرسىنى بىرسىگە تېڭىش، ئەمەس ئىشلارنى شۇ دەپ كۆككە كۆتۈرۈش بىشەملىكنىڭ ئىپادىسىدۇر. ئەدەبىي ئەسەر ئوبراز يارىتىش جەريانى بولغىنى بىلەن، رېئاللىقتا ئۇيغۇن بولمىغان ياكى ئاممىۋىلاشقان قاراشنىڭ تەتۈرسىگە قىلىنغان ھۆكۈملەر ئوبرازنىڭ چىنلىقىنى يوق قىلىۋېتىدۇ. ئانىنىڭ كەچمىشلىرىگە بېغىشلانغان بىر روماندىمۇ دىن دەپ بايان قىلىنغان ئەمما ئادەمنى ئۇڭايسىزلاندۇرىدىغان خاتا قاراشلار بار. بۇنداق مىساللارنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىن كۆپلەپ تېپىش مۇمكىن. بۇ ئەھۋال ئەدەبىي ئىجادىيەتلىرىمىزدە داۋاملىق تەكرارلىنىپ تۇرىۋاتقان، ئەمما ئەدەبىي تەنقىدتىن يىراق تۇرىۋاتقان بىر يىتەرسىزلىك.

ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىنىڭ قەلىمىدىن چىقىۋاتقان ئەسەرلەردە دىن ۋە ئېتىقادقا مۇناسىۋەتلىك تەسۋىرلەردە خاتالىق، بۇرمىلىنىش ۋەياكى ئۆز قارىشىنى دىن قارىشى قىلىپ تەسۋىرلەش مەزمۇنلىرى خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇنىڭغا ئالاقىدار بەزى تەسۋىرلەر قىستاپ كىرگۈزۈلىپ قويۇلغان. بەزىلىرى تۆپتىن خاتا ئىنكاسلار بىلەن تولۇپ كەتكەن. دىپىلمىسىمۇ ياكى ئېنىق چۈشەنچە بېرىپ ئولتۇرمىسىمۇ ئەسەرگە بىرەر تەسىر كۆرسەتمەيدىغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ زورمۇزور دىنىي مەزمۇنلارنى قىستۇرۇش ئارقىلىق ئۆز ئەسىرىنىڭ لايەقەتسىزلىكىنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ. بۇ خاتالىقلار ئۆز نۆۋىتىدە يازغۇچىنىڭ ۋەقە، ھادىسىلەرگە تۇتقان پوزىتسىيە مەسىلىسىلا ئەمەس، يەنە ئۇلاردىكى ئوقۇرمەنلەرگە بولغان مەسئۇلىيەتسىزلىك، ھۆرمەتسىزلىك ھىساپلىنىدۇ. ئۆز خەلقىگە مەسئۇلىيەتچان، جەمئىيەتنى، رېئاللىقنى ماھىيەتتىن ئاڭقىرالىغان، مەسىلىلەرنىڭ كىلىپ چىقىش

سەۋەبىنى تـوغرا تەھلىـل قىلالىغـان يـازغۇچى بۇنـداق سـەزگۈر تىمىلاردا گەپ قىلىشتىن ئـاۋۋال بـۇ ھەقتىكى مەزمـۇنلارنى ئوبـدان ئىگەللەشكە، ئەتراپلىـق مەلۇماتقا ئىرىشىشكە تىرىشـىدۇ. ھەمـدە ئـۇنى تـوغرا، ئامىبـاب شـەكىلدە چۈشـىنىپ بولـۇپ ئانـدىن قەلەم تەۋرىتىدۇ. ھېچبولمىغاندا كەسكىن بايانلار ئارقىلىق خاتا يەكۈن چىقىرىشتىن ساقلىنىدۇ. ئـاپتورلار ئـوبراز يـارىتىش جەريانـىدا چوقـۇم دىنىـي تەسـىرلەرنى قوشـۇش ئـارقىلىق پېرسـوْناژنىڭ خـاراكتېرىنى گەۋدىلەندۈرۈشـنى بىـر ئـۆلچەم قىلىۋالمـاي، كىشـىلىك خاراكتېرنـىڭ تەبىئىيلىكىگـە ئەھمىـيەت بېرىـپ، دىـن يـاكى دىنىـي خـاراكتېر ئـارقىلىق سـەلبىي ئـوبراز يـارىتىش رامكىسـىدىن ھـالقىش، مەسـىلىنىڭ ماھىيەتلىـك تەرەپلىـرىگە چۆكـىشـنى ئۆگـىنىۋېلىشـى كېـرەك. كونـا سـىنىپي رامكـا ئـارقىلىق ئەنئەنـىۋى ئىمـاگلارنى خۇنۇكلەشـتۈرۈش چەمبىرىنـى چۆرـۈۋېتىش، پېرسـوْناژلارغا سـىنىپي ئـىدىيەنى چىقىش قىلىپ ئەمەس، بەلكى ئىجتىمائى يارالمىش سۈپىتىدە مۇئـامىلە قىلىش ۋە ئـۇنى ئەسـەردە گەۋدىلەندۈرۈشـكە كـۈچەش كېـرەك. يەنە كېلىــپ دىــن ئەكــس ئەتتــۈرۈش ئــوبيېكتى بولمىغـان ئەھـۋال ئاسـتىدا پېرسـوْناژلارنىڭ دىـن ئـارقىلىق گەۋدىلىنىـدىغان خـاراكتېرىگە ئائىـت تەسـۋىرلەرنى ئـارتۇقچە تەكىتلەشـنىڭمۇ بەك چـوڭ قىممىتـى يـوق. يازغۇچىلارنىـڭ ئاخىرقى يەكۈنىمۇ دىنىـي ھۆكـۈملەر ئاساسـىدا خۇلاسـە چىقىـرىش مەخسـەت قىلىنمىغـان كونتېكىستتا، كەسـكىن دىنىـي مەزمـۇنلارنى ئەسـەردىكى ۋەقەلىكنـىڭ يېشىمى سۈپىتىدە بېرىشنىڭ ئۆزىمۇ بىر بىھۇدىلىق. خاتا بايانلار ئارقىلىق ئوبرازنى ئوچۇقلاشـتۇرىمەن دېيىش نـاتوغرا ۋاسـىتىدۇر. ئۇنىـڭ ئۈسـتىگە بىـر خەلقنىـڭ ئېتىقادىغـا چېتىلىـدىغان مەسـىلەر ناھـايىتى سـەزگۈر مەسـىلىلەردىن سـانىلىدۇ. بـۇ ھەقـتە بىـر نەرسـە دېيىشـتە چوقـۇم ئەستايىدىل بولۇش، دېيىلگەن گەپنىـڭ ئـاقىۋىتىگە ئـىگە بولالايـدىغانغا مەزمـۇت ئىشـەنچ قىلغانــدىن كېــيىن ئانــدىن بـۇ ھەقـتە قەلەم تەۋرىــتىش كېــرەك. يەنە كېلىــپ بۇنــداق بايانلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئىنكاسىنىمۇ، ئوينىغان رولىنىمۇ ئەستايىدىل ئويلىنىش زۆرۈر.

مەن كەسپىي ئىجادىيەتچى ياكى ئەدەبىياتچى ئەمەس. ئەمما ئەدەبىياتقا قىزىقىمەن. ئۇيغـۇر ئەدەبىياتىنىــڭ تەرەققىياتىغــا، ئىلگىرىلىشــىگە كۆڭــۈل بۆلىــدىغان، ئۇنىــڭ يۈكسىلىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلارنىڭ بىرىمەن. ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن رەسمىي ھالدا شۇغۇللانمىغىنىم بىلەن، ئۇيغۇر قەلەمكەشلىرىنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەرنى مەيلى قايسىلا ژانىردا بولسۇن، ئامال بار قالدۇرماي ئوقۇيمەن ۋە بۇ ھەقتە پارچە – پـۇرات خـاتىرىلەرنى قالـدۇرۇپ مـاڭىمەن. بولتـۇر يىـل ئاخىرىـدا ۋىـزا ئىشـىمنىڭ ئويلىمىغـان يەردىـن كەينىگە سـۈرۈلۈپ كېتىشـى سـەۋەبلىك ئىككـى ئايغـا يـېقىن ۋاقـتىم پىلانسىـز ۋاقـىت قاتارىـدا ئـۆز مەيلىمگە قالدى. قىزىقىشىم بويىچە بـۇ ۋاقىتنـى غەنىـمەت بىلىـپ بـورۇن ئوقۇلمـاي يـاكى

مۇنداقلا ئۆتۈپ كەتكەن ئەسەرلەرنى كۇتۇپخانىغا كىرىۋېلىپ ئوقۇپ تۈگەتتىم. بۇرۇن ئوقىمىغان ئەسەرلىرىمنى نوقتا قىلىپ ئوقۇپ چىقتىم. شۇنداق قىلىپ ئۇيغۇر تىلىدا چىققان رومانلارنى ئاساسىي جەھەتتىن ئوقۇپ چىققان بولدۇم. ئەسەرلەردىن كۆپ ھوزۇر ۋە راھەتلەندىم. تەسەۋۋۇرلىرىم بولۇشىغا قاناتلاندى. ئەمما شۇنىڭغا ياندىش يەنە تولا خىيال ۋە پىكىرلەرگىمۇ، گاڭگىراش، ئانچە – مۇنچە ئۈمىدسىزلىككىمۇ چوكتۇم. بەزىدە ئاچچىقىم كەلگەن، ئىچىم سىقىلغانمۇ بولدى. ئەمما بۇ ھىسسىيات داۋالغۇشلىرى بىرىپ – بىرىپ مىنى تەپەككۇرغا دەۋەت قىلدى....

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى يەنە بىر بۇرۇلۇش باسقۇچىدا تۇرۇپتۇ. ئىقتىساد كۇنسايىن ئىشقۋاتقان، جەمئىيەت قورۇلمىسى ئۆزلۈكسىز يىڭىلىنىپ، ئەنئەنىۋىلىق كۈچلۈك سىلكىنىش ئىچىدە ئۆزگىرىش ياساۋاتقان يىڭى دەۋردىكى بۇ بۇرۇلۇش بۇرۇنقى دەۋرلەردىكى ھەرقانداق بۇرۇلۇش ياكى خىرىسلارغا ئوخشىمايدىغان بىر ئىسلاھات شەكلىدە كۆز ئالدىمىزدا نامايەن بولماقتا. ئىجادىيەتتە مەزمۇن ۋە سۈپەت شۇنداقلا كۆلەم جەھەتتىن زور بولغان بىر ھالقىشنى، ئىدىيە جەھەتتە يەنىمۇ پۇختا ۋە مۇستەككەم ئاڭ بەرپا قىلىشنى تەقەززا قىلىپ تۇرۇپتۇ. ئىجادىيەتنىڭ خەلقچىللىقىنى، خەلق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى يەنى ئۇنىڭ مىللىيلىكىنى گەۋدىلەندۇرۇشنى، جارى قىلدۇرۇشنى جىددى تەلەپ قىلىپ تۇرۇپتۇ.

تۇرمۇشنىڭ خارۇ – زارلىقىدىن، جاپالىرىدىن، قىسمەتلىرىدىن ئىبرەت ئىپلىشنىلا ئەمەس، يەنە گۈلگۈن تۇرمۇش شەكىللىرىنىمۇ، ئىتتىقاد، ئەنئەنە، تەرەققىيات جىپسلاشقان، دىيانەت ۋە ئەخلاقنىڭ ئىجابىي يۈزلىنىشلىرى تۇتقا قىلىنغان ئەسەرلەرنىمۇ مەيدانغا چىقىرىش ئۈچۈن قەلەم تەۋرىتىش، ئەنئەنىگە باغلانغان تىراگىدىيەلەرنىلا ئەمەس، بەلكى ئەنئەنە يۈزلەنگەن ئۈمىدۋار كەلگۈسىنىمۇ، زامانىۋىلىق ئىچىدە پارلاۋاتقان، ئۆزلۈك كۈچىنى كۆرسىتىۋاتقان قىممەت قاراشلىرىمىزنىمۇ، جەمئىيەتتىكى چىركىن، بۇزۇق تۇرمۇش ئىستىللىرىدىن ساۋاق ئىپلىشنى، چۈشكۈن ئوبرازلارنىلا ئەمەس يەنە دىيانەت، ئەخلاق ئارقىلىق ئۆگلۈكنى نامايەن قىلىۋاتقان جىمجىت روجەكلەرنىمۇ ئىجادىيەت يولى ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈش، داۋاملىق ھالدا سەھرا، زامانىۋىلىقتىن خالى يوقسۇز تۇرمۇش غايە قىلىپ كۆرسىتىلمەي، باياشاتلىق ئىچىدىكى بەختىيارلىق، زامانىۋىلىق ئىچىدىكى ئەنئەنە، بەختلىك تۇرمۇش كارتىنىلىرىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يىڭى بورۇلۇش دەۋردىكى يىڭى ئىجادىيەت ئىمكانلىرىدۇر. ئەدەبىياتنىڭ يىتەكلەش رولى پەقەت يامانلىقنى تەسۋىرلەش، ئۇنى مەۋجۇت رىئاللىقنىڭ بارلىق تەرىپى شەكلىدە ئەكس ئەتتۈرۈشلا ئەمەس بەلكى،

ئوقۇرمەنلەرگە يامانلىقنى كۆرسىتىش بىلەن بىللە يەنە ئۇلارنى ياخشىلىق يوللىرىغىمۇ باشلاش، ئەمەس ھادىسىلەردىن ئىبرەت ئېلىشنىلا ئەمەس يەنە توغرا بولغان ياشاش ئۇسۇلى ۋە ساغلام ھايات يۈزلىنىشلىرىنى كۆرسىتىش، ئۇلارنى ئەسەر ئارقىلىق مەسىلىلەرگە كۆپ قىرلىق باھا بېرەلەيدىغان، دۇچ كەلگەن ھادىسىلەرگە دادىل يۈزلىنەلەيدىغان، ئۆز خەلقىگە، ئەھلىگە قارىتا ئاڭلىق، ئىستىخىلىق ھالدىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ھېس قىلىدىغان پىسخىكىغا يېتەكلەشتۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەدەبىلىرىمىزنىڭ تۇرمۇش ئۆگىنىش ئۈچۈن قاباھەتنىڭ باشلانمىسى بولغان ئىچەرمەن، چېكەرمەنلەر سورۇنلىرى، ئىپپەت تىجارەتخانىلىرى دېگەندەك جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرىگىلا قاتراۋەرمەي، يەنە جەمئىيەتتىكى يۈكسىلىۋاتقان ھادىسىلەرگە، پارلاۋاتقان يارقىن نۇقتىلارغا نەزىرىنى ئاغدۇرۇپ، ئەھلى دىيانەت، ئەنئەنە سورۇنلىرىنىمۇ ئارىلىشى، ئۇلارغا قېتىلىشى، ئۇلار بىلەن پىكىرداش، مەسىلەكداش بولۇشى، بۇ ئارقىلىق مەسىلىلەرنى كۆزىتىش، ھۆكۈم چىقىرىش، خۇلاسىلەش سەۋىيەسىنى يېڭىلاپ تۇرۇشى كېرەك بولىدۇ. ئۈمىدىمىز، بۇ خىل تاللاش ئەدەبىياتىمىزدىكى يېڭى يۈزلىنىش، يېڭى بورۇلۇش بولسىكەن.

بۇ ماقالە شىنجاڭ ئەدەبىي ئوبزورچىلىقى ژورنىلىنىڭ 2015 – يىللىق 4- سانىدا ئېلان قىلىنغان.

# مەۋلانە جالالىدىن رۇمىنىڭ ھاياتى ۋە ئەسەرلىرى

ھەبىبۇللا ئابلىمىت (گېرمانىيە)

ئۇيغۇر تۈرك ئىسلام مەدەنىيەت تارىخىنىڭ ئەڭ بۈيۈك سىمالىرىدىن بىرى بولغان جالالىدىن رۇمى بولسا مەۋلانە ئۇنۋانى بىلەن ئاتالغان بىر ئۇلۇغ ئالىم، ياخشى بىر پەيلاسوپ، تالانتلىق شائىر ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتىمىزنىڭ سۇلتانىدۇر.

جالالىدىن رۇمى 1207-يىلى 9-ئاينىڭ 30-كۈنى ئافغانىستاننىڭ بۈگۈنكى مەزارى-شەرىفتىن 20 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بەلخ دېگەن شەھەردە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى جالالىدىن مۇھەممەد بولۇپ، «رۇمى» كونياغا كەلگەندىن كېيىنكى قوشۇلغان ئىسمى ئىدى. «مەۋلانە» بولسا ئۇنى ئۇستاز سۈپىتىدە ھۆرمەتلەپ ئاتىغان ئۇنۋانى ئىدى.

جالالىدىن رۇمىنىڭ دادىسى خارەزىم شاھلار خاندانلىقىدىكى مەشھۇر ئالىملاردىن بولۇپ، «بىلگىلەرنىڭ سۇلتانى» دېگەن ئۇنۋانغا مۇيەسسەر بولغان، باھائەددىن ۋەلەد دېگەن كىشى. ئانىسى بولسا بەلخنىڭ ئەمرى رۇكنەددىن دېگەن كىشىنىڭ قىزى مۆمىنە خانىم.

باھائەددىن ۋەلەد گەرچە بىر ئەمىرنىڭ قىزى بىلەن ئۆيلەنگەن بولسىمۇ ئەمما شۇ زامانىنىڭ ئوردا ئەمەلدارلىرى بىلەن مۇناسىۋىتى ياخشى ئەمەس ئىدى. باھائەددىن ۋەلەد مۇقەددەس دىنىمىز بولغان ئىسلامنى ھەقىقى ماھىيىتى بىلەن خەلق ئىچىگە يېيىشقا، پاك نىيەتلىك، ھەققانىيەتچى ئىسلام مۆردىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشقا تىرىشقان بىلىملىك كىشى ئىدى. ئەمما بۇ ئەخۋال بەزى خاندان مەنسەپدارلىرىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغان، چۈنكى ئۇلارنىڭ قارا نىيىتى ئىسلامنى ئۆز مەنپەئەتلىرىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ئىدى. يەنە بىر جەھەتتىن شۇ چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيانى ئۆزىنىڭ قانلىق ئات تۇياقلىرىنىڭ ئاستىدا چەيلەپ كىلىۋاتقان موڭغۇل ئىستىلاچىلىرىنىڭ زۇلۇمى خارەزىم شاھلار خاندانلىقىنىڭ بوسۇغىسىغا كىلىپ قالغان ئىدى. مانا مۇشۇنداق سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن باھائەددىن ۋەلەد ئائىلىسى ۋە ئۆز ھەمراھلىرى بىلەن ھىجرەت يولىنى تاللىغان ئىدى.




(مەۋلانە جالالىدىن رۇمىنىڭ مەقبەرىسى ئالدىدا. 2015-يىلى 12-ئاينىڭ 31-كۈنى، كونيا)



# 1. ئۇزۇن سەپەر

مانا مۇشۇ چاغ جالالىددىننىڭ ئون ئىككى ياش ۋاخلىرى بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئەڭ بەختلىك ئۆسمۇرلۇك چاغلىرىنى ياشىغان، شۇ زامانغا ئۇيغۇن قۇرئان، تەجۋىت، ھەدىس، ھۆسنى خەت ۋە قەھرىمانلار داستانلىرى، مەسەللەر، ھېكايە، چۆچەكلەرنى بىرلىكتە ئۆگەنگەن ئاشۇ تاتلىق دوستلىرىدىن ئايرىلىپ، ئۆز روھىدا چوڭقۇر ئىزلارنى قالدۇرغان ئانا يۇرتى بەلخقە ئىزدىراپ ياشلىرىغا تولغان كۆزلىرى بىلەن نەزەر تاشلاپ، «ئەلۋىدا يۇرتۇم» دەپ چوڭقۇر بىر نەپەس ئېلىپ، ئون ئىككى يىللىق ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلىنىدۇ. جالالىددىن رۇمى كىچىك تۇرۇپلا سۇرگۈنلۈك ھاياتنىڭ قانداق بىر ھايات ئىكەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، تونۇپ يېتىدۇ. بىر ئۆسمۈر-بالا بولۇش سۈپىتى بىلەن بەزىدە ئۇمۇتلىك، بەزىدە ئۇمۇتلىرى سۇنغان، قاراڭغۇلۇق ئىچىدە يولىنىڭ نەرگە بېرىپ، نەردە توختايدىغانلىقىنى بىلمەي، ئەتراپقا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ، باللىق دەۋرىنى سەرگەردانلىقتا ئۆتكۈزىدۇ. مانا مۇشۇنداق كۈنلەردە ئۇنىڭغا ھەمرا بولغان، سەپىرىنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈشكە سەۋەب بولغان ، سەپەردە داۋاملىق ئوقۇپ ماڭىدىغان كىتابلىرى ئىدى. كىتابلار ئۇنىڭغا ئەڭ يېقىن ھەمرا ۋە سىرداش بولغان ئىدى.

بۇ ئۇزۇن سەپەردە ئۇلار نىشانبۇر، باغداتقا بارىدۇ ۋە ھەرەمگە بېرىپ ھەج پەرزىنى ئادا قىلىپ، شامغا كېلىپ توختايدۇ. شامدا بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن ئاناتولىغا قاراپ يول ئېلىپ، مالاتيا، ئەرزىنجان، سىۋاس، قەيسىرى ئاندىن قاراماندا تۇرۇپ، بۇ يەردە ئەمىر مۇسانىڭ سالدۇرغان مەدرىسىگە يەرلىشىدۇ. بۇ شەھەردە يەتتە يىل قالىدۇ، بۇ دەل 1222-يىللىرى ئىدى. جالالىددىن رۇمى 1225-يىللىرى شەرەفىددىن لالانىڭ قىزى گۆھەر بىلەن توي قىلىدۇ. بۇ ئايالىدىن سۇلتان ۋەلەد ۋە ئالەئىددىن چەلەبى ئىسىملىك ئىككى ئوغلى دۇنياغا كېلىدۇ، ئەمما مەۋلانە ئۆزىنىڭ مېھرىۋان ئانىسى گۆھەر خانىمدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلىپ قالىدۇ.

1228-يىلى باھاردا سەلجۇقلار دۆۋلىتىنىڭ سۇلتانى ئالەئىددىن كەيكۇباتنىڭ تەكلىپ قىلىشى بىلەن، پايتەخت كونياغا كېلىدۇ. كونيا بولسا مەۋلانە ئائىلىسىنىڭ مۇساپىرچىلىق ھاياتىدىكى ئەڭ ئاخىرى بېكەت ئىدى. بۇ ئون ئىككى يىل داۋاملاشقان سەپەردە، ھەيۋەتلىك كارۋانلارنى كۆرگەن كىشىلەرنىڭ « نەردىن كېلىپ، نەرگە كېتىۋاتىسلەر ؟» دېگەن سوئاللىرىغا باھائەددىن ۋەلەد :«ئاللاھدىن كەلدۇق، ئاللاھقا كېتىۋاتىمىز، ئاللاھدىن باشقا ھېچ بىر كۈچ ۋە توسالغۇ بىزنى توسالمايدۇ.» دەپ جاۋاپ

بەرگەن ئىكەن.

## 2.كارۋان كونيادا

كونيا خەلقى بۇ كارۋاننى شۇنداق ھەيۋەتلىك قارشى ئالدۇ، ھەتتا سەلجۇقلار دۆۋلىتىنىڭ سۇلتانى ئالەئىددىن كەيكۇبات ئۆزىمۇ قارشى ئېلىشقا چىققان ۋە ئوردىغا تەكلىپ قىلغان ئىدى. ئەمما باھائەددىن ۋەلەد: «ئەي ئەركىلىك سۇلتانى! ياخشى كۆڭلىڭىز بىزگە يەتتى. پەقەت ئىماملار مەدرىسكە، شەيىقلار خانىقاغا ، ئەمىرلەر ئوردىغا، سودىگەرلەر سارايلارغا، بويتاقلار بۇلۇڭ-پۇشقاقلارغا، غېرىپلار دەڭلەرگە ئۆيغۇندۇر. رۇخسەت قىلسىڭىز بىز ئۆز لايىقىمىز بولغان مەدرىسكە ئورۇنلىشايلى» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ كارۋان كونيادىكى ئەڭ چوڭ مەدرىسلەردىن بىرى بولغان «ئالتۇن ئاپا» ناملىق مەدرىسكە يەرلىشىدۇ ۋە ھېچقانداق بىر سوغا قوبۇل قىلماي «بىزنىڭ دۇنيا مالىغا ھاجىتىمىز يوق» دەپ، ئەدەب بىلەن سوغىلارنى رەت قىلىدۇ.

بۇ دەۋرلەردە سەلجۇقلار دۆۋلىتىنىڭ پايتەختى بولغان كونيا ناھايىتى تېچ شەھەر بولۇپ، ئىلىم-مەرىپەتنىڭ بۆشۈكى ئىدى. موڭغۇللارنىڭ زۇلمىدىن قاچقان شەرقلىق بىلىم ئادەملىرى، سەنئەتچىلەر يىغىلغان جاي ئىدى. ئانادولىنىڭ ھەرقايسى يەرلىرىدىن بۇ يەرگە ئىلىم ئۈگىنىش ئۈچۈن كەلگەن ياشلار بىلەن تولغان ئىدى. كونيا بولسا ئىسلامنىڭ غەرىپكە يۈزلىنىشىدە ناھايىتىمۇ مۇھىم ئىدى. بۇ شەھەردە ھەرخىل مەدەنىيەتتىكى ئىنسانلار ياشايتى؛ تۈركلەر، ئەرمەنلەر، يەھۇدىلار، گىرىك، پارس قاتارلىقلار. شۇڭا ئەتراپتىكى ھەرقايسى مەملىكەتلەردىن كەلگەن زىيارەتچىلەرمۇ كۆپ ئىدى.

مەۋلانە ئائىلىسىنىڭ بۇ شەھەرگە كېلىشىدىن پۈتۈن شەرھەر ئائىلىسى خوش بولغان ئىدى.

باھائەددىن ۋەلەد كونيادىكى چوڭ مەدرىسلەردە دەرس بىرەتتى، ئۇنىڭ دەرىسخانىلىرى ئىنسانلار بىلەن لىق تولاتتى، ئۇنىڭ نامى ئەتراپقا يېيىلىپ، ھۆرمىتى ئاشتى.

جالالىدىن رۇمىنىڭ دادىسى باھائەددىن ۋەلەد 1231-يىللى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، دادىسىنىڭ ئەڭ يېقىنى شەيىق بۇرخانەتتىن ئۇستاز تۇتىدۇ. ئۇ زاتتىن توققۇز يىل ئىلىم ئۆگىنىدۇ. كېيىن مەۋلانە بولسا بەزى تالىپلار بىلەن بىرگە ئۆز بىلىمىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش مەخسىدىدە ئايالى بىلەن ئىككى ئوغلىدىن ۋاقىتلىق بىر مەزگىل

ئايرىلىپ، باغدات ۋە شاملارغا بىرىپ بىلىم ئالىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ نۇرغۇن ئالىملار، پەلسەپەچىلەر بىلەن ئۇچرىشىدۇ. ئۇ ئەرەپ ، پارىس ۋە گىرىك تىللىرىنى پىششىق ئىگەنلەيدۇ.

ئۇستازى شەيىق بۇرخانەت ئالەمدىن ئۆتىدۇ. سۆيۈملۈك ئايلى گۆھەر خانىممۇ ياشلار ۋاپات بولىدۇ. جالالىدىن رۇمى بىر تەرىپتىن ئىككى پەرزەنتىنى تەربىيەلىسە يەنە بىر تەرەپتىن دادىسى ۋە ئۇستازىنىڭ ئىزىنى بېسىپ مەدرىستە دەرس ئۆتىدۇ. جۇمە كۈنلىرى بولسا پۈتۈن كونيا جامائەتكە ۋەز بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن جالالىدىن رۇمىنىڭمۇ نامى چىقىشقا باشلايدۇ. ئۇنىڭ ھۆرمىتىنى ئاشىدۇ، تالىپلىرىنىڭ سانى كۈندىن-كۈنگە كۆپىيىدۇ. جالالىدىن رۇمى ئەمدى بىر بۈيۈك ئالىم بولۇپ تونۇلىدۇ.

جالالىدىن رۇمى ئىككىنچى قېتىم كەررا خانىم بىلەن نىكاھلىنىدۇ. كەررا خانىم بولسا ئىككى پەرزەنتى (كىميا، ياقۇپ) بىلەن ئۇردا ئەمەلدارلىرىدىن بىرى بولغان شاھ مۇھەممەد دىگەن كىشىدىن تۇل قالغان، كونيادىكى ئەڭ چىرايلىق خانىملاردىن بىرى ئىدى.

جالالىدىن رۇمى بۇ گۈزەل يۈزلۈك ئايالى كەررا خانىمدىن ئۈچ پەرزەنتلىك بولىدۇ. قىزى مەلىكە بىلەن ئوغۇللىرى ئەمىرالەم ۋە مۇزاففەرەددىن.

## 3. مەۋلانەنىڭ شەمسى تەبرىز بىلەن ئۇچرىششى

مەۋلانە بىر كۈنى مەدرىستە چىقىۋاتقاندا شەيىق شەمسى تەبرىز بىلەن ئۇچرىشىدۇ. بۇ ئۇچرىشىش مەۋلانەنىڭ ھاياتىدا ناھايىتى چوڭ بىر بۇرۇلۇشقا سەۋەپچى بولىدۇ.

شەمسى تەبرىز ئىران، ئىراق، سۈرىيە ۋە ئانادولىنى كېزىپ يۈرگەن بىر تۈرك دەرۋىشى بولۇپ، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ئىدىيەسى بار، داۋاملىق قارا دەرۋىشلىك تونىنى ئۇستىدىن چۈشۈرمەيدىغان بىر شەيىق ئىدى.

مەۋلانە بۇ شەيىققە ناھايىتى مەككەم باغلىنىپ قالىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھېچ ئايرىلماي كېچە-كۈندۈز بىرگە سۆھبەتلەردە بولۇپ، ئۇنىڭدىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تا بۇگۈنگىچە ئۆگەنگەن پۈتۈن بىلىملىرىنىڭ ئاللاھ يولىدىكى بىر ۋاستە ئىكەنلىكىنى تونىيدۇ ۋە ئۆزىدە "ئاللاھنىڭ نۇرلىرىنى" كۆرۈشكە باشلايدۇ. ۋە لېكىن مەۋلانە ئۆزىنىڭ مەدرىستىكى پۈتۈن پائالىيەتلىرىنى توختىتىدۇ ھەتتا ئائىلىسى بىلەنمۇ ناھايىتى ئاز ئۇچرىشىدىغان بولۇپ قالىدۇ. پەقەت شەمسى دەيدۇ باشقا بىر نەرسە

دىمەيدۇ. بۇ ئەخۋال ئەتراپىدىكى كىشىلەرنى راھەتسىز قىلىدۇ ۋە كونىيا خەلقى شەمسى تەبرىزگە ئۆچمەنلىك قىلىشقا باشلايدۇ. مانا بۇ ئەخۋالنى بايقىغان شەمسى تەبرىز بىر كېچىدە مەۋلانەگە "خوش" دېمەيلا كونىيادىن ئايرىلىدۇ. ۋاھالەنكى بۇنىڭ بىلەن ئىش تۈگمەيدۇ. مەۋلانە تاشقى دۇنيادىن ئالاقىسى پۈتۈنلەي ئۈزۈپ، ئىچكى دۇنياسىدا بورانلار چىقىسمۇ، سىرتىدا بىرتال ياپراقنىمۇ مىدىرلاتماي، شەمسىنىڭ دەردىدىن ئاھ ئۇرۇپ ياشايدۇ. مەۋلانەنىڭ كۆندىن-كۈن گە ياماىلاشقان بۇ ھالىنى كۆرگەن ئوغلى سۇلتان ۋەلەد شەمسى تەبرىزنىڭ شامدا ئىكەنلىكىنى بىلىپ، بىر كارۋان بىلەن بېرىپ، ئۇنى قايتۇرۇپ ئەكىلىدۇ. ئۇ كەلگەندىن كېيىن مەۋلانەنىڭ ئۆگەي قىزى كىميا بىلەن ئۆيلىنىدۇ. بۇ ئەخۋال مەۋلانىڭ يەنە بىر ئوغلى ئالەئىددىن چەلەبىنىڭ غەزىۋىنى قوزغايدۇ. چۈنكى ئالەئىددىن چەلەبى شەمسنى ھېچ ياخشى كۆرمەيتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كىميا قىزغا كۆڭلى بار ئىدى. مانا مۇشۇنداق ئەخۋالدا شەمسى تەبرىزنىڭ كونىيادىكى رەقىبلىرى ئالەئىددىن چەلەبىنى، شەمسى تەبرىزگە قارشى كۈشكەرتىدۇ. كېيىن قانداقتۇ نامالۇم كىشىلەر تەرىپىدىن شەمسى تەبرىز ئۆلتۈرۈلدۇ.

## 4. خامتىم، پىشتىم، ياندىم

مەۋلانە شەمسى تەبرىزنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئۆزگىچە يېڭى بىر يول تاپتى. ئۇ ئىجادىيەت يولىغا مىكىپ، شېئىر يازدى، ساما ئويىنىدى ۋە ئەتراپىدىكىلەر مەنىۋى جەھەتتىن ئۇلگە بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى بېيىتىش ئۈچۈن ئۆمرىنى ئاتىدى. ئۇ ئۆزىنى " خامتىم، پىشتىم، ياندىم" دەپ ئۆزىنىڭ ھەسرەتلىرىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئىچىدىن كۆيگەن، تىشىنى كۆل قاپلىغان چوغقا ئوشاپ قالغان ئىدى. ئەمدى بۇ كۆل قاپلىغان چوغنى بىرسى كىلىپ بىرلا "پۇۋ" دىسە ئۆزىنىڭ قىپ-قىزىل ئاتەشلىك يۈزىنى پۈتۈن ئالەمگە نامايەن قىلاتتى. دەل ماشۇ چاغدا بۇ چوغدىكى كۈلنى ئۆزىنىڭ سادىق شاگىرتى ھۇسەمەتتىن چەلەبى كېلىپ "پۇۋ" دىدى.

ھۇسەمەتتىن بولسا بىرقانچە مەدرىسلەرنى پۈتتۈرگەن بىلىملىك كىشى ئىدى. ئۇ ئۆزى پۈتۈن كۆڭلى بىلەن باغلانغان سۆيۈملۈك ئۇستازى مەۋلانەنىڭ شائىرلىق تالانتىنى بايقاپ، ھەيران- ھەۋەس بولۇپ، ئۇستازىنىڭ شېئىرلىرىنى، ھېكايىلىرىنى، رۇبايىلىرىنى ۋە پۈتۈن سۆھبەتلىرىنى يېزىپ قالدۇرۇپ، بۇلارنى كىتاب شەكلىدە كەلگۈسى ئەۋلاتلارغا مىراس قالدۇرۇشقا بەل باغلايدۇ ۋە بۇ ۋەزىپىنى ئۆزىنىڭ مۇقەدەس بۇرچى دەپ بىلىدۇ.

بۇنىڭ بىلەن مەۋلانەنىڭ دۇنياغا مەشھۇر مەسنەۋى، دىۋان-كەبىر قاتارلىق ئەسەرلىرى روياپقا چىقىدۇ. بۇ ئەسەرلەردىكى بېيىتلارنى مەۋلانە ئۆزى قەلەم بىلەن يازغان ئەمەس بەلكى مەدرىسلەردە، يوللاردا، مۇنچىدا، باغلاردا، ساما ئويناۋاتقاندا سۆزلىگەن. بۇلارنى ھۇسەمەتتىن خاتىرلەپ، رەتلەپ ماڭغان. مەۋلانە ھسسياتقا تولغان چاغلاردا ئارقا-ئارقىدىن سۆزلىگەن بېيىتلىرنى يېزىشقا ئۈلگۈرەلمەي قالىدىغان ئەخۋاللارمۇ بولغان، ھەتتا كېچە-كۈندۈز توختىماي شېئىر، رۇبايىلارنى سۆزلىگەن. ئەمما بەزىدە ئايلاپ ھەتتا ئىككى يىلغا قەدەر ھېچ بىر نەرسە سۆزلىمىگەن چاغلىرىمۇ بولغان.

## 5. مەۋلانەنىڭ ئەسەرلىرى

مەۋلانەنىڭ ئاساسلىغى بەش ئەسەرى بار . مەسنەۋى، دىۋان-كەبىر، فىھى-مافىھ، مەجەلىسى-سەبا (يەتتە مەجلىس) ۋە مەكتۇباتلار.

مەسنەۋى:
مەسنەۋى بولسا جەمى ئالتە جىلتلىق 25618 بېيىتتىن تەركىپ تاپقان، كىلاسسىك شەرىق ئەدەبىياتىدىكى شېئىر ئۇسلۇبىدا يېزىلغان يەنى ئىككى مىسرالىق، ئۆز-ئارا قاپىيەداش بولغان، «فائىلاتۈن – فائىلاتۈن – فائىلۈن» دىگەن شېئىر ئۇسلۇبىدا يېزىلغان. مەسنەۋىنىڭ تىلى پارسچە بولۇپ، مەۋلانە سۆزلىگەن بېيىتلارنى، ھېكايىلەرنى، ھېكمەتلىك سۆزلەرنى شاگىرتى ھۇسەمەتتىن چەلەبى خاتىرلەپ، رەتلەپ كىتاب قىلغان.
مەسنەۋى خۇددى مەۋلانە ئۆزى: « بۇ كىتاب مەسنەۋى كىتابىدۇر، مەسنەۋى ھەقىقەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن ۋە ئاللاھنىڭ سىرلىرىغا ئاگاھ بولۇش ۋە ئۇنىڭغا ئەقلىنى يەتكۈزۈشنى ئويلىغانلار ئۈچۈن بىر يولدۇر» دىگەن.
مەسنەۋىدە مەۋلانە بىر ھېكايىنى باشلايدۇ، ئەمما بۇ ھېكايىنى دەرھال ئاياقلاشتۇرماي ئارىسىدا بېيىت ۋە ھېكمەتلىك سۆزلەرنى دەپ، ھېكايىنى يەنە كەلگەن يېرىدىن داۋاملاشتۇرىدۇ.
مەۋلانەنىڭ سۆزلىگەن ھەر-بىر ھېكايىسى ئىنسانلارنى توغرا يولغا، گۈزەللىككە يۈزلەندۈرىدىغان نەسىھەتلەر ئۈستىگە قۇرۇلغان. بۇ ھېكايىلەرنىڭ بەزىلىرى قەھرىمانلار توغرىسىدا، بەزىلىرى ۋەلىلەر، بەزىلىرى سوپىلار، بەزىلىرى پادىشاھلار توغرىسىدا سۆزلىنىدۇ. مەيلى كىم توغرۇلۇق بولسۇن، ھەممىسىنىڭ كەمچىلىك ۋە ئارتۇقچىلىغىنى

ھېكايە قىلىدۇ. ئەسلىدە ئۇلارنىڭ كىم بولۇشى مۇھىم بولماستىن، مۇھىمى ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلى ۋە كەمچىلىكىنى ئاشكىلىتىش ئارقىلىق، كىشىلەرگە سەخىيلىكنى، قىزغانچاقلىق، ھەسەت ۋە ئۇلارنىڭ ئەنسىرەشلىرىنى شەھەرلەپ، ئىنسانلارنى ئەسكىلىكتىن ئىبرەت ئېلىشقا، ياخشىلىقتىن ئۆلگە ئېلىشقا چاقىرىدۇ. بۇ ئىنسانلار گەرچە 800 يىللار ئالدىدىكى ئىنسانلار بولسىمۇ ئەمما ئىنسانىيەت دۇنياسىدا ھەر ۋاقىت ئارىمىزدا مەۋجۇتتۇر.

پەزىلەتكە، ئەخلاقىقا يۈزلەندۈرگەن يول ئىنسانىنىڭ ئۆز-ئۆزىنى سۈزۈك بىلىش يولىدىن ئىبارەتتۇر. مەسنەۋى بولسا خەلق ئىچىدە مۇقەددەس كىتاۋىمىز قۇرئاننىڭ ئۆزۈندىسىدۇر. بۇ كىتاب ئەڭ تۆۋەن سەۋىيەدىكى ئىنسانلار ئۈچۈن چۈشۈنۈشلۈك قىلىپ يېزىلغان بولۇپ، ئىرشاد ۋە تەربىيەنى ھەر جەھەتتىن سىستېمىلىق قىلىپ ئىپادىلەپ بەرگەن.

دىۋان-كەبىر:

دىۋان-كەبىر دېگەنلىك شېئىرلار توپلانغان «بۈيۈك دەپتەر» دېگەنلىك بولۇپ يەنە «بۈيۈك دىۋان» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

مەۋلانەنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردە ۋە ھەرقايسى مەزمۇنلاردا يېزىلغان شېئىرلىرىنىڭ جۇغلانمىسىدۇر.

بۇ ئەسەرنىڭ تىلى پارىسچە بولۇپ، ئاز ساندىكى بەزى شېئىرلىرى تۈركچە، ئەرەپچە ۋە گرېكچە يېزىلغان.

دىۋان-كەبىردىكى شېئىر ۋە رۇبايىلارنىڭ سانى 40،000 دىن ئىبارەت دىۋان-كەبىردىكى ھېكمەتلەر، پاساھاتلىك سۆزلەر، تېرەن-تېرەن مەنالار، ئاشىقلىق، يېگانىلىقنى ئىپادىلەيدىغان ئۇنچىلەر ۋە بىيىت قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ بەرگەن ئىلھامى بىلەن مەۋلانەنىڭ كۆڭلىدىن ناھايىتى گۈزەل ئىبارىلەر بىلەن ئۇرغۇپ چىققان.

بۇ شېئىرلارنىڭ رىتىملىقى، رەڭمۇ-رەڭلىكى بىلەن ۋە شېئىردىكى تىلنىڭ گۈزەللىگى بىلەن شېئىر گۈزەللىگىدىن ھالقىپ، گۈزەللىكنى جانلاندۇرىدىغان بىر ئىلھام قۇياشقا ئايلانغان.

ئاشىق بولسا مەۋلانەنىڭ كۆڭلى ئارقىلىق مەشۇققا ئېرىشكەن. مەۋلانە سۆز ئۇستاسى بولۇپ، ئۇ گۈزەل سۆزلەش قابىلىيىتى، ئىلھام تۇيغۇسى بىلەن يارىتىلغان زات ئىدى. ئۇنىڭ ھاياتتا يالغۇز سۆزلەشى بىلەن ئەمەس بەلكى جىم تۇرۇشىنىڭ ئۆزىمۇ بىر مەنانى ئىپادىلەيتى. ئۇنىڭ ئوينىغان ساماسىنىڭ ھەر بىر ھەركىتىمۇ بىر ھېكمەتلىك سۆز

ئىدى. ئۇنىڭ جىم تۇرۇپ ئىپادىلىگەن سۆزلىرى، سۆزلەپ تۇرۇپ، سۆزلىگەن سۆزلىرىدىن بەتەر چوڭقۇر مەزمۇنلارنى ئىپادىلەيتى. ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان قۇلاقلاردىن يۈرەكلەرگە نۇر چۈشەتتى. يۈرەكنىڭ قەدەھلىرىگە شاراپ، روھنىڭ ئاغزىغا ئابىھايات ئاقاتتى.

كەڭ خەلق ئاممىسى مەۋلانە شېئىرلىرى ئارقىلىق دىنىنىڭ، ھەققەتنىڭ، يارىلىشنىڭ ئىچكى ماھىيىتىنى تونۇپ يەتكەن. شۇڭا ئۇ قانچىلىك خەلق ئىچىگە چۆككەنسىرى، شۇنچىلىك كۆكلەرگە قەدەر كۆتۈرۈلگەن.

بىز ئۆزىمىزنىڭ چەكلىك ئەقلى قابىلىيىتىمىز بىلەن مەۋلانەنىڭ بەزى ھېكمەتلىك سۆزلىرىنىڭ مەناسىنى تازا تولۇق چۈشۈنەلمەيمىز، چۈنكى مەۋلانە بىر ئۇلۇغ زات بولۇپ، ئۇنىڭ سۆزلىرىدە ناھايىتىمۇ ھېكمەتكە توللاغان مەنالار بار ئىدى. سۆزلىرى چەكسىز بىر گۈزەللىكنىڭ ئىپادىسى ئىدى.

ئۇنىڭ سۆزلىرىنى چۈنىش ئۈچۈن خۇندى ئۆزى « كۆزۈڭنى يۇمۇپ، قەلبىڭنىڭ كۆزى بىلەن كۆر» دىگىنىدەك قەلبىنىڭ كۆزىنى ئىچىشقا، ئەقىل ۋە ئىدرەكنىڭ ئىچىگە كىرىپ، كۆزۈتۈش ئۈچۈن زەرىچىلەردەك كىچىك پارچىلارغا پارچىلىنىشقا توغرا كېلىدۇ. بىر نەرسىنىڭ تاشقى كۆرۈنىشىنى ئەمەس بەلكى ئۇنىڭ يارىلىتىلىشىدىكى ھېكمىتىنى بىلىش يۈكسەك بىلىش قۇدرىتىگە ئىگە ئەرەنلەرگە خاستۇر.

مەۋلانەنىڭ ئۇ گۈزەل شېئىرلىرى ھەممىسى ئوخشاش بىر روھتىن، ئوخشاش بىر كۆڭۈلدىن چىققان ھەممىسى نۇر، ھەممىسى بىر ھېكمەتتۇر. ئۇنىڭ شېئىرلىرى قۇر ئانىنىڭ ئۆزۈندىلىرى ۋە پەيغەمبەرلەر سۆزلىرىنىڭ روھتىكى مەدىھەسىدۇر. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئۆز زامانىسىدا قانداق بىر رەھبەرلىك ۋە ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان بولسا، ھازىرقى زامانىدىمۇ ئوخشاش ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر. بەلكى تېخىمۇ بەكرەك ئەھمىيەتلىكتۇر. چۈنكى ئۇنىڭ شېئىرىنىڭ ھاياتلىق سۈيىنى مەڭگۈ تۈگمەيدىغان بۇلاقتىن ئالغان. مەمبە مەڭگۇلۇك بولغانلىقى ئۈچۈن شېئىرلىرىمۇ مەڭگۈلۈك پاك، ساپ روھقا ئىگىدۇر.

مەۋلانەنىڭ بۇ ئەسەرلىرى يالغۇز ئۇيغۇر ۋە تۈرك خەلقى ئۈچۈنلا ئەمەس بەلكى پۈتۈن دۇنيا مەدەنىيەتىنىڭ بىباھا غەزىنىسىدۇر.

فىھى مافىھ:

«فىھى مافىھ» بولسا «ئىچىدە ھەممىسى بار» ياكى «ئىچىدە ئىچىدىكىلەر بار» دىگەن مەنالارنى بىلدۈرىدۇ.

بۇ ئەسەر مەۋلانەنىڭ ھەر تۈرلۈك ئىلىم مەجلىسلىرىدە سۆزلىگەن نۇتۇقلىرىنى ئوغلى

سۇلتان ۋەلەد تەرىپىدىن تويلىنىپ، رەتلىنىپ مەيدانغا كەلگەن. جەمى 61 بۆلۈمدىن تۈزۈلگەن بىر كىتابتۇر. بۇ ئەسەردە بەزى سىياسى مەسىللەرمۇ ئوتتۇرغا قويۇلغانلىقى ئۈچۈن شۇ دەۋردىكى تارىخى ئارقا كۆرۈنۈشنى ئىپادىلەيدىغان تارىخى ئەسەر بولۇپ قالغان.

يەتتە مەجلىس:

«يەتتە مەجلىس»ناملىق بۇ ئەسەر مەۋلانەنىڭ يەتتە قېتىملىق چوڭ نۇتۇقلىرىنىڭ خاتىرلىشىدىن مەيدانغا كەلگەن بىر ئەسەردۇر. مەۋلانەنىڭ ۋەزلىرىنى ھۈسەمەتتىن چەلەبى ۋە ئوغلى سۇلتان ۋەلەدنىڭ خاتىرلىشى بىلەن ئەسلى نۇسخىسى ئۆزگەرمىگەن ئاساستا مەيدانغا كەلگەن بىر ئەسەردۇر.

بۇ ئەسەردە ئاساسەن تۆۋەندىكى يەتتە مەزمۇنلار سۆزلىنىدۇ.

1) توغرا يولدىن ئايرىلغان قەۋملەرنى قانداق يوللار ئارقىلىق قۇتۇلدۇرغىنى بولىدۇ.

2) گۇناھلاردىن قۇتۇلۇپ، ئەقىل يولى ئارقىلىق غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغۇنۇش.

3) ئېتقاتتىكى قۇدرەت.

4) توۋا قىلىپ، توغرا يولنى تاپقانلار ئاللاھنىڭ ئەڭ سۆيگەن ئىنسانلىرىدىن بولىدۇ.

5) بىلىمنىڭ قەدىر-قىممىتى.

6) غەپلەتكە پېتىش.

7) ئەقىلنىڭ قىممىتى.

مانا بۇ يەتتە مەجلىستە شەرھلەنگەن ھەدىسلەر بىلەن بىرلىكتە يەنە سۆزلەنگەن 41 ھەدىس بار بولۇپ. مەۋلانە تەرىپىدىن تاللىنىپ سۆزگە ئېلىنغان ھەر بىر ھەدىس ئىجدىمائىلىقتا ئىگە بولۇپ، خەلقنىڭ مەنەۋى جەھەتتىن يۈكسىلىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. شۇ دەۋرلەردە ئىنسانلارنى قاپلىغان مەنىۋى بوھراندىن قۇتۇلدۇرغان. ئۈمۈتۈتسىزلىك ئىچىدە قارمۇ-قارشىلىقتا ئارىسىدا قايمىقىپ، قاراڭغۇلۇقتا گاڭگىراپ قالغان كىشىلەر بىلەن تولغان ئىجدىمائىي جەمىيەتنى ئۈمۈت مەشئىلى بىلەن يورۇتقان.

مەكتۇبات (خەتلەر):

«خەتلەر» ناملىق بۇ ئەسەرى بولسا ؛ مەۋلانەنىڭ سەلجۇقلار دۆۋلىتى ھۆكۈمدارلىرىنى ۋە شۇ دەۋردە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان زاتلارغا نەسىھەت ئۈچۈن يېزىلغان خەتلەرنى ۋە مەۋلانەدىن سورالغان سوئاللارغا يېزىلغان خەتلەرنى شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئىلمىي مەسىللەر دوغرىسىدا يېزىلغان ماقالىلار بولۇپ جەمى 147 پارچە

خەتتىن تۈزۈلگەن بىر كىتابتۇر.
بۇ خەتلەر ئەدەبىياتتىكى قايدىلەر بويىچە يېزىلغان بولماستىن بەلكى پۈتۈنلەر ئاددى، ئاممىباب سۆزلەر بىلەن يېزىلغان. خەتلەردىكى خىتاپلار كىشىلەرنىڭ ئەمەل-مەنسەپلىرىگە قاراپ ئەمەس بەلكى خەت يېزىلغان كىشىنىڭ ئەقلى ئىقتىدارى ۋە قىلغان ياخشى-يامان ئىشلىرىغا ئاساسەن شۇ كىشىگە ماس كېلىدىغان سۆز-ئىبەرىلەر بىلەن خىتاب قىلىپ، ئۇ كىشىنىڭ سۆزلىرىگە جاۋاپ ۋە خىزمەتلىرىگە باھا بېرىلگەن.
بۇ خەتلەردە ئىنسانلارغا پايدىلىق، ھېكمەتكە تولغان نۇرغۇن ئېسىل گۈزەل سۆزلەر بار. مەسىلەن:
ھەممە كىشى ياخشى كۆرۈپ، ئىچىدىغان تاتلىق سۈنىڭ بېشىدا ئادەم كۆپ بولىدۇ.
ئاي نۇرىنى چاچسا، ئىت ھاۋشىپ تۇرىدۇ، ئاينىڭ نىمە گۇناھى باركى؟ ئىتنىڭ خۇيى شۇ تۇرسا. ياتلارنى ئالدىغان، ئۆز خەلقىنىمۇ ئالدايدۇ.
ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ ئاجايىپ ئۇلۇغ ئىنسانلىرى بار، ئۇلار يەر يۈزىگە چۈشكەن يامغۇرغا ئوخشايدۇ. قارا تۇپراققا چۈشسە بەركەت كېلىدۇ، دېڭىزغا چۈشسە ئۈنچە-مەرۋايىت مەيدانغا كېلىدۇ.
ئاشىقى بولمىغان كىشى ئۆلۈكتەك ياشايدۇ. ئاشىق بىلەن ئۆلگەن مەڭگۈ تىرىك تۇرىدۇ. دۈشمەنلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ يامان دۈشمەن، ئىچىڭدىكى نەپرەتتۇر.
ئىنسان نىمە ئىش ئۈچۈن يارىتىلغان بولسا، شۇ ئىش ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ئاسان تۇيۇلىدۇ.
سەن ئاشىق بولمىغىچە، سۆيگىنىڭ نىمە ئىكەنلىگىنى بىلمەيسەن. يوقال، ئۇتتا ئۇتلا، سەن بىر ئىشەكسەن. ھەققى دوس ئەقلىمىز، نەپسىمىز دۈشمىنىمىز.

## 6. مەۋلانە ۋە موڭغۇللار

مەۋلانەنىڭ ياشىغان دەۋرى بولسا موڭغۇللارنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشلىرى كېڭىيىپ، تا ئانادولۇ تۇپراقلىرىگىچە كىڭەيگەن بىر دەۋر ئىدى. موڭغۇللارنىڭ ئانادولۇغا قىلغان ئەسكەرى يۈرۈشلىرى نەتىجىسىدە، سەلجۇقلار دۆۋلىتى ۋە ئەتراپتىكى ئىسلام دۆۋلەتلىرى تەھدىت ئاستىدا قالغان ئىدى.
بۇ ۋاقىتتا سەلجۇقلار دۆۋلىتى ئىچىدىمۇ سىياسى بۆھران بار ئىدى. ھەرقايسى ئوغۇز قەبىلىرى ئارىسىدا قەبىلىۋازلىق ئەۋجى ئالغان ئىدى. پادىشاھقا قارشى يامان غەرەزلىك

ئەمىرلەر موڭغۇللار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۆز سەلتەنەتى ئۈچۈن ساتقىنلىق قىلاتتى. شۇ چاغلاردا قانداقتۇ بىر نامالۇم بولغان ئاتىلىشتا «ئاق ساقاللار» دەپ ئاتىلىدىغان «دۆۋلەتلەرنى ئۆرۈپ، دەۋلەتلەرنى قۇرىدىغان» بىر تەشكىلات سۇلايمان شاھ ئوغلى ئەرتۇغرۇل غازىنى ئۆز قەبىلىسىنى ئانادولىدىن يىراقلاشتۇرۇپ، غەربىي تەرەپكە يەنى بىزانسىيە چېگرالىرىغا يۆتكىلىشنى بۇيرىيدۇ ۋە شۇ يۆنۈلۈش بويىچە يۆتكىلىپ، كېيىن بۇلار قايتا تىرىلىپ، ئەرتۇغرۇل غازى ئوغلى ئوسمان غازى ئوسمالى ئىمپىرىيەسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ۋەسىلى بولىدۇ. شۇ چاغدىكى چىقىرىلغان بۇ قارار توغرا قارار ئىدى چۈنكى سەلجۇقلار دۆۋلىتى موڭغۇللارغا تاقابىل تۇرۇشى ئىمكانسىز ئىدى. يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك سەلجۇقلار دۆۋلىتى سىياسى، ئىقتىسادى ۋە ھەربى جەھەتتە بىر كىرزىس ئىچىدە قالغان ئىدى. سۇلتان ئالەئىددىن كەيكۇباتمۇ زەھەرلىنىپ ئۆلگەن ئىدى. ئۇنىڭ ئورنىغا سۇلتان بولۇش ئۈچۈن سىياسەتتە پىشمىغان ئوغۇللىرى سەلتەنەت ۋەسۋەسى ئىچىدە ئىدى. دۆۋلەت چارىسىز، ئۇرۇشىش ئۈچۈن ئىمكانلىرى يوق ئىدى. ئىچكى ۋە تاشقى دۈشمەننىڭ ئارىسىدا قالغان خەلق ماددى ۋە مەنىۋى جەھەتتىن پۈتۈنلەي تۈگەشكەن بىر ۋەزىيەتتە ئىدى. مانا مۇشۇنداق بىر ۋەزىيەتنى پۇرسەت بىلگەن موڭغۇل قوماندانى باجۇ نويان ئانادولۇغا بولغان ئەسكىرى ھۇجۇمنى تىزلەتتى.

1243-يىلى موڭغۇللار ئانادولۇنىڭ ئەرزۇرۇم، قىرشەھرى، قەيسىرى، سىۋاس قاتارلىق مۇھىم شەھەرلەرنى ئىگەلەپ، نۇرغۇن ئىنسانلىڭ جىنىغا زامىن بولۇپ، شەھەرلەرنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلدۇ. گەرچە سەلجۇقلارنىڭ ئەسكىرى 80.000، موڭغۇللار 45.000 ئىدى. ئەمما سەلجۇقلار ئەكەرلىرى مەنىۋى جەھەتتىن پۈتۈنلەي تۈگەشكەن بولۇپ، جەڭگىۋارلىغى يوق دىيەرلىك ئىدى. سۇلتان غىياسىددىن كەيھۇسرەۋ قورقۇ ۋە ۋەھىمە ئىچىدە قىلىپ، ئۇرۇشنىڭ ئالدىدىلا جىنىنى ئېلىپ قاچىدۇ. بۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن ئەسكەر ۋە قوماندانلار قىچىپ كىتىدۇ. بۇ ئەخۋالنى كۆرگەن موڭغۇللار كونيانى مۇئاسىرغا ئالىدۇ. ئەمما مەۋلانە ھەزرەتلىرىنىڭ مەنەۋى كۈچىنىڭ ئالدىدا، باجۇ نويان كونيانى ئىشغال قىلىشتىن ۋاز كېچىدۇ. پەقەت باش ۋەزىر بىلەن موڭغۇللار ئارىسىدا كېلىشىم تۈزۈپ، كونيا خەلقى موڭغۇللارغا ناھايىتى يۇقىرى تۆلەم تۆلەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا شۇ چاغدا موڭغۇللار بۇلاڭ-تالاڭ قىلىپ، ئالغان بايلىقنىڭ سانى ھەددى-ھېسابسىز ئىدى. پەقەت ئۇلجا ئالغان ئالتۇنلارنىڭ ئۆزىنىلا 300 تۆگىگە ئارتىپ ئېلىپ ماڭغان ئىدى.

سەلجۇقلار دۆۋلىتى زاۋاللىققا يۈزلەنگەن ئىدى. خەلق بولسا قاتتىق زۇلۇم ئىچىدە قالدى. مانا مۇشۇ ئۇرۇشنىڭ دەستىدىن خەلق ئىنتايىن نامراتلاشتى، ھەر يەرنى ئاچارچىلىق قاپلىدى.ئۆي-ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ، خانى-ۋەيران بولغان، كەڭ خەلق

ئامىسى بىر قوتۇلۇش يولىنى ئىزدەيتتى. مانا مۇشۇنداق ئەخۋال ئاستىدا بىر قىسىم كىشىلەر ئۆزلىرىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن تىكىرقاپ قالغان ئىدى. خۇددى ”دېڭىزغا چۈشۈپ كەتكەن ئادەم، يىلانغا ئېسىلىپتۇ“ دېگەندەك، ھەر-خىل يامان يول ۋە ھەرخىل تەرىقەتلەرگە بېرىلەتتى. جەمىيەتتىكى زەھەرلىك پىكىر ئېقىملىرىغا ئاسانلا ئۆزلىرىنى ئالدۇرۇپ قوياتتى.

موڭغۇللارنىڭ غەلىبىسى ۋە ئۇلارنىڭ پىتنە-پاساتلىرى سىياسى جەھەتتىن ۋەيران بولغان، مەنىۋى جەھەتتىن ئۆزىنى يوقاتقان مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمان تومۇرىنى كېسىپ، مۇسۇلمانلارنى تەل-توكۇس يوقۇتۇشنىڭ يولىنى ئاچقان ئىدى. موڭغۇللارنىڭ بۇ يولىنى توسۇش ۋەزىپىسى مەۋلانەگە يۈكلەنگەن ئىدى. قىلىچ ئارقىلىق قۇتقۇزالمىغان جاننى، جىھاد-ئەكبەر(مەنىۋى جىھات) ئارقىلىق قۇتقۇزۇشقا توغرا كەلدى.

بۇنىڭ بىلەن مەۋلانە خەلققە بىر ئۈمۈت بىغىشلىدى، مۇسۇلمانلار ئارىسىغا قېرىنداشلىق، ئۆز-ئارا ھەمكارلىشىش، مېھرى-شەپقەتنى ياغدۇردى. ئانادولۇ خەلقى ئەڭ قىيىنچىلىقتا تۇرغان بىر ۋاقىتتا ئاللاھنىڭ شەپقەتچىسى بولۇپ ئوتتۇرغا چىقىپ، خەلقنى بىرلىك-ئىتىپاقلىققا چاقىرىپ ۋە ئۇنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى.

«بىز بىرلەشتۇرۇش ئۈچۈن كەلدۇق، ئايرىش ئۈچۈن ئەمەس» دېگەن بۇ تېرەن پىكىرلىرى پۈتۈن ئىنسانلارغا ئۈلگە بولدى.

«يەنە كەل، كەل يەنە، ئەي جان يەنە كەل!
بۇتقا چوقۇنساڭمۇ، كۇفۇرلۇق قىلساڭمۇ، يەنە كەل!
ئۈمۈتسىزلەرگە يىپىقتۇر بۇ ئىشىك،
يۈز قېتىم توۋا بۇزغانمۇ يەنە كەل!»

دەپ دىنلار ۋە مىللەتلەر ئارىسىغا دوسلۇق ئۇرۇغىنى چاچتى، ئىنسانلارغا بىر ئۈمۈت مەشھەلىنى ياندۇرغان ئىدى. باشقا دىندىكى ئىنسانلارغا ئىسلامنىڭ گۈزەللىكلىرىنى، تەۋھىت ھەقىقەتلەرنى ئىلىم ۋە ھىكمەتلەر بىلەن چۈشەندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرىنى ئىسلام نۇرى بىلەن يورۇتقان ئىدى. سۆيگۈ، مۇھەببەت، دوسلۇق ئارىسىدا قالغان موڭغۇللار تۈركلەر ئىچىگە سىڭىپ، مۇسۇلمان بولۇپ، ئىرىپ كېتىشكە باشلىدى. مانا بۇ مەۋلانە ھەزرەتلىرىنىڭ ئوتتۇرغا قويغان مەنەۋى كۈرىشىنىڭ رولى ئىدى. بۇنداق بىر ئەخۋال ئاستىدا چارىسىز قالغان موڭغۇللار ئانادولۇنى تەرك ئېتىپ كېتىشكە توغرا كەلدى. بۈگۈنكى ئانادولۇدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدا مەۋلانەنىڭ رولى

ناھايىتىمۇ زور.

## 7.ئىنسانلار كۆڭۈل سۇلتانىدىن ئايرىلدى

1273-يىلى 12-ئاينىڭ 17-كۈنى كونيا ئاھالىسى ئىنتايىن تەشۋىش، قايغۇ ئىچىدە ئىدى، بۇنداق بىر كۈچ ئادەملەرنىڭ توپلاشقانلىقى كونيادا ھېچ كۆرۈلمىگەن بىر ھادىسە ئىدى. ھاۋا ئىنتايىن سوغۇق، ئاچچىق شامال جاندىن ئۆتەتتى. مەۋلانا ھەزرەتلىرىنىڭ كېسەللىنىش ئېغىرلاشقانلىقىنى پۈتۈن كونيا خەلقى ئاڭلاپ، ھەممىسى مەۋلانە دەرگاھى ئالدىغا توپلانغان ئىدى. بوۋاي-موماي، كىچىك باللار ھەممىسى دۇئالارنى ئوقۇپ، مەۋلانەنىڭ كېسەللىكە شىپالىق تىلەيتى. خرىستىئان، يەھۇدى، رۇم، ئەرمەنى قاتارلىق كونيادا قانچە تۈرلۈك مىللەت ۋە دىن بولسا ھەممىسى بىر مەيدانغا يىغىلغان ئىدى. ھەممىسىنىڭ قايغۇسى ئوخشاش، تىلەكلىرى ئوخشاش، نىيازلىرى ئوخشاش ئىدى. ئەتراپتىكى شەھەرلەردىن كېلىۋاتقان ئىنسانلار يولغا سىغماي قالغان ئىدى. سوپىلار يىڭنىك ساما ئوينىسا، سازچىلار نەيلىرىنى مۇڭلۇق چېلىپ، ئاللاھتىن ئۆز پىرىغا شىپالىق تىلەكلىرىنى ئىزھار ئەيلەيتى.

مەۋلانە ھەزرەتلىرى ئېغىر كېسەل ئازابىدىن ھالسىرغان لەۋلىرىنى تىترىتىپ تۇرۇپ، ئۆز ھىس تۇيغۇلىرىنى بايان ئەيلەيدۇ: «مەن سۆيگۈنىمنىڭ يېنىغا كېتىۋاتىمەن، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان ھەر كىم تىرىكتۇر......

ھەقتىن باشقاسى بىلەن تىرىك بولغان ھەركىم، مىڭلارچە ئەقىل ۋە مىڭلارچە بىلگىگە ئىگە بولسىمۇ، يەنە سەن ئۇنى پۈتۈنلەي يوق دەپ بىل! چۈنكى بارلىقىڭدىن ۋاز كېچىپ ، ئۇنىڭ بارلىقىغا پۈركەنمىگىچە، ئۇنىڭغا ئېرىشەلمەيسەن! بۇ بىر ھەقىقەتتۇر ئوتتۇرىغا چىققان، ھەر مەۋجۇتلۇقنىڭ ھەقىقى جانى ھەقتۇر! جاندىن باشقا نىمە بولسا يانى، يوقۇلۇپ كېتىدۇ.»

«مەن ئۆلگەندىن كېيىن، مازارىمنى يەردىن ئىزدىمەڭلار! بىزنىڭ مازارىمىز ئىلىم ئادەملىرىنىڭ كۆڭۈللىرىدە»

## 8.خاتىمە

ھەزرىتى مەۋلانە جالالىدىن رۇمىغا ھەر كىم ئۆزىنىڭ دۇنيا قارىشىغا ئاساسەن باھا

بىرىدۇ. بەزىلەرگە كۆرە ئۇلۇغ بىر زات، بەزىلەرگە كۆرە بۈيۈك بىر شائىر، بەزىلەر تىرەن بىر سوپى دىسە، بەزىلەر ئۇلۇغ بىر ئىسلام پەلسەپەچىسى دەيدۇ.

ھەزرىتى مەۋلانە جالالىدىن رۇمىينىڭ پەلسەپەسى ھەر دەۋرىدە، ھەر مىللەتنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى نۇرغۇن تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ، پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ قىزىقىپ ئوقۇشىغا مۇيەسسەر بولغان. مەۋلانا ئەسسەرلىرى ۋە ئۇنىڭ پىكىرلىرى ئۇيغۇر-تۈرك كىلاسسىك ئەدەبىياتى، پەلسەپەسى ۋە تۈرك -ئىسلام مەدەنىيەت تارىخىمىزنىڭ ئابىدەسىدۇر. ئۇنىڭ نادىر ئەسەرلىرى مىللى ئەخلاق چۈشەنچىمىزنىڭ، تاساۋۋۇپ چۈشەنچىلەرنىڭ ۋە ئىسلام دىنىنىڭ يېيىلىشىغا ۋاستە بولغان.

ھەزرىتى مەۋالانەنىڭ ئىسىل ئەخلاقى-پەزىلىتى ۋە يول كۆرسەتكۈچى دانە پىكىرلىرى، سۆزگۈ مۇھەببەتكە تولغان گۈزەل سۆزلىرىگە، بۈگۈنكى دەۋردە پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ تېخىمۇ ئېھتىياجى بار. بىر تەرەپتە ماددى باياشاتچىلىق، بىر تەرەپتە ئاچ-يالاغاچ. بىر تەرەپتە سەلتەنەت، بىر تەرەپتە ئۇرۇش ئوتلىرى قاپلىغان بۈگۈنكى دۇنيادا مەۋلانەنىڭ ئۇلۇغ ئىدىيەسى ئىنسانىيەت ئۈچۈن مەنىۋى دورىدۇر.

ھەزرىتى مەۋلانەنىڭ مۇبەرەك ئاياقلىرى تەككەن بەلختىن تا كونياغىچە بولغان بۇ ئالتۇن زىمىن، بۇندىن 800 يىللار مۇقەددەم چىڭگىزخان ئەسكەرلىرىنىڭ ئات تۇياقلىرى ئاستىدا چەيلەگەن بولسا، بۈگۈنمۇ ئوخشاشلا ئاسماندىن يېغىۋاتقان بومبىلارنىڭ دەھشەتلىك پارتلاشلىرى نەتىجىسىدە كۆيۈپ كۈل بولماقتا. ئۆي ماكانلىرىدىن ئايرىلغان مىللىئونلىغان بىگۇناھ ئىنسانلار دەش-باياۋانلاردا سەرسان بولماقتا. مەۋلانە ياشىغان شۇ دەۋرلەردىن ئانچە پەرق قىلمايدىغان بۈگۈنكى دۇنيادىمۇ، مەۋلانەنىڭ تېچلىق پەرۋەر، ئىنسان پەرۋەر، دوسلۇق پەرۋەر، ئادالەت پەۋەر، مىللەت ۋە دىن ئايرىمايدىغان نەپرەتسىز پەلسەپەسى ئۆزىنى ئادەم دەپ بىلگەن ئىنسانلار ئۈچۈن بىباھا گۆھەردۇر.

مىللىتىمىز ئۆز قەھرىمانلىرى بىلەن ياشايدۇ، ئۇلار بىزنىڭ ھەر زامان پارلاپ تۇرغان يۇلتۇزىمىزدۇر.

كۆڭۈل دۇنيارىمىزنىڭ قەھرىمان بولسا مەۋلانە جالالىدىن رۇمى ھەزرەتلىرىدۇر.

ماقالىنى يېزىش ئۈچۈن پايدىلانغان ئەسەرلەر:

مەسنەۋى-شەرىف، دىۋانى-كەبىر، يەتتە مەجلىس، فىھى مەفىھ، مەۋلانە ۋە شەمسى

16.05.2016 گېرمانىيەدە يېزىلغان.

# قومۇل ئۇيغۇر ۋاڭلىقىنىڭ گۈللىنىشى ۋە خارابلىششى

## ئەلى غوپۇر

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى يازما ماتېرىياللاردا، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار كۆپىنچە «مۇسۇلمانلار» (回) دەپ ئاتالغان. ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان تارىم ئويمانلىقى بولسا «مۇسۇلمانلار يۇرتى» (回疆) ياكى «ئۇيغۇرلار يۇرتى» (回部) دەپ ئاتالغان. چىڭ سۇلالىسىدىن بۇيانقى قومۇل ئۇيغۇر ئىنانچىخانلىرى بولسا «ئۇيغۇر ۋاڭلىرى»دەپ، ئۇلارنىڭ قەبرىلىرى بولسا «ئۇيغۇر ۋاڭلىرى مەقبەرىسى» دەپ، ئۇلار تۇرغان شەھەر بولسا «مۇسۇلمانلار شەھىرى» دەپ ئاتالغان.

قومۇل ئۇيغۇر ۋاڭلىرىنىڭ تارىخىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، 1697-يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتامانى ئەبەيدۇللاغا «قومۇلدىكى ئۇيغۇر يۇرتلىرىنىڭ 1-دەرىجىلىك جاساق تارخانى» دېگەن ئاتاقنى بەرگەندىن تارتىپ، 1931-يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت «يەرلىك تۇراقلىق ئەمەلدارلىقنى يۆتكىلىپ تۇرىدىغان ئەمەلدارلىققا ئۆزگەرتىش» نى يولغا قويۇپ، قومۇل ۋاڭلىرىنىڭ سۈيۈرغال ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بەرگەنگە قەدەر توققۇز ئەۋلاد ۋاڭ ئۆتۈپ، جەمئىي 233 يىللىق تارىخنى باشتىن كەچۈردى. بۇ ئىككى ئەسىردىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە، مەركىزىي ھۆكۈمەت ئۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارغا قومۇل ۋاڭلىرى ئارقىلىق ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، ئادەتتە ئۇلارنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى سورۇشتۇرۇپ ئولتۇرمىغاچقا، قومۇل ۋاڭلىرىمۇ ئۆز سۈيۈرغاللىق زېمىنىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ پادىشاھى بولۇپ قالدى.

«ئۇيغۇر ۋاڭ» دەپ ئاتالغانلار مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ بىر تۇتاش پەرمانلىرىغا، لەشكىرىي يارلىقلىرىغا بويسۇنغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا، قومۇل ئۇيغۇر ۋاڭلىرى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ تارىخىي ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن بىر يۈرۈش مەمۇرىي ئاپپاراتلارنى تەسىس قىلىپ، ئۇيغۇرچە ئالاھىدىلىككە ئىگە يەرلىك ھاكىمەت شەكىللەندۈرگەنىدى. بۇ ھاكىمىيەتنىڭ ئالىي تەدبىر بەلگىلەش ئاپپاراتىدا، ئۇيغۇر ۋاڭدىن سىرت، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تۇرغۇزغان بىر چوڭ تەيجى، بىر كىچىك تەيجى، ئىككى خاس مەسلىھەتچى بەگ، بىر ئامام ئاخون، بىر خەزنە بەگ بولۇپ، بۇ ئالتە كىشى ھوكۇمرانلىق يادروسىنى

تەشكىل قىلاتتى. ھەر قېتىم ھەربىي، مەمۇرىي چوڭ ئىشلارغا دۇچ كەلگەندە، ئۇلار كېڭەشتىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئۇيغۇر ۋاڭ تەستىقلاپ يولغا قوياتتى.

قومۇل ئۇيغۇر ۋاڭى ئالاھىدە تارىخىي دەۋرنىڭ مەھسۇلى، ئۇنىڭ بارلىققا كېلىشى، تەرەققىي قىلىشى ۋە يوقىلىشى ئۇزاق تارىخنى باشتىن كەچۈردى. «قومۇل ئۇيغۇر ۋاڭلىرى تارىخى» دا مۇنداق بىر رىۋايەت خاتىرىلەنگەن . «مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە (تەخمىنەن 1605-يىلى) ئەرەبىستاندىكى ئالىي ئىسلام تەشكىلاتى ئۇچۇنچى پېشۋا مۇھەممەد شاھ خوجىنى قومۇلغا ئەۋەتكەن.» مۇھەممەدشاھ خوجا ھەققىدە ئۆتكەن كىشى، «قومۇل ۋاڭلىرى شەجەرىسى»دە خاتىرىلىنىشىچە، مۇھەممەدشاھ خوجا ئىلىدىن كەلگەن بولۇپ، تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ 7-ئەۋلاد نەۋرىسى ئىكەن. مۇھەممەدشاھ خوجا قۇمۇلغا كەلگەندىن كېيىن، بۇ جاينىڭ ئىقساقلى بولۇپ قالغان.

مۇھەممەدشاھ خوجا ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان مەزگىلدە، جۇڭغار موڭغۇللىرىنىڭ كۈچى خېلى زورىيىپ كەتكەچكە، قومۇل رايونىغا ھەمىشە پاراكەندىچىلىك سېلىپ تۇراتتى. مال-مۈلۈك ۋە چارۋاماللارنى بولاپ قويمايتتى. شۇڭا مۇھەممەدشاھ خوجا قۇمۇل خەلقىنى باشلاپ ئۇلارغا قارشى كۈرەش قىلدى. كاڭشىنىڭ 9-يىلى (1668-يىلى)مۇھەممەدشاھ خوجا كېسەل بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئوغلى بەيدۇللا ئاقساقاللىق ئورنىغا چىقتى.

ئەبەيدۇللا سىياسى جەھەتتە بەك يىراقنى كۆرەر كىشى بولۇپ، قولىدىن خېلى ئىش كېلەتتى. ئۇ ئەمدىلا تەختكە ۋارىسلىق قىلغاندا، قومۇل يەكەن خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئىدى. كاڭشىنىڭ 19-يىلى (1678-يىلى) يەكەن خانلىقى جۇڭغار خانلىقى تەرىپىدىن مۇنقەرز بولدى. شۇنىڭ بىلەن قومۇل جوڭغار خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتتى. جۇڭغار خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانى ئۇيغۇرلار رايونىدا كۆلنى قۇرۇتۇپ بېلىق تۇتۇشتەك تالان-تاراج تۇسىدىكى ھۆكۈمرانلىقنى يولغا قويغانلىقتىن، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كۈچلۈك ئۆچمەنلىكىنى قوزغىدى. ئەبەيدۇللا ۋەزىيەتكە بېقىپ ئىش تۇتۇپ، چىڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلىش نىيىتىگە كەلدى. ئەينى چاغدا چىڭ سۇلالىسى ئاللىقاچان ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ خوجىسىغا ئايلانغان بولسىمۇ، بىراق جوڭگونى تېخى تولۇق بىرلىككە كەلتۈرۈپ بولالمىغانىدى. شىنجاڭ يەنىلا جۇڭغار خانلىقىنىڭ ھوكۇمرانلىقى ئاستىدا ئىدى.

كاڭشىنىڭ 35-يىلى )1696-يىلى( 5-ئايدا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى بىلەن جۇڭغار قوشۇنى زونمودتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلدى. غالدان قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. چىڭ سۇلالىسى بىلەن جۇڭغارلارنىڭ ئەمەلىي كۈچ سېلىشتۇرمىسى تېخىمۇ ئايدىڭلاشقان

چاغدا، ئەبەيدۇللا «ئەل بولۇپ ئۆلىيان تاپشۇرۇشقا ئەلچى ئەۋەتتى». قومۇلنىڭ ئەل بولغانلىقى توغرىسىدىكى ۋەقە «پادىشاھنىڭ شىمالىي قۇملۇقنى تىنىچتىش تەدبىرلىرى»ناملىق ئەسەردە تەپسىلى خاتىرىلەنگەن. ئەبەيدۇللانىڭ چىڭ سۇلالىسىگە يازغان مەكتۇبى ئىززەت-ئىكراملىق سۆز-ئىبارىلەر بىلەن تولغان بولۇپ، «بىر ئاق تەقىيەلىك قوۋم ئەزەلدىن خان ئالىيلىرىغا تەلپۈنۈپ، ئۆلپان تاپشۇرۇپ ئىنئام ئېلىشنى ئويلاپ كەلگەن پۇقرالارمىز» دەپ باشلانغان، ئەبەيدۇللا بىر تارىخىي پاكىتنى چۈشەندۇرۇپ بەرگەن. غالداننىڭ كۈچىنىڭ كۈنسايىن ئاجىزلىششىغا ئەگىشىپ، ئەبەيدۇللانىڭ چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا تېخىمۇ ئىنىق پوزىتسىيە بىلدۇرۇپ: «ناۋادا غالدان كەلسە، بىزلەر پۇرسەت تېپىپ ئۇنى كۈچىمىزنىڭ بارىچە تۇتماي قويمايمىز؛ ناۋادا خەۋىرىنى ئالالىساق، داۋاملىق مەلۇمات يوللايمىز» دەپ مەلۇمات يوللىغان، كاڭشى ئۇنىڭ سەممىيلىك بىلەن بەيئەت قىلىشتاتقانلىقىغا قاراپ، «زەر بوغما يىلان سۈرىتى كەشتىلەنگەن مانجۇچە تون، سۆسەر تەلپەك، زەر كەمەر قاتارلىق بۇيۇملارنى ئالاھىدە تارتۇق قىلغان» ئەبەيدۇللا جۇڭغارلارنىڭ ئىش-ھەرىكىتىگە تېخىمۇ يېقىندىن دىققەت قىلىپ، كاڭشىنىڭ 36-يىلى (1697-يىلى)نىڭ بېشىدا چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا غالداننىڭ يار كۆلدىكى ئەھۋالىدىن مەلۇمات بېرىپ مۇنداق دېگەن: «غالداننىڭ ئۇزۇق-تۈلۈكى ئۆكسۈپ قېلىپ، ئىلاجسىزلىقتىن ئوغلى سەبتون بارجۇرنى (باركۆلگە شىكارغا)ئەۋەتىپتۇ. قۇللىرى چوڭ ئوغلۇم گويا بەگنى 350 لەشكەر بىلەن غالداننىڭ ئوغلىنى تۇتۇشقا ئەۋەتتىم.» چىڭ سۇلالىسى پادىشاھى غالداننىڭ ئوغلىنى تۇتۇشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ئوبدان تونۇپ يەتكەچكە، بۇ تەدبىردە «ئوغرىنى توخۇمىدىن قۇرۇتقىلى بولىدىكەن، غالدان ئۇ يەر، بۇ يەردە قېچىپ جان ساقلاپ يۈرگىنى بىلەن قېرىپ كەتتى. ئەمدى ھېچقانچە ئىشقا يارىمايدۇ. ناۋادا ئوغلى قولۇمغا چۈشسە، بۇمۇ تەڭرىنىڭ ماڭا قىلغان شاپائىتى ھېسابلىنىدۇ» دەپ قارىدى. پادىشاھ كاڭشىنىڭ گەپ-سۆزلىرىدىن قاتتىق خۇش بولغانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

شۇ يىلى 3-ئايدا قومۇل «ئەتۇك قاشقانى تۇتۇپ»، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا تاپشۇردى. شۇ يىلى 3-ئايدا (3-ئاينىڭ باشلىرى)يەنە «گۇنجاننىڭ خوتۇنى تۇخۇن دالاينىڭ قولچۇمىقى بولغان ئويرات موڭغۇللىرىنىڭ ئەنكە تارخانى زايسان»نى تۇتۇپ تاپشۇردى. بىراق بۇ چاغدا سىپۋان ئارابداننىڭ قومۇلغا بولغان تەھدىتى ۋە بېسىمى كۈنسايىن كۈچىيىۋاتاتتى. شۇڭا، ئەبەيدۇللا چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا مەلۇمات يوللاپ:«ئوغلۇم گويا بەگ غالداننىڭ ئوغلىنى تىرىك تۇتۇۋالغان ھەم چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا تاپشۇرۇپ بەرگەندى، شۇڭا ئويراتلارنىڭ ئۆچ ئالغىلى كېلىشى تۇرغانلا گەپ، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ سول قانات قوشۇنىنىڭ ئۆچمەنلىكى كۈچلۈك پىقىرلىرى قومۇلدا ئاجىز

كىلىپ قالىدىغىنىم تۇيەيلىدىن سېۋىن ئارابىدانغا تەك كېلەلمەسلىكىم تۇرغانلا گەپ، ئالىيلىرىدىن ۋاسسالىلار مەھكىمىسى ئارقىلىق كۆكنۇر *(چىڭخەي) دىكى تەيجىلەر ۋە سېۋان ئارابدانغا نامە يوللاپ، ئۇلارغا قومۇلنىڭ ئوردىغا بەيئەت قىلغانلىقىنى، تاجاۋۇز قىلىپ پاراكەندىچىلىك سالماسلىق لازىملىقىنى ئۇقتۇرۇپ قويۇشنى ئۆتۈنىمەن» دېدى. ئاردىن ئۇزاق ئۆتمەي ئەبەيدۇللا يەنە چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا مەلۇمات يوللاپ: «مەن خان ئالىيلىرىغا بەيئەت قىلغانلىقىم ھەم ئۇنىڭ ئوغلىنى تۇتۇپ كېلىپ ئوردىغا تارتۇق قىلغىنىم ئۈچۈن، سېۋان ئارابدان ماڭا قاتتىق ئۆچمەنلىك ساقلاپ، ماڭا ئارام بەرمەي كەلدى. ناۋادا ئارابدان بىلەن ئۇرۇش قىلىپ قالغۇدەك بولساق، ئالىيلىرىنىڭ ياردىمىنى ئايىماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن»دېدى. ئەبەيدۇللا چىڭ سۇلالىسىنىڭ تېخىمۇ كۈچلۈك قوغدىشىغا ئېرىشىش ئۈچۈن، چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا مەلۇمات يوللاپ: «مەن سېۋان ئارابدانىنىڭ ھۇجۇم قىلىشىدىن بەك ئەنسىرەيمەن، خان ئالىيلىرى يارلىق چۈشۈرۈپ، پېقىرلىرىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىماسلىقىم ئۈچۈن، پېقىرغا يارلىق ۋە مۆھۈر ئاتا قىلغان بولسىلا غەم-ئەندىشىلىرىمۇ تۈگەيتتى. تېرىتورىيەمىزنى قوغداش ئۈچۈن...قوۋمىمنى باشلاپ سۇجۇۇغا كۆچۈشنى تېخىمۇ خالايتتىم. ئۇمۇمەن ئوردىغا سالامغا بېرىش-كېلىش ئىشلىرىدا سۇجۇۇ بىر ئۆتەك، پېقىر ئۇ يەردە خەۋەر ئۇققۇشۇپ، پەيتى كەلگەندە ئالىيلىرىنىڭ ئالدىغا سالامغا بارىمەن»دېدى.

چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى مەلۇماتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئەبەيدۇللا «سەممىيلىك بىلەن تەلپۈنۈۋېتىپتۇ» دەپ قاراپ، ئۇنى «رىغبەتلەندۇرۇش» مەقسىتىدە، ئەبەيدۇللاغا قومۇلنىڭ «1-دەرىجىلىك جاساق تارخانى» دەپ ئۇنۋان بەردى. شۇنىڭ بىلەن قومۇل ھەر قايسى موڭغۇل قەبىلىلىرىگە ئوخشاش «خوشۇن بويىچە تەۋەلىككە ئۆتكەن» جاي بولۇپ قالدى. ئەبەيدۇللانىڭ «يارلىق ۋە مۆھۈر» بېرىش ھەم «سۇجۇۇدا تۇرۇش» تەلىپىگىمۇ چىڭ سۇلالىسى رەسمىي ئۇنۋان بەرگەن يەرلىك ئەمەلدارغا ئايلىنىپ، قومۇلدىن ئىبارەت بۇ ئۇيغۇر يۇرتى بىلەن چىڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى تەۋەلىك مۇناسىۋىتىمۇ رەسمىي ئورنىتىلدى. ئەبەيدۇللا جەمەتىنىڭ قومۇل دىيارىدىكى ئاتا مىراس ھۆكۈمرانلىقىمۇ رەسمىي تىكلەندى.

ئەبەيدۇللا جەمەتىنىڭ ئاتا مىراس ھۆكۈمرانلىق ئورنى تىكلەنگەندىن كېيىن، «باشقۇرۇشىدىكى سۈيۈرغاللىق زېمىن شەرقتە ئارا يۇلتۇز (شىڭشىڭشيا) غىچە، شىمالدا ئارا تۇرۇككىچە، غەربتە لياۋدۇنغىچە كېڭەيدى». تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلارنى ئىشقا سېلىش، سېتىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇپ، قومۇل دىيارىنىڭ ئاتا مىراس فېئودال خوجىسىغا ئايلاندى. ئەبەيدۇللاغا چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى شەرىپىدىن تېخى ۋاڭ دەپ ئۇنۋان بېرىلمىگەن

بولسمۇ، بىراق ئەبەيدۇللا 1-ئەۋلاد قۇمۇل ۋاڭى دېيىلىدۇ.

ئەبەيدۇللا كاڭشىنىڭ 48-يىلى (1709-يىلى ) ئالەمدىن ئۆتتى. چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى ئۇنىڭ ئوغلى گوپا بەگنى تەخت ۋارىسى قىلدى. گوپا بەگ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدە تىلغا ئالغۇدەك بىرەر چوڭ ئىش قىلالمىدى.

3-ئەۋلاد قومۇل ۋاڭى ئىمىندۇر. ئۇ كاڭشىنىڭ 50-يىلى (1711-يىلى)تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. 8-يىلى بېيجىڭدىكى خان ئوردىسىغا سالامغا باردى. ئىمىننىڭ ئۆمرىدە كۆرسەتكەن چوڭ تۆھپىسى ئىككى بولۇپ، بىرى، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى بىلەن بىرلىكتە قومۇلنى قوغداپ، جۇڭغارلارنىڭ ھوجۇمىنى توستى. يەنە بىرى : لەشكەرلەرنى ئىشقا سېلىپ يەر تېرىپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ئاشلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. ئىمىن چيەنلۇڭنىڭ 5-يىلى (1740-يىلى) ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئوغلى يۈسۈپ قائىدە بويىچە ئەلنى تىنچلاندۇرغۇچى بەگلىك ئورنىغا ۋارىسلىق قىلدى.

يۈسۈپ ئەلنى تىنچلاندۇرغۇچى بەگلىك تەختىگە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، قومۇل چېگراسىدا بىرەر ۋەقە يۈز بەرمىدى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈپ ئاشلىقتا ئۆزىنى تەمىنلەپ ئىشىنالىغان پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ بەش يىلنى نىسبەتەن تىنىچ ئۆتكۈزدى. چيەنلۇڭنىڭ 10-يىلى (1745-يىلى)چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى ئۇنىڭ ئوغلىغا يېزىلىق ئوتۇغات بەردى.

1757-يىلى چوڭ -كىچىك خوجىلار توپىلىڭى يۈز بەردى. شۇنىڭ بىلەن چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلدى. يۈسۈپ «100 نەپەر ئۇيغۇر ئەسكەرنى باشلاپ، قوشۇنغا ئەگىشىپ خىزمەت كۆرسىتىشنى ئىلتىماس قىلدى». چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى بۇ ئىشتىن كۈتكەندىن ئارتۇق ئۈنۈمگە ئېرىشىپ قاتتىق خۇش بولدى. يۈسۈپ جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىغا نىسبەتەن خېلى چاقىرىق كۈچىگە ئىگە بولغاچقا، چىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن ئالاقىچى ئامبال مەرتىۋىسىگە ئېرىشىپ، قوشۇن باشلاپ جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلدى. ئۇزاق ئۆتمەي، كۇچاغا ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە يۈسۈپنىڭ ئىپادىسى كۆرۈنەرلىك بولغاچقا، چىڭ سۇلالىسى «ئالتە قۇر كىمخاب-دۇردۇن ئىنئام قىلىپ، ئۇنىڭ لەشكىرىي كېڭەشكە قاتنىشىشىنى بۇيرۇدى»، يۈسۈپ لەشكىرىي ئىشلارنى ئوبدان بىر ياقلىق قىلغاچقا، چيەنلۇڭ ئۇنىڭدىن بەك مىننەتدار بولۇپ، «يۈسۈپنىڭ لەشكىرىي بارگاھ قۇرۇپ ئۇچتۇرپاندا تۇرۇپ، كۆڭۈل قويۇپ مۇداپىئە كۆرگەنلىكى تولىمۇ خۇشاللىنارلىق ئىش، شاپائەت يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا بىلى مەرتىۋىسى بېرىلسۇن» دەپ يارلىق چۈشۈردى.

چىڭ سۇلالىسى يۈسۈپكە بارغانسېرى ئىشىنىدىغان بولدى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى

يەكەن، قەشقەردىكى دۈشمەن ئەھۋالىنى تىڭتىڭلاشقا ئەۋەتىلدىغان ئەسكەرلەرنىمۇ يۈسۈپنىڭ قولىدىكى ئۇيغۇرلاردىن تاللىدى. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى يەكەن، قەشقەرنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، بۇ ئىككى شەھەردە «يەنىلا ئۇيغۇرلار ئاساس» ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. پادىشاھمۇ «ھاكىمبەگ قويۇشنىڭ بەك زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىپ، مىنىڭچە ئىمىن خوجا يەكەننى، يۈسۈپ قەشقەرنى باشقۇرسۇن» دېدى. چيەنلۇڭنىڭ 24-يىلى (1759-يىلى) 9-ئايدا، پادىشاھ چيەنلۇڭ:«يۈسۈپ ئۈچتۇرپاندا قوشۇنغا باش بولۇپ تۇرغاندىن بېرى نۇرغۇن ئىش قىلىپ، شاپائىتىمگە چىن كۆڭلىدىن جاۋاپ قايتۇرۇپ كەلدى، شۇڭا ئۇنىڭغا بىلى مەرتىۋىسى بېرىلسۇن» دەپ يارلىق چۈشۈردى. ئارىدىن بىر ئاي ئۆتكەندە، چىڭ سۇلالىسى پادىشاھى يەنە: «ئىمىن خوجا، يۈسۈپلەر خېلى تۆھپە كۆرسەتتى... يۈسۈپكە شاپائەت قىلىپ ئىنانچىخانلىق مەرتىۋىسى بېرىلسۇن»دەپ يارلىق چۈشۈردى.

چوڭ-كىچىك خوجىلار توپىلىڭى تىنچىتىلغاندىن كېيىن، يۈسۈپ بېيجىڭدىكى خان ئوردىسىغا سالامغا بېرىپ، چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىدا خېلى ئىلتىپاتقا ئېرىشتى. يۈسۈپ قىرغىن كۈتۈۋېلىنغاندىن سىرت، مۇشۇ مەزگىلدە ئۇنىڭ ئىنىسى ئابدۇللامۇ ئۈچتۇرپاننىڭ ھاكىمبەگلىك مەرتىۋىسىگە نائىل بولدى. يۈسۈپ بېيجىڭدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، قومۇلدا بىر يىلدان ئارتۇق دەم ئېلىۋېلىپ، ئاندىن قەشقەرگە كېلىپ ئىمىننىڭ ئورنىغا ئالماشتى، ئىمىن قايتىپ دەم ئالدى. «يۈسۈپ مەسلىھەتچى ئامباللىق مەرتىۋىسىگە نائىل بولغاچقا، ھۆكۈمەتتىن ئالىدىغان تەمىناتى قائىدە بويىچە بېرىلدى.».

چيەنلۇڭنىڭ 30-يىلى (1765-يىلى) ئۈچتۇرپاندا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. قوزغىلاڭغا يۈسۈپنىڭ ئىنىسى ئابدۇللا قاتارلىقلارنىڭ «ئۇيغۇرلارنىڭ كۆمۈشلىرىنى يۇتۇۋالغانلىقى»، خەلقنى ئېزىپ مۇشتۇمزورلۇق قىلغانلىقى سەۋەب بولغانىدى. پادىشاھ چيەنلۇڭ بۇ ئىشتىن قاتتىق غەزەپلىنىپ، ئېغىر جازالاش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى. چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى گەرچە ئۈچتۇرپان ۋەقەسىدە يۈسۈپنىڭ جاۋاپكارلىقىنى سۈرۈشتۈرمىگەن بولسىمۇ، بىراق بۇ ئىش يۈسۈپكىمۇ بىر زەربە بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ غەم-غۇسسىگە پېتىپ، دەرد-ئەلەمدىن ئاغرىپ قالدى. پادىشاھ چيەنلۇڭ ئۇنىڭغا شاپائەت قىلىپ، دورا تارتۇق قىلدى. يوقلاشقا ئادەم ئەۋەتتى. ئۇزاق ئۆتمەي يۈسۈپ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى باشلاپ بېيجىڭدىكى خان ئوردىسىغا سالامغا ماڭدى. چيەنلۇڭنىڭ 31-يىلى (1766-يىلى)سەنشىنىڭ لىڭشى ناھىيەسىگە يېتىپ كەلگەندە كېسەل بىلەن ئۆلدى. چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى ئۇنىڭ دەپنە خىراجىتى ئۈچۈن 500 سەر كۆمۈش تارتۇق قىلدى ھەمدە قومۇلدا تۇرۇۋاتقان ئەمەلدارغا:«پېقىرنىڭ يارلىقى بويىچە تارتۇق ۋە دەپنە

قىلىپ»دەپ ھاۋالە قىلدى، يەنە يولدا قايتقۇچە يۈسۈپنىڭ مېيىتىدىن ئۇبدان خەۋەر ئېلىپ قومۇلغا يەتكۈزۈپ قويۇشقا يارلىق قىلدى.

يۈسۈپ ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى ئىبراھىممۇ قومۇلغا قايتىش يولىدا چېچەك چىقىپ ئۆلدى. چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى ئۇنىڭ دەپنە خىراجىتى ئۈچۈنمۇ 500 سەر كۈمۈش ئاجرىتىپ بەردى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يۈسۈپكە ئىنتايىن يۇقىرى باھا بەرگەچكە، زىنگۇاڭ راۋىقىدىكى 50 تۆھپىكارنىڭ رەسىمى ئارىسىغا يۈسۈپنىڭ رەسىممۇ ئېسىلدى.

چيەنلۇڭنىڭ 32-يىلى (1767-يىلى) يۈسۈپنىڭ كەنجى ئوغلى ئىسھاق ئىنانچىخان دەرىجىسىدىكى جاساق دورۇبېلى مەنسىپىگە ۋارىسلىق قىلدى. چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى ئىسھاق «ياش ھەم غەيرەتلىك، مۇداپىئەدە تۇرۇش يوللىرىنى بىلىدۇ» دەپ قاراپ، ئۇنى مەقسەتلىك تەربىيەلىدى. ئىسھاق چيەنلۇڭنىڭ 38-يىلى (1773-يىلى) ئىلىغا بېرىپ تەلىم ئالدى. چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى ئۇنىڭغا ئاغلاقچى ئامبال مەرتىۋىسىنى بېرىپ، ئىلىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تېرىقچىلىق ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا قويدى. ئىسھاق ئىلىدا ئۈچ يىل تەلىم-تەربىيە ئېلىپ، 1776-يىلى قومۇلغا قايتىپ كەلدى. ئىسھاق تېخى بىرەر تۆھپە كۆرسىتىشكە ئۈلگۈرمەيلا چيەنلۇڭنىڭ 45-يىلى (1780-يىلى)بەختكە قارشى ياۋا چېچەك يۇقۇپ كېسەلدىن ساقيالماي ئالەمدىن ئۆتتى. چىڭ سۇلالىسى ئۇنىڭغا «پىشقان، ئېھتىياتچان كىشى ئىدى، تەۋەلىكىدىكى ئۇيغۇرلارنى ئوبدان ئىدارە قىلالايتتى» دەپ باھا بەردى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ دەپنە خىراجىتىگە 300 سەر كۈمۈش ئاجراتتى.

ئىسھاق ئۆلگەندىن كېيىن، چوڭ ئوغلى ئەردەشىر ئىنانچىخان دەرىجىلىك جاساق دورۇبېلى مەنسىپىگە ۋارىسلىق قىلدى. ئەردەشىر ئۆمرىدە تۆت قېتىم بېيجىڭدىكى خان ئوردىسىغا سالامغا باردى. بىرىنچى قېتىم چيەنلۇڭنىڭ 55-يىلى (1790-يىلى)، ئىككىنچى قېتىم چيەنلۇڭنىڭ 60-يىلى (1795-يىلى)، 3-قېتىم جياچىڭنىڭ 7-يىلى (1802-يىلى)، تۆتىنچى قېتىم جيا چىڭنىڭ 14-يىلى (1809-يىلى) باردى. ئەردەشىر ھەر قېتىم خانبالىققا بارغىنىدا داغدۇغىلىق كۈتۈۋېلىندى. ئوردا كۆپ قېتىم زىياپەت بەردى ۋە ئىنئام بەردى. ئەردەشىر جياچىڭنىڭ 18-يىلى (1813-يىلى) كېسەل بىلەن ئۆلدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ دەپنە خىراجىتىگە 300 سەر كۈمۈش ئاجرىتىپ بەردى. شۇ يىلى ئەردەشىرنىڭ ئوغلى بەشىر ئاتىسىنىڭ مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلدى.

1820-يىلدىن كېيىن خوجا ئەۋلادلىرى كۆپ قېتىم توپىلاڭ كۆتۈردى چىڭ سۇلالىسى قوشۇن تارتىش ئىشىدا شىنجاڭغا ھەربىي ماددىي ئەشيالارنى توشۇشتا يەنە قىيىنچىلىققا ئۇچرىدى، بەشىر پائال تۈردە ھارۋا تەييارلاپ، ئۇيغۇرلاردىن كارۋان

تەشكىللىدى. 1827-يىلى جاھانگىر خوجا توپىلىڭى دەسلەپكى قەدەمدە تىنچىتىلىپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بەشىر ئاكا-ئۇكىلارنى تەقدىرلىدى ۋە مۇكاپاتلاپ:«قومۇل ئىنانچىخانى ئوتۇغاتقا ئىگە بىلى بەشىر ھارۋا تەييارلاپ لەشكەر توشۇپ، جىددى پەيتتە ئوبدان خىزمەت كۆرسەتتى. ئىنئام بېرىشكە تېگىشلىك، ئۇنىڭغا ئاق قاشتاشتىن بىر دانە، گۈشيۇ كەشتىسى نۇسخىسىدىكى بوغما يىلان كەشتىلەنگەن توندىن بىرى، چوڭ ئەنلىك يىپەك دۇردۇندىن ئىككى توپ ئىنئام قىلىنسۇن، جاساق بەگ نەزەرمۇ بىللە خىزمەت قىلىپ، كۆپ كۈچ چىقاردى. ئۇنىڭغا پەي قادالغان قالپاق، كىچىك ئەنلىك يىپەك دۇردۇندىن ئىككى توپ ئىنئام قىلىنسۇن، يېقىرىنىڭ ۋاسساللارنى ئەمى تاپتۇردىغانلىقىنى بىلدۇرۇش يۈزىسىدىن شاپائەت، ئىنئام بېرىشتە بىخودلۇق قىلىنمىغاي» دەپ يارلىق چۈشۈردى.

بەشىر چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئىشەنچىسىگە تايىنىپ، قومۇلدا لەشكەر، سودىگەر، ئاددىي پۇقرا ۋە مۆتىۋەر دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىگە زۇلۇم سالدى. داۋگۇڭنىڭ 25-يىلى (1845-يىلى) لىن زېشۇ قومۇلدا ئىتىز-ئېرىق ئىشلىرىنى تەكشۈرگەندە، نەچچە يۈزلىگەن ئادەم ئۇنىڭ يولىنى توسۇۋېلىپ ئەرز-شىكايەت قىلدى. بەشىر ئىشىنىڭ چاتاقلىقىنى پەملەپ، ئالدىراپ-تېنەپ 10 مىڭ مو تېرىلغۇ يەرنى ھۆكۈمەتكە ھەدىيە قىلىۋەتتى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بەشىرنىڭ قومۇلدىكى قوشۇن ۋە ئاۋام-پۇقراغا زۇلۇم سالغانلىقىدىن بەك نارازى بولغان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ چىڭ سۇلالىسىگە قوشقان تۆھپىسىنى نەزەردە تۇتۇپ، بەك تەپسىلىي سۈرۈشتۈرۈپمۇ كەتمىدى.

تۇڭجىنىڭ 3-يىلى (1864-يىلى) بەشىر «ئۆستەڭ چاپتۇرۇپ ياردەملىشىش» ئارقىلىق چىڭ سۇلالىسىنىڭ قومۇلدا ئۆستەڭ چېپىش، يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىش ئىشلىرىغا ھەمدەم بولدى. چىڭ سۇلالىسى «ئۆستەڭ چاپتۇرۇپ، ئىقتىسادىي ياردەم قىلىپ، تۈز ۋە ئاشلىقنىڭ سىرتقا ئېقىپ كېتىشىنى توسۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن، قومۇلنىڭ جاساق ئىنانچىخانى بەشىرگە چىنۋاڭ (شاھزادە)لىق ئوتۇغات ئىنئام قىلدى.» شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى كەڭ كۆلەمدە قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندە، بەشىر چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بەشىرگە يەنە «زەر چۈلۇۋۇر» ئىنئام قىلدى. بەشىر كېيىن قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپ، تەسلىم بولۇشنى رەت قىلغاچقا، قوزغىلاڭچى قوشۇن تەرىپىدىن قەتل قىلىندى. چىڭ سۇلالىسى ئۇنىڭ تۆھپىسىنى تەقدىرلەش يۈزىسىدىن قومۇلدا ئۇنىڭ ئۈچۈن مەخسۇس تاۋاپگاھ ياساتتى.

تۇڭجىنىڭ 6-يىلى (1867-يىلى) بەشىرنىڭ ئوغلى مەھمۇت ئاتىسىنىڭ مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلدى. مەھمۇتنىڭ ئىككى پۈتى باسماس بولغىنى بىلەن تىل،

تەپەككۇرى جايىدا ئىدى. ئۇيغۇرلار ئۇنى «ئاق خان چىنۋاڭ» دەپ ئاتىسا، خەنزۇلار «پالەچ ۋاڭ» دەيتتى. ئۇنىڭ ۋاڭلىق ھوقۇقى ئەمەلىيەتتە بەشىرنىڭ خوتۇنى پۈجۈك مەرى بانۇنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى.

پۈجۈك مەرى بانۇ قومۇلدا كەڭ كۆلەملىك دېھقانلار قوزغىلاڭلىرى بىر يەردە بېسىلسا، بىر يەردە ئەۋج ئېلىپ تۇرغان ۋەزىيەتتە باشتىن-ئاخىر چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بىلەن بىرسەپتە تۇرۇپ كەلگەچكە، ئۇنىڭغا چىنۋاڭ پۈجۈك بانۇ دېگەن ئۇنۋانى بېرىلدى.

تۇڭجىنىڭ 12-يىلى (1873-يىلى) قومۇل شەھىرى قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى. پۈجۈك بانۇ بىلەن مەھمۇت چىنۋاڭ قوزغىلاڭچى قوشۇن تەرىپىدىن بوغازغا باغلاپ ئېلىپ كېلىندى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ بوغازدىكى بارگاھىنى ھۇجۇم بىلەن ئېلىپ، مەھمۇت چىنۋاڭنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقتى. ئەمما پۈجۈك بانۇنى قۇتقۇزالمىدى. پۈجۈك بانۇ بەي يەنخۇ تەرىپىدىن تۇرپانغا مەجبۇرىي ئەگەشتۈرۈپ كېلىنگەندىن كېيىن، بەي يەنخۇ ياقۇپبەگكە تەسلىم بولدى. پۈجۈك بانۇ بۇگۇر، ئاقسۇ تەرەپلەردە سەرسان بولۇپ يۈردى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇنى ئىسىدىن چىقارماستىن، پۈجۈك بانۇنىڭ جېنىنى تىلۈپلىش ئۈچۈن ياقۇپبەگ بىلەن كۆپ قېتىم ئالاقە قىلدى. بىراق ياقۇپبەگ «كۆرۈنۈشتە خوپ، خوپ دېگىنى بىلەن ئاستىرتىن يوشۇرۇن زەربە بېرىش كويىدا بولدى.»گۇاڭشۈنىڭ 4-يىلى (1878-يىلى)چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئاقسۇ ئەتراپلىرىنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىنلا پۈجۈك مەرى بانۇ قۇتۇلۇپ چىقتى.

پۈجۈك مەرى بانۇ قومۇلغا قايتقاندىن كېيىن، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش يولىدا بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، سۇ ئىنشائاتلىرىنى ياساپ، ئېكىسپلاتاتسىيەنى يەڭگىللەتتى. خەير-ساخاۋەت ئاشلىق ئامبىرى ياساپ، مۇساپىرلارغا قۇتقۇزۇش ئاشلىقى بەردى. شۇنىڭ بىلەن قومۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىگىلىكى مۇئەييەن دەرىجىدە ئەسلىگە كەلدى.

مەھمۇتنىڭ ئوغۇل پەرزەنتى بولمىغاچقا، پۈجۈك مەرى بانۇ ۋاڭلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىش مەسىلىسىدە قاتتىق غەم-غۇسسىگە پاتتى. ئاخىر ئۇنىڭ قىزىغا ئەر تېپىپ، كۈيئو ئوغلىنى ۋاڭلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلدۇرۇش نىيىتىگە كەلدى. مەھمۇت تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدە چوپانلىق قىلىپ يۈرگەن ۋاڭ جەمەتىنىڭ ئەۋلادى شامەخسۇتنى تاللىدى. گۇاڭشۈنىڭ 8-يىلى (1882-يىلى)چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شامەخسۇتنىڭ مەرتىۋىگە ۋارىسلىق قىلىشىنى تەستىقلىدى. شامەخسۇت ۋاڭلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلغاندىن

كېيىن، كۆپ قېتىم چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئىنئام بېرىشىگە نائىل بولدى.

شامەخسۇت چىنۋاڭ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە ئىنتايىن سادىق بولۇپ، تاكى 1911-يىلى چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى مۇنقەرز بولۇش ئالدىدا تۇرغاندىمۇ يەنىلا بېيجىڭدىكى خان ئوردىسىغا سالامغا بارماقچى بولدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى پەقەت:«يوللار راۋانلاشقاندا ئاندىن بېيجىڭغا چاقىرتىمىز» دېيەلىدى. جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ يەنە شەكلەن بولغان ساداقەتمەنلىكىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن بىلدۈرۈپ، ئۆزى بىۋاستە بېيجىڭغا سالامغا باردى. يۈەن شىكەي پادىشاھ بولۇشنى چۈشەكەپ يۈرگەچكە، يەرلىك ۋاڭ، بەگ-تۆرىلەر ۋە ئاقسۆڭەكلەرنى يېنىغا تارتىش كويىدا شامەخسۇتقا «بىرىنچى دەرىجىلىك جياخې (嘉禾) ئوردېنلىق ياندىش ياساۋۇل بەگ، بىرىنچى دەرىجىلىك جاساق قوش چىنۋاڭ» دېگەن ئاتاقنى بەردى.

شامەخسۇت ئىلكىدىكى پۇقرالارغا ئېغىر زۇلۇم سالغاچقا، 1907-يىلى تورپاقلار توپىلىڭى، 1912-يىلى تۆمۈر خەلپە قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلدى. كىچىك دائىرىدىكى قارشىلىق كۆرسىتىش ۋە ئاۋام-پۇقرا قېچىپ كېتىش ۋەقەلىرى ساناپ تۈگەتكۈسىز بولدى. بۇ ئىككى قېتىملىق كەڭ كۆلەملىك توپىلاڭنى ياڭ زېڭشىن قاتتىق-يۇمشاق ۋاستىلەرنى تەڭ ئىشقا سېلىپ باستۇرۇۋەتتى. جوڭخۇا مىنگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ تۇتۇقى ياڭ زېڭشىن شىنجاڭغا بولغان ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ كەلدى. شامەخسۇت ياڭ زېڭشىننىڭ قوللىشىغا تايىنىپ ئۆز ئورنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئامالىنىڭ بارىچە ياڭ زېڭشىنغا تەخسىكەشلىك قىلىپ، ھەر يىلى ياڭ زېڭشىنغا تۈرلۈك ئېسىل يەرلىك مەھسۇلاتلارنى سوۋغا قىلىپ تۇردى. يەنە بىر ئامالىلارنى قىلىپ ياڭ زېڭشىن بىلەن ئاغا-ئىنى بولۇشقا ئەھدىلەشتى. ياڭ زېڭشىنمۇ شامەخسۇتنىڭ قىزىغا ئەلچى بولۇپ بەردى.

شامەخسۇت ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا تولا كېسەل تارتىپ، 1930-يىلى ئورما پەسىلدە ئالەمدىن ئۆتتى. ئەبەيدۇللا جەمەتىدىكىلەر چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇغات بېرىشى بىلەن تارىختا 233 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغانىدى. بۇ ھۆكۈمرانلىق شامەخسۇتنىڭ ئۆلۈمى بىلەن ئاخىرلاشتى.






مەنبە: «شىنجاڭ ھەققىدە ھېكايىلەر» ناملىق كىتابنىڭ 4-قىسمىدىن ئېلىندى.

# «لوپنۇر»،«لوپ مەدەنىيتى» ۋە لوپ ناھىيىسى توغرىسىدا مۇلاھىزە

ئابدۇقادىر كېرەم

ئاپتونۇم رايونىمىزنىڭ بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونۇم ئوبلاستىدىكى لوپنۇر، چەرچەن، چارقىلىق قاتارلىق جايلار ئىنسانلارنىڭ ئەڭ قەدىمى پائالىيەت ئېلىپ بارغان ماكانلىرىدىن بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان دۆلىتىمىز ۋە خەلقئارادىكى ئالىم، تەتقىقاتچىلارنىڭ كۈچلۈك دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغاپ كەلگەن ئىدى. 2012- يىلى لوپنۇردا «تۇنجى نۆۋەتلىك شىنجاڭ لوپنۇرلۇقلار مەدەنىيتى ئىلمي مۇھاكىمە يىغىنى» لوپنۇر ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ كونكرېت تەشكىللىشى بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلدى. بۇ ماھىيەتتە نوقۇل ھالدىكى لوپنۇر مەدىنىيتىنى تەتقىق قىلىشلا بولماستىن بەلكى پۈتكۈل مىللى مەدەنىيتىمىزنىڭ يىلتىزى، تۈپرىقى بولغان تارىم مەدەنىيتىنى تەتقىق قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىزدىكى يەنە بىر مۇھىم قەدەم ھېساپلىنىدۇ.

كۆپ يىللاردىن بۇيان بىرقىسىم ئالىملار، تەتقىقاتچىلارنىڭ بۇ تېما ئۈستىدە ھەر تەرەپلىمە تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىشى، «لوپنۇر»، «لوپلۇقلار»، «لوپ مەدەنىيتى» ھەققىدىكى ئىزدىنىشلەرنىڭ بارغانسىرى چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ نىمە ئۈچۈن لوپنۇر رايونىنىڭ نەچچە يۈز كىلومىتىر غەربىدە يەنە «لوپ» دىگەن ئاتالغۇ پەيدا بولغان؟ «لوپنۇر»، «لوپ مەدەنىيتى»، «لوپلۇقلار» قاتارلىق ئاتالغۇلارنىڭ خوتەن ۋىلايىتىدىكى لوپ ناھىيىسى ئوتتۇرىسىدا قانداق باغلىنىش بار؟ دىگەن مەسىلە بارغانسىرى كىشىلەرنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغاشقا باشلىدى. چۈنكى مەن شۇ لوپ ناھىيەسىدە تۇغۇلۇپ ياشىغانلىقىم ئۈچۈن مەندە مۇشۇ جەھەتتە ئىزدىنىپ بىقىش ئىستىكىم تۇغۇلدى، نەتىجىدە يېقىنقى يىللاردىن بىرى كىتاب، گېزىت- ژورناللاردا ئېلان قىلىنغان لوپنۇر مەدەنىيتى توغرىسىدىكى ئەسەرلەرنى ئوقۇپ،ئىزدىنىپ بۇھەقتە مەلۇم تونۇشلارغا ئىگە بولدۇم. شۇڭا

بۇ مەسىلە توغرىسىدىكى دەسلەپكى قاراشلىرىمىنى مۇشۇ ساھەدە ئىزدىنىۋاتقان تەتقىقاتچىلار ۋە ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن.

ئۇزۇن تارىخى دەۋرلەردىن بۇيان تارىم دەرياسى، كۆنچى دەرياسى، چەرچەن، مىرەن دەريالىرىدىن ئېقىپ كەلگەن سۇ تاراملىرى قۇملۇقلار ئارىسىدىن ئېقىپ ئۆتۈپ، لوپنۇر كۆلىگە قۇيۇلۇپ، مول سۇ زاپىسىنى ھاسىل قىلىپ، لوپنۇر كۆلىنىڭ ئەتراپلىرىدا نۇرغۇن بوستانلىقلارنى شەكىللەندۇرۇپ، ئىنسانلارنىڭ ياشىشى ئۈچۈن مۇھىم كاپالەت بىلەن تەمىنلىگەن. شۇڭا لوپنۇر قەدىمقى ئىنسانلار پائالىيىتىنىڭ مۇھىم نوقتىسى بولۇپ قالغان.

دۇنياغا مەشھۇر بولغان يىپەك يولىنىڭ جەنۇبى ئوتتۇرا تارماق يولى بۇيەردىن ئۆتۈپ، شەرق بىلەن غەرىپنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا مۇھىم كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان. نۇرغۇن قەدىمى مىللەتلەر، دىنلار ۋە مەدەنىيەت ئامىللىرى ئۆز- ئارا بۇ رايوندا ئۇچۇرۇشۇپ، تارىم مەدەنىيىتىنىڭ شانلىق سەھىپىسىنى ياراتقان.

شۇڭا «لوپنۇر» ۋە «لوپ مەدىنىيتى»، «لوپلۇقلار» قاتارلىق ئاتالغۇلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىش ئاددى بىر تەتقىقات تۈرى ئەمەس. بولۇپمۇ لوپنۇر رايۇنىدا ياشاپ ئۆتكەن ئىنسانلارنىڭ تارىخى ئۇزۇن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ رايۇندىكى ئىنسانلار مەدەنىيىتىگە دائىر نۇرغۇنلىغان سىر-ھىكمەتلەر تېخى ئېچىلغىنى يوق. بۇ رايۇننىڭ تارىخى، جۇغراپىيلىك ئەھۋالى جەھەتتىكى ئۆزگىرىشلەرمۇ بىرقەدەر مۇرەككەپ. بۇ تېمىنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭ. بىرەر ئىككى پارچە ماقالە ئارقىلىق بۇ تېمىنى ھەرگىز يورۇتۇپ بەرگىلى بولمايدۇ.

شۇڭا بىز ماقالىمىزدا ئالدى بىلەن «لوپنۇر»، «لوپ مەدەنىيتى»، «لوپلۇقلار» دىگەن ئاتالغۇلارنىڭ تومۇرى بولغان «لوپ» دىگەن ئاتالغۇسى ئۈستىدە توختىلىمىز،

چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ زامانىسىدىن تارتىپ، تا ھازىرغىچە «لوپنۇر» ياكى «لوپ» سۆزىنىڭ ئېتمولوگىيىسى توغرىسىدا نۇرغۇن تالاش -تارتىش، بىرنەچچە خىل قاراش ۋە پەرەزلەر ئوتتۇرغا قويۇلدى، مۇشۇ داۋامىدا «لوپ» سۆزىنىڭ مەنىسىنى تېپىش ئۈچۈن، روسيەلىك رادلوۋ، مالوۋ، خۇاڭ ۋېنبى، نيۇ رۇچېن، گاردىن باتىر، سىۋېن ھېدىن قاتارلىق زاتلار كۆپ ئەجىر قىلدى. لېكىن «لوپ» سۆزىنىڭ ئېتمولوگىيەلىك مەنىسىنى ئەڭ توغرا چۈشەندۇرگۈچى روسيىلىك رادلوۋ بولدى. ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيا تېرىم بويلىرىغا ئائىت تۈركىي يېزىقىدىكى ماتېرىياللارنى كۆرۈش ئاساسىدا «لوپ» سۆزىنى قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدىكى «لاپ» (نەملىك، سۇ يىغىلىش) ، «لەب»، «ناب» (سۇ كۆلچىكى) سۆزىنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى بىلەن ئالىم، سەيياھلارنىڭ لوپنۇر رايونىدىكى جۇغراپىيەلىك كۆزىتىش، كارتوگرافىيەلىك سىلىشتۇرۇشلىرىغا ئاساسەن ئىلمىي خۇلاسە چىقىرىپ «سۇ

يىغىلىش»، «سۇ تىندۇرمىلىرى» دېگەن ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويىدى. قەدىمكى زاماندىكى خەنزۇ مەنبەلىرىدىكى «دەريا ئېقىنلار تەپسىرىسى» دېگەن رىسالىدە «لوپ ئۇيغۇرلىرى تىلىدا لوپ سۆزى يىغىلغان سۇ دېيىلىدۇ» دەپ پۈتۈلگەنلىكى ئىسپاتلاندى. ئەڭ ئاخىرى ئالىم رادلوۋنىڭ ئىسپاتى دۇنيا جامائەتچىلىكى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىندى[①].

بۇيەردىكى ئەڭ مۇھىم تەرەپ «لوپ» دىگەن سۆزنىڭ بۇرۇنقى نۇرغۇن تەتقىقاتچىلار ئوتتۇرىغا قويغان باشقا مىللەت تىللىرىدىكى ھەرخىل شەرھىلەردىكىدەك بولماستىن بەلكى قەدىمى ئۇيغۇر تىلىدىن كەلگەنلىكىدە. تارىخى ماتىرىياللارغا ئاساسلانغاندا «لوپ» دىگەن ئاتالغۇ مىلادىنىڭ بېشىدىلا چاقىلىق ناھىيىسى تەۋەسىدە مەۋجۇت بولۇپ دەسلەپتە «نوپ» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىپ كېيىنچە «لوپ» دەپ تەلەپپۇزقىلىنغان ۋە ھازىرغىچە شۇنداق تەلەپپۇز قىلىنىپ داۋاملىشىپ كەلگەن. «لوپ» دىگەن ئاتالغۇ باشتا چاقىلىقنىڭ بىر قىسىم شەھەر بازارلىرىنى كۆرسەتكەن بولسا ئوتتۇرا ئەسىرلەرگە كەلگەندە ۋاششەھرى كونا شەھرىنى يەنى يازمىلاردىكى مەشھۇر لوپ قەدىمى شەھرىنى كۆرسىتىدىغان بولغان. «لوپ» ئاتالغۇسىنىڭ دەسلەپتە پەيدا بولغان ئورنىغا كەلسەك، جۇغراپىيە نوقتىسىدىن قارىغاندا، تارىم دەرياسى، كۆنچى دەرياسى ۋە چەرچەن دەريالىرىنىڭ ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن ئېقىنلىرىدىكى قەدىمدىن بۇيانقى لوپنۇر كۆلى رايونى ھەققەتەن يوقۇرىدىكى دەريالارنىڭ سۇلىرى يىغىلىپ توپلىشىدىغان دائىرە بولغاچقا تارىختا بۇجايلار «لوپ» ئاتالغۇسى بىلەن ئاتالغان.

«لوپنۇر» دىگەن ئاتالغۇغا كەلسەك، قەدىمدىن بۇيانقى لوپنۇر كۆلى رايونى، جۈملىدىن تارىم دەرياسى، كۆنچى دەرياسى ۋە چەرچەن دەريالىرىنىڭ ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن ئېقىنلىرىدىكى بوستانلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. «لوپنۇر» ئاتالغۇسى ھەرگىزمۇ ھازىرقى لوپنۇرناھىيىسى دائىرىسى بىلەن چەكلەنمەيدۇ. ھازىر ئورتاق ئىشلىتىلىۋاتقان «لوپنۇر» دېگەن سۆزدە ئىملا خاتالىقى بار، ئەسلى توغرىسى «لوپنور» بولۇشى كېرەك. پاكىت شۇكى، بۇ يۇرت تارىختىن بېرى لوپ دەپ ئاتىلىپ كەلگەن، يېقىنقى زاماندا خوتەننىڭ لوپ ناھيەسىگە ئوخشاپ قالماسلىقى ئۈچۈن، لوپ دېگەن سۆزگە موڭغۇلچە كۆل مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «نور» دېگەن سۆز قوشۇپ ياسالغان. كېيىن ئېغىز تىلىدا «نور» سۆزى«نۇر» غا ئۆزگىرىپ ھازىرقى «لوپنۇر»غا ئايلىنىپ قالدى، شۇڭا توغرىسى «لوپنۇر» بولۇشى كېرەك[②].

لوپنۇرنىڭ ئۆزگىچە تارىخى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇزۇن ئۆتمۈشتە لوپنۇر دىيارىدا قەدىمي كروران دۆلىتى مەۋجۇت بولغان، يەنە كېيىن يىللارنىڭ ئۆتۈشى، قۇملارنىڭ كۆچۈشى قاتارلىق نۇرغۇن سەۋەبلەر بىلەن بۇ دۆلەت يوقاپ كەتكەن. كېيىن

سۇغىن ھېدىن ئۆردەكنىڭ يول باشلىشى بىلەن كىروران شەھرىنى بايقاپ، قايتىدىن دۇنياغا تونۇلغاندىن كېيىن، ئىلىم دۇنياسىدا كىروران دۆلىتى ۋە كىروران دۆلىتى جايلاشقان لوپنۇرغا نىسبەتەن زور قىزىقىش پەيدا بولغان، چۈنكى بۇ رايون ئەينى ۋاقىتتا يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي بۆلىكىدىكى مۇھىم بىر ئۆتەك بولغاچقا، ئاسىيا-ياۋروپا مەدەنىيەت مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆتۈشۈشىدىكى نۇرغۇن تارىخىي ئۇچۇرلارمۇ شۇ جايغا كۆمۈلۈپ قالغان، شۇڭا تارىخچىلارنى ئۆزىگە جەلىپ قىلىدۇ.

«لوپنۇرمەدەنىيىتى» ئۇقۇمى بولسا، لوپنۇر ناھىيەسىنىلا ئەمەس، ئۇنىڭ ئەتراپىتىكى چاقىلىق، چەرچەن، بۇگۇر، كۇچا، كورلا قاتارلىق يۇرتلارنىڭ بىر قىسىم لوپقا مۇناسىۋەتلىك سەنئەت، تىل، تارىخ، فولكلور قاتارلىق مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىنىمۇ ئۆزئىچىگە ئالىدۇ، بۇ ھەقىقىي لوپ مەدەنىيىتى چەمبىرىكىنى كۆرسىتىدۇ.

«چاقىلىق ناھىيىسى تەزكىرىسى» دە «1797- يىلى باھاردا لوپنۇر كۆلى رايونىدا يۇقۇملۇق كېسەل تارقىلىپ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە نۇرغۇن لوپلۇق ئاھالە يۇقۇملىنىپ ئۆلۈپ كەتكەن، ھايات قالغانلىرى بۇگۇنكى لوپ (洛浦) ۋە لوپنۇر(尉犁) قاتارلىق جايلارغا كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلاشقان، بىر قىسمى ئابدالدا ئولتۇراقلاشقان» دېيىلگەن. بىزگە ھازىرچە بۇ قاراشنىڭ قانچىلىك ئىشەنچلىك مەنبەدىن كەلگەنلىكى نامەلۇم ، ئەمما لوپ رايونىدا بىر قانچە قېتىملىق يۇقۇملۇق كېسەل تارقىلىپ نۇرغۇن ئاھالىنىڭ قىرىلىپ كەتكەنلىكى ھەقىقەت، تاكى يېقىنقى كۈنلەرگىچە لوپلۇقلارنىڭ يۇقۇملۇق كېسەلدىن قورقۇش دەرىجىسىنىڭ ئىنتايىن چوڭلۇقى شۇ تارىخى يىللاردىكى دەھشەتلىك يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ ئۇلارنىڭ پسىخكىسىدا قالدۇرغان ئاسارەت ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن.

«چاقىلىق ناھىيىسى تەزكىرىسى»نىڭ بىزگە بەرگەن يۇقىرىقى ئۇچۇرى بەلكىم ئەينى يىللاردا خاتىرىلەنگەن خەنزۇچە مەنبە ئاساسىدا چىقىرىلغان يەكۈن بولۇشى مۇمكىن، بىز ئىمكان بار ئەسلى مەنبەنى تېپىپ چاقىلىق ناھىيىسىكى لوپ نامىنىڭ قانداقچە خوتەن ۋىلايىتىدە قوللىنىشقا باشلىغانلىغىنى چوڭقۇرلاپ ئىزدىنىپ كۆرۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. [③]

خوتەن ۋىلايىتىدىكى لوپ ناھىيىسىنىڭ نامىغا كەلسەك بۇ نامنۇ بىۋاستە چاقىلىقتىن ئىبارەت لوپ نامىنىڭ قەدىمى ماكانى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىشى مۇمكىن. 1885 – يىلى چاقىلىق لوپلۇقلىرىنى ۋە خوتەننىڭ لوپ كەنتىنى كېزىپ چىققان ئاتاقلىق روس ئېكسپېدىتسىيىچىسى پىرژىۋالىسكىمۇ خوتەن ئاھالىلىرى توغرىلىق توختىلىپ «ئاھالىلەر ئىچىدە لوپ ۋە ھانگۈي كەنتىدىكىلەردىن باشقىلار ھەممىسى ماچىنلىقتۇر. لوپ كەنتىدىكى ئاھالىلەر لوپ كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى لوپ شەھرى ۋەيران بولغاندا شۇ

جايىدىن قېچىپ چىققان كىشىلەرنىڭ ئەۋلاتلىرى» دەپ قارىغىنىغا ئوخشاش بەزى رىۋايەت ۋە تەتقىقاتلاردا خوتەن ۋىلايىتىدىكى لوپ ناھىيىسى نامىنىڭ چاقىلىق ناھىيىسىدىكى لوپ نامى بىلەن بىۋاستە مەنبەداشلىقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ [④].

چاقىلىق ناھىيىسى تەۋەسىدە لوپ نامىنىڭ مىلادىنىڭ بېشىدىن باشلاپ مەۋجۇت بولغانلىقىنى، لوپ ناھىيىسى نامىنىڭ كېيىنكى دەۋرلەردە ئوتتۇرىغا چىققانلىقىنى كۆزدە تۇتقاندا «لوپ» ئاتالغۇسىنىڭ ئەسلى مەنبەسىنىڭ چاقىلىق ناھىيىسى ئىكەنلىكىنى دەسلەپكى قەدەمدە چۈشەنچە ھاسىل قىلىش مۇمكىن.

يۇقىردا ئالىملار، تەتقىقاتچىلارنىڭ «لوپ» ،«لوپنۇر»، «لوپنۇرلۇقلار»، «لوپ مەدىنىيتى» قاتارلىق ئاتالغۇلار توغرىسىدىكى بايانلىرى ئارقىلىق بۇ ئاتالغۇلار توغرىسىدا دەسلەپكى قەدەمدە چۈشەنچىگە ئىگە بولدۇق. ئەمدى نەزىرىمىزنى لوپ ناھىيەسىگە ئاغدۇرىمىز.

خوتەن ۋىلايىتىنىڭ لوپ ناھىيىسى-كۇئېنلۇن تىغىنىڭ شىمالى تىزمىسىغا، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان. شەرقى چىرا ناھىيىسىگە تۇتۇشىدۇ، جەنۇبى كۇئېنلۇن تىغى بىلەن تۇتۇشىدۇ. غەربى يۇرۇڭقاش دەرياسىغا تۇتۇشۇپ خوتەن ناھىيىسى، خوتەن شەھرى بىلەن قارىشىپ تۇرىدۇ. شىمالى تەكلىماكان چۆلىگە تۇتىشىپ ئاقسۇ ۋە ئاۋات ناھيلىرى بىلەن چىگرلىنىدۇ. جەنۇپتىن شىمالغا ئۇزۇنلىقى 337.5 كىلومىتىر،شەرقتىن غەرىپكە كەڭلىكى24.9 كىلومىتىردىن67.5 كىلومىتىرغىچە كېلىدۇ. 315-نومۇرلۇق دۆلەت يولى ناھىينى شەرقتىن غەرىپكە كىسىپ ئۆتىدۇ. ئومۇمى يەركۆلىمى13مىڭ 572كىۋادىرات كىلومىتىر، بۇنىڭدىن تاغلىق رايۇن %10.4نى، يىشىللىق كۆلىمى %5.6نى، چۆل %84 نى ئىگەللەيدۇ. ناھيەدە 8 يىزا، بىر بازار،207 كەنت،240 مىڭ 649 نوپۇس بار.

لوپ ناھىيىسى جۇغراپىيلىك ئورۇن جەھەتتە كۇئېنلۇن تىغىنىڭ شىمالى تىزمىسى ئالدىدىكى يانتۇ تۈزلەڭلىك جاي بولۇپ غەربى جەنۇپتىن شەرقى شىمالغا قىيپاش ئۇزۇنغا سوزۇلغان. جەنۇبى كۇئېنلۇن تاغ تىزمىلىرىنىڭ ئوتتۇرا بەلبىغىغا تۇتىشىدۇ. بۇ يەر دىڭىز يۈزىدىن 5466مىتىر ئىگىز. ئوتتۇرا قىسمى يىشىللىق رايون بولۇپ، يورۇڭقاش دەريا ئېقىنىنىڭ قىيپاش تۈزلەڭلىك بەلبىغى ھىساپلىنىدۇ. قەدىمدىن بۇيان دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، باغۋەنچىلىك تەرەققى قىلغان. دىڭىزيۈزىدىن ئىگىزلىكى 1300-1500مىتىر كېلىدۇ. قۇرۇقلۇق خاراكتىرىدىكى تۇراقلىق ھاۋا،تۆت پەسلى رۇشەن پەرقلىنىدۇ. ئاھالىلەر ئولتۇراقلاشقان بۇ ئوتتۇرا قىسىم رايۇنىنىڭ %70 زېمىنى 80-

يىللاردىن ئىلگىرى زەي، شور قاپلىغان بولۇپ لوپ خەلقىنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيانقى جاپالىق ئەمگەكلىرىنىڭ نەتىجىسىدە ھازىر ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى.شىمالى قىسمى قۇملۇق چۆل بولۇپ بۇيەر چۆل خاراكتېرلىق قۇرغاق ھاۋا كىلىماتىغا كىرىدۇ.

تارىخى ماتېرىياللارغا نەزەر سالىدىغان بولساق «لوپ ناھىيىسىنىڭ خەرىتىلىك يەر ناملىرى تەزكىرىسى»دە : غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ھازىرقى لوپ ناھىيىسىنىڭ شەرقى زېمىنى يۈيمى (ئۇزۇنتات) دۆلىتىگە، غەربىي زېمىنى ئۇدۇن دۆلىتىگە تەۋە ئىدى، مىلادىدىن بۇرۇنقى 59-يىلى قۇرغار دۇخۇسىنىڭ قارمىغىدىكى ئۇدۇن دۆلىتىگە تەۋە بولدى. لوپ ناھىيىسى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى گۇاڭشۈينىڭ 28-يىلى(مىلادى 1902-يىلى) قۇرۇلۇپ ئورنى لوپ كەنتىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن لوپ ناھىيىسى دەپ ئاتالغان. تارىختا لوپ يۇرۇڭقاش كەنت (ئۇدۇن دۆلىتىدىكى ئالتە شەھەرنىڭ بىرسى) گە قاراشلىق ئىككى مەھەللىنىڭ بىرى ئىدى دەپ يېزىلغان.

مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى خەنزۇچە كىتاپلار ۋە مىللى يېزىقتىكى ئەسەر، ماقالىلاردا «لوپ» دېگەن ئىسىم تىلغا ئېلىنمىغان. 18-ئەسىردىمۇ لوپ تېخى ئانچە چوڭ كەنت ھىساپلانمايتتى. شۇڭا 1763–يىلىدىن 1771-يىلىغىچە يېزىپ تاماملانغان «غەربىي دىيارنىڭ ئاممىباب تەزكىرىسى» گىمۇ «لوپ» دېگەن ئىسىم كىرگۈزۈلمىگەن، لېكىن بۇ تەزكىرىگە شۇ چاغدا خوتەندىكى ئالتە بازارنىڭ بىرى بولغان يۇرۇڭقاش كىرگۈزۈلگەن.

شۇڭا گەرچە «لوپ»نىڭ تارىختا تۇتقان جۇغراپىيىلىك ئورنى ناھايىتى مۇھىم بولسىمۇ دائىرىسى كىچىك، پارچە يىشىللىق، بىرنەچچە كەنتلەردىن ئىبارەت بولۇپ كۆپۈنچە ئۇدۇن ۋە ئۇزۇنتات دۆلەتلىرىنىڭ باشقۇرىشىدا بولۇپ كەلگەنلىكتىن «لوپ» دىگەن بۇ ئىسىم ئۇدۇن، ئۇزۇنتات، كىرورەن دىگەن ئىسىملاردەك تەسىرگە ئىگە ئەمەس.

1821-يىلى يېزىپ تاماملانغان «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تونۇشتۇرۇلىشى» دىگەن كىتاپتا لوپ دىگەن ئاتالغۇ تۇنجى قېتىم  تىلغا ئېلىنغان. بۇنىڭدىن باشقا مىنگونىڭ 38-يىلى (1944-يىلى11-ئايدا) يېزىلغان «لوپ ناھىيەسىنىڭ يەرلىك ئاپتونومىيە ئەھۋالىنى مەلۇم قىلىش توغرىسىدىكى دوكلات»تا مۇنداق دىيىلگەن :« ناھىيە تەسىس قىلىشتىن بۇرۇن لوپ بىر كەنت بولۇپ، 20-30 دەك ئائىلە بار ئىكەن. ئۇ ۋاقىتلاردا لوپنىڭ مۇھىم قاتناش يوللىرى ۋە سىياسى، ئىقتىساد، مەدەنىيەت مەركىزىي ساميۇلدا بولۇپ كېرىيە ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولغان. 1902-يىلى ناھىيە قۇرۇلغانداۋ ناھىيە بازىرى ھازىرقى ئورۇنغا مۇقۇملىنىپ ناھىيە نامى لوپ دەپ ئاتالغان دىيىلگەن».

1902-يىلى لوپ ناھىيىسى قۇرۇلغاندا خوتەننىڭ شەرقىدىن يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ

شەرقىدىكى 15 كەنتنى، كېرىيەنىڭ غەربىدىن يېقى لەڭگەرنىڭ غەربىدىكى 23 كەنتنى لوپقا ئايرىپ بېرىپ ناھىيە قۇرۇلغان. شۇچاغدا لوپ سامپۇل مىڭبەگلىكى، ئالتىلەمىڭ بەگلىكى، تەۋەككۇل مىڭ بەگلىكى دېگەن ئۈچ مىڭ بەگلىككە ئايرىلغان.

ئەمدى بىز ياشاۋاتقان بۇ زېمىننىڭ قانداق بولۇپ لوپ ناھىيىسى دەپ ئاتىلىپ قالغانلىقى ۋە «لوپنۇر» ئاتالغۇسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتەيلى، يۇقىرىدىكى بايانلار ئىچىدە كىشىنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغان بىر ئوخشاشلىق بار، گەرچە «لوپ» ئاتالغۇسى قەدىمى ئۇيغۇر تىلىدا «سۈيىغىلىپ قالغان يەر»، «نەملىك يەر» دېگەن مەنىدە بولۇپ ئاتالغۇ جەھەتتە لوپنۇر كۆلى رايونى، جۇملىدىن تارىم دەرياسى، كۆنچى دەرياسى ۋە چەرچەن دەريالىرىنىڭ ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن ئېقىنلىرىدىكى بوستانلىقلارنى كۆرسەتسىمۇ جۇغراپىيىلىك ئورنى جەھەتتە لوپ ناھىيىمىز بىلەن ئارىلىقى خېلى يىراق. ئەمما ئەجەپلىنەرلىكى لوپ ناھىيىسىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسىم زېمىنى بولۇپمۇ لوپ بازىرىنىڭ سۈيىغىلىپ قالغان، ئىغىر دەرىجىدە زەيلەشكەن زېمىننىڭ كەڭ كەتكەن لوپنۇر رايۇنى زېمىنى بىلەن ئوخشاشلىقىدىن ئىبارەت. بۇيەردە «لوپ» دېگەن بۇ ئاتالغۇ لوپ ناھىيىسى زېمىنىدا يەنە ئۆز مەنىسىنى تاپقان.

لوپ ناھىيىسىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا جەنۇبى تەرىپى تاغقا تۇتاشقان ھازىرقى سامپۇل يېزىسى، ناۋا يېزىسى ۋە چاھارباغ يېزىسىنىڭ جەنۇبى تەرەپتىكى ئايدىڭكۆل كەنتىدىن باشلاپ قارقى كەنتىگىچە بولغان كونا رەخمانپۇر ئېقىنى بويىغا جايلاشقان كەنتلىرى، قارا سۇ ئېقىنى (ھاڭگىيا ئۆستىڭى) بويىغا جايلاشقان چاھارباغ يېزىسىنىڭ تايلاق كەنتىدىن باشلاپ چۆل كۆلبېشى كەنتىگىچە بولغان كەنتلەر، بۇيا يېزىسى، لوپ بازىرىنىڭ قىقاش كەنتى،ھاڭگىيا يېزىسىنىڭ كونا ھاڭگىي دائىرسى، دول يېزىسىنىڭ يولچىكول ئەتراپى قاتارلىقلاردىن باشقاجايلارنىڭ ھەممىسى 80-يىللارغىچە ئاساسەن زەيلىشىپ كەتكەن. زېمىنى ئاساسەن قۇرۇقلۇق ھىساپلىنىدىغان چاھارباغ يېزىسىدىمۇ 70-يىللاردىن بۇرۇن مىڭ مو ئەتراپىدا شال تېرىلاتتى. ھەتتا خېلى بىرقىسىم يەرلەرگە سۇ يىغىلىپ قالغان زېمىن ئىدى.

تارىخى ۋە ئىجتىمائى نۇقتىدىن قارىغاندا لوپ ناھىيىسىنىڭ ھازىرقى زېمىنى قەدىمقى زامانلاردا ئىنسانلارنىڭ قايناق ھاياتلىق سەيناسى بولغان، شۇنداقلا جەنۇبى يىپەك يولىغا جايلاشقان مۇھىم جاي بولۇپ قەدىمقى ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ مەركىزى پائالىيەت رايۇنلىرىنىڭ بىرى بولۇپ كەلگەن. شۇڭا قەدىمدىن قالغان ئاسارە-ئەتىقە مىراسلىرىنىڭ ئورنى كەڭ، تارىخى، مەدەنى يادىكارلىقلار كۆپ. ھازىرغىچە خوتەن ۋىلايىتىدە بايقالغان گوۋۋيۇەننىڭ تەستىقلىشى بىلەن دۆلەت دەرىجىلىك نوقتىلىق قوغدىلىدىغان سامپۇل قەدىمى

قەبرستانلىقى، ئاق سېپىل قەدىمي مەدەنىي يادىكارلىق ئورنى قاتارلىقلار لوپ ناھىيىسى زېمىنىدا، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نوقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىي يادىكارلىق ئورنىدىن ئىككىسى، ناھىيە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنىدىن 6 ئورۇننىڭ لوپ ناھىيە تەۋەسىدە بولىشى قاتارلىقلار لوپ زېمىنىنىڭ قەدىمكى ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ ئىقتىسات، مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ ئۆتكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مۇشۇلاردىن قارىغاندا ھازىرقى لوپ دېگەن بۇ ئىسىمنىڭ مۇشۇ زېمىنغا نىسبەتەن تولىمۇ ياشلىقى چىقىپ تۇرىدۇ. شۇڭا لوپ دېگەن بۇ جاي ئىسمىنى تەتقىق قىلغاندا قەدىمى خوتەن دىيارىدىكى جۇغراپىيىلىك ئومۇملۇق نوقتىسىدىن ئويلىششىنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەك.

لوپ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى 1983-يىلىدىن 1986 -يىلى 10-ئايغىچە پىشقەدەم، بىلىملىك، ھەرساھەكىشىلەردىن 16 كىشلىك خىزمەت گۇرۇپپىسى قۇرۇپ پۈتۈن ناھىيە بويىچە يەر ناملىرىنى كەنت-مەھەللىلەرگىچە بىرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ لوپ ناھىيىسىنىڭ كىلىپ چىقىش تارىخى، ناھىيە ئىچىدىكى يەر ناملىرى توغرىسىدا چوڭقۇر ئىزدەنگەن ۋە بىكىتىپ چىققان. ئاخىردا «لوپ ناھىيىسىنىڭ خەرىتىلىك يەر ناملىرى تەزكىرىسى» دېگەن كىتاپنى تۈزۈپ نەشر قىلدۇرغان. مۇشۇ كىتاپتا ‹لوپ› دېگەن ئىسىمنىڭ پەيدا بۇلۇش مەنبەسى توغرىسىدا مۇنداق دېيىلگەن:

لوپنىڭ كىلىپ چىقىش تارىخى ۋە مەنىسى ھەققىدە مۇنداق خىل چۈشەندۈرۈش بار، ئۇنىڭ بىرى «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسىدە ‹لوپنى مۇسۇلمانلار (ئۇيغۇرلار) دولپۇر دەپ ئاتايدۇ. ئۇ مۇرە، ئۇستىخان دېگەن مەنىدە› دېيىلگەن. ئىككىنچىسى، يەر ناملىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشتە ئىسپاتلىنىشىچە لوپ ئەسلى لوپنۇر دېگەن نامدىن كىلىپ چىققان، ئۇ توختام سۇ يىغىلىپ كۆلچەك بولۇپ قالغان سازلىق يەر دېگەن مەنىدە.‹نۇر› قەدىمكى تۈرۈك تىلى ۋە ئۇيغۇر تىلىدا كۆل دېگەن مەنىدە (قەدىمكى تۈرك تىللىرى لۇغىتى، موسكۋا 1962-يىلى نەشرى) .‹چىڭگىزخاننىڭ تەرجىمھالى›نىڭ ئاپتۇرى، مۇڭغۇل تارىخچىسى سەيشاللىنىڭ ئىيتىشىچە، لوپ-مۇڭغۇلچە سۇ يىغىلىپ قالغان سازلىق يەردىگەن مەنىدە. رىۋايەت قىلىنىشىچە،18 -ئەسىرنىڭ بىشىدا لوپنۇر رايۇنىنىڭ لوپ كەنتىدە، چارقىلىق بويلىرىدا(ھازىرقى چارقىلىق ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا) ئەجەل خاراكتىرلىق چوڭ ۋابا كىسىلى تارقىلىپ، شۇچاغدا ھايات قالغان لوپلۇقلار قىچىشقا مەجبۇر بۇلۇپ، ئىككى تارماققا بۆلۈنۈپ قاچقان. بىرتارمىقى شىمالدىكى قۇرۇق دەريا تەرەپكە قىچىپ تەكلىماكان چۆلى بويىدىكى يىشىللىق تارىم ۋادىسىغا بارغان، يەنە بىرتارمىقى غەرپتىكى چەرچەن دەرياسىنى بويلاپ، چەرچەندىن ئۆتۈپ، ھازىرقى لوپ

بازىرى تۇرۇشلۇق يەردە ماكان تۇتقان. يەرلىك دېھقانلار بىلەن بىرلىشىپ بوز يەر ئاچقان ۋە لوپلۇقلار كەنتى دەپ نام ئېلىپ «لوپ» دېگەن نامنى شەكىللەندۈرگەن.كېيىنچە بىرقىسىم لوپلۇقلار ئەسلى يۇرتىنى سېغىنىپ ماكانىغا قايتقان بولسىمۇ لېكىن لوپ دېگەن نام ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە[⑤].

لوپ دېگەن ئىسىمنىڭ پەيدا بولۇش مەنبەسى توغرىسىدا يەنە مەدەنىيەت يادىكارلىقلار تەتقىقاتچىسى، «بۇددا ئېلى ئۇدۇن» ماۋزۇلۇق كىتاپنىڭ ئاپتورى يولداش لى يىنپىڭ لوپ ناھىيىلىك سىياسى كېڭەش كومىتېتى تۈزگەن «لوپ تارىخى ماتېرىياللىرى»نىڭ 1-قىسىم كىتابىغا بېسىلغان «لوپ دېگەن نامنىڭ تارىخى ۋە مەنىسى» ماۋزۇلۇق ماقالىسىدا ھازىرغىچە تەتقىقاتچىلار ئارىسىدا ئۈچ تۈرلۈك قاراش ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقىنى ،بۇ ئۈچ خىل قاراش ئىچىدە 2- خىل قاراش، يەنى لوپنۇرلۇقلار كۆچۈپ كەلگەچكە لوپ دېگەن نام پەيدا بولغان دېگەن قاراشنىڭ مەلۇم ئاساسى بار دېيىشكە بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ دەلىللەپ لوپنۇرلۇقلار كۆچۈپ كەلگەچكە لوپ كەنتى دېگەن ئىسىم پەيدا بولغان دېگەن قاراشنىڭ مۇھىم ئاساسى بار دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى، 18- 19- ئەسىرلەردە لوپنۇر كۆلى بويىدىكى سۇ پەيدىن-پەي ئازىيىپ، ئەتراپتىكى ئاھالىلەر تۈركۈم-تۈركۈملەپ كۆچۈپ كەتكەن. بۇ كۆچمەنلەر خوتەن دەرياسى ياكى چەرچەن ئارقىلىق لوپقا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. ئۆتكۈر يۇقۇملۇق كېسەللىك تارقالغان يىللاردا كېلىشلەر كۆچمەنلەرنى لوپنۇرلۇقلار كەنتى دەپ ئاتىغاندىن كېيىن بۇ نام تەدرىجى ھالدا ئومۇملىشىپ قالغان.

يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگىنىدەك، لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئۆتكۈر يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر تۈپەيلىدىن كۆچكەنلىكى توغرىسىدىكى بىر قەدەر ئىشەنچلىك ئاساسلارنىڭ بولۇشى بىلەن بىللە كۆچمەنلەرنىڭ ھەقىقەتەن لوپقا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغانلىقى توغرىسىدا لوپ ناھىيىسىدە ئىشەنچلىك مەلۇماتلار بولغان. 80-يىللارنىڭ بېشىدا يەنى لوپ ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتى ناھىيە بويىچە يەر نامىلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇۋاتقان مەزگىلدە مەن چاھارباغ يېزىلىق پارتكومىنىڭ كاتىپى ئىدىم ۋە يېزىدىكى مۇشۇ خىزمەتكە قاتناشقان بولغاچقا بىر قىتىملىق يەرناملىرى توغرىسىدىكى سۆھبەتتە شۇ چاغلاردا لوپ ناھىيەسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى ۋە لوپ ناھىيلىك يەرنامىلىرىنى تەكشۈرۈشكە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان يولداش مەترۇزى سادىقنىڭ ئېغىزىدىن لوپ بازىرىنىڭ ھازىرقى ناھيەلىك سىمۇنت زاۋۇتى جايلاشقان ئورنى يەنى غەربى تەرەپتىكى كەنتىدە لوپنۇردىن كۆچۈپ كەلگەنلەرنىڭ ئەۋلادلىرى بارلىقى توغرىسىدىكى گەپنى ئاڭلىغان ئىدىم.

2013- يىلى 8-ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىر تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى لوپ ناھىيىمىزدە بىرئايغا يېقىن ۋاقىت سەرپ قىلىپ «لوپنۇر» بىلەن لوپ ناھىيەسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى بۇ داۋامدا لوپ ناھىيەمىزدىكى ھەر ساھە كىشىلەردىن مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە پىكىر ئالدى ۋە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. كېيىن مۇشۇ تەكشۈرۈشكە قاتناشقانلاردىن بىلىشىمچە بىر ئايغا يېقىن داۋاملاشقان بۇ تەكشۈرۈشنىڭ ئاخىرىدا ھازىرقى لوپ بازىرىدا لوپنۇر رايونىدىن كۆچۈپ كەلگەنلەرنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بىرنەچچە ئائىلە بارلىقى ئىسپاتلىنىپتۇ. ئۇلارنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، ئەينى ۋاقىتتا بۇ كۆچمەنلەر ئەسلىدە لوپنۇر رايونىدىن تارىم دەرياسىنى بويلاپ كەلگەن بولۇپ ئەڭ دەسلەپتە يۇرۇڭقاش دەرياسى بويى، يەنى ھازىرقى خوتەن ناھىيىسىنىڭ تەۋەككۇل يېزىسى دائىرىسىدە ئورۇنلاشقان. ئۇلار «تەۋەككەل، مۇشۇيەردە توختايلى» دېيىشىپ شۇ يەردە ئولتۇراقلاشقاچقا ھازىرقى «تەۋەككۇل» دېگەن نام شۇنىڭدىن قالغان ئىكەن دەپتۇ. دېمەك، لوپنۇردىن كۆچۈپ كەلگەنلەرنىڭ ئەۋلادلىرى لوپ بازىرىدىن باشقا تەۋەككۇل يېزىسى، يۇرۇڭقاش بازىرى ئەتراپى، يۇرۇڭقاش بازىرىنىڭ مىيقىلا كەنتى قاتارلىق ئورۇنلاردا بولۇپ 18 ئائىلىلىك ئادەم بارئىكەن. بۇ جەھەتتىكى تەپسىلاتلار تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ دوكلاتى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن تېخىمۇ ئايدىڭلىشىشى مۇمكىن.

دېمەك، يوقارقىلاردىن لوپنۇرلۇقلارنىڭ بۇ زېمىنغا كۆچۈپ كېلىشى، ئالدى بىلەن «لوپلۇقلار كەنتى»نىڭ بارلىققا كېلىشىگە، ئاخىرىدا بۇ ئاتالغۇنىڭ تۇمۇرى بولغان «لوپ»نىڭ بىز تۇرغان بۇ زېمىننىڭ لوپ ناھىيىسى بولۇپ ئاتىلىشىغا ئاساسلىق سەۋەپ بولغان دېگەن خۇلاسىگە كېلىشكە بولىدۇ.

مۇشۇنداق بىر رىئاللىقنىڭ، مۇشۇنداق بىر ئاتالغۇنىڭ بارلىققا كېلىشىدە تۆەندىكىدەك بىرقانچە ئامىللارنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ؛ بىرىنچىدىن، تارىختا ئۇدۇن دۆلىتىدىن شەرققە سوزۇلغان قەدىمى يىپەك يولى لوپنۇر رايونىدىن ئۆتىدۇ، شۇڭا لوپنۇر رايونى بىلەن لوپ، ئۇدۇن دۆلىتى ئوتتۇرىسىدا سودا-سېتىق، مال ئالماشتۇرۇش، خەت-ئالاقە ئىشلىرى خېلى بۇرۇنلا راۋاجلانغان، شۇڭا يول ئۈستىدىكى بۇ زېمىن لوپنۇرلۇقلارغا ناتونۇش ئەمەس. مۇشۇنداق سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن كۆچمەنلەرنىڭمۇ ئىغىر كۈنلەرگە دۇچ كەلگەندە ئۆزلىرى تونۇش بولغان شۇ يولدىن ۋە مۇشۇ يۇرتتىن پايدىلىنىشى ئېھتىمالغا ئىنتايىن يېقىن. ئىككىنچىدىن، مىللەت، تىل، دىن، مەدەنىيەت، ئۆرپ-ئادەت ۋە باشقا جەھەتلەردە خېلى كۆپ ئوخشاشلىقلارغا ئىگە. ئۈچۈنچىدىن، ناھىيە تەسىس قىلىنغاندىكى ئەھۋالدىن قارىغاندىمۇ «لوپ كەنتى» ھەققەتەن پەقەت

هازىرقى مەھەللە ھېسابىدىكى بىر بىرلىك بولغان. «لوپ ناھىيەسىنىڭ خەرىتىلىك يەر ناملىرى تەزكىرىسى» دە كۆرسىتىلىشىچە 1934-يىلىنىڭ ئالدى-كەينىدە پۈتۈن ناھىيە ئالتە مەمۇرى رايونغا بۆلۈنگەندە ناھىيە ئىچى 1-رايون بولۇپ ئۇنىڭغا لوپ، قوغان، چاپال، راخمانپۇر، دول كەنتلىرى قاراشلىق بولغان. مۇشۇ بەش كەنت ئىچىدىمۇ پەقەت لوپ، قوغان، چاپال قاتارلىق ئۈچ كەنتلا شۇيەردىكى ئەسلى تەبئىي كەنتلەر بولۇپ، كېيىن راخمانپۇر كەنتى ھاڭگىي يېزىسى تەرەپتىن، دول كەنتى دول يېزىسى تەرەپتىن قوشۇپ تەشكىللەنگەن.

1958-يىلىغا كەلگەندە سامپۇل رايۇنىدىن 6- يېزا (قىقاش)، دول رايونىدىن 6- يېزا (بوشقان) قاتارلىقلارنى قوشۇپ قىزىل يۇلتۇز خەلق كوممۇناسى يەنى ھازىرقى لوپ بازىرى قۇرۇلغان. 1986- يىلغا كەلگەندە بەش مەھەللە كومىتېتى، 17 كەنت كومىتېتىدىن تەركىپ تاپقان. يوقارقىلاردىن قارىغاندىمۇ لوپ كىچىك بىر مەھەللىدىن لوپ كەنتىگە، كېيىنكى لوپ بازىرى، يەنى ناھىيە مەركىزىگە ئايلانغان.

ئەمدى 20-30 ئائىلىسى بار بىر كەنتنىڭ ئاخىردا لوپ بازىرىنىڭ ناھىيە بازىرى شۇنداقلا ناھىيە ئىسمى بولۇپ قېلىشى توغرىسىدا پىشقەدەملەر ئارىسىدا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن تۆۋەندىكىدەك بىر رىۋايەت بار: ناھىيە تەسىس قىلىش ۋاقتىدا چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ جەنۇبى شىنجاڭنى باشقۇرۇۋاتقان مەسلىھەتچى ئامبىلى ناھىيە مەركىزىنىڭ ئورنىنى بېكىتىشتە ئورنى مۇۋاپىق، تۇپرىقى مۇنبەت بولغان ئىككى جاينى تاللاپ ئۇلارنىڭ ھەر بىرىدىن بىر خالتىدىن ئەۋرىشكە تۇپراق ئېلىپ چىقارتىپ بىرىشنى تەلەپ قىلغان. ئىش بېجىرىۋاتقان ئەمەلدارلار ئەسلىدىكى يورۇڭقاش بازىرىنى خوتەن شەھرىگە بەك يېقىن دەپ قارىغانمۇ ئىشقىلىپ يورۇڭقاش بازىرىنى ناھىيە مەركىزى قىلىپ تاللىمىغان، بەلكى چاھارباغ يېزىسى بىلەن لوپ يېزىسىنى تاللىغان ۋە ئۇ يەرلەردىن ئايرىم-ئايرىم ئىككى خالتىغا ئەۋرىشكە تۇپراق ئېلىپ چىققان. ئەۋرىشكە تۇپراقنى ئېلىپ ماڭىدىغان چاغدا خىزمەتچىلەر خاتالىشىپ چاھارباغنىڭ تۇپرىقى سېلىنغان خالتا ئەۋرىشكىسىگە «لوپنىڭ تۇپرىقى» دەپ، لوپنىڭ تۇپرىقى ئېلىنغان خالتا ئەۋرىشكىسىگە «چاھارباغنىڭ تۇپرىقى» دەپ يېزىپ قويغان، مەسلىھەتچى ئامبال تۇپراقلارنى تەكشۈرگەندە ئاشۇ خاتالىققا ئاساسەن، لوپنىڭ تۇپرىقى ياخشى ئىكەن، ناھىيە مەركىزى لوپتا تەسىس قىلىنسۇن دەپ تەستىق چۈشۈرگەنمىش. شۇ ۋەجىدىن يىگىدىن تەسىس قىلىنغان ناھىيە مەركىزى ناھىيەنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا كېلىدىغان چاھارباغ بولماستىن بەلكى ناھىينىڭ شەرقى ياقىسىغا جايلاشقان لوپتا بولۇپ قالغانمىش.

چاھارباغ يېزىسى ئىنسانلارنىڭ بۇندىن 2700 يىللار بۇرۇنقى ھاياتلىق پائالىيەتلىرى

ھەققىدىكى قىممەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلار قېزىۋېلىنغان ساموپل يېزىسى بىلەن ئەزەلدىن بىر باشقۇرۇش دائىرىسىدە بولۇپ كەلگەن، ساموپل يېزىسى بىلەن تىخى 60-يىللارغىچە راخمانپۇر ئۆستەڭى ئارقىلىقلا چېگرىلىنەتتى. چاھارباغ يېزىسىنىڭ شىمالى تەرىپىگە ئاقسېپىل قەدىمى شەھەر خارابىسى جايلاشقان. شۇڭا بۇ ئىككى قەدىمى جاي ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان مىۋە-چىۋە ماكانى بولغان چاھارباغ يېزىسى ناھىيە مەركىزى بولۇشقا مۇناسىپ گۈزەل زېمىن ئىكەنلىكىدىن گۇمانلانماي تۇرالمايمىز. ئەمما ئاخىرىدا لوپلۇقلار ئولتۇراقلاشقان كەنتنىڭ نامى ھازىرقى بۇ زېمىننىڭ نامى بولۇپ تاللىنىشى تارىخنىڭ تاللىشى بولۇپ قالغان.

ماقالىنىڭ ئاخىرىدا لوپنۇرلۇقلارنىڭ بۇ زېمىنغا كەلگەندىن كېيىن يەرلىكلەرگە كۆرسەتكەن تەسىرىمىكىن دېگەن بىر مەسىلە ئۈستىدە يۈزەكى قارىشىمنى دەپ باقسۇم كەلدى. مىنىڭچە، ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى نۇقتىسىدىن قارىغاندا لوپنۇر رايونىدىكى ئۇيغۇر ئاھالىلار بىلەن بۇ زېمىندىكى ئۇيغۇر ئاھالىلار ئوتتۇرىسىدا چوڭ جەھەتتە ئوخشاشلىق بولىسىمۇ، كۆچۈپ كەلگەنلەرنىڭ سانى كۆپ بولمىغاچقا ئۆزئارا كۆرسەتكەن تەسىرىمۇ چوڭ بولمايدۇ. ئەمما مەدەنىيەت يەنى ئۆرپ-ئادەت، يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك قاتارلىق جەھەتلەردە پەقەتلا تەسىر كۆرسەتمەي دېگىلىمۇ بولمايدۇ. مەسىلەن، مەن كىچىك ۋاقتىمدا ئائىلىمىزدە بىر قالپاق بولىدىغان. ھەم باشقىلارنىڭ بېشىدىمۇ كۆرەتتۇق.بۇ قالپاقنىڭ گىرۋەكلىرى چىرايلىق ھەرخىل رەختلەر قاپلىنىپ، ئوتتۇرىسى تۆت بۆلەككە بۆلۈنۈپ قول ۋە كىيىم تىكىش ماشىنىسى ئارقىلىق گۈل چىكىپ چىقىلىدۇ، قالپاقنىڭ ئىككى يان تەرىپىدە چېكى بولۇپ، چوڭقۇرلىقى7-8سانتىمېتىر كېلىدۇ. بۇچېكىنى ئۈستىگە قايرىپ قويۇپ كىيۋالسا ئادەمنىڭ پېشانىسىنى ئاپتاپتىن تۇسىدۇ. قالپاق قىلىن بولغاچقا كۈز كۈنلىرى كەيسە سوغۇقتىن مۇداپىئەلەنگىلى بولىدۇ، ياز كۈنلىرى كەيسە ئىسسىق ئۆتۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. ئىلگىرى مەن بۇ قالپاقنى باشقا مىللەتلاردىن كىرگەنمىدۇ-دەپ ئويلاپ قالاتتىم، كېيىنچە بۇنى لوپنۇرلۇقلاردىن كىرگەنمۇ قانداق دېگەن قاراشتىمۇ بولغان ئىدىم. «لوپنۇر»، «لوپ مەدىنىيتى» كەڭ دائىرىدىكى تەتقىقاتنى ئۆز ئىچىگە ئالغاچقا، بولۇپمۇ «لوپ مەدىنىيتى»نىڭ لوپ ناھىيسىدىكى تەسىرى بارمۇ-يوق؟ ئەگەر بار بولسا قايسى دەرىجىدە دېگەنلەرنى بۇندىن كېيىن داۋاملىق ئىزدىنىشكە ۋە تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

دىمەك، يوقارقىلاردىن تارىم دەريا بويلىرىنىڭ قەدىمدىن بۇيان ئەجداتلىرىمىزنىڭ ئورتاق ياشاپ، ئورتاق پائالىيەت ئېلىپ بارغان كەڭ سەيناسى ئىكەنلىكىنى ۋە تارىم مەدەنىيتىنىڭ شانلىق سەھىپىسىنى ئورتاق ياراتقانلىقىنى، شۇڭا «لوپنۇر»، «لوپلۇقلار»

نىڭ لوپ ناھىيىسى دېگەن ئاتالغۇنىڭ پەيدا بولۇشىدا مۇئەييەن باغلىنىش بارلىقىدىن شەكلەنگىلى بولمايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. قانداقلا بولمىسۇن، ئانا يۇرتىمىز لوپ ناھىيىسى خۇددى لوپنۇر رايۇنىدىكى لوپ مەدەنىيىتىنى ياراتقان ۋە ھازىرغىچە ساقلاپ كەلگەن ئەمگەكچان خەلققە ئوخشاشلا ئەجدادلىرىمىزنىڭ نەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرىكى سەلتەنەتلىك ھۆكۈم سۈرگەن مۇبارەك قەدەم ئىزلىرىنى ئۆز قوينىدا ساقلاپ ياتقان، ئەقىللىق، ۋاپادار، ئاق كۆڭۈل، ئەمگەكچان ئوغۇل-قىزلىرىنى ئۆزىنىڭ ئىسسىق مېھرى، مول مەئىشەتلىرى بىلەن پەپىلەپ بىقىۋاتقان قەدىمى، سىرلىق، گۈزەل ماكاندۇر.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار:

1. «لوپ ناھىيىسىنىڭ خەرىتىلىك يەر ناملىرى تەزكىرىسى» 1986-يىل 10-ئاي نەشرى.
2. «لوپ تارىخى ماتېرىياللىرى»، 1-قىسىم.
3. «شىنجاڭ ئىجتىمائى پەنلەر تەتقىقاتى» ژورنىلى، 2003- يىل 1-سان.
4. «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژورنىلى، 2013-يىل 3-سان.
5. لوپتىكى مەدەنىيەت مىراسلىرى تور بېكىتىدىكى لوپنۇر ھەققىدىكى ماقالىلار (ئاپتۇر : لوپ ناھىيەلىك سىياسى كېڭەش كومىتېتىنىڭ تەكلىپلىك يازغۇچىسى، لوپ ناھىيە چاھارباغ يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ پېنسىيۇنېرى)

[①] تەكلىماكاندىكى قەدىمكى شەھەر لوپ››غالىپ بارات ئەرك ‹‹شىنجاڭ ئىجتىمائى پەنلەر تەتقىقاتى››ژورنىلى2003-يىلى1-سان

[②] لوپلۇقلارمەدىنىيتى ھەققىدە.ئابدۇرۇسۇل ئابدۇرېھىم،دولقۇن قادىر،‹‹شىنجاڭ مەدىنىيتى››ژورنىلى2013-يىل3-سان

[③] «تەكلىماكاندىكى قەدىمكى شەھەر لوپ» غالىپ بارات ئەرك: «شىنجاڭ ئىجتىمائى پەنلەرتەتقىقاتى» ژورنىلى2003-يىلى1-سان

[④] «تەكلىماكاندىكى قەدىمكى شەھەر لوپ» غالىپ بارات ئەرك: «شىنجاڭ ئىجتىمائى پەنلەرتەتقىقاتى» ژورنىلى2003-يىلى1-سان

[⑤] لوپ ناھىيىسىنىڭ خەرىتىلىك يەر ناملىرى تەزكىرىسى››1986-يىلى10-ئاي نەشرى

# مەۋلانا لۇتفىي ھەققىدە يېڭى بايانلار

## ئەرافات ھەسەن مۇسابايېۋ

مەۋلانا لۇتفىي يېقىن قەدىمكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى (چاغاتاي ئەدەبىياتى) نىڭ ئەللىشىر نەۋايىغىچە بولغان ئەڭ مەشھۇر ۋەكىلى. شائىرىمىزنىڭ ھاياتى ۋە ئەسەرلىرى چارلىز رىيۇ، مۇھەممەد فۇئاد كۆپرۈلۈزادە، ئا. ن. سامايلوۋىچ، زەكىي ۋەلىدى توغان، ھادى زەرىپ، خ. ف. خوفمان، ئېلبىئازار بىرىن بائۇم، يې. ئې. بېرتېلس،ئېرگەش رۇستەموف، سادىر ئەركىنوف، يانۇش ئېكمان، ئەركىن ئەھمەد خوجايېۋ، كەمال ئەراسلان، ئېرگەش فازىلوف، گۇناي قارائاغاچ ۋە جەمال ئاكسۇ كەبى چەتئەل ئالىملىرى تەرىپىدىن ئۆگىنىلدى ۋە ئەسەرلىرى نەشر ئېتىلدى. بىزدە لۇتفىي ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى يۇقىرىقى ئالىملارنىڭ تەتقىقاتلىرى، بولۇپمۇ ئۆزبېك ئالىملىرىنىڭ نەتىجىلىرى ئاساسىدا ئۆگىنىلدى. شائىر ئەسەرلىرىنىڭ يازما نۇسخىلىرى ۋە ئۇنىڭدا قوللىنىلغان تىل ھەققىدىكى تەتقىقات تېخى قولغا ئېلىنمىدى.

لۇتفىينىڭ ھاياتى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ قاچان، قەيەردە تۇغۇلغانلىقى ۋە ئەسلىي ئىسمىنىڭ نېمىلىكى ئىلمىدە ھازىرغىچە مەلۇم بولماي كەلدى. ئەللىشىر نەۋايىنىڭ مەلۇماتىدىن بىز پەقەت شائىرىمىزنىڭ 99 يىل ئۆمۈر كۆرگەنلىكى ۋە ھىراتتا ۋاپات بولغانلىقىنى بىلەلەيمىز. لېكىن بۇلاردا كونكرېت بىر يىلنامە كۆرسىتىلمىگەن. بۇ يەردە شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، نەۋايىنىڭ كۆرسەتكەن 99 يىلى ھىجرىيە ھېسابىدىكى ياش، مىلادىيەدىكى ئەمەس. شۇنداق بولغاندا لۇتفىي مىلادىيەدە 96 يىل ياشىغان بولىدۇ. ھەيران قالارلىق يېرى، نەۋايى ئېيتقان بۇ 99 ياش ئەدەبىيات تارىخلىرىمىزدا ھازىرغىچە مىلادىيە ھېسابىدا چۈشىنىپ كېلىندى، ھەم «مىلادىيە 1366-1465-يىللار ئارىسىدا ياشاپ، 99 يىل ئۆمۈر كۆرگەن» دېگەن قاراش ئومۇملىشىپ قالدى[1].

كىشىنى ئەجەبلەندۈرىدىغىنى، ئۆزبېك لۇتفىيشۇناسلىرىدىن سادىر ئەركىنوف بىلەن ئەركىن ئەھمەدخوجايېفمۇ بۇ يىلنامىنى بۈگۈنگىچە تەكرارلىماقتا.[2]

مەۋلانا لۇتفىينىڭ كونكرېت ياشىغان يىللىرى مەلۇم ئەمەس[3]. بىر قەدەر تۇراقلىشىپ قالغان يۇقىرىقى يىلنامە ئەمەلىيەتتە پروفېسسور يانۇش ئېكمان كۆرسەتكەن ھىجرىيە 768-867-يىللىرىنى[4] مىلادىيەگىمۇ 99 ياش قىلىپ ئايلاندۇرۇشتىن كېلىپ

چىققان. بۇنىڭدىن باشقا لۇتفىي ۋاپاتى توغرىسىدا يەنە ئابدۇللاھ كابۇلىي كۆرسەتكەن «1492-يىلى» دېگەن قاراشمۇ خېلى كۆپ تالاش تارتىشلارغا سەۋەب بولغان ۋە مەشھۇر رۇس تۈركولوگى ئا. م. شېرباكبۇ قاراشنى قوللىغان.[5]دوكتور گۇناي قارائاغاچ لۇتفىينىڭ ئەمىر تېمۇرنىڭ نەۋرىسى ئىسكەندەر مىرزىغا بېغىشلىغان«گۇل ۋە نەۋرۇز»[6] داستانىنىڭ 1411-يىلى(ھىجرىيە 814-يىلى) تاماملانغانلىقىغا ۋە ئەسەردە شائىرىمىزنىڭ ئۆزىنى ئىسكەندەر مىرزىنىڭ «ئۆز ئەسكى قۇلى» دەپ ئېيتقانلىقىغا ئاساسەن بۇ يىلنامىنى ئىنكار قىلىدۇ.[7] چۈنكى شائىرىمىز 1492-يىللىرىغىچە ھايات بولغان بولسا، «گۇل ۋە نەۋرۇز» داستانىنى 15 يېشىدا تاماملىغان بولىدۇ.ئۇنىڭدىن سىرت لۇتفىي «مەجالىسۇن نەفايىس»نىڭ ئىككىنچى مەجلىسىدە تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، بۇ مەجلىستىكىلەر ھەققىدە نەۋايى: «ئۇل جەمائەتى ئەزىزلەر زىكرىدەكىم، فەقىر ئالارنىڭ بەئزىنىڭ مۇلازىمەتىغە كىچىكلىكىدە يېتىپمەن ۋە بەئزىنىڭ سۇھبەتىغە يىگىتلىكىدە مۇشەررەف بولۇپمەن. ۋە ھالا..... ئالار بۇ فەنا دەمگاھىدىن بەقا ئارامگاھىغا بارىپدۇرلار»[8] دەپ يازىدۇ. بۇنىڭدىن ئۇشبۇ ئەسەر يېزىلغان ھىجرىيە 896 – يىلى [9] (مىلادىيە 1490-1491-يىللار) دا مەۋلانا لۇتفىينىڭ ئاللىقاچان ۋاپات بولغانلىقىنى بىلىمىز. گۇناي قارائاغاچ بۇ ھەقتە يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ، شائىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىدە ئىپادىلەنگەن تىلنىڭ 15-ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدىكى تىل ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدا يېقىن قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ كىلاسسىك دەۋرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ كۆرۈلمەيدىغانلىقىنى، شۇ سەۋەب لۇتفىينىڭ بۇ 96 يىللىق ھاياتىنىڭ بەك ئۇزارغاندىمۇ 15-ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىنىڭ باشلىرىغىچە داۋاملاشقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.[10] شۇڭا بىز بۇلارغا ئاساسەن، شائىرىمىزنى تەخمىنەن پروفېسسور يانۇش ئېكمان كۆرسەتكەن ھىجرىيە 768-867-يىللىرى يەنى مىلادىيە 1367-1463-يىللاردا ياشىغان بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايمىز. ئەمدى شائىرىمىزنىڭ ئەسلىي ئىسمى ۋە تۇغۇلغان يۇرتىغا كەلسەك، ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخلىرىدا «ئۇبەيدۇللا لۇتفىي، ھىراتلىق، كاشغەرلىك، خوتەنلىك» ياكى مولla ئىسمەتۇللا بىننى مولla نىئمەتۇللانىڭ سۆزىگە ئاساسلىنىپ، «موغۇلىستانلىق» دېگەن پەرەزلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان.[11] ئۆزبېك ئەدەبىيات تارىخلىرىدا «لۇتفىي ھىراتلىق بولۇپ، 1367\1366-يىللاردا تۇغۇلغان...99 يىل ئۆمۈر كۆرۈپ، 1466\1465-يىللاردا ھىراتتا ۋاپات بولغان»[12] «لۇتفىي، ھىراتنىڭ دېھكەنار دېگەن جايىدا تۇغۇلغان ۋە شۇيەردە ۋاپات بولغان، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ مەنبەلەردە لۇتفىيى ھىرىي دەپ تىلغا ئېلىنىدۇ ھەمدە سەبزەۋارلىق، نىشاپۇرلۇق، كەشمىرلىك، مەشھەدلىك ۋە باشقا لۇتفىيلاردىن پەرق قىلىدۇ» [13] مەۋلانا لۇتفىي، 1366-1465-يىللار، ئىلگىرى ئۇنىڭ تۇغۇلغان يۇرتى ھىراتنىڭ دېھكەنار دېگەن جايى دەپ كۆرسىتىلىپ

كېلىنگەنىدى، شەيخ ئەھمەد تەرازىينىڭ «فۇنۇنۇل بەلاغە» ئەسىرىنىڭ تېپىلىشىغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ تاشكەنتلىك ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى. يەنى ئۇنىڭدا «لۇتفىيى شاشىي» دەپ ئېلىنغان»[14] دېگەن قۇرلارنى كۆرىمىز. بۇ يەردە كىشىنى يەنە ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى، ئۇن ئىككى توملۇق «ئۆزبېكىستان مىللىي ئېنسىكلوپېدىيەسى» دىمۇ لۇتفىي ياشىغان ھىجرىيە ھېسابىدىكى 99 ياشنىڭ مىلادىيەدىمۇ شۇ پېتى كەلگەنلىكىدۇر. ئەگەر شۇ بويىچە ھېسابلايدىغان بولساق، ئەلىشىر نەۋايىمۇ مىلادىيە ھېسابىدا 62 ياش ياشىغان بولىدۇ. چۈنكى نەۋايى ھىجرىيە 844-906-يىللىرىدا ئۆتكەن ئەمەسمۇ. گېپىمىزگە كەلسەك، بىزنى يەنە ئويلاندۇرغىنى لۇتفىيشۇناس سادىر ئەركىنوفنىڭ 2012-يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلدۇرغان «لۇتفىي دىۋانى» نىڭ كىرىش سۆزىدە باشقا ئۆزبېك ئالىملىرىغا ئوخشىمايدىغان قىلىپ: «لۇتفۇللاھ لۇتفىي ھەققىدىكى ئىلمىي ئەدەبىياتلاردا شائىرنىڭ ھىراتنىڭ دېھكەنار دېگەن جايىدا 1366-يىلى تۇغۇلۇپ، 1465-يىلى شۇ جايدا ۋاپات بولغانلىقى قەيت قىلىنىدۇ»[15] دېگەن سۆزلىرى بولدى. ئالىم بۇ يەردە شائىرىمىزنىڭ ئىسمىنى كەسكىن قىلىپ «لۇتفۇللاھ» دەپ ئالغان. تۈركىيە ئالىملىرىنىڭ بايانلىرىغا كەلسەك، شائىرىمىزنىڭ ھىجرىيە ھېسابىدا 99 يىل، مىلادىيەدە 96 يىل ياشىغانلىقىنى، ئەسلىي ئىسمى ۋە يۇرتىنىڭ مەلۇم ئەمەسلىكىنى تىلغا ئېلىشىدۇ.[16]

بىز شائىرىمىزنىڭ زامانىدىشى مەۋلانا ئاتايى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرىمىز بىلەن يۈرگەن كۈنلەردە ئۇستازىمىز مىرسۇلتان ئوسمانىنىڭ ئۆيىدە ئىككى مۇھىم يازمىنى كۆرۈشكە نائىل بولدۇق. بۇلاردىن بىرى «مەجالىسۇل ئۇششاق» ناملىق پارسچە كىتابنىڭ ئەلىشىرنەۋايىنىڭ «خەزايىنۇل مەئانىي» ئەسىرىنىڭ ئۇستازىمىزنىڭ قولىدا ساقلىنىۋاتقان نۇسخىسىغا كۆچۈرۈلگەن، ئەلىشىر نەۋايىغا مۇناسىۋەتلىك بىر بابى، يەنە بىرى ئەنگلىيە كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىدا ساقلىنىۋاتقان نەۋايى، لۇتفىي شېئىرلىرىدىن تۈزۈلگەن تەرمە دىۋاننىڭ فوتو كوپىيەسى بولۇپ، بۇنى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ 2010-يىللىق دوكتورانتى ئايشەم ئابدۇللا ئەنگلىيەدىن ئېلىپ كەلگەن ئىكەن. بىرىنچى ئەسەردە مەۋلانا ئابدۇرەھمان جامىينىڭ كەينىدىن تۈركىي تىللىق شائىرلاردىن مەۋلانا سەككاكىي بىلەن مەۋلانا لۇتفىينىڭ مۇبارەك نامى تىلغا ئېلىنغان. يازمىدا ئەسلىي ئىسمى بىزگە نامەلۇم بولۇۋاتقان مەۋلانا سەككاكىي» [17] «مەۋلانا ھەيدەر سەككاكىي» دەپ يېزىلغان. بۇ ھەيدەر سەككاكىينىڭ ئابدۇرەھمان جامىي قاتارىدا تىلغا ئېلىنغانلىقىغا ۋە مەۋلانا لۇتفىي بىلەن خۇددى ئەلىشىر نەۋايىنىڭ «بەدايىئۇل بىدايە» سىنىڭ دىباچىسىدىكىدەك قاتار كەلگەنلىكىگە ئاساسەن، ئۇنى 15-ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا ئۆتكەن شائىرىمىز مەۋلانا سەككاكىينىڭ دەل ئۆزى دەپ قارايمىز. لېكىن يازمىدا لۇتفىي

يەنىلا «مەۋلانا لۇتفىي» شەكلىدە كەلگەن. كېيىنكى يازما ئەلىشىر نەۋايى بىلەن لۇتفىينىڭ تاللانما شېئىرلىرىدىن تۈزۈلگەن 50 ۋاراقلىق (خەت بار يېرى 99 بەت) تەرمە دىۋان بولۇپ، دىۋاننىڭ ئاۋۋالقى 81 بېتىگە نەۋايى دىۋانىدىن تاللانمىلار[18] ، كېيىنكى 18 بېتىگە لۇتفىي دىۋانىدىن بىر تەۋھىد، بىر نەئت، 25 غەزەل، تۆت تۇيۇق ۋە ئىككى فەرد كۆچۈرۈلگەن. دىۋاننىڭ كۆچۈرۈلگەن يىلى ھىجرىيە 965-يىلى(1557-1558-يىللار) بولۇپ، نەۋايىدىن تاللانمىلار بىلەن لۇتفىي دىۋانىنىڭ ئاخىرىغا ئوخشاشلا بۇ يىل يېزىلغان. يەنى نەۋايى شېئىرلىرىنىڭ داۋامىغا «تەممەتۇل ئىنتىخابى دىۋانى نەۋادىرۇش شەباب بىئەۋنىل مەلىكىل ۋەھھاب فى شۇھۇرى سەنە 965»، لۇتفىي دىۋانىنىڭ ئايىغىغا «تەممەتۇل ئىنتىخابى دىۋانى مەۋلانا لۇتفۇللاھ نىشاپۇرىي ئەلەيھىررەھمە فى تارىخى شەھرى جەمادىيەل ئاخىر سەنە خەمسۇ سىتتىنەتەسئە مىئايە» ۋە بۇنىڭ ئىككى يان تەرىپىگە «كەتەبەھۇ ئەبدۇل مۇزەننىبى قاسىم شادىشاھ غەففەرە زۇنۇبەھۇ» دېگەنلەر پۈتۈلگەن. بۇ يەردە بىزنى ھەيران قالدۇرغىنى، «لۇتفۇللاھ نىشاپۇرىي» دېگەن ئىسىم بولدى. ئەگەر بۇنى كاتىپنىڭ نامىمكىن دېسەك، «دىۋانى لۇتفۇللاھ نىشاپۇرىي» (نىشاپۇرلۇق لۇتفۇللاھنىڭ دىۋانى) دېگەن خەتلەرناھايىتى ئېنىق قىلىپ، دىۋاننى لۇتفۇللاھنىڭ دەپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە نەۋايى شېئىرلىرىدىن كېيىنمۇ ئوخشاشلا «دىۋانى نەۋادىرۇش شەباب» دېيىلگىنىگە قارىغاندا، بۇ كاتىپنىڭ ئىسمى ئەمەس، بەلكى ئىككى يان تەرەپىنىڭ سول تەرىپىگە يېزىلغان «قاسىمشادىشاھ» دېگىنى كاتىپنىڭ ئىسمىدۇر. «لۇتفۇللاھ» دېگەن بۇ نامنىڭ پىروفېسسور لۇتفىيشۇناس سادىر ئەركىنوفنىڭ يازمىسىدا شۇنچە كەسكىن ئېيتىلغىنىغا، شۇنداقلا قولىمىزدىكى مىلادىيە 1557-يىلى خاتىرىلەنگەن يازما پاكىتقا ئاساسەن، شائىرىمىزنىڭ مۇبارەك نامىنى «لۇتفۇللاھ» بولۇشى كېرەك دەپ قارايمىز، ھەم ئۆزبېك ئەدەبىياتشۇناسى نەتەن مەللەيېفنىڭ «لۇتفىيى ھىرىي»نى «نىشاپۇرلۇق لۇتفىي» ئەمەسدېگەنلىكىگە قارشى ھالدا، بۇ ئىككى «لۇتفىي» بىر كىشى، يەنى شائىرىمىزنىڭ ئەسلىي يۇرتى نىشاپۇر، كېيىن شىراز ۋە ھېرات قاتارلىق جايلاردا ياشىغان بولۇشى كېرەك دېگەن پىكرنى ئوتتۇرىغا قويىمىز. شائىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتكەن تىلنىڭ مۇرەككەپلىكى،شۇنداقلا ئوغۇز-قىپچاق ئېلېمېنتلىرىنىڭ زامانداشلىرىنىڭكىگە قارىغاندا بىر قەدەركۆپلىكىگە ئاساسەنمۇ ئۇنىڭ خېلى كۆپ يۇرتلاردا، بولۇپمۇ ئازەربي ۋە تۈركمەنلەر كۆپرەك رايونلاردا تۇرغانلىقىنى پەرەز قىلىش مۇمكىن؛ لۇتفىينىڭ قولىمىزدىكى تەرمە دىۋانى دوكتور گۈناي قارائاغاچ لۇتفىي دىۋانىنىڭ پارىژ، لوندون، گوتھا، ئىستانبۇل، تېھران ۋە بۇرسا نۇسخىلىرىغا ئاساسەن تۇرغۇزغان تەنقىدىي مەتىنىدىن چەتتە قالغان. يازمىدا ئىپادىلەنگەن تىل لۇتفىي دىۋانىنىڭ

پارىژ ۋە لوندون نۇسخىلىرىدىكىگە قارىغاندا يىگىراق بولۇپ، 16-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا كۆچۈرۈلگەنلىكى ئېنىق. كاتىپنىڭ شېئىرنى بولسا كېرەك، بەزى سۆزلەردە سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ لەۋ ئورنى جەھەتتىن ماسلىششى بۇزۇلغان. مەسىلەن، «اوتونك \اوتينك»(ئۆتۈك \ ئۆتك) دېگەندەك. يازمىدا گۇناي قارائاغاچ تۇرغۇزغان تېكىستتىكى1، 2، 13، 17، 23، 27، 28، 34، 40، 47، 48، 58، 59، 107، 111، 115، 119، 130، 147،152، 167، 198، 229، 242، 277، 290، 352، 390، 437، 469، 419، 500، 491-رەقەملىك شېئىرلار جاي ئالغان بولۇپ، گۇناي قارائاغاچ تېكىستىگە ئاساس بولغان پارىژ نۇسخىسى بىلەن قىسمەن مەتىن پەرقلىرى مەۋجۇت. ماقالىمىزنىڭ ئاخىرىدا ئۈشبۇ قولىيازمىدىكى شېئىرلاردىن لۇتفىي شېئىرلىرىنىڭ «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1982-يىللىق 1-سانى بىلەن 1997-يىللىق 3-سانىدا يوقلىرىنى ئوقۇلغۇسى ۋە فاكسىملى بىلەن بەردۇق.

1

~-v / v- - v / v-- v / v--

مەفئۇلۇ مەفائىيلۇ مەفائىيلۇ مەفائىل

(ھەزەجى مۇسەممەنى ئەخرەبى مەكفۇفىمەقسۇر)

ئەي غەمزەسى مىسكىنلەرە كۆپ قىلغۇچى بىداد،
جادۇ قاراقىڭ سىھر ئىلەھارۇتغا ئۇستاد.
بىر يولى بۇ بىچارە دۇئاچىڭنى ئۇنۇتما،
بىر كۈن ساڭا بۇ سۆزلەرىمىزكەلگۈسىدۇر ياد.
فەريادىم ئوشول يەرگەيېتىپتۇر، كى نىچەكىم،
فەرياد ئېتەرەم، مەندىنئېشتمەس كىشى فەرياد.
تاغنى ئېرىتۇر ئاھىم ئەسەرقىلغۇسى بىر كۈن،
كۆڭلۈك نىچەكىم بولسا تېمۇرتاش داغى پۇلاد.
بار قۇللۇغىڭىز ئىشقى ھەنۇزسەرۋ باشىندا،
تۈزلۈك بىلە گەرچە ئانىقلىمش قەدىڭ ئازاد.
ھەم دەرد ئىلە ھالىم نىدىيىنكىم تۈشە باۋەر،
ئولدەمكى يولۇقسا ماڭا مەھشەر كۈنى فەرھاد.
بۇ لۇتفىيى دىلخەستەغە گەھگەھ نەزەر ئەيلە،

ئەي تۈركى سەمەن سائەدۇ ئەيھۈرى پەرىزاد.

2

~-v / v- - v / v-- v / v--
مەفئۇلۇ مەفائىيلۇ مەفائىيلۇ مەفائىيل
(ھەزەجى مۇسەممەنى ئەخرەبى مەكفۇفىمەقسۇر)

ئەي مەڭلەرى فىلفىل، كۆزىكافىر، يۈزى كافۇر،
ئاسرۇ داغى بولما بۇ كىچەرھۇسنۇڭا مەغرۇر.
سەن ھۇسن ئېلىنىڭ شاھى سەنۇبەندە تىلەنچى،
سەن دىلبەرى گۇلرۇخ سەنۇمەن بۇلبۇلى مەھجۇر.
ئول ئارەزۇ زۇلفۇڭ ھەۋەسىدىن چۇن ئۆلەرمەن،
ھەر كېچە مەزارىمغا تۆكۈلسەنە ئەجەب نۇر.
بۇ ھۇسن كى بار سەندە،تاپىلماس پەرىلەردە،
قىلساڭ نىچەكىم ناز،تۇتارلار سېنى مەئزۇر.
جەۋرىڭنى تىلەر بەندە ۋەلې ياخشى ئېمەسكىم،
ياخشى كىشىلەر بولسا يامانلىق بىلە مەشھۇر.
مەن گەرچە جەفا ئۇتىغا ياندىم، تانا ئالمان،
خاھ كۆز ئىلە ئۆلتۈر مېنىخاھ يۈزۈمە يۈز ئۇر.
ئول جادۇ كۆزۈڭ لۇتفىغا ئانچە نەزەر ئەتمەس،
قالماس كىشى پەرۋاسى ئاڭاكىم ئولا مەخمۇر.

3

-v- / v- - v / v-v- / v--
مەفئۇلۇ فائىلاتۇ مەفائىيلۇ فائىلۇن
(مۇزارىئى مۇسەممەنى ئەخرەبىمەكفۇفى مەھزۇف)

ئول سانىئىكى خىلقەت ئىشنىقلىدى باشۇ كۆز،

ھېچ كىمگە سەنچە بەرمەدىئەييارە قاشۇ كۆز.
ھەيران قالۇر يۈزۈڭدە كۆزۈياش خەبەر بېرۈر،
بولدى مېنىڭ جانىمغا بەلابىيىك ياشۇ كۆز.
قالسا يۈزۈڭدە كۆز، نەئەجەب خىيرەكىم نەزەر،
قاسىر ئېرۈر چۇ بولسامۇقابىل قۇياشۇ كۆز.
سەۋدى كۆڭۈل سېنىيۇ كۆزۈمساچتى دۇررى ئەشك،
سىررىمنى ئالەم ئىچرە كۆڭۈلقىلدى فاشۇ كۆز.
ئول كۆز ئاغىزنى لۇتفىدىمەس نەرگىسۇ نەبات،
ئاغزىڭ كۆزۈڭ قاشىنداتالارغا نە باشۇ كۆز.

4

– –v / v– – v / v––v / v––

مەفئۇلۇ مەفائىيلۇ مەفائىيلۇ فەئۇلۇن

(ھەزەجى مۇسەممەنى ئەخرەبى مەكفۇفىمەھزۇف)

ئول ئارەزۇ رۇخسار ئۇزەزۇلف ئەي ئېگى لالە،
ئايدىندا ياتۇر گۈل ئۇزەبىر ھىندۇ ئۇزالە.
سەندىن تىلەمەن مىھر، كىدىۋانى ئەزەلدىن،
بى رەھم كىشىلەرگە ئېرۈرھۇسن ھەۋالە.
يۈزۈڭنى بۇكۈن يۈزۈمە قوي،ئەي تولۇن ئايىم،
نۇقسانغا قويار يۈزنى[19]چۇ ئاي يەتسە كەمالە.
ۋەسفى مەيى لەئلىڭغە قۇلاقتۇتتى سۇراھىي،
كىرپىكلەردىن ياشى ئاقىپتولدى پىيالە.
تا قويدى مېنىڭ باغرىمانەيدەك قەدىڭىز داغ،
ئۇشتاق ئارا سالدى نەفەسىمزارىيۇ نالە.
گەر ئىستەمەس ئولساڭ قارابەختىمنى پەرىشان،
جەمئ ئەتمە يۈزۈڭ لالەسىئۈستىدە كۈلالە.
لۇتفىينى فىراق ئۆلتۈرەدۇرتىغ نە ھاجەت،
ئول ئۆلسە ئېرۈر سەھل سەنئاي كىرمە ۋۇبالە.]

5

‒‒v / v‒ ‒ v / v‒‒v / v‒‒

مەفئۇلۇ مەفائىيلۇ مەفائىيلۇ فەئۇلۇن

(ھەزەجى مۇسەممەنى ئەخرەبى مەكفۇفمەھزۇف)

ئەي زۇلفى تۈن ئوغرىسىيۇلەئلى لەبى خۇنىي،

ئالەم بارى ئول ئوغرىيۇ ئولخۇنى زەبۇنى.

ئىشقۇەڭ مىنى كۆيدۈردىيۇ ئۆلتۈردى داغى ناز،

ئەي خەتم ساڭا ئىشقۇە بىلەناز فۇنۇنى.

زەنجىردۇرۇر گەرچە كىدىۋانە ئىلاجى،

ئول سىلسىلەئى ساچدىن ئېرۈرئەقل جۇنۇنى.

نازۇك قەددىڭىز بىرلە قاچانتەڭ بولۇر سەرۋ،

كىم ياخشى ئېمەستۇر كىشىنىڭ ئاسرۇ ئۇزۇنى.

جان دېدى ئانى لۇتفىي ئىراقتىن، چۇ كۆرۈندى،

جىم ساچى، ئەلىف قەددى بىلەئول قاشى نۇنى.

6

‒v‒ / v‒ ‒ v / v‒v‒ / v‒‒

مەفئۇلۇ فائىلاتۇ مەفائىيلۇ فائىلۇن

(مۇزارىئى مۇسەممەنى ئەخرەبمەكفۇفى مەھزۇف)

ئەي ئوردۇيى جەمالى تۇرائاي لەشكەرى،

مىسلى تۇ ھەرگىز ئادەمىدىنتۇغمادى پەرى.

چولپان كۆزۈڭ ئەگەر تەلەبەدجان بەيەك نىگاھ،

سەۋدا كۇنىم زانكى ئېرۈرياخشى مۇشتەرى.

قۇدرەت ئىلى بىتىدى زىدىۋانى لەمىيەزەل،

جانھا سۇيۇرغالى تۇۋۇ جانىز ھۇدبەرى.

زىنسان چەرىكى زۇلف ياساپگەر رەۋى بەباغ،

قالقان بىلە زەر ئاۋەرەدەتگۇل بەساۋەرى.

چۈن ھەلقە تا بەگۇشى تۈيەتكەي ئۇمىد ئىلە،
چەشمەم فىشانەد[20]ئىنچۇۋۇ يۈز قىلدى زەرگەرى.
ئەز مالىكانى ھۇسن كى دارەدسىنىڭ كەبى،
مەھبۇبى ئەرتەكىيۇ نىگارىئىجاۋەرى.
دەريابە كەئبەئى دىللىلۇتفىينى لۇتق ئىلە،
ھەج فەرز ئىرۋر ساڭا چۇبەخۇنى تەۋانگەرى.

7

– – v / –v–v / v––

مەفئۇلۇ مەفائىلۇن فەئولۇن

(ھەزەجى مۇسەددەسى ئەخرەبى مەقبۇزىمەھزۇف)

سانىئ چۇ بۇ نەقشى قاشقىلدى،
ئەل ئىشقىدا تەركى باشقىلدى.
چۈن رەھمسىز ئۆلدى ئولىيازۇقدىن،
كۆڭلىنى خۇداي تاش قىلدى.
يىغلاتتىيۇ باردى بىزنى ئولياش،
ھەر نە ماڭا قىلدى ياشقىلدى.
جان قەسدىغە قاشۇ كۆزى يۈزمىڭ،
بىر بىرى بىلە كېڭەش قىلدى
لۇتفىي غەمكىزنى كۆپياشۇردى،
كۆز ياشى، نېتەيكى، فاشقىلدى.

8

– v– / ––v– / ––v–

فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلۇن

(رەمەلى مۇسەددەسى مەھزۇف)

قامەتىمنى نېچە ھەجرىڭ ياقىلا،
نېچە ھەجر ئوتى جانىمغاياقىل.
غەمزە بىرلە تۆكتى قانىمئول نىگار،
تا ھىنادەك قان ئېلىنەياقىلا.

9

– v– / ––v– / ––v–
فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلۇن
(رەمەلى مۇسەددەسى مەھزۇف)

سىندى كۆڭلۈم شىشەسى غەمتاشىدىن،
قان سىرايەت قىلدى ئىچۈتاشىدىن.
قورقارام سەن ھەمۆەفاسىزلار كەبى،
بولماغايسەن ئىچى كۇفرۇتاشى دىن.

10

– v– / ––v– / ––v–
فائىلاتۇن فائىلاتۇن فائىلۇن
(رەمەلى مۇسەددەسى مەھزۇف)

مەن كۆڭۈل بەردىم ياڭاغىڭ ئاللىنە،
بولمادىم ۋاقىف بۇ مەكرۇ ئاللىنە.
ئەمدى لابۇد چارە يوقكۆرمەك كىبرەك،
ھەر نە تەڭرى يازمىش ئولسا ئاللىنە.

11

~v– / ––v– / ––v–

فائىلاتۇن   فائىلاتۇن   فائىلان
(رەمەلى مۇسەددەسى مەقسۇر)

فۇرقەتىڭدە بولمىشام زارۇزەئىف،
تەگرى ئۆچۈن مۇندىن ئارتۇق[21]قىلما زار.
چۈن مېنىڭ قانىمنى تۆكتۈڭ ھەجر ئىلە،
ئۆز ئېشىكىڭ تەگرەسىندە قىلمەزار.

12

--v / v--v / v--v / v--

مەفئۇلۇ   مەفائىيلۇ   مەفائىيلۇ   فەئۇلۇن
(ھەزەجى مۇسەممەنى ئەخرەبى مەكفۇفمەھزۇف)

ئاغزىڭ بىلە پىستە ئۆچەشۇر ھىچ تۇيالماس،
ئول ئاغزى ئاچۇق بادغىسى پۇچلىغىن كۆر.

13

-v- / v--v / v-v- / v--

مەفئۇلۇ   فائىلاتۇ   مەفائىيلۇ   فائىلۇن
(مۇزارىئى مۇسەممەنى ئەخرەبمەكفۇفى مەھزۇف)

سۆز سىغماس ئول ئاغزغاكى، مائۇل بەقا دىېدىم،
باق سۆز يىراقلىغىنەكى، مالاكەلام ئېرۇر.

**پايدىلانمىلار:**

1. ئابدۇرېھىم سابىت: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، بىرىنچى كىتاب ئىككىنچى قىسىم، قەشقەر شەھەرلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش بۆلۈمى باستۇرغان، 1982-يىل
2. ئاگاھ سىررى لەۋەند:«ئەلىشىر نەۋايى»، بىرىنچى توم، ئەنقەرە، 1965-يىلى نەشرى.
3. ئا. م. شېرباك: «كونا ئۆزبېك تىلى گىرامماتىكىسى»، موسكۋا-لېنىنگراد، 1962-يىلى نەشرى.
4. ئەركىن ئەھمەدخوجايېۋ: «تۈركىي نەزمىنىڭ سېھرىگەرى»، تاشكەنت،1992-يىلى نەشرى
5. ئەلىشىر نەۋايى: «مەجالىسۇن نەفايىس»(ئابدۇرېشىت ئىسلام، ئابدۇمجىت قۇربان تەييارلىغان)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994-يىلى نەشرى
6. ئەلىشىر نەۋايى:«مەجالىسۇن نەفايىس»(كەمال ئەراسلان تەييارلىغان)، ئەنقەرە، 2001-يىلى نەشرى.
7. زۈھال ئۆلمەز: «چاغاتاي ئەدەبىياتى ۋە چاغاتاي ئەدەبىياتى توغرىسىدا تەتقىقاتلار»، «تۈركىيە تەتقىقاتلىرى (ئەدەبىيات)» ژۇرنىلى،2007 – يىللىق 9 – سان.
8. غەيرەتجان ئوسمان قاتارلىقلار تۈزگەن: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2011-يىلى نەشرى
9. كەمال ئەراسلان: «چاغاتاي ئەدەبىياتى»،«دىيانەت ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى»، سەككىزىنچى توم، ئىستانبۇل، 1993 – يىلنەشرى، 168 – 176 – بەتلەر
10. كەمال ئەراسلان: «چاغاتاي شېئىرى»، «تۈركتىلى» مەجمۇئەسى، 1986 - يىلى 7 ـ، 8 – ئايلىق قوش سان
11. كوللېكتىپ؛ «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»،2-قىسىم، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006-يىلى نەشرى
12. كوللېكتىپ: «ئۆزبېكىستان مىللىي ئېنسىكلوپېدىيەسى»، بەشىنچى، يەتتىنچى توملار، تاشكەنت، 2003-،2005-يىللار نەشرى
13. لۇتفىي: «دىۋان»(سادىر ئەركىنوف تەييارلىغان)، تاشكەنت، 2012-يىلى نەشرى.
14. «لۇتفىي دىۋانى»(گۈناي قارائاغاچ تەييارلىغان)، ئەنقەرە، 1997-يىلى نەشرى.
15. لۇتفىي: «سەنسەن سېۋەرىم» (دىۋان، گۈل ۋەنەۋرۇز)، سادىر ئەركىنوف، ئېرگەش فازىلوف، ئەركىن ئەھمەدخوجايېۋ تەييارلىغان،تاشكەنت، 1987-يىلى نەشرى.
16. «مەۋلانا سەككاكىي دىۋانى»(كەمال ئەراسلان تەييارلىغان)، ئەنقەرە، 1999-

يىلى نەشرى.
17. مۇستافا ئارغۇنشاھ: «چاغاتاي تۈركچىسى»، ئىستانبۇل، 2013-يىلى نەشرى.
18. مۇھەممەد فۇئادكۆپرۈلۈزادە: «چاغاتاي ئەدەبىياتى»(تۈركچىدىن تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى تەرجىمىسى)،«بۇلاق»، 2001-يىللىق 2-سان.
19. نەتەن مەللەيېف: «ئۆزبېك ئەدەبىياتى تارىخى»، بىرىنچى كىتاب، تاشكەنت، 1976-يىلى نەشرى.
20. نىيازىي: «نەۋايىنىڭ سۆزلىرى ۋە چاغاتايچە پاكىتلار»(ئابۇشقا)، مۇستافا كاچالىن تەييارلىغان، ئەنقەرە،2011-يىلى نەشرى.
21. ھادى زەرىف: «نەۋايىزامانداشلىرى»، تاشكەنت، 1948-يىلى نەشرى.
22. «ئۆزبېك ئەدەبىياتى» (تۆت توملۇق)، بىرىنچىتوم، تاشكەنت، 1959 – يىلى نەشرى.
23.ئىرگەش رۇستەموف: «15-ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدىكى ئۆزبېك شېئىرىيىتى»، موسكۋا، 1963-يىلى نەشرى.
24. يې.ئې. بېرتېلس:«نەۋايى ۋە جامىي»، موسكۋا، 1965-يىلى نەشرى

## ئىزاھلار:

[1] ئابدۇرېھىم سابىت: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، بىرىنچى كىتاب ئىككىنچى قىسىم، قەشقەر شەھەرلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش بۆلۈمى باستۇرغان، 1982-يىل، 100-بەت؛ كوللېكتىپ: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»، 2-قىسىم، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006-يىلى نەشرى، 173-بەت؛ غەيرەتجان ئوسمان قاتارلىقلار تۈزگەن: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2011-يىلى نەشرى، 354-بەت.

[2] لۇتفىي:«دىۋان»(سادىر ئەركىنوف تەييارلىغان)، تاشكەنت، 2012-يىلى نەشرى، 4-بەت؛ ئەركىن ئەھمەدخوجايېف: «تۈركىي نەزمنىڭ سېھرگەرى»، تاشكەنت، 1992-يىلى نەشرى، 2-بەت.

[3] يې.ئې. بېرتېلس: «نەۋايى ۋە جامىي»، موسكۋا، 1965-يىلى نەشرى، 52-بەت.

[4]لۇتفىي دىۋانى» (گۇناي قارائاغاچ تەييارلىغان)، ئەنقەرە، 1997-يىلى نەشرى، كىرىش سۆز،14-بەت.

[5] ئا.م. شېرباك: «كونا ئۆزبېك تىلى گىراماتىكىسى»، موسكۋا-لېنىنگراد، 1962-يىلى نەشرى، 25-بەت.

[6] لۇتفىينىڭ ئۇشبۇ داستانىنى چارلىز رىيۇ، مۇھەممەد فۇئاد كۆپرۈلۈزادە، سادىر ئەركىنوف، ئېرگەش رۇستەموف ۋە گۇناي قارائاغاچ قاتارلىق ئالىملار مەخسۇس ئۆگەنگەن، ۋە چارلىز رىيۇ بىلەن تۈركىيە ئالىملىرى داستانىنى جەلالىددىن تەبىبنىڭ مىلادىيە 1333-يىلى يېزىلغان پارسچە داستانىنىڭتۈركىي تەرجىمىسى دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقان. ئۆزبېك ئالىمى ئېرگەش رۇستەموف بولسا «ئابۇشقا» لۇغىتىدىكى «گۈل ۋە نەۋرۇزى لۇتفىيدا كېلۇر» دېگەن بايانلار ۋە داستانىنى جەلالىددىن تەبىبنىڭ داستانى بىلەن تەپسىلىي سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، ئۇنى لۇتفىي ئىجادىيىتىگە تەۋە، يەنى جەلالىددىن تەبىبنىڭ ئەسىرىگەجاۋابەن يېزىلغان دەپ قارايدۇ ھەم بۇنىڭ بىلەن چارلىز رىيۇنىڭ پىكرىگە قارشى چىقىدۇ(1963-يىلى). يېقىندا لۇتفىيشۇناس سادىر ئەركىنوف بىر قاتار تەكشۈرۈشلەر ئارقىلىق، داستانىنىڭ مەۋلانا لۇتفىينىڭ ئىكەنلىكى ئېنىقلانغانلىقىنى كۆرسەتتى (2012-يىلى). بۇلاردىن سىرت، يەنە بىر قىسىم ئۆزبېك ئالىملىرى بۇ داستانىنى ھەيدەر خارەزمىي قەلىمىگە مەنسۇپ دەپ قارايدۇ

[7] لۇتفىي دىۋانى» (گۇناي قارا ئاغاچ تەييارلىغان)، ئەنقەرە، 1997-يىلى نەشرى، كىرىش سۆز،15-بەت.

[8] ئەلىشىر نەۋايى: «مەجالىسۇن نەفايىس» (ئابدۇرېشىت ئىسلام، ئابدۇمىجىت قۇربان تەييارلىغان)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994-يىلى نەشرى، 33-بەت.]

[9] ئەلىشىر نەۋايى: «مەجالىسۇن نەفايىس»(كەمال ئەراسلان تەييارلىغان)، 2001-يىلى نەشرى، 29-بەت. ئاگاھ سىررى لەۋەند ئەسەرنىڭ يېزىلغان يىلىنى ھىجرىيە 897-يىلى دەپ قارايدۇ. ئاگاھ سىررى لەۋەند: «ئەلىشىر نەۋايى»، بىرىنچى توم، ئەنقەرە، 1965-يىلى نەشرى، 257-بەت؛ دوكتور گۇناي قارائاغاچ ئەسەرنى ھىجرىيە 898-يىلى يېزىلغان دەپ قارايدۇ. «لۇتفىي دىۋانى» (گۇناي قارائاغاچ تەييارلىغان)، ئەنقەرە، 1997-يىلىنەشرى، كىرىش سۆز، 15-بەت. n]

[10] لۇتفىي دىۋانى» (گۇناي قارائاغاچ تەييارلىغان)، ئەنقەرە، 1997-يىلى نەشرى، كىرىش سۆز، 15-بەت.

[11] غەيرەتجان ئوسمان قاتارلىقلار تۈزگەن: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2011-يىلى نەشرى، 354-بەت.]

[12] ھادىزەرىف: «نەۋايى زاماندىشلىرى»، تاشكەنت، 1948-يىلى نەشرى، 115-116-بەتلەر؛ «ئۆزبېك ئەدەبىياتى»، بىرىنچى توم، تاشكەنت، 1959-يىلى نەشرى، 381-بەت.

[13] نەتەن مەللەيىۋ: «ئۆزبېك ئەدەبىياتى تارىخى»، بىرىنچى كىتاب، تاشكەنت، 1976-يىلى نەشرى، 322 -بەت.

[14] كوللېكتىپ: «ئۆزبېكىستان مىللىي ئېنسىكلوپېدىيەسى»، بەشىنچى توم، تاشكەنت، 2003-يىلى نەشرى، 325-بەت.

[15] لۇتفىي:«دىۋان» (سادىر ئەركىنوف تەييارلىغان)، تاشكەنت، 2012-يىلى نەشرى، 4-بەت.

[16] مۇھەممەدفۇئاد كۆپرۈلۈزادە: «چاغاتاي ئەدەبىياتى» (تۈركچىدىن تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇت تەرجىمىسى)، «بۇلاق»، 2001-يىللىق 2-سان، 72-بەت؛ كەمال ئەراسلان: «چاغاتاي شېئىرى»، «تۈرك تىلى» مەجمۇئەسى، 1986 - يىلى 7-، 8 – ئايلىق قوش سان، 585-بەت؛ «لۇتفىي دىۋانى»(گۈناي قارائاغاچ تەييارلىغان)، ئەنقەرە، 1997-يىلى نەشرى، كىرىش سۆز،10-بەت؛ زۇھال ئۆلمەز: «چاغاتاي ئەدەبىياتى ۋە چاغاتاي ئەدەبىياتى توغرىسىدا تەتقىقاتلار»، «تۈركىيە تەتقىقاتلىرى(ئەدەبىيات)» ژۇرنىلى، 2007 – يىللىق 9 – سان، 181-بەت؛ مۇستافا ئارغۇنشاھ: «چاغاتاي تۈركچىسى»، ئىستانبۇل، 2013-يىلى نەشرى، 36-بەت.

[17] «مەۋلانا سەككاكىي دىۋانى»(كەمال ئەراسلان تەييارلىغان)، ئەنقەرە، 1999-يىلى نەشرى، 14-بەت؛ مۇستافا ئارغۇنشاھ: «چاغاتاي تۈركچىسى»، ئىستانبۇل، 2013-يىلى نەشرى، 32-بەت؛ كوللېكتىپ: «ئۆزبېكىستان مىللىي ئېنسىكلوپېدىيەسى»، يەتتىنچى توم، تاشكەنت ، 2004-يىلى نەشرى، 437-بەت.]

[18] قولىيازمىدا نەۋايى شېئىرلىرىنىڭ ئاخىرىغا «نەۋادىرۇش شەباب دىۋانىدىن تاللانمىلار» دەپ يېزىلغان، لېكىن يازمىدا باشقا دىۋاندىن ئېلىنغان شېئىرلارمۇ ئۇچرايدۇ]

[19] قولىيازمىدا «نى» يوق، ۋەزن ئېتىبارى بىلەن دوكتور گۈناي قارائاغاچ نەشرىدىن تولۇقلاندى.

[20] قولىيازمىدا «فىشانەدە»، ۋەزن ئېتىبارى يۇقىرىقىدەك ئېلىندى.

[21] قولىيازمىدا بۇ سۆزنىڭ «ق» ھەرپى يېزىلمىغان.

مەنبە: «بۇلاق»، 2015-يىللىق 2-سان

# «چاڭموزا يۈسۈپخان» داستانىغا يوشۇرۇنغان تارىخ

## ئابدۇرېشىت ھىلمىھاجى

رېئال ھاياتقا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان رەزىل-خۇنۇك ھادىسىلەرنى سەنئەتلىك تونۇش ۋە ئەكس ئەتتۈرۈش ئارقىلىق ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى تىپىكلەشتۈرۈپ، زىددىيەتلەرنى ئەك ئۆتكۈر، ئەڭ ئاچچىق ھالدا پاش قىلىشنىڭ بەدىئىي ئۇسۇللىرىدىن بىرى ھەجۋى قىلىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ.

19- ئەسىر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئاتاقلىق ۋەكىلى رېئالىستىك شائىر موللا بىلال موللا يۈسۈپ ئوغلىنىڭ «چاڭموزا يۈسۈپخان» داستانى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى ھەجۋى ئەسەرلەرنىڭ مۇنەۋۋەر ئۈلگىسى.

شائىر ئۆز داستانىدا بەدىئىي ئەدەبىياتىنىڭ ساتىرا ئىپىمىنىتىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ نىسپىي نادانلىقىنى دەستەك قىلىۋېلىپ، يەرلىك فېئوداللىق كۈچلەر بىلەن ئەكسىيەتچى دىندارلارنىڭ ياردىمىدە كۈرەڭلەپ، قىنىغا پاتماي كەتكەن، خەلقنىڭ مال-مۈلكى ۋە ھاياتىغا ئېغىر زىيان سالغان سىرتتىن كەلگەن خوجىلارنىڭ ئالدامچىلىقىنى پاش قىلىدۇ.

داستان مەيدانغا كېلىشىنىڭ ئالدىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ۋەزىيىتى مۇنداق ئىدى:

17- ئەسىردىن باشلاپ 19- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە بولغان 200 يىلدەك ۋاقىت ئىچىدە، شىنجاڭ خەلقى ھەرخىل قىياپەت ۋە ھەرخىل ناملار بىلەن سىرتتىن كەلگەن ئالدامچى خوجىلارنىڭ دەردىنى ئۆلگىدەك تارتقانلىقى تارىخنىڭ ھىلىمۇ يادىدا.

يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنى ئادىللىق بىلەن باشقۇرغان ئابدۇرېشىت خاننىڭ 2- ئوغلى ئابدۇكېرىم خاننىڭ دەۋرىدە ماۋەرائۇننەھىردىن يەكەن خانلىقىغا كەلگەن خوجا ئىسھاق گۇرۇھى بىلەن كېيىنرەك ماۋەرائۇننەھىردىن كېلىپ قەشقەردە پائالىيەت ئېلىپ بارغان، خوجا ئىسھاقنىڭ ئىنىسىنىڭ ئوغلى مۇھەممەت يۈسۈپ گۇرۇھى ئوتتۇرىسىدىكى جېدەللەر ئۇلغىيىپ، ئاخىرى بىر-بىرى بىلەن سىغىشالمايدىغان سىياسىي رەقىبكە ئايلاندى. قارا تاغلىقلار دەپ ئاتالغان خوجا ئىسھاق گۇرۇھى بىلەن ئاق تاغلىقلار دەپ

ئاتالغان مۇھەممەت يۈسۈپ گۇرۇھى ھەددى ھېسابسىز دىنىي مۈلۈك، جۈملىدىن ۋەخپە يەر، دۇكان، تۈگمەنلەرگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، سوپىزىمغا خاس ئۇسۇل بىلەن كەڭ تۈردە مۇرىت توپلاپ، «ئېتىقاد» ئۈچۈن جەڭ قىلىدىغان قوراللىق كۈچ تەشكىل قىلدى... ئۇلارنىڭ ئالقىنىدىكى يەكەن خانلىقىدا يەرلىك ھاكىمىيەتلەرنىڭ ئۆزئارا كۆرەشى بارغانسېرى ئۇلغىيىپ، يېغا تۈگىمەي، خەلققە زور بالايى ئاپەت كەلتۈردى①.

ئۇ ئىككى گۇرۇھ يەكەن خانلىقىنىمۇ ئىككىگە بۆلۈۋەتتى، ئابدۇرېشىتخاننىڭ كىچىك ئوغلى ئابدۇللاخان قارا تاغلىقلارنى قوللاپ، ئاق تاغلىقلارنى چەكلىدى. بۇ چاغدا قارا تاغلىقلارغا خوجا ئىسھاقنىڭ ئوغلى مۇھەممەت يەھيا (شادى خوجا دېگەن نام بىلەن مەشھۇر) رەھبەرلىك قىلاتتى. ئابدۇللاخاننىڭ چوڭ ئوغلى، قەشقەرنىڭ ھاكىمى يولۋاس خان ئاق تاغلىقلارنى قوللىدى. بۇ چاغدا ئاق تاغلىقلارغا ئاپپاق غوجا رەھبەرلىك قىلىۋاتاتتى. ئاق تاغلىقلارنىڭ يەكەن خانلىقىغا سىڭىپ كىرىشىدىن قورققان ئابدۇللاخان ئاق تاغلىقلارنى قاتتىق قىرغاندىن كېيىن، نۇرغۇن ئەمىرلەر ئۇنىڭ ئوغلى يولۋاس خان تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. «ھەممە كىشى بىزار بولغان ئەھۋالدا 1667-يىلى ئابدۇللا خان تەختتىن نائىلاج ۋاز كېچىپ، ئەرەبىستانغا ھەج قىلغىلى كەتتى». نەتىجىدە، ئاق تاغلىقلار بىلەن قارا تاغلىقلار ئوتتۇرىسىدا تەسىر دائىرە تالىشىپ، قانلىق ئۇرۇشلار بولدى. ئاخىرىدا، 1668-يىلى ئاق تاغلىق خوجىلار ۋە ئەمىرلەر يولۋاسنى خان قىلىپ تىكلىدى②. يولۋاس تەختتىن چىققاندىن كېيىن قارا تاغلىقلارنى ۋە ئۇلارنىڭ بالا-چاقىلىرىنى پاجىئەلىك تۈردە قىردى. بۇ ئىككى گۇرۇھنىڭ يەكەن خانلىقىنىڭ تەختىنى تالىشىش كۆرىشى شۇ دەرىجىگە يېتىپ باردىكى، جۇڭغارلارنىڭ ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىدىكى قارىمۇ قارشى ئىككى تەرەپنى ئۆزلىرىگە يۆلەك قىلدى. 1670-يىلى ئابدۇللانىڭ ئىنىسى ئىسمائىل خان بولدى. ئىسمائىل قارا تاغلىقلارنى قوللاپ، يولۋاسنىڭ ئوغۇللىرىنى ئۆلتۈردى. ئاق تاغلىقلارنى بېسىقتۇردى. ئاق تاغلىقلارنىڭ سەردارى ئاپپاق خوجا قەشقەردىن قېچىپ چىقىپ، يوشۇرۇن كەشمىرگە بېرىپ، بۇ يەردىن تىبەتكە ئۆتۈپ، دالاي لاما بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. دالاي لاما غالدانغا خەت يېزىپ، ئاپپاق خوجىغا ياردەم بېرىشنى ئېيتتى. 1678-يىلى ئاپپاق خوجا يول باشلاپ ماڭغان غالداننىڭ 12 مىڭ ئاتلىق ئەسكىرى مۇزارت ئارقىلىق تەڭرىتاغدىن ئۆتۈپ جەنۇبىي شىنجاڭغا كىردى. ئاق تاغلىق خوجىلارنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن ماسلىشىشى ئارقىسىدا غالدان قوشۇنلىرى يەكەن خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. ئاپپاق خوجا جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمرانى بولۇپ، قارا تاغلىقلارنى رەھىمسىز قىردى. گۇناھسىز مىڭلىغان ئادەملەرنىڭ قېنى ئاقتى. بۇ توغرىسىدا «تەزكىرەئى خوجگان» دا «تۆكۈلگەن قانلاردىن تۈگمەن چۆگىلەيتى» دەپ يېزىلغان. ئاق

تاغلىق ۋە قارا تاغلىق غوجىلارنىڭ دەھشەتلىك كۈرىشى داۋاملاشقان بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت جەريانىدا، ئۇلار يەكەن خانلىقىنى بەربات قىلىپلا قالماستىن، قانچە مىڭلىغان گۇناھسىز كىشىنىڭ جېنىغا زامىن بولدى! قانچە مىڭلىغان كىشىلەرنى خانە ۋەيران قىلدى! بۇلارنىڭ ھەممىسىگە ماۋەرائۇننەھردىن كەلگەن خوجىلار سەۋەبچى بولدى.

دېمەك، نۇرغۇنلىغان خوجىلار ھەر خىل قىياپەت، ھەرخىل ناملار بىلەن شىنجاڭغا كېلىپ، شىنجاڭ خەلقىگە ئۇنتۇلغۇسىز بالايى-ئاپەتلەر ئېلىپ كەلدى. شائىر موللا بىلال خەلق قوزغىلاڭلىرىدىن ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن پايدىلانغان، خەلقنىڭ نادانلىقى ۋە ئېتىقادىدىن پايدىلىنىپ بايلىق توپلىغان، ئۆز مەقسەتلىرىگە يېتىش ئۈچۈن قاتىللىق قىلىشتىن يانمىغان، خەلققە بالايى-ئاپەت بولغان، سىرتتىن كەلگەن خوجىلارنىڭ تىپىك ئوبرازىنى بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ھەجۋىدىن ئىبارەت ئالاھىدە ئۇسۇلى بىلەن يارىتىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ خوجىلارغا بولغان ھۇشيارلىقىنى ھەسسىلەپ ئۆستۈرۈشنى تەشەببۇس قىلغان. بۇ مەنىدىن ئالغاندا، شائىرنىڭ «چاڭموزا يۈسۈپخان» داستانى ئۆز دەۋرى ئۈچۈن ئالاھىدە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋېلىش ئانچە تەس ئەمەس. شۇنداقلا موللا بىلالنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى ئاكتۇال مەسىلىلەرنى خەلق مەيدانىدا تۇرۇپ، توغرا بىر تەرەپ قىلغانلىقىدىن ئىبارەت بۈيۈك قىممىتىنى بىلگىلىمۇ بولىدۇ.

موللا بىلال «چاڭموزا يۈسۈپخان» داستانىنى مىلادىيە 1882-يىل 4-يانۋار دۈشەنبە كۈنى يېزىپ تاماملىغان. داستاندا بايان قىلىنغان ۋەقەلىك شۇ چاغدىكى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ كەتمەن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلىك بولۇپ، داستاننىڭ ئاخىرىدا ئېيتىلغاندەك، ئەسەر يېزىلىشتىن 44 يىل (1838-يىللىرى) بۇرۇن يۈز بەرگەن. شائىر ئۆز داستانىنى ھەقىقەتەنمۇ شۇ چاغدا بۇرۇن يۈز بەرگەن رېئال ۋەقەلىك ئاساسىدا يازغانلىقىنى داستاندىكى ۋەقە ۋە ئوبرازلاردىن بىلگىلى بولىدۇ.

داستاندىكى ئابدۇرېشىت ئاخۇننىڭ ئاتىسى مۇھەممەت گاداي تارىختا ئۆتكەن رېئال شەخس. تارىخي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، مۇھەممەت گادايدىن ئىككىسى ئىلىغا كەلگەن. ئۇنىڭ بىرى «كۇچارنىڭ ھاكىمبېگى ھادى باينىڭ مۆتىۋىرى گاداي مۇھەممەت بولۇپ، ئۇ «يوشۇرۇن ھالدا ئىلگىرى-ئاخىر ئىلىغا بېرىپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنى قارشى ئالغان» ③. بۇ ۋەقە چىڭ سۇلالىسىنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب-شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش جەريانىدا بولغان، يەنە بىرى، تۇنجى قېتىم ئىلىدا خانىقا بەرپا قىلىپ، ئۇنىڭغا خەلىپە بولغان گاداي مۇھەممەتتىن ئىبارەت. ئارا ئۆستەڭلىك خۇداقۇلى خەلىپە (1814-يىلى ئىلىغا ھاكىمبەگ بولغان خالزات خاننىڭ قېيناتىسى شەھەردە سوپىلىق ئىشانلىقىنىڭ

بولمىغانلىقىنى ئەيىبلەپ، بەدەخشانلىق ئىشانشاھ ئەۋلىيانى ئېلىپ كېلەلمەيدۇ. ئىشانشاھ ئەۋلىيا مۇرت ۋە تالىپلىرىنىڭ نۇرغۇنلىقىنى، ئۇلاردىن بوشىيالمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۆز ئورنىغا تىجارەت بىلەن ئىلى تەرەپكە كەتكەن شاگىرتى گادايى مۇھەممەتنى كۆرسىتىپ، ئەلچىلەرگە گادايى مۇھەممەتكە قارىتىپ خەت يېزىپ بېرىدۇ. ئەلچىلەر قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، گادايى مۇھەممەتنى چوڭ كۈرەدىكى ئۇيغۇر دېگەندىن تېپىپ ئىشانشاھ ئەۋلىيانىڭ خېتىنى بېرىدۇ. لېكىن گادايى مۇھەممەت: «بۇ ئىشنى پىرىم ئۆزى باشلاپ بەرمىسە، مېنىڭ ھەددىم ئەمەس» دەپ ئۇنىمايدۇ. ئەلچىلەر قەشقەر ئارقىلىق 2-قېتىم بېرىپ، ئىشانشاھ ئەۋلىيانى غۇلجىغا ئېلىپ كېلىدۇ. مەمىيار يۈزبېشىنىڭ يۈزبېگى ئىشانشاھ ئەۋلىياغا قول بېرىپ، شەھەر ئىچىدىكى باغلىق قورۇسىنى خانىقا قىلىشقا تەقدىم قىلىدۇ. ئىشانشاھ ئەۋلىيا غۇلجىدا 3 ئاي تۇرۇپ، خانىقاغا شاگىرتى گادايى مۇھەممەتنى خەلىپە قىلىپ قايتىپ كېتىدۇ. گادايى مۇھەممەت ۋاپات بولغاندا، خۇددى داستاندا دېيىلگەن شەھەرنىڭ غەربىدىكى قەۋرىستانلىققا قويۇلىدۇ. بۇ قەۋرىستانلىق خەلىپەم قەۋرىستانلىقى دەپ ئاتىلىدۇ. داستاندا تىلغا ئېلىنغان گادايى مۇھەممەت دەل مۇشۇ 2-گادايى مۇھەممەت بولۇپ، ئابدۇشېرىپ ئاخۇن ئۇنىڭ ئوغلى ئىدى.

داستاندا تىلغا ئېلىنغان باقى ھاكىمبەگ شۇ چاغدىكى ئىلىنىڭ ۋاقىتلىق ھاكىمبېگى ئىدى. خۇشنىزاخاننىڭ ئوغلى خالزاتخان تاجى ھاكىم ④ 1818-يىلى ھاكىمبەگ بولىدۇ. لېكىن ئۇ ئاقئۆستەڭ قۇرۇلۇشىغا ياخشى رەھبەرلىك قىلالمىغانلىقتىن، شاغىبەگلىككە (مۇئاۋىن ھاكىمبەگ) چۈشۈرۈلۈپ، باقى ئاخۇن ۋاقىتلىق ھاكىمبەگ بولىدۇ. داستاندىكى ۋەقەلىك دەل باقى ئاخۇن ھاكىمبەگ بولغان مەزگىلدە يۈز بەرگەن، دېمەك، شائىر ئىلى ۋىلايىتىنىڭ كەتمەن يېزىسىدا يۈز بەرگەن، كېيىن ئىلى ۋادىسىغا تارقىلىپ كەتكەن ۋەقەلىكنى ئاساس قىلىپ، «چاقموزا يۈسۈپخان» داستانىنى يېزىپ چىققان.

داستاننىڭ ۋەقەلىكى مۇنداق: ئات يىلىنىڭ سەپەر ئېيىدا (2-ئاي) كەتمەن يېزىسىغا ئۆزىنى «خوجا» دەپ ئاتىۋالغان يۈسۈپ خان ئىسىملىك بىر ئالدامچى كېلىدۇ. بۇ مەككار شۇ يەردىكى بەگ، موللا، قازى ۋە ئاقساقاللارنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈۋېلىپ، زور «شۆھرەت» تاپىدۇ.

خوجىغا ئىشەنگەن بۇ فېئودال روھانىلار ئۇنىڭ كەتمىنىنى چېپىپ، ئۇنىڭ «شۆھرىتى» نى تېزلا ئەتراپتىكى يېزىلارغا تارقىتىدۇ. ئاقكۆڭۈل خەلق بۇ گەپ-سۆزلەرگە ئىشىنىپ، ئۆزلىرىنى ئاچ قويۇپ بولسىمۇ، مال-مۈلۈكلىرىنى ھەتتا خوتۇن-قىزلىرىنى ھەدىيە قىلىدۇ. مەككار خوجا خەلقنىڭ ئۆزىگە بولغان ئېتىقادىنى كۆرگەندىن كېيىن، تېخىمۇ كۆپ ئەسكىلىكلەرنى قىلىدۇ. ئۇ «خۇداغا ئىبادەت قىلىش» دېگەن باھانە بىلەن،

ئايرىم ئۆي ھازىرلاتقۇزۇپ، ئۆي ئىچىنى قىزىل پەردە بىلەن ئىككىگە بۆلۈپ، پەردىنىڭ ئىچىدە ئۆزى بىلگەن ئەسكىلىكلەرنى قىلىدۇ. ئىشىككە قارايدىغان ئادەم قويىدۇ.

تۆيۈقسىز يۈز بەرگەن بىر ۋەقە ئۇنىڭ سىرىنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ. ئابدۇشىرىپ ئاخۇن ئىسىملىك خۇشچاقچاق ئادەم مال ئېلىپ، تىجارەت قىلىش ئۈچۈن غۇلجا شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى يېزىلارغا بېرىشىدا يولدا ئۇنىڭغا 2 كىشى ھەمراھ بولىدۇ. شىرىپ ئاخۇن ئۇلارنىڭ يۈسۈپ خان خوجىنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ، دۇئاسىنى ئالغىلى كېتىۋاتقان كىشىلەر ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. خۇشچاقچاق شىرىپ ئاخۇن بۇ ئىشنىڭ ئەخمىقانە ھەرىكەت ئىكەنلىكىنى سېزىپ، ئۇلارغا مۇنداق چاقچاق قىلىدۇ:

شىرىۋاخۇن ئويناپ دېدى: ھەي كىشى،
مېنىڭ بىرلە باردۇر خوجامنىڭ ئىشى،
بېرىپ مەن خوجامنى تۇتارمەن!-دېدى،
كى ئەجدىھار سۈپەتلىك يۇتارمەن!-دېدى.

ھېلىقى 2 ئادەم چاڭموزىنىڭ يېنىغا بارغاندىن كېيىن، چاڭموزىنىڭ «شەھەر تەرەپتە نېمە خەۋەرلەر بار» دېگەن سوئالىغا، شىرىپ ئاخۇن ۋە ئۇنىڭدىن ئاڭلىغانلىرىنى يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلەپ بېرىدۇ.

چاڭموزا «ئابدۇشىرىپ» دېگەن ئىسمىنى ئاڭلىغاندا يۈرىكى ئېغىپ، رەڭگى ئۆڭىدۇ. ئەسلىدە ئۆزىنى خوجا دەپ ئاتىۋالغان بۇ ئالدامچى قوقەندىكى بىر سودا-سېتىقچى بولۇپ، شىرىپباي ئىسىملىك بىرىدىن 10 مىڭ تەڭگە قەرز پۇل ئېلىپ، قايتۇرالماي بۇ تەرەپكە قېچىپ كەلگەن. چاڭموزا غۇلجىلىق شىرىپباينى قوقەنلىق شىرىپباي دەپ قاراپ، ئۇ مېنى تۇتقىلى كەپتۇ دەپ قورقىدۇ. سىرىنىڭ پاش بولۇپ، بۇ راھەتلىك تۇرمۇش، مال-دۇنيا ۋە شۆھرەتتىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئەنسىرگەن يۈسۈپ خان شىرىپباينى ئۆلتۈرۈۋېتىش قارا نىيىتىگە كېلىدۇ. ئۇ ئۆز يېقىنلىرىدىن دۆلەتنەزەر، شەيخ باقى، شەيخ مەدەكلەرنى چاقىرتىپ، بۇ ئىشنى ئۇلارغا تاپشۇرىدۇ. بۇ قول چوماقچىلار چاڭموزىنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئالغاندىن كېيىن، مازارغا چۈشۈپ، بىر ئۆيدە مېھمان بولۇۋاتقان ئابدۇشىرىپ ئاخۇننى تېپىپ، ماللىرىنى تاغدىكى مالچىلارغا ئاپىرىپ ساتسا نۇرغۇن پايدا ئالىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۆيدىن ئالداپ چىقىدۇ. بۇ 3 نەپەر قارا نىيەت يېرىم يولغا كەلگەندە، ئابدۇشىرىپ ئاخۇننىڭ بويىنىغا سالما سېلىپ ئاتقا سۆرىتىدۇ. بۇنىڭلىق بىلەن توختاپ قالماي، ئېخمۇ ۋەھشىلىك بىلەن ئابدۇشىرىپ ئاخۇننىڭ بېشىنى تاش بىلەن ئۇرۇپ

ئۆلتۈردۇ. ئاخىرى جەسەتنى تاغ كامىرىغا يوشۇرۇپ، ماللىرىنى ئۈچى بۆلۈشۈپ قايتىپ كېلىدۇ.

كى يەنچىپ بولار تاش بىلەن بېشىنى،
تېنى ئۈستىگە دۆۋىلەپ تېشىنى،
كى تاغنىڭ كامىرىغا مەدفۇن ئېتىپ،
ئۈچى مالنى تەقسىم ئەيلەپ ئېتىپ.

تاغ باغرىدا مال بېقىپ يۈرگەن باللار يېشىل جەندە كىيگەن، يېشىل سەللە ئورىغان بىر ئادەمنىڭ تاغ ئۆڭكۈرى ئالدىغا كېلىپ، نالە-زار قىلغانلىقىنى كۆرىدۇ. باللاردىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان كىشىلەر تاش دۆۋىسىنى ئېچىپ، ئابدۇشېرىپ ئاخۇننىڭ جەسىتىنى كۆرىدۇ. ئۇلار ئەھۋالنى تولۇق يېزىپ، ئادەم ئەۋەتىپ باقىبەگكە مەلۇم قىلىدۇ، باقىبەگ ئەلچى جاڭجۇڭگە بېرىپ، ئەھۋالنى تولۇق ئېيتىدۇ. ئامالسىز قالغان جاڭجۇن ئەسكەر چىقىرىپ، چاڭمۇزا باشلىق ۋە ئۇنىڭغا خىزمەت قىلغان، ئەسكىلىكى قالمىغان، شەيخ، يۈز بېگى ۋە باشقىلارنى تۇتۇپ كۈرەڭە كەلتۈرىدۇ. جاڭجۇن چاڭمۇزا باشلىق بىر قانچە ئادەمنى ئۆلۈم جازاسىغا بۇيرۇپ ئىجرا قىلدۇرىدۇ. ئابدۇشېرىپ ئاخۇننىڭ جەسىتىنى غۇلجىغا ئېلىپ كېلىپ، ئاتىسىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خەلق بۇ بالايىئاپەتتىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ.

قىسقىسى، تەركىي دۇنيا، نەپسانىيەتچى، ئالدامچى كۆچلەرگە بولغان ھېسابسىز غەزەپ-نەپرەت خەلق رايىنىڭ شائىر مۇددىئاسىدىكى ئورتاقلىق بولۇپ، خەلقنىڭ يەتكىلى بولمايدىغان ئارمىنى شائىر قەلىمى ئارقىلىق مەقسەتكە يېتىدۇ. داستان ۋەقەلىكى بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار ئاساسىدا ۋۇجۇتقا كەلگەن بولسىمۇ، ئەينى چاغدىكى رېئاللىق ۋە رېئالىزملىق ئەدەبىيات پىرىنسىپى بويىچە دەلىللىگىنىمىزدە، بۇ خەلق رايىنىڭ، شائىرنىڭ سۇبيېكتىپ ئېڭىدا قارار تېپىشى ياكى ھەل بولۇشى دەپ قىياس قىلساق تېخىمۇ توغرا بولىدۇ.

## ئىزاھاتلار:

① «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 315-بەت.

② «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 320-بەت.

③ «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 353-بەت.

④ خەلق تەيجى سۆزىنى خاتا چۈشىنىپ، «تاجى» دەپ ئاتىغان، شۇڭا، خالزاتخان تاجى ھاكىم بولۇپ قالغان.

⑤ «چاڭموزا يۈسۈپخان»، «بۇلاق» ژورنىلى، 1981-يىللىق 2-سان.

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىز ئورخۇن

«شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژورنىلىنىڭ 2000-يىللىق 2-سانىدىن ئېلىندى

# ئېھتىياج نەدە، سىز نەدە

## پولات ھېۋزۇللا

ياشلىق ئۈگىنىشمۇ، ئويۇن-تاماشىمۇ، كۆيۈشمۇ، سۆيۈشمۇ... ھەممىسى يارىشىدىغان، رېئاللىقنىڭ ھېچكىم دەپ بەرمىگەن، دەپ بېرەلمەيدىغان سىرلىرىنى بىۋاسىتە ھېس قىلىپ يېتىدىغان، ھاياتنىڭ شېرىن ھەم قىسقا پەسلىدۇر. ياشلىقىڭدا بىر نۇقتىدا جىم تۇرمايسەن، ھەرىكەت قىلىپ ھارمايسەن، چارچىمايسەن، چۈنكى جىسمىڭدىكى قايناپ-تېشىپ تۇرغان ھاياتىي كۈچ سېنى ئىزچىل ھەرىكەت قىلىشقا ئۈندەپلا تۇرىدۇ. ھەممە ئىشنى ئۆزۈڭ قول سېلىپ قىلىپ باقسام دەيسەن. چوڭلارنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشلىرىغا قۇلاق سالماي، ئاقىۋەتلەرنى ئۆزۈڭ بىۋاسىتە كۆرۈپ بېقىپ چۈشەنمەكچى بولىسەن. مۇمكىنلىكلىرىڭ دائىرىسىدە پېتىرايسەن، سۆز ھۆججۆمدىن قورقماي باشقىلارنىڭ ئاغزىنى تاتىلايسەن، قوپال چاقچاقلىشىسەن، مۇنازىرىلىشىسەن، ھەتتا گاھىدا قېنىڭ قىزىپ مۇشت كۆتۈرگۈدەك دەرىجىگە بېرىپ قالىسەن. سېنى قانچىلىك ياقتۇرىدىغىنىنى ئۇقماي گۈزەل قىزلارنى پىنھان مارايسەن، سۆيگۈ تەلپىنى قويىسەن، بەزىدە شېرىن، رومانتىك مۇھەببەتنى ئۆز رازىلىقىڭ بىلەن ۋاز كېچىپ، تۇرمۇش قايناملىرىدا ئۈزىسەن، خىيالپەرەسلىكلەر بىلەن بىر ئىشلارنى قىلىپ باقىسەن. مانا شۇ تەرىزدە تالاي ئەگرى-توقاي يوللارنى بېسىپ قاچانلاردا ئەقلىڭنى تېپىپ قالغىنىڭنى بىلمەيلا قالىسەن. شۇنداق بىر كۈنلەر كېلىدۇكى، باشقىلار ئورۇنلاشتۇرغان ئىشلارنى قىلىۋەرمەي، ئەمدىلىكتە ئۆزۈڭنىڭمۇ مۇستەقىل ئىش تەۋرەتسەڭ بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ قالىسەن-دە، بىردىن نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىپ بېقىشقا ئۇرۇنىسەن، كاللاڭغا بۇرۇن ئويلىمىغان بىر-بىرىدىن ئېسىل، يېڭى لايىھەلەر كېلىدۇ، بۇ لايىھەلەرنىڭ نېمە بولۇپ باشقىلارنىڭ نەزىرىدىن چەتتە قالغانلىقىغا ھەيران قالىسەن ۋە بۇ ئىشلارغا قانچىلىك ئەمەلىي شارائىت، قانچىلىك ۋاقىت، قانچىلىك ئىنچىكە مەشغۇلات كېتىدىغانلىقى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايسەن، ھېچقايسىسىدىن ۋاز كەچكۈڭ كەلمەيدۇ...

بايلىقلار ئىچىدە پەقەت ياشلىقلا، ياشلىقتا ئېرىشكەن تەجرىبە-ساۋاقلارلا بىھېساب بايلىقتۇر. ياشلىق بولىدىكەن، قىلىمەن دېسەڭلا ھەممىنى قىلغىلى، قىلىشقا ئۈلگۈرگىلى

بولىدۇ. چۈنكى، ھاياتىي كۈچى قايناپ-تېشىپ تۇرۇش ياشلىقنىڭ ئەڭ تۈپ، ئەڭ روشەن خاسلىقىدۇر. ياشلىق كۈچ-قۇدرەتتە چەكسىزلىككە تولغان، ئەمما ئۇنى چەك تۇتالمىساڭ، ئۇنىڭ قەدرىگە يەتمىسەڭ، ياشلىقىڭدا ئۆزۈڭگە لايىق چىقىش يولى تېپىپ، ئىشلىرىڭدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىساڭ، ئۇنداق ياشلىقنى قىممەتلىك دېگىلى بولمايدۇ. ئېينىشتېين ئۆزىنىڭ 26 يېشىدا نىسپىيلىك نەزەرىيىسىنى ياراتقانىدى. داروىن 30 ياشقا كىرمەستىنلا تۈرلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى جەھەتتىكى ئۇقۇمنى ۋۇجۇدقا چىقارغان بولسا، نيۇتون ئېغىرلىق كۈچىنى شەرھلىگەندە تېخى 24 ياشتا ئىدى. باشقا ساھەلەردە مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلارنىڭمۇ ياشلىقىدا كۆزگە كۆرۈنگەنلىرى ئەڭ كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ھازىر پۇرسەتنى كۈتۈش تەلىماتى نۇرغۇن ياشلارنىڭ خىيالپەرەسلىكلەر بىلەن پۇرسەت كۈتۈشكە باھانە بولماقتا، ئىقتىدارىغا قارىغاندا پۇرسەتنى كېلىپ ئۆرلىگەنلەرنىڭ تەييارلىقى پۇختا بولمايدۇ، تەييارلىق پۇختا بولمىسا بەرداشلىق بېرىش كۈچى ئاجىز بولىدۇ. ئادەتتە بالدۇر پۇل تاپقانلارنىڭ كېيىن زىيان تارتىش نىسبىتىنىڭ يۇقىرى بولۇشى ئەنە شۇنىڭدىندۇر، مەغلۇپ بولغۇچىلارنىڭ باھانىسى ماڭا پۇرسەت بولمىدى دېيىشتىن ئىبارەت. ئۇلار ھەمىشە مەغلۇبىيىتىنىڭ سەۋەبىنى باشقىلارغا يۆكلەپلا يۈرىدۇ. يەنى ئوبدان ئورۇنلارنى باشقىلار ئىگىلىۋېلىپ، ئۆزىمىزنىڭ تاللىشىغا پۇرسەت بەرمىدى، پالانى ماۋۇ ئىشىمغا ياردەم قىلماي قويدى... دېگەندەك. ئەمما، سىز ھەقىقىي تۈردە پىشىپ، ئىقتىدار يېتىلدۈرگەن ئىرادىلىك، غالىب كىشىلەردىن بولسىڭىز، مەغلۇپ بولۇشىڭىزغا ھەرگىز باھانە-سەۋەب ئىزدىمەيسىز. پۇرسەتنىڭ كېلىشىگە قاراپ تۇرمايسىز. ئورۇق-تۇغقان ۋە بۇرادەرلىرىڭىزنىڭ ئالدىدا يېلىنىپمۇ يۈرمەيسىز. بەلكى، يەنە ئۆزىڭىزنىڭ جاپالىق ئەمگىكىڭىز ۋە تىرىشچانلىقىڭىز بىلەن يەنە پۇرسەت يارىتالايسىز.

ماكېدونىيە شاھى ئالېكساندىر زۇلقەرنەيىن بىر قېتىملىق چوڭ جەڭدە غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، قول ئاستىدىكى بىرسى ئۇنىڭدىن: «پۇرسەت يېتىپ كەلگەندىكىن، يەنە بىر شەھەرگە ھۇجۇم قىلمىزمۇ قاندىاق؟» دەپ سورىغىنىدا، ئالېكساندىر: «پۇرسەت؟ پۇرسەت دېگەننى ئۆزىمىز يارىتىمىز!» دەپ قاتتىق ئاچچىقلىنىپ كەتكەنىكەن. دېمەك، ئالېكساندىرنىڭ ئۇلۇغ شەخس بولالىشىنىڭ سەۋەبى، دەل ئۇنىڭدا پۇرسەت يارىتىش ئىقتىدارىنىڭ بولغانلىقىدىندۇر.

مۇنداقچە ئېيتقاندا، پۇرسەت ھەرقانداق ئادەمگە كېلىدۇ. ئەمما، ئۇنى چىڭ تۇتالايدىغانلار كۆپ بولمايدۇ. ئادەتتە پۇرسەت كۈتۈپلا ياشايدىغانلارنىڭ پۇرسەتنى كەتكۈزۈپ قويۇش نىسبىتى يۇقىرى بولىدۇ. بۇنىڭدىكى تۈپ سەۋەب، ئۇلاردا باشقىلارغا يېتىشىۋېلىشقا بولغان ئۈمىدنىڭ يوقلۇقىدۇر. دۇنيادا مەڭگۈ قولدىن كېتىپ قالغان

پۇرسەت بولمايدۇ، ئۇ يەنە كېلىدۇ، بەلكىم بۇرۇنقىدەك ياخشى ھالەتتە كەلمىسىمۇ ھامان كېلىدۇ. ھەر بىر ئادەمگە بىر قېتىملىق ئۆمۈر بېرىلگەن، رىقابەت بىر ئۆمۈرلۈك بولىدۇ، ھامان يېتىشۋالىسىز، بۇنىڭدىكى ئالدىنقى شەرت بىكار تۇرماڭ، تىرىشىڭ، ئىزدىنىڭ. ئۆزىڭىزنىڭ ياشلىق باھارىڭىزنى بىھۇدە ئىسراپ قىلىشقا قارشى تۇرۇپ قىلىۋەتمەڭ. باشقىلار چەت ئەل تىلى بىلىدۇ، تىرىشچانلىق كۆرسەتسىڭىز سىزمۇ بىلىسىز، ھەتتا ئۇلاردىن ئېشىپ كېتەلەيسىز. باشقىلار پۇل تېپىۋاتىدۇ، سىزدىن باي. ئەمما، بۇ سىزنىڭ مەڭگۈ نامرات ئۆتۈدىغانلىقىڭىزنى كۆرسەتمەيدۇ. نامراتلىق ياشلار ئۈچۈن ئەيىب ئەمەس، بەلكى سىزگە بىسىم ئەكېلىدىغان ياخشى شارائىت ھېسابلىنىشى كېرەك. «قىزىل چىراغ» ئوپېراسىدا «نامراتلارنىڭ باللىرى بالدۇر ئىشقا يارايدۇ» دېگەن گەپ بار. سىزمۇ چوقۇم بايلارغا يېتىشىۋالالايسىز. بەلكى، ئۇلاردىن كۆپ پۇل تېپىشىڭىز مۇمكىن. تەلەپ، ئاۋۋال چوقۇم ئۆزىڭىزدە ئىشەنچ ۋە تىنىمسىز ئىزدىنىش روھى بولۇشى كېرەك. يۈگۈرۈشكە ئاتلىنىش سىزنىڭ مۇھىم ئەمەس، مۇھىمى ئىزچىللىق، توختاپ قالماسلىق، جاھىللارچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىش. ئەلۋەتتە، باشقىلار ئالللقاچان يولغا چىقىپ بولغان، سىزدىن ئۇزاقلاپ كەتكەن، شۇنداقتىمۇ سىز چامىڭىزنىڭ يېتىشىچە ئىلگىرىلەش سۈرئىتىنى قولدىن بېرىپ قويماڭ، ئىلگىرىلەڭ، دۇنيادا يەتكىلى بولمايدىغان مەنزىل يوق. قېنى، ئەتراپىڭىزغا قاراپ بېقىڭ، ھېچبىر قىردىن ئاشالماي يۈرگەندەك قىلغان تەڭتۇشلىرىڭىزنىڭ بوش ۋاقىتلىرىدا بىلىمىنى ئاشۇرۇپ، تەپەككۇرىنى تاۋلاپ سىز يېتىشكۈسىز مۇساپىگە ئۇزاپ كەتكەنلىكىنى بىردىنلا ھېس قىلىپ قالىسىز، مانا بۇ ئىزچىل ئىلگىرىلەشنىڭ، جاپالىق تىرىشىشنىڭ مەھسۇلى. بىزدە كىچىكتىم دەپ نىشاندىن يالتىيىپ، ئارزۇسىدىن ۋاز كەچكەنلەر، ئىككىلىنىش بىلەن تەڭ يولدا مەغلۇپ بولۇۋاتقانلار ناھايىتى كۆپ.

شۇنداقمۇ ياشلىرىمىز باركى، بۇلار بىكار تەلەپلىكىنىڭ سەۋەبىنى پەقەت ئۆزىدىن كۆرمەيدۇ، ھېچنېمىنى ياراتماسلىقنى ئەقىللىقلىق ھېسابلىۋېلىپ ۋاقىتنى، تىرىشچانلىقنى ھەم پۇرسەت يارىتىشنىڭ ھەممىسىنى ئىنكار قىلىپ، غايىۋى پۇرسەتلەرنى كۈتىدۇ. نەتىجىدە قانداقلارچە قۇرتەك يارامسىز، گېپى يوغان بولسىمۇ ئەمەلىيىتى يوق، جەمئىيەتكە يۈك ئادەم بولۇپ قالغانلىقىنى بىلمەي قالىدۇ.

يەنە بەزى ياشلىرىمىز ئەمەلىي ھەرىكەتلىرىدىن كۆرە پىلانلىرىنى كۆز-كۆز قىلىش ۋە لاپ ئېتىشلار بىلەن ئاۋارە بولۇپ يۈرىدۇ، ئەمما خىلى مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن قارىسىڭىزمۇ ئۇلار يەنە ھېچقانچە ئۆزگىرىش ھاسىل قىلالمايدۇ. ئەمەلىيەتتە نۇرغۇن ئۆزگىرىش ئۇن-تىنسىز بولىدۇ، نۇرغۇن مۆۋەپپەقىيەتلەر ئۇن-تىنسىز بارلىققا كېلىدۇ. قىلمىغان ياكى قىلالمايدىغان ئىشنىڭ داۋرىڭىنى قىلىش ئاجىزلىقتۇر. ئىقتىدارلىقلار

قىلغانلىرى بىلەن، ئىقتىدارسىزلار قىلماقچى بولغانلىرى بىلەن ماختىنىدۇ، ھازىر خام لايىھىلىرى ئىشنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىدىغان ئىشلار ياشلاردا كۆپ كۆرۈلىدىغان سەۋەنلىك بولۇپ قالماقتا. قىلماقچى بولغانلىرىنى خۇددى قىلىپ بولغان ئىشلىرىدەك سۆزلەپ كۆرەڭلىك قىلىش ياخشى نەتىجە بەرمەيدۇ. گەرچە بۇ ئارقىلىق شۇ ئىشنى قىلىشتا ئۆزىگە بېسىم پەيدا قىلىش ئارتۇقچىلىقى باردەك قىلىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ زىيىنى ئىنتايىن كۆپ، ئىشەنچىڭىز قىممىتى بارغانسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان ھازىرقى زاماندا بۇنداق قىلىۋەرسىڭىز باشقىلار سىزگە ئىشەنمەس بولۇپ قالىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن سىزگە بىھۇدە كەلگەن بېسىملار ۋە ئويلىغىنىڭىزنىڭ رېئاللىققا ماس بولماسلىقى سەۋەبىدىن ئويلىغانلىرىڭىزنى سىز داۋاملىق قىلغان مۇددەتتە پۈتتۈرەلمەسلىكىڭىز مۇمكىن. سىز بۇ ئېھتىماللىقنى چەتتە قويغاچقا، كېيىن گاڭگىراپ قېلىپ ئىشنى سۈپەتتى بىلەن كارىڭىز بولمىغان ھالدا پۈتتۈرسىز-دە، ئاخىر زور زىيان يەنىلا ئۆزىڭىزگە بولىدۇ. مەسىلەن، سىز بىر چەت ئەل تىلى كۇرسى ئېچىشنى دوستلىرىڭىز ئالدىدا داۋاملىق قىلىدىڭىز دەيلى، ئەمەلىيەتتە بۇنداق كۇرسنى ئېچىش سىز ئويلىغاندەك ئوڭاي بولۇپ چىقمىدى، شۇنىڭ بىلەن تەييارلىقنى پۇختا قىلىپ، كېيىنرەك ئىش باشلاشنىڭ ئورنىغا مەن باشقىلارغا ئاشكارىلاپ، داۋاملىق سېلىپ بولۇپتىمەن، ئېچىۋېرەيچۇ، دەيسىز-دە، كەتكەن ۋاقىت ۋە ئىقتىسادىي زىيان سىزنى خېلى ئۇزۇنغىچە ئورنىڭىزدىن تۇرالماس قىلىۋېتىدۇ. رىقابەتتە يۈگۈرۈش سىزنىڭدىن بالدۇرلا چىقىۋېلىشقا قارىغاندا سىزنىڭ يۈگۈرۈش سۈرئىتىڭىز مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ، چۈنكى ئىگىلىك تىكلەش ئاددىي ھالدىكى يۈز مېتىرغا يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى ئەمەس، بەلكى ئۇزاققا سوزۇلغان مەنزىلدۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن سىزدە چوقۇم ئۆزىڭىزگە خاس مۇستەقىل ئىش تۇتۇش ئېڭى ۋە مۇكەممەل بىلىم قۇرۇلمىڭىز بولۇشى زۆرۈر. سىز ياشسىز، سىزگە تەييارلىق قىلىۋېلىشقا تولۇق ۋاقىت بېرىلگەن، لېكىن بۇ ۋاقىتنى ئۈنۈملۈك ئىشلەتمىسىڭىز جەمئىيەتنىڭ بېسىملىرىغا تەڭ تۇرالايدىغان بولۇپ يېتىشىپ چىقىشتا ئۈلگۈرەلمەيسىز، جەمئىيەتتە پۇت دەسسەپ تۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىڭىزنى پىلانلىق ھالدا تەربىيىلىشىڭىز، ئۆز-ئۆزىڭىزدىن ھەر مىنۇت ھالقىپ، ئۆزىڭىزنى تولۇقلاپ تۇرىشىڭىز كېرەك. ئازراقلا بىلىمىڭىز بىلەن پەخىرلىنىپ قالسىڭىز، ئاقىۋەت رىقابەتتە شاللىنىپ قالىسىز.

ئۆزىنى لايىھىلەش خۇددى يۇمشاق دېتال لايىھىلەشكە ئوخشايدۇ. يۇمشاق دېتالمۇ بىرىنچى ئەۋلاد مەيدانغا چىققىنىدىلا قۇسۇرسىز ۋە ياخشى بولۇپ كەتمەيدۇ، بىرىنچى نەشرى بازارغا سېلىنغاندىن كېيىن، ئۇنى ئىشلەتكۈچى داۋاملىق كەم يەرلىرىنى بايقاپ، يېتەرسىزلىكنى ئۆزگەرتىپ، ئىككىنچى نەشرىنى بازارغا

كەلتۈرىدۇ، بۇ خىل يېڭى نەشر قىلىنغان سەپەر بەجايىكى مەڭگۈلۈك سەپەرگە ئوخشايدۇ، بىر نەشرىنى سېتىۋالغان كىشى كېيىنكى نەشرىنى يەنە زارىقىپ كۈتىدۇ، چەت ئەل يۇمشاق دېتال بازىرىدا خېرىدارلار كەمكۈتىسىز يۇمشاق دېتالنى ئەمەس، بەلكى كېيىنكى يېڭى نۇسخىسى ئىزچىل نەشر قىلىنىشى مۇمكىن بولغان يۇمشاق دېتالنى سېتىۋالىدۇ، شۇڭا داڭلىق شىركەتلەرنىڭ كەمچىلىكى بار مەھسۇلاتلىرى شۇ خىل مەھسۇلاتى بار، لېكىن كېيىنكى نەشرىنىڭ چىقىشى ئىشەنچسىز بولغان شەخسلەر تەرىپىدىن تۈزۈلگەن يۇمشاق دېتاللارنىڭ بازىرىنى يېگەلەيدۇ، كېيىنكى نەشرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش سۈرئىتى تېز ۋە كېيىنكى نەشرىنىڭ مۇكەممەللىشىش كۆلىمى چوڭ بولغان شىركەتلەرنىڭ ئوخشاش مەھسۇلاتلار رىقابىتىدە داۋاملىق ھالدا رىقابەتچىلىرىدىن يېتىشكۈسىز دەرىجىدە ئۈزۈپ مونوپوللۇق ھوقۇقىغا ئېرىشىشىمۇ ئەنە شۇنىڭدىن. شۇڭا، سىزنىڭ ئۆزىڭىزنى لايىھىلىشىڭىزدە كەمچىلىكىڭىزنىڭ بولۇشى ھېچقانچە ئىش ئەمەس، پەقەت ئۆزىڭىزنىڭ كېيىنكى نەشرىنى داۋاملىق بارلىققا كەلتۈرۈشىڭىز مۇھىم ھالقا، شۇ ۋاقىتتىلا تەڭتۇشلىرىڭىزنىڭ ئىچىدە بەركامالىلىق مونوپوللۇقىغا يېتەلەيسىز.

ھازىر جەمئىيەتتە ياخشىراق ياشاش بىلەن ئادەتتىكى ياشاشنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى ھېس قىلالمايدىغانلار خېلى كۆپ، ئۇلار ئۆزلىرىگە قارىغاندا باشقىلارنىڭ ھەممە جەھەتتە ئۈزۈپ كەتكەنلىكىنى تەقدىرگە ئارتىپ قويىدۇ. ئۆزلىرىنىڭ نېمىشقا ئارقىدا قالغانلىقىدىكى سەۋەبنى تاشقى ئامىلدىن ئىزدەيدۇ. ئۇلار ھەتتاكى پايدىنى ئاز ئېلىپ، جاپالىق تىجارەت قىلىۋاتقانلارنى دۆت چاغلىشىدۇ، ئاشۇ خىل ئىش بىلەن تولا شۇغۇللىنىپ، ئېپى-جېپىنى بىلىپ كەتكەنلەرنى مۇتەئەسسىپ، يېڭىلىق يارىتالمايدىغان ھاماقەت ساناپ، ئۇلارنى تەۋەككۈلچى ئەمەس دەپ قارىشىدۇ. بىلىشىڭىز كېرەككى، ھازىر خېرىدارلار بېيىشقا ئالدىراپ كەتمىگەن تىجارەتچىلەرنى ياقتۇرىدۇ، شۇڭا پۇختا قەدەم بىلەن بېيىغانلارنىڭ خېرىدارى كۆپ بولىدۇ، ئۇلارنىڭ قولىدىن خېرىدارلارنى سىزدەك تېزلا بېيىتىمەن دېگەن يامان نىيەت بار كىشىنىڭ تارتىۋېلىشى ئاسان ئەمەس، خېرىدار ئەقىللىقلىشىپ كەتكەن زامان بۇ.

سەۋرچانلىق ئاخىرقى ھېسابتا كۈچ توپلاش دېمەكتۇر. ھەرخىل بوران-چاپقۇنلارغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان، سايىسىدە تالاي ئادەم سايىدىيالايدىغان بىر تۈپ دەرەخنى ئالدىراپ يېتىشتۈرۈۋالغىلى بولمايدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئىزچىل پەرۋىش قىلىش بىلەن يېتەرلىك ھالدىكى سەۋرچانلىق بولمىسا بولمايدۇ. شۇڭا، بوگۈنكى دەۋردە پەن-تېخنىكىنىڭ كۈچىگە خۇراپاتلارچە چوقۇنۇپ ئالدىراپ كېتىشمۇ ھازىرقى ئىنسانلارنىڭ ئومۇمىي كېسىلى بولۇپ قالدى، ئەمما، سىز سەۋر قىلدىم دەپ ئىگىلىگەن بىلىملىرىڭىز

بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالسىڭىز، يەنە پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قالىسىز. مەسىلەن، سىزنى كومپيۇتېر ئالدىدا بىر ماشىنىست دەيلى، سىز ئىشخانا باسما ماتېرىياللىرى ياكى شەخسلەرنىڭ دوكلات-ھۆججەتلىرىنى، كىتاب-ژۇرنال بەتلىرىنى ئۇرۇپ بەت ياساپ بېرىپ پۇل تاپىسىز، لېكىن بۇنداقلار ئىنتايىن كۆپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كىشىلەر بارا-بارا ئۆزلىرى ئۇرۇپ ھۆددىسىدىن چىقىشقا يۈزلىنىدۇ. دېمەك، ئادەتتىكى خەت ئۇرغۇچىلىقتىن ھالقىمىسىڭىز ئاچ قالىسىز، كىرىمىڭىزنى ساقلاپ قېلىشىڭىز ئۈچۈن قانداق قىلىشىڭىز كېرەك؟ چوقۇم باشقا ئىقتىدارلارنى، يەنى مۇقاۋا لايىھىلەش، ئېلان ئىشلەش، تور بەت ياساش قاتارلىقلارنىمۇ ئۆگىنىڭ. چۈنكى، خەت ئۇرۇبدىغانلارنى تېز ۋە كۆپ تاپقىلى بولىدۇ، ئەمما يۇقىرىقىدەك ئىقتىدارى بارلارنى خېلى ئىزدىگەندە ئاندىن تاپقىلى بولىدۇ.

دېمەك، يېڭى مەشغۇلاتنى تېپىش ئىقتىدارى ياشلاردا بولۇشقا تېگىشلىك ئەڭ زۆرۈر ئىقتىدار، ياشلار بۇنىڭ ئۈچۈن چوقۇم ئۆزىنى يېڭىلىققا ئۇرۇپ تۇرۇشى كېرەك. ئەمەلىي ئىقتىدار مەشغۇلات جەريانىدا يېتىلىدۇ، ئىقتىدارلىقلارنىڭ ئۆزىدىن ئېشىپ قالغان ۋاقتى يېتىشمىگەن مەشغۇلاتلىرى بولسا ئىقتىدارسىزلارنىڭ قىلىدىغان ئىش تاپالماسلىقتەك ھالەتلىرىگە ئوبدان شاپىلاق بولالايدۇ.

سىز ئەگەر ئىگىلىگەن بىلىملەردىن ھالقىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈپ ماڭالمىسىڭىز، تەبىئىي ھالدىلا مۇۋەپپەقىيەت سەھنىسىدىن شاللىنىپ قالىسىز. ئەگەر سىز ئىشتىن سىرت ئىشلەشنى نوقۇل پۇل تېپىش دەپ چۈشەنسىڭىز ياكى شۇ بويىچە مۇئامىلە قىلسىڭىز، خاتالاشقان بولىسىز. مەسىلەن، سىز مەلۇم بىر شىركەتتە ئىشلەش جەريانىدا خۇددى رازۋېتچىكلاردەك ئاخباراتلارنى ئىگىلىشىڭىز، ئۆزىڭىزدە ئاخبارات جۇغلانمىسى توپلىشىڭىز كېرەك، لېكىن بۇ بىلىملەر يەنىلا ئۆزىڭىزنىڭ بىلىمى بولمايدۇ، شۇڭا ئاشۇ دورامچىلىقتىن ھالقىپ كېتىش، يېڭىلىق يارىتىش، ئىجاد قىلىش ئىقتىدارىڭىز بولمىسا يەنە بولمايدۇ. ھازىر ئوخشىمىغان مۇھىتقا ماسلىشىشتا باشقىلارنىڭ ئۆرنەك ئەندىزىلىرى ئاساسىدا يېڭىدىن يارىتىلغان ئۆزىگە خاس ۋە ماس مەشغۇلات قۇرۇلمىسى مۇھىم رول ئوينايدۇ، شۇڭا ئۆزىڭىز ئىشلىگەن كارخانىنىڭ تۈزۈملىرى، مەشغۇلات تەرتىپلىرى، مەھسۇلاتنىڭ تەننەرخى قانداق دېگەنلەرنى پۇختا بىلگەندىن باشقا، يەنە يېڭى تەرەپلەرنى بايقاشقىمۇ ماھىر بولمىسىڭىز بولمايدۇ. قارالڭ، ئىستېمالنى ئېچىش ئۈچۈن بوز يەرلەر تولۇپ يېتىپتۇ، بۇ بوز يەرلەرنى ئېچىشتا سىزگە ئوخشاش ياشلار، ستۇدېنتلار مۇھىم قوشۇن، ئەلۋەتتە.

مەشغۇلات ئېچىش نوقۇل شۇ مەشغۇلات بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭلا تىرىكچىلىك مەنبەسى بولۇپ قالمايدۇ، مەسىلەن، تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنى ئىشلەش بۇرۇن يوق ئىدى،

شەخسلەر مەبلەغ سالغان تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرى مەيدانغا كېلىۋىدى، ئاشۇ فىلىم ئىشلىگۈچىلەر پۇل تېپىپلا قالماستىن، يەنە شۇ تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنى سېتىپ تاپاۋەت قىلىدىغان ئۇن-سىن دۇكانلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە سەۋەب بولدى، بۇنىڭلىق بىلەنلا قالماي ئەركىن كەسىپ شەكلىدە ناخشا-مۇزىكا ماھارىتى ۋە رول ئېلىش ماھارىتى بىلەن جان باقىدىغان سەنئەتكارلارمۇ بارلىققا كەلدى، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن باشلانغان سەنئەت ئۆمەكلىرىنى بازارغا ئىتتىرىش شامىلىغا شىنجاڭدىكى سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ بەرداشلىق بېرىش-بەرمەسلىكى كۆلەملەشكەن سەنئەت بازىرىنىڭ بارلىققا كېلىش-كەلمەسلىكىگە باغلىق بولۇپ قالدى، شۇڭا بۇ تەرەپتىن ئېيتقاندا، يەنە يېگىچە بازار ئېچىش زۆرۈر بولۇپ تۇرماقتا.

ئۆز ۋاقتىدا ئىنگلىزلار ئامېرىكا قۇرۇقلۇقىنى تېپىپ ئالتۇن قېزىش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلگەندە، بىرسى ئالتۇن قېزىشقا كېرەكلىك گۈرجەك سېتىپ ئەڭ ئالدىدا بېيىغانىكەن ... دېمەك، دىققەت قىلسىڭىز، نۇرغۇن پۇل تاپقىلى بولىدىغان مەشغۇلاتلار قېزىپ چىقىلىشنى ساقلىماقتا.

شۇڭا، ھەرقانداق بىر ئادەمدە ھەممىدىن مۇھىمى ئۆگىنىش ئىقتىدارى بولۇشى كېرەك. ھازىرقى بىلىم ناھايىتى تېز يېڭىلىنىۋاتقان ۋە ئۆگىنىشكە تېگىشلىك بىلىملەر ئىنتايىن كۆپ بولغان بۇ زاماندا سىزنىڭ بىلمىگىنىڭىز ئەيىب ئەمەس، ئەيىب بىلمىگىنىڭىزنى بىلىۋېلىش ئۈچۈن تىرىشمىغانلىقىڭىز، ئۆز ۋەزىپە، مەجبۇرىيىتىڭىزنى ئادا قىلىشتا مۇھىم رول ئوينايدىغان بىلىم ۋە تېخنىكا ئۆتكىلىنى تېز ھەل قىلمىغىنىڭىز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھەرقانداق بىر شىركەت ۋە كارخانا دەسلەپكى ئىگىلىك يارىتىش باسقۇچىدىن كېيىن تەرەققىي قىلىش مەنزىلىنى بېكىتىدۇ، ئۇلارغا شىركەتنىڭ تەرەققىياتىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئىختىساسلىق خادىملار زۆرۈر بولىدۇ.

ئۇيغۇرلار قۇرغان كارخانىلاردىمۇ ھازىر گەۋدىلىك ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ بىرى، باشقۇرغۇچىلارنىڭ ئىنچىكە مەشغۇلاتلارغا رەھبەرلىك قىلىش ئىقتىدارىنىڭ ئاجىز بولۇشى ۋە ئىش ھالقىلىرىغىچە ئەمەلىيلەشكەن باشقۇرغۇچى خادىملارنىڭ كەم بولۇشىدۇر. يەنى كەسپىي باشقۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىش ياكى سودا باشقۇرغۇچىسى، مالىيە باشقۇرۇش، خادىملارنى ۋەزىپىلىرىگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش، ئامبار باشقۇرۇش، مەشغۇلات باشقۇرۇش... دېگەندەكلەردە ھەقىقەتەن ئېھتىياج بار. لېكىن، ئىش ئورنىنى يارىتالايدىغان ستۇدېنتلارنىڭ ئازلىقى رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىغا مەلۇم دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتمەكتە. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كارخانىلارنىڭ مائاشى ئىنتايىن تۆۋەن، يۇقىرى مائاشنى ئۆزىڭىز يارىتىسىز. بىلىپ قېلىڭكى، شىركەتلەر پاراۋانلىق ئورنى ئەمەس. ئۇلار

داشقازان ئەنئەنىسىنى ئاللىقاچان سۈپۈرۈپ تاشلىغان. سىز بىر مىنۇت توختىغان ھامان ئىش ھەققىدىن قۇرۇق قالىسىز.

سانائەت دەۋرىنىڭ ئىختىرالىرى ۋە بايلىقلىرى 20-ئەسىردىكى ئاتوم دەۋرى، ئۇچۇر دەۋرى ۋە بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىنى تۇغدى. شۇنىڭ بىلەن ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىياتى تېخىمۇ تېزلەشتى. نۇرغۇن نەرسىلەر ئاسانلاشتى. دۇنيا تېخىمۇ كونكرېت، ئەمەلىيلىشىپ كەتتى. يەر شارى كىچىكلەپ بىر كەنتكە ئايلىنىپ قالدى. ئىنتېرنېت تېخنىكىسى ئارقىلىق بىز ھېچنەرسىمىزنى يوشۇرالمايلا قالىدىغان بولدۇق. مانا ئەمدى تەرەققىيات قايناملىغا ياقمىزدىن سۆرەلگەن پېتى كىرىپ كەلدۇق. «بىزنى ئارامىمىزدا قويۇڭلار، بىز مۇشۇنداق ياشاۋېرىمىز، بىزگە تەرەققىياتنىڭ كېرىكى يوق!» دەپ توۋلىساقمۇ، يىغلىساقمۇ ھېچكىم قۇلاق سالمايدۇ. بۇگۈنكى تەرەققىيات رەھىمسىز.

ستۇدېنتلارنىڭ كۆپىنچىسى مەكتەپتە ئۆگەنگەن بىلىملىرىنىڭ جەمئىيەتتە ئىشلىنىش دەرىجىسى بىلەن ھېسابلاشماي، كۆرەڭلەپ كېتىدۇ. كىچىك ئىشنى ياراتمايدۇ، چوڭ ئىشنى قىلىشقا قۇربى يەتمەيدۇ، ياكى پۇرسىتى كەلمەيدۇ. شۇڭا، ئۇرۇمچىدە مەدىكارلار ياشىيالايدۇ، ئەمما ئوقۇش پۈتتۈرۈپ خىزمەت ئىزلەپ يۈرگەن ستۇدېنتلار ياشىيالمايدىغان ئەھۋال كۆرۈلدۇ. ستۇدېنتلاردا پۇرسىتى كەلگەندە مەدىكارلاردىنمۇ نان تاللىشالايدىغان روھ بولسىلا ئاندىن چىقىش يولى تاپالايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ستۇدېنتلىق قالپىقىنى چوڭ بىلمەسلىكى كېرەك. بۇ خىل ئالاھىدىلىك ئۇلارنىڭ جەمئىيەتكە چىققاندىن كېيىن باشقىدىن ئۆگىنىشكە توسقۇن بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلاردا مەسىلىلەرنى ئاددىي ھالدا كىتابتىكى نەزەرىيىلەرگە سېلىپ ئۆلچەش، باشقىلارنى ياراتماسلىق، ئېغىر تېپىش پىسخىكىسى خېلىلا يۇقىرى.

شىددەتلىك ئېقىۋاتقان دەريادىن ئۆتمەكچى بولغان بىر پەيلاسوپ بىر كېمىچىنىڭ ئۆزىنى دەريادىن ئۆتكۈزۈپ قويۇشىنى ئۆتۈنۈپتۇ. كېمىچى پەيلاسوپنى كېمىسىگە ئولتۇرغۇزۇپ، پالاق ئۇرۇپ قارشى قىرغاققا مېڭىۋاتقاندا، پەيلاسوپ كېمىچىدىن سوراپتۇ: «سىز تارىخنى بىلەمسىز؟»، «ياق» دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ كېمىچى. «ئۇنداقتا سىز،-دەپتۇ پەيلاسوپ، -ھاياتىڭىزنىڭ تەڭ يېرىمىدىن مەھرۇم بوپسىز». بىردەم مېڭىپ پەيلاسوپ يەنە سوراپتۇ: «سىز ماتېماتىكىنى تەتقىق قىلغانمۇ؟». «ياق» دەپتۇ كېمىچى. «ئۇنداقتا سىز ھاياتىڭىزنىڭ تەڭدىن تولىسىدىن مەھرۇم بوپسىز» دەپتۇ پەيلاسوپ. پەيلاسوپ كېمىچى بىلەن پاراڭلىشىۋاتقاندا، تۇيۇقسىز شىددەتلىك بىر دولقۇن كېلىپ كېمىنى ئاغدۇرۇۋېتىپتۇ. پەيلاسوپ بىلەن كېمىچى دەريا دولقۇنىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. بۇ چاغدا كېمىچى ۋارقىراپ پەيلاسوپتىن سوراپتۇ: «سىزسۇ ئۈزۈشنى بىلەمسىز؟»، «ياق» دەپ

جاۋاب بېرىپتۇ پەيلاسوپ جىددىيلىشىپ. «ئۇنداقتا سىز،-دەپ تۇۋلاپتۇ كېمىچى،-پۈتۈن ھاياتىڭىزدىن مەھرۇم بوپسىز!».

ئۇيغۇر كارخانىلىرى گەرچە ئىنتايىن ئاز ساندا ۋە ئەمەدىلەتىن گۈللىنىۋاتقان ياش كارخانىلار بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ تالانتلىقلارغا بولغان ئېھتىياجى ئىنتايىن يۇقىرى، ئۇلار كارخانىسىنىڭ گۈللىنىشىگە پايدا ئېلىپ كېلىدىغان ھەرتەرەپلىمە بىلىمى بارلارنى، يەنى كونكرېت، ئىشەنچلىك، قابىل قىلارلىق لايىھەلەر بىلەن كەلگەنلەرنى قارشى ئالىدۇ، مەسىلەن، مەلۇم ياش بىر شەخسىي ئىگىلىكتىكى كارخانىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىپ، كارخانا خوجايىنىنىڭ يېڭىلىقنى ئاسان قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى، كارخانىنىڭ تەشۋىقاتى ۋە ئېچكىرى ئۆلكىلەر بىلەن بولغان ئالاقىسىنى كۈچەيتىش خىيالىنىڭ كۈچلۈكلىكىنى ھېس قىلىپ، مۇشۇ نۇقتىدىن پايدىلىنىپ كارخانا خوجايىنىنى قايىل قىلالىغۇچى بولۇپتۇ. ئۇ ئاۋۋال نەچچە كېچە-كۈندۈز تىرىشىپ ئىشلەپ بۇ كارخانىنىڭ ئىنتېرنېت تور بېتىنى ئىشلەپ پۈتتۈرۈپتۇ، كارخانا خوجايىنى بۇنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنى دەرھال قوبۇل قىلىشنى قارار قىلىپ، مۇشۇ ياسىغان تور بېتىنى تورغا تىزىملىتىپ چىقىپ، ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر تەرەپتىن تور بېتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ ئۇيغۇرلار خېلى كۆپ كۆرىدىغان تور بەتكە ئايلاندۇرۇپتۇ، يەنە بىر تەرەپتىن ئېچكىرىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك زاۋۇتلار بىلەن توردا ئالاقىلىشىپ ئېچكىرى بىلەن بولغان ئالاقىنى قويۇقلاشتۇرۇپ مۇئەييەن پايدا يارىتىپتۇ.

دېمەك، سىزنىڭ كەلگۈسىدە قانداق ئادەم بولۇشىڭىز ھازىردىنلا بەلگىلىنىدۇ، سىزنىڭ ئۆزۈڭ مەزگىللىك تىرىشىپ كېلىۋاتقان پىلانىڭىز بارمۇ-يوق؟ دەرسلەرنى قارىغۇلارچە ئۆگەنمەي، كەسىلىك ھايات ۋە نىشانلىق باشقۇرۇش ھەققىدە ئويلاندىڭىزمۇ-يوق؟... سىز ئۆزىڭىزمۇ بىر قوشۇن، قوشۇن قوماندانى. ئەقىل، ھېسسىيات، ۋاقىت، مۇناسىۋەت... قاتارلىق بىر-بىرىگە مۇناسىۋەتلىك مۇشۇنداق تەرەپلەرنى خۇددى سىز ئارمىيىنى ياكى چوڭ كارخانىنى باشقۇرغاندەك باشقۇرۇشىڭىز، تۈزۈم بېكىتىشىڭىز كېرەك. ئېتىقادىڭىز ئۆزى ئۆزىڭىزنىڭ مەملىكىتىدە قانۇن، سىز جەڭگىۋار قوشۇنمۇ ياكى چىرىك ھاكىميەتمۇ؟ پىلانلاش يېتەكچى نەزەرىيىسى شۇكى، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش كېرەك. ئادەمدە ئىگىلەش ۋە يارىتىشتىن ئىبارەت ئىككى ئىقتىدار بولىدۇ، شۇڭا ھەرقانداق ياش دەۋر ئۆزگىرىشىنىڭ رىتىمىغا، دەۋرنىڭ تومۇرىنى تۇتۇشقا ماھىر بولۇشى، ئۆگەنگەن ئازراق بىلىمى بىلەن قانائەتلىنىپ قالماي، ئۆزىگە تېگىشلىك قىلىپ ۋە ئۆلچەملەردىنمۇ ھالقىشى كېرەك.

تۆۋەندىكى يېقى ئوقۇش پۈتتۈرگەن بىر ستۇدېنتنىڭ قانداق ئىش باشلايدىغانلىقى

ھەققىدىكى پىلانى بولۇپ، بىزنى خىلى چوڭقۇر تونۇشقا ئىگە قىلدى.

مەكتەپتىكى چېغىمدىمۇ جەمئىيەت مەن ئۈچۈن گويا كەسكىن بىر جەڭگاھتەك تۇيۇلاتتى، ئاشۇ جەڭگە پۇختا تەييارلىق قىلىۋېلىشىم كېرەكلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلاتتىم. شۇنداقتىمۇ ئوقۇش پۈتتۈرۈپ جەمئىيەتكە چىقىش يېقىنلاپ كەلگەنسېرى مەن ھودۇقتۇم، قانداق تەييارلىق ۋە قايسى ماھارەتلەرنى ۋە ئاساسلارنى يارىتىۋېلىشىمنى بىلىپ بولغۇچە، يەنى مەكتەپنىڭ ئەڭ چوڭقۇر، سېھىرلىك تەرەپلىرىنى ھېس قىلغان چاغلىرىمدا ئوقۇشنى پۈتتۈردۈم. ئەمدىكى گەپ خىزمەت ئورنۇمنى ئۆزۈم تېپىش ئىدى. گەرچە تاغام ماڭا مەبلەغ سېلىپ، شىركەت قۇرۇپ بەرمەكچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن مېنىڭ ھازىرچە دىرېكتورلۇق پەللىسى بويىچە ئىش باشلىغۇم يوق. چۈنكى، ماڭا نۇرغۇن مەشغۇلاتلار ھالقىسى قاراڭغۇ. خۇددى ئەسكەر بولۇپ باقمىغان گېنېرال ئاسان مەغلۇپ بولغىنىدەك، تېزلا ۋەيران بولۇشۇم مۇمكىن. بۇ خۇددى سۇ ئۈزۈشنى بىلمەي تۇرۇپ دېڭىزغا سەكرىگەندەكلا ئىش بولۇپ قالىدۇ، خالاس. مەن ھېچ بولمىسا ئۈچ-تۆت يىلغىچە باشقىلارغا ياللىنىپ ئىشلىشىم، تىجارەتنىڭ يوللىرىنى بىلىشىم لازىم. ياللىنىپ ئىشلەش جەريانىدا مەن ئۆگىنىدىغان تەرەپلەر بەك كۆپ بولسا كېرەك، دەپ ئويلايمەن. باشقىلارنىڭ دېيىشىچە، ئۇيغۇر شىركەتلىرىگە ياللىنىپ ئىشلىسىڭىز، يېتەرسىز تەرەپلىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن ئۇلاردىن ئاسانلا كۆڭلىڭىز قالغۇدەك، بۇ مەن ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، تەجرىبە-ساۋاق يەكۈنلەشنىڭ ئوبدان پۇرسىتى ئىكەن. شۇڭا، مەن بىر مەزگىل ئۇيغۇر شىركەتلىرىدە ئىشلەش قارارىغا كەلدىم. مەن ئۇيغۇر شىركەتلىرىدىلا ئەمەس، يەنە چەت ئەل شېرىكچىلىكىدىكى شىركەتلەردىمۇ ياللىنىپ ئىشلەيمەن. ئۆزۈم ئىشلىگەن شىركەتلەرنىڭ مەشغۇلات تۈزۈملىرى، ئادەم ئىشلىتىش يوللىرى، مالىيە باشقۇرۇش ۋە سودا ساھەسىدە بىلىشكە تېگىشلىك ئىشلارنى بىرمۇبىر بىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزۈمنى لايىقلاشتۇرۇپ ئاندىن مۇستەقىل ئىش باشلايمەن...

نۆۋەتتە رايونىمىزدىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بوش ۋاقتى بىر قەدەر تولا. ئۇلار شۇ بوش ۋاقتىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشى كېرەك. نۇرغۇن بىلىملەر ئەمەلىيەت سىنىقى ئارقىلىق ئۆگىنىلىدۇ، شۇڭا كومپيۇتېر فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى كومپيۇتېر شىركەتلىرىدە، ئىگىلىك باشقۇرۇش فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى شىركەتلەرنىڭ كاتىبات بۆلۈمىدە، قانۇن فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئادۋوكاتلىق ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرىدا، ئەدەبىيات كەسپىدە ئوقۇۋاتقانلار گېزىت-ژۇرناللاردا ئوقۇشتىن سىرت ئىشلەپ ئۆزىنى چېنىقتۇرسا بۇنىڭ ئىجابىي ئۈنۈمى چوڭ بولىدۇ. مۇبادا بىلگىيتىسىمۇ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدىن باشلاپ ئىشلىمەي، نوقۇل ئوقۇش بىلەنلا بولغان بولسا ھازىرقى

كومپيۇتېر ئىنقىلابىغا رەھبەرلىك قىلىۋاتقان مىكروسوفت «ئىمپېرىيىسى»نى قۇرالمىغان بولاتتى.

مەن تونۇيدىغان بىر ئوقۇغۇچى بار، ئۇ ئالىي مەكتەپتىكى ئىگىلىك باشقۇرۇش فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىدى، ئۇ مەكتەپ پۈتتۈرگىچە ئاتا-ئانىسىدىن بىر تىيىنمۇ پۇل ئالماي ئوقۇدى. بۇنىڭ ئۇچۇن ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن رۇس تىجارەتچىلەرگە مال تونۇشتۇرغۇچى بولۇپ ئىشلىدى ھەم بۇ جەرياندا رۇسچىنى ئۆگىنىۋالدى. سودا تىجارەتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىۋالدى. پۇل تېپىشنىڭ سىرىنى ئۆگەندى. مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا ئىشلەشنى رەت قىلىپ، بىر كوللېكتىپ شىركەتتە ئىشلەپ ئۆزىنى چېنىقتۇرۇپ، مۇستەقىل تاپقان پۇلى بىلەن چەت ئەلگە ئوقۇشقا چىقتى. ئۇنىڭ مۇستەقىل ئىشلەش ئىقتىدارى ئۇنىڭ چەت ئەلدىمۇ ئەلا ئوقۇشىغا تۈرتكە بولۇپ كېلىۋېتىپتۇ.

شۇنداق، نامراتلىق ئىقتىدارسىزلىق ۋە يارىماسلىقنىڭ نەتىجىسىدۇر. مۇنداقچە ئېيتقاندا، جىنايەتتۇر. سىز ئوقۇۋاتقان بىر ستۇدېنت. پۇلغا بولغان ئېھتىياجىڭىز ھەرگىز تۈگىمەيدۇ. ئاشۇ يىراق سەھرادا قالغان جاپاكەش ئاتا-ئانىڭىز سىز ئۈچۈن نېمە كۈنلەرنى كۆرمىدى؟ نېمە جاپالارنى تارتمىدى؟ يېمەي يىغىپ، تاپقان-تەرگىنىنى جەملەپ ئەۋەتىپ بېرىۋېرىشى سىزدە خىجالەتچىلىك تۇيغۇسى شەكىللەندۈرمىدىمۇ؟ سىزدە ئانچە-مۇنچە بولسىمۇ پۇل تېپىپ، ئۆز چىقىمىڭىزنى قامداش ئىستىكى ئويغاتمىدىمۇ؟

ناھايىتى چوڭ بىر كارخانىچى بولۇپ، ئۇ كارخانىسىغا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلاردىن بىر نەپەر خادىم ئالماقچى ئىكەن. ئۇ ئۆزلىرىنى تىزىملاتقىلى كەلگەن 30 نەپەر بالىغا مۇنداق دەپتۇ: «بۇ بىر بەلگە، ئاۋۇ يەردە بىر توپ بار، ئاشۇ توپنى ئېتىپ مۇشۇ بەلگىگە تەگكۈزۈۋېتىڭلار كېرەك. سىلەرگە پەقەت يەتتە قېتىملا توپ ئېتىش پۇرسىتى بار. كىم توپنى بەلگىگە ئەڭ كۆپ تەگكۈزەلىسە، شۇنى خىزمەتچىلىككە قوبۇل قىلىمەن».

نەتىجىدە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھېچقايسىسى توپنى نىشانغا تەگكۈزەلمەپتۇ. ئۇ ئادەم ئوقۇغۇچىلارغا: «ئەتە يەنە كېلىپ قايتا سىناپ بېقىڭلار» دەپتۇ. ئەتىسى ئوقۇغۇچىلاردىن پەقەت بىرسىلا كەپتۇ ۋە توپنى يەتتە قېتىم ئېتىپ ھەممىسىنى نىشانغا تەگكۈزۈپتۇ. بۇنىڭدىن ھەيران قالغان خوجايىن ئوقۇغۇچىدىن: «قانداق قىلىپ توپنى نىشانغا تەگكۈزىدىغان بولدۇڭ؟» دەپ سوراپتىكەن، ئوقۇغۇچى: «مەن سىزگە ئىشلەپ تاپقان پۇلۇم بىلەن ئانامغا ياردەم بەرمەكچى ئىدىم. شۇڭا، تۈنۈگۈن قايتىپ بېرىپ، كېچىچە مەشىق قىلدىم» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

دېمەك، ئۇ بالىنىڭ بۇ خىزمەتكە ئېرىشكەنلىكىدە گەپ يوق. چۈنكى، ئۇ بىر

خىزمەتچى خادىمدا بولۇشقا تېگىشلىك ئاساسىي ساپانى ھازىرلىغان ھەم ئىسىل پەزىلەتنى ئىپادىلىگەن.

يېتەرلىك ئۇسسۇزلۇق تەييارلىۋالمىغان بولسىڭىز، ئەڭ ياخشىسى چوڭ سەپىرنى قىلماڭ، چۈنكى جەمئىيەت كەسكىن جەڭگاھ، شۇڭا ئاتا-ئانىڭىز ۋە جەمئىيەت سىزنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتۇۋاتىدۇ. لېكىن ئالىي مەكتەپتىكى ئوقۇشىڭىز جىددىي، رىقابەتلىك رىتىمدە ئۆتمىگەچكە، بۇ يەر سىز ئۈچۈن پەقەت ئىزىلەڭگۈلۈك، غەمسىزلىك، ئۆز شارائىتىغا ماس كەلمىگەن چوڭچىلىق ۋە رىئاللىق بىلەن كارى بولمايدىغان رومانتىكىلىقلارنى بەخش ئەتتى، سىز شۇ تەرىزدە ئوقۇۋاتىسىز. ئاتا-ئانىڭىزنىڭ پۇل ئەۋەتىپ، سىزنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتۇشى سىز ئۈچۈن ئېيتقاندا تېز ئاخىرلاشتۇرۇشقا تېگىشلىك، ئەمما ھازىرچە ئامالسىز قوبۇل قىلغان ھاقارەت بولۇپ تۇيۇلۇشى كېرەك ئىدى، ئۆزىڭىزنىڭ جېنىنى ئۆزىڭىز جان ئېتىش، ئەقەللىي ئادەملىكنى ئىسىڭىزگە ئېلىشنىڭ ئورنىغا، ئاتا-ئانىڭىزنىڭ بېقىشىغا ئادەتلىنىپ قالدىڭىز...

شۇنداق، بىزگە نورمال تۇيۇلۇپ، ھەتتا ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن بەزى ئىشلار ئىقتىسادىي قانۇنىيەت ۋە بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى بىزدىلا ساقلىنىپ قېلىۋاتقان بىنورمال ھادىسە بولۇپ قالدى. مەسىلەن، خىزمەت تېپىش مەسىلىسىدە كىشىلىرىمىز خىزمەت ئېھتىياجىنىڭ ئۆزىنىلا ئىشلەشكە كۆنۈپ قالغان. ئۇلار چەت ئەللەردىكىلەردەك دائىم ئىشسىز قېلىش خەۋپى بىلەن كىچىكىدىن خىزمەت تېپىش، ئىش تېپىپ قىلىش، پۇل تېپىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەن. مانا بۇ ئامىل سىزگە ئوخشاش ھەممە ئىشتا باشقىلارغا بېقىنىدىغان ياشلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولغان...

ئەڭ مۇھىمى، سىزدە «ئۆز چىقىمىنى ئۆزۈم كۆتۈرىمەن» دېگەن نىيەتنىڭ تۇرغۇزۇلىشىدۇر. ئەگەر شۇنداق ئويغا كەلسىڭىزلا، ئەتراپىڭىزدا سىزگە قىلغۇدەك ئىشلار ناھايىتى كۆپ تېپىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن بىراقلا كۆپ پۇل تېپىش ياكى يۇقىرى مائاش خام خىيالىنى چۆرۈۋېتىشىڭىز كېرەك. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىدە باي ھېسابلىنىدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى پۇل تېپىشنى ئەڭ كىچىك ئىشلاردىن باشلىغان. ئۆزلۈكسىز پىشىپ يېتىلىش باسقۇچىنى باشتىن كەچۈرگەن. سىزمۇ بۈگۈن پۇل تاپالمىسىڭىز ئەتە، ئەتە تاپالمىسىڭىز ئۆگۈن تېپىشىڭىز مۇمكىن. گەپ ئۆزىڭىزنىڭ پۇل تېپىش ئىرادىڭىزنىڭ بار-يوقلۇقىدا. چۈنكى، ئىرادە بولمىسا، ھېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ. ئۆز ۋاقتىدا ئېدىسوننىڭ بىر ياردەمچىسى: «بىز نۇرغۇن ۋاقتنى ئىسراپ قىلىۋەتتۇق، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ 20 مىڭ قېتىم تەجرىبە ئېلىپ بېرىپمۇ جوغلانما لامپۇچكىنىڭ ۋولفرا سىمىنى ياسىغىلى بولىدىغان ماتېرىيالنى تاپالمىدۇق!» دېگەندە،

ئېدىسون: «ياق، بىز ۋولفىرام سىمىنى ياسىغىلى بولمايدىغان 20 مىڭ خىل ماددىنى بىلىۋالدۇق!» دېگەنىكەن. ئېدىسوندا ئەنە شۇنداق ئىرادە ۋە ئۆزگىچە نىسبەتەن ئىشەنچ بولغاچقىلا ئاخىر كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتەلىدى، تارىخنى ئۆزگەرتەلىدى...

ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، باشقىلارغا بېقىنىپ ياشاپ كۆنگەن ئادەمنىڭ مەڭگۈ ئۆز ئالدىغا تاللىشى بولمايدۇ. ئۆز ئالدىغا تاللىشى بولمىغانلارنىڭ تىزگىنى باشقىلارنىڭ قولىدا بولىدۇ. كونىلاردا «ئۆزۈڭ بىلگەن يولنى ئاتاڭغا بەرمە» دېگەن تەمسىل بار. شۇڭا، مەن دەيمەن، ئۆزىڭىز يول تېپىڭ، ئۆزىڭىز پۇل تېپىڭ. مانا بۇ ئۆزىڭىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، قىممىتىڭىزنى ئىسپاتلايدىغان بىردىنبىر يول!

(«ياشلىق دەستۇرى» ناملىق بىر يۈرۈش كىتابتىن)

# مەھمۇد كاشغەرى ئاددىيلا لۇغەت تۈزگۈچىمۇ؟

## ئوسمان ئىسمايىل تارىم

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئادەمىيەت ئىنىستىتۇتىنىڭ دوكتور يېتەكچىسى)

تېما يوللىغۇچىسى ئەسقەرجان ئەنۋەر ئەلسۆيەرنىڭ مەزكۇر تېما ھەققىدە ئەسكەرتىشى: مەھمۇد كاشغەرى ئۆزىنىڭ « تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرىنى مىلادىيە 1074-يىلى 2-ئاينىڭ 10-كۈنى تاماملىغان ئىدى. مانا بۈگۈن، يەنى 2-ئاينىڭ 10-كۈنى بۇ ئەسەرنىڭ پۈتكىنىگە توپ-توغرا 941 يىل بولدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن كەمىنە ئەسقەرجان ئەلسۆيەر ئوسمان ئىسمايىل تارىمنىڭ ھاۋالىسىگە ئاساسەن ئۇنىڭ مەزكۇر ماقالىسىنى تورداشلارنىڭ نەزىرىگە سۇندۇم. بۇ ماقالە 2008-يىلى دۇنيا بويىچە مەھمۇد كاشغەرىنىڭ مىڭ يىللىقى داغدۇغىلىق خاتىرىلىنىۋاتقان مەزگىلدە يېزىلغان بولۇپ، ئۆز ۋاقتىدا ئۇ شىنجاڭ گېزىتىدە قىسقارتىلىپ ئېلان قىلىنغان. بۈگۈنكى كۈندە ئۇنى تورداشلارنىڭ نەزىرىگە سۇنۇشىمىزدىكى مەقسىتىمىز ئىككى بولۇپ، بىرى بۇ مەشھۇر دۇنياۋى ئەسەرنىڭ مەيدانغا كەلگەن كۈنىنى خاتىرىلەش، يەنە بىرى بەزىلەرنىڭ « مەھمۇد كاشغەرى پەقەت بىر ئاددىي لۇغەت تۈزگۈچى، خالاس» دېيىش ئارقىلىق ئۇنىڭ كامالەتكە يەتكەن ئالىم ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىدىغان ئەخمىقانە بىلجىرلاشلىرىغا ئەمەلىي پاكىت ئارقىلىق رەددىيە بېرىشتىن ئىبارەت.

ئوسمان ئىسمايىل تارىم بۇ ماقالىسىدا ئامىباپ تىل ئارقىلىق مەھمۇد كاشغەرىنىڭ ھاياتى ۋە « تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ مەزمۇنى ھەققىدە چۈشەنچە بەرگەن، جۈملىدىن ئۇ مەھمۇد كاشغەرى قەشقەرلىكمۇ-بارسخانلىقمۇ؟ مەھمۇد كاشغەرى شىنجاڭدىكى قەشقەردىن باشقا يۇرتلارغا بارغانمۇ-يوق؟ مەھمۇد كاشغەرى باغداتقا پاناھلىنىش ئۈچۈن بارغانمۇ ياكى تەتقىقات ئېھتىياجى بىلەن بارغانمۇ؟ مەھمۇد كاشغەرى باغداتتىن قەشقەرگە قانداق قانداق قايتىپ كەلگەن؟ 20-ئەسىردىن بۇرۇن مۇسۇلمان ئەللىرىدىكى ئالىملار « تۈركىي تىللار دىۋانى»دىن خەۋەردارمىدى؟ « تۈركىي تىللار دىۋانى» 20-

ئەسىرنىڭ بېشىدا تۈركىيىدە نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۇيغۇرلار مەھمۇد كاشغەرىنى تونۇشقا باشلىغانمۇ ياكى ئۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ بىلەمتى؟ دىگەندەك بىرقاتار مەسىلىلەرگە ئېنىق جاۋاب بەرگەن.

## باش تېمىغا كىرىش

ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەري ۋە ئۇنىڭ « دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» ناملىق ئەسىرى ھەققىدە

( مەھمۇد كاشغەرى تۇغۇلغانلىقىنىڭ مىڭ يىللىقىنى خاتىرلەش مۇناسىۋىتى بىلەن)

### 1. مەھمۇد كاشغەرىنىڭ ئۆمۈر بايانى

مىلادىيە كالېندارى بويىچە ئىنسانىيەت بىرىنچى مىڭ يىلنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئەمدىلا ئىككىنچى مىڭ يىلغا قەدەم قويىغاندا، مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىدىكى قەدىمىي شەھەر قەشقەرنىڭ ئوپال يېزىسى ئازىق كەنتىدە بىر بوۋاق دۇنياغا كەلدى. بوۋاقنىڭ دادىسى ئەمىر ھۈسەيىن ئوغلىنىڭ كەلگۈسىدىن زور ئۈمىدلەرنى كۈتۈپ، ئۇنىڭغا «مەھمۇد» دەپ ئىسىم قويىدى. «مەھمۇد» دېگەن بۇ ئىسىم «خەلقنى مەمنۇن قىلغۇچى، ياخشىلىقنى مەدھىيىلىگۈچى، ئىلىمگە ۋارىسلىق قىلغۇچى، ئىلىم- ھۈنەر بىلەن شۆھرەت تاپقۇچى» دېگەن مەنىلەردىكى سۆزلەرنىڭ قىسقارتىلمىسىدىن تەركىب تاپقان ئىدى.

«مەھمۇد» دەپ ئىسىم قويۇلغان بۇ بوۋاق كېيىنكى كۈنلەردە ئۆزىنىڭ «دىۋانۇلۇغەتت تۈرك» ناملىق بىباھا ئەسىرى بىلەن پۈتۈن دۇنيانى زىلزىلىگە سالغان ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرى ئىدى. مەھمۇد كاشغەرىنىڭ دادىسى ھۈسەيىن قاراخانىيلار پادىشاھى يۈسۈپ قادىرخاننىڭ نەۋرىسى- بۇغراخان مۇھەممەد بىن يۈسۈپنىڭ ئوغلى ئىدى. يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ھايات پائالىيەتلىرى قەشقەر بىلەن يەكەندە ئۆتتى. ئۇنىڭ ئوغلى مۇھەممەدمۇ قەشقەردە تۇغۇلۇپ چوڭ بولۇپ، بۇيۈك قاراخانىيلارغا تەۋە كىچىك خانلىقنىڭ بىرىگە خان بولۇپ تەيىنلەندى. ئۇنىڭ ئوردىسى قەشقەر ئوپالنىڭ يېنىدىكى بىر قەلئەدە ئىدى. يۈسۈپ قادىرخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى قاراخانىيلار تەۋەلىكىنى بۆلۈشۈپ باشقۇردى. بۆلۈشۈشتە مۇھەممەد بۇغراخانغا، يەنى

مەھمۇد كاشغەرىنىڭ بوۋىسىغا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تالاس ۋە ئىسفىجاپ زېمىنلىرى تەقسىم قىلىنىدى. شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەد بۇغراخان ئۇ يەرگە كۆچۈپ بېرىپ، ئوغلى ھۈسەيىننى، يەنى مەھمۇد كاشغەرىنىڭ دادىسىنى بارسخان شەھىرىگە ئەمىر قىلىپ تەيىنلىدى. دەل مۇشۇ سەۋەبتىن مەھمۇد كاشغەرى بارسخان شەھىرىنى «ئاتامنىڭ شەھىرى»دېگەن ئىدى. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى بەزىلەر ئېيتقاندەك «ئاتامنىڭ يۇرتى»ئەمەس، بەلكى «ئاتام باشقۇرغان شەھەر» دېگەنلىك ئىدى. شۇڭا مەھمۇد كاشغەرى قەشقەردىكى «ئوپال» ۋە «ئازىق» نى بارسخاندىن ئېنىق پەرقلەندۈرۈپ «بىزنىڭ يۇرتنىڭ نامى» دەپ يازدى. بۇنىڭدىن شۇنى روشەن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قانداقتۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىرقىسىم مۇتەخەسسىسلەر ئېيتقاندەك: «مەھمۇد كاشغەرىنىڭ دادىسى ھۈسەيىن بارسخانلىق» ئەمەس، بەلكى قەشقەرلىق بولۇپ، ئۇ بارسخان شەھىرىنى باشقۇرۇش ئېھتىياجى بىلەن ئۇ يەردە بىر مەزگىل تۇرۇپ قالغان ئىدى. مەھمۇد كاشغەرىنىڭ بوۋىسى مۇھەممەد بۇغراخان ۋە دادىسى ھۈسەيىنلەر كېيىنكى كۈنلەردە قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ، بەختسىزلىككە ئۇچراپ قازا بولغىچە، بىر مەزگىل قاراخانىيلارنىڭ ھۆكۈمرانى بولدى. مەھمۇد كاشغەرىنىڭ ئانىسى بۈۋى رابىيە خېنىم قەشقەر ئوپال ئازىق مەھەللىسىدىكى بىلىملىك زات خوجا سەيپىدىن بۇزرۇكۋارنىڭ قىزى ئىدى. بۈۋى رابىيە دادىسىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىشى بىلەن مول مەلۇماتلىق ۋە گۈزەل پەزىلەتلىك ئايال بولۇپ يېتىلگەن ئىدى.

قاراخانىيلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى تەرىپىدىن قۇرۇلغان خانلىق بولۇپ، گۈللەنگەن مەزگىللىرىدە ئۇنىڭ تېررىتورىيىسى ھازىرقى تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرا - غەربىي قىسمى، ئىلى ۋادىسى ، بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبى، چۇ دەرياسى ۋادىسى ۋە ئىسسىق كۆل ئەتراپى، شۇنىڭدەك ماۋارائۇننەھرنىڭ شەرقىدىكى رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدى. مەھمۇد كاشغەرى ياشىغان دەۋردە قاراخانىيلار تەۋەسىدىكى مەدەنىيەت زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن ئىدى. شەرقى قىسمىدىكى قەشقەر ۋە بالاساغۇن، غەربىي قىسمىدىكى سەمەرقەنت ۋە بۇخارا قاتارلىق جايلاردا شەھەر ۋە قەلئە قۇرۇلۇشلىرى، مەدرىس ۋە بىلىم يۇرتلىرى كۆپلەپ مەيدانغا كەلگەن ئىدى. بۇ مەركىزى شەھەرلەرگە بولۇپمۇ پايتەخت قەشقەرگە نۇرغۇن بىلىم ئەھلىلىرى ۋە ئەدىبلەر توپلانغان ئىدى. بۇ شەھەردىن دىنى ئۆلىمالار، ئالىملار، مەشھۇر شائىر ۋە تېۋىپلار كۆپلەپ يېتىشىپ چىقماقتا ئىدى. مەھمۇد كاشغەرى ئەنە شۇنداق بىر ياخشى ئىلمىي مۇھىتتا ئۆسۈپ يېتىلدى. ئۇ باشلانغۇچ مەلۇماتنى ئائىلىسى ۋە ئوپالدىكى مەكتەپلەردە ئالدى. ئۇنىڭ دادىسى ھۈسەيىن بىن مۇھەممەد قەلەم ۋە ئەلەمدە تەڭ يېتىلگەن يۇقىرى ئىقتىدار ئىگىسى ئىدى.

ئانسى بۇۋى رابىيەمۇ بىلىملىك ئايال ئىدى. شۇڭا ھۈسەيىن بىلەن رابىيە بالىسىنىڭ ئوقۇپ بىلىم ئېلىشىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. مەھمۇد كاشغەرى ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەلۇماتنى قەشقەردىكى «مەدرىسەئى ساجىيە» ۋە «مەدرىسەئى ھامىدىيە» قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە داڭلىق بىلىم ئوچاقلىرىدا ئالدى. بۇ بىلىم ئوچاقلىرىدا ھۈسەيىن ئىبىن خەلەق كاشغەرى، ئوبۇلھەسەن سەئىد خاتەم سەئىد جالالىدىن باغدادى، ئىماددىدىن كاشغەرى، ئابدۇغاپپار ئىبنى ھۈسەيىن كاشغەرى، مۇھەممەد ئىبنى رەشىد ئىبنى ئەلى كاشغەرى، جامالىددىن كاشغەرى قاتارلىق ئالىملار دەرس ئۆتەتتى. مەھمۇد كاشغەرى بۇ ئالىملاردىن ئەرەب - پارس تىللىرى، مەنتىقە ئىلمى، تارىخ، جۇغراپىيە، ئىلمى نۇجۇم، تېبابەت قاتارلىق ئىلىملەرنى ئۆگەنسە، قاراخانىيلار ئوردىسىدىكى سەركەردىلەردىن ئات مىنىش، ئوقيا ئېتىش، قىلىچۋازلىق، نەيزىۋازلىق قاتارلىق جەڭ ماھارەتلىرىنى ئۆگەندى. نەتىجىدە ئۇ 20 نەچچە ياشقا كىرگەندە، ئۆزىنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا «ئەڭ سۆزمەن، پىكرىنى ئەڭ روشەن بايان قىلالايدىغان، ئەڭ زېرەك، جەڭ ئىشلىرىدا ئۇستا نەيزىۋازلاردىن» بولۇپ يېتىشتى. مەھمۇد كاشغەرى ئۆز دەۋرىدىكى ئالىملارنىڭ يۇقىرى سەۋىيىسىگە يەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ قەلبىدە بىر يۈكسەك ئارمان ئۇنۇپ بولۇپ يېتىشقا باشلىدى. بۇ ئارمان – ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى تۈركى مىللەتلەرنىڭ تىلى، تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان چوڭ ھەجىملىك ئەسەر يېزىش ئارمىنى ئىدى.

مىلادىيە 11 – ئەسىردە تۈركى تىللىق خەلقلەردىن ئوغۇز تۈركمەنلىرى ئىراق، شام ۋە كىچىك ئاسىيا تەرەپلەرگە تۈركۈملەپ كۆچتى. غەرب تەرەپتە تۈركىي مىللەتلەر قۇرغان سالچۇقىلارنىڭ، شەرقتە قاراخانىيلارنىڭ دائىرىسىمۇ بارغانسېرى كېڭىيىشكە باشلىدى. نەتىجىدە 11 – ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا بارغاندا تۈركىي مىللەتلەر ئىسلام دۇنياسىدا ئۈستۈنلۈك قازانغان بىر تەبىقىگە ئايلاندى. تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ تىلى ۋە مەدەنىيىتى بىلەن ئەرەب تىلى ۋە مەدەنىيىتى «بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئاتقا ئوخشاش تەڭ چېپىپ كېتىۋاتقان» ۋەزىيەت شەكىللەندى. شۇنىڭ بىلەن ئەرەب ھۆكۈمران دائىرىلىرى، سىياسىي ۋە مەدەنىيەت ساھەسىدىكى ئەربابلار، ھەتتا ئاھالىنىڭ بەزى قاتلىمى تۈركىي تىلنى ئۆگىنىشكە تەقەززا بولدى. ئۇلارغا «ئۆز دەردىنى ئېيتىش ۋە تۈركلەرگە يېقىش ئۈچۈن، تۈركىي تىلدا سۆزلىشىشتىن ياخشىراق يول يوق» بولۇپ قالدى. بۇ ھال مەھمۇد كاشغەرىنىڭ تۈركى مىللەتلەرنىڭ تىلى ۋە مەدەنىيىتى ھەققىدە ئەسەر يېزىش ئارمىنىنى تېخىمۇ يېلىنجىتىۋەتتى. ئۇ قەتئىي قارارغا كەلدى. ئۆز مىللىتىنىڭ تىلى ۋە مەدەنىيىتىنى قىزغىن سۆيگەن بۇ ئالىم «ئەبەدىي يادىكارلىق ۋە پۈتمەس –

تۆگمەس بىر بايلىق» يارىتىش مەقسىتىدە بۇ ئۇلۇغ ئىشقا قەدەم قويدى.

مەھمۇد كاشغەرى ئۆزىنىڭ بۇ چوڭ ئىلمىي خىزمىتىنى ئاۋۋال ئەمەلىي تەكشۈرۈشتىن باشلىدى. ئۇ قەشقەردىن يولغا چىقىپ، بارچۇق (مارالبېشى)، ئۇچ (ئۇچتۇرپان)، كۇسەن (كۇچا)، سۇلمى (قاراشەھەر)، قوچۇ (تۇرپان)، ئېبۇرغول( قۇمۇل)،جانبالىق (سانجى)، بەشبالىق (جىمسار)، ياغى بالىق( قۇتۇبى) قاتارلىق ئۇيغۇر شەھەرلىرىنى، بۇخارا، سەمەرقەنت، تالاس، ئىسفىجاپ، بالاساغۇن، شۇ، قاۋزىن، مەرۋ، بارمان، بارسخان قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يۇرتلارنى، تارىم، ئىلى، ئېرتىش قاتارلىق دەريالارنىڭ ۋادىلىرىنى كېزىپ چىقىپ، تۈرك، تۈركمەن، ئوغۇز، چىگىل، ياغما، قىرغىز قاتارلىق تۈركى قوۋملارنىڭ تىلى، تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە جۇغراپىيىسىگە ئائىت قىممەتلىك ماتېرىياللارنى بىر - بىرلەپ خاتىرىلەپ چىقتى. ئۇ يەنە بۇ كەڭ رايونلاردا ياشايدىغان كىشىلەرنىڭ قوشاق – بېيىتلىرى، داستان – ئېپوسلىرى، ماقال – تەمسىللىرى ۋە ئەپسانە – رىۋايەتلىرىنىمۇ كەڭ كۆلەمدە توپلىدى. ئۇ مانا مۇشۇنداق قاتتىق ئىلمىي پوزىتسىيە ۋە جاپاغا چىداش روھى بىلەن ئون نەچچە يىل ئەمگەك قىلىپ ئاخىرى مول ماتېرىيالغا ئىگە بولدى. ئۇ ئۆزى توپلىغان ماتېرىياللارنى ئېلىپ قەشقەر گە قايتىپ كەلدى. بۇ چاغدا مەھمۇد كاشغەرى بىلىمدە كامالەتكە يەتكەن ئالىم بولۇپلا قالماي، تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق – چۈچۈكىنى تېتىپ، پىشىپ يېتىلگەن زەبەردەست كىشىگە ئايلانغان ئىدى.

مەھمۇد كاشغەرى توپلىغان ماتېرىياللىرىنى قىزغىن ئىشتىياق بىلەن رەتلەشكە كىرىشىپ كەتتى. ئەمما ئۇ قەشقەردە ئۆزىنىڭ بۇ كىتابىنى قايسى ئۇسۇلدا يېزىشنى بىلمەي قالدى. ئۆز ۋاقتىدا ئەرەب ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ پايتەختى بولغان باغدادتا نۇرغۇن كۇتۇپخانىلار قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ يەرلەردە ئەرەب تىلىدا تۈزۈلگەن لۇغەتلەرمۇ بار ئىدى. مەھمۇد كاشغەرى ئۆزىدىن بۇرۇن تۈزۈلگەن ئەنە شۇ لۇغەتلەرنى كۆرمەي، ئۇنىڭدىن پايدىلانماي بولمايتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ ئۆز كىتابىنى ئەرەب تىلىدا يېزىشنى، ئەرەبلەرگە ۋە ئەرەب تىلىنى بىلىدىغان كىشىلەرگە تۈركى مىللەتلەرنىڭ تىلى ۋە مەدەنىيىتىنى تونۇشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغان ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزى بولغان باغدادقا بېرىش زۆرۈر بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆز يۇرتى ئوپالدىكى «مۇق يولى» ئارقىلىق پامىر تاغلىرىنى ھالقىپ ئۆتۈپ، بۇخارا ئارقىلىق نىشاپۇرغا ۋە ئۇ يەردىن باغدادقا يۈرۈپ كەتتى.

مەھمۇد كاشغەرى باغدادقا كەلگەندىن كېيىن ئەرەب تىلشۇناسلىرىنىڭ لۇغەت تۈزۈشتە ئىشلەتكەن بارلىق ئۇسۇللىرىنى بىر – بىرلەپ تەتقىق قىلدى ۋە مۇشۇ ئاساستا تۈركى تىللارنىڭ لېكسىكولوگىيە ماتېرىياللىرىنى رەتلەشنىڭ بىر يۈرۈش ئىلمىي

سىستېمىسىنى ئىشلەپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن ئۆز ئەسىرىنى «ئۆزىدىن بۇرۇن ھېچكىم ئىشلەتمىگەن ۋە ھېچكىمگە مەلۇم بولمىغان ئالاھىدە بىر تەرتىپتە، ئۆزىگە خاس قائىدە، يېڭى ئۆلچەمدە» يېزىپ چىقىش ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاندى. مەھمۇد كاشغەرى ئاۋۋال تۈركى تىللارنىڭ سىنتاكسىسىغا ئائىت بىر كىتاب يېزىپ چىقىپ، ئۇنىڭغا «تۈركى تىللار سىنتاكسىسىنىڭ جەۋھەرلىرى» دەپ ئات قويىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇ تەتقىقات نەتىجىسى ئاساسىدا «تۈركى تىللار دىۋانى» نى يېزىشقا كىرىشتى. بۇ مۇشەققەتلىك ئەمگەك مىلادىيە 1072 – يىلى 1 – ئاينىڭ 25 – كۈنى باشلىنىپ، 1074 ـ يىلى 2 – ئاينىڭ 10 – كۈنى تاماملاندى. ئارقىدىن يەنە ئىككى يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت تۈزىتىلىپ، 1077 – يىلى ئۇنىڭ ئاخىرقى نۇسخىسى بېكىتىلدى ۋە شۇ چاغلاردا ئەرەب خەلىپىلىكىنىڭ تەختىگە يېڭىلا ئولتۇرغان ئۇبۇلقاسىم ئابدۇللا مۇقتەدى بىئەمرۇللاغا تەقدىم قىلىندى.

مەھمۇد كاشغەرى ئۇزۇن مۇددەت باغدادتا تۇرۇپ قالدى. ئۇ ئۇ يەردە ئىسلام دىنى ۋاستىسى بىلەن تونۇلغان دۇنياۋى ئىلىم ـ پەن جەۋھەرلىرى بىلەن ئۇچراشتى، ئۇنىڭدىن بەھرى ئالدى ۋە باشقا مەشھۇر ئالىملار بىلەن بىللە ئىسلام قانۇنلىرى، يۇنان پەلسەپىسى، تىلشۇناسلىق، ئەدەبىياتشۇناسلىق، تارىخشۇناسلىق، تېبابەتچىلىك قاتارلىق پەنلەر بويىچە تەتقىقاتلارنى قانات يايدۇردى. ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ ئانا ۋەتىنىنى بىر مىنۇتمۇ ئەستىن چىقارمىدى. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا بولسىمۇ ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ، خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى، بۇ ئانا تۇپراقنىڭ قويندا مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كېتىشنى ئويلايتتى. ئۇ ئاخىرى ئارزۇسىغا يەتتى. 11 – ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى قاراخانىيلار ئوردىسىدىن ئەۋەتىلگەن سودا كارۋانلىرى باغدادقا يېتىپ كەلدى. بۇ كارۋان تۈگە چومى ئۈستىگە شۇھلىك ياساپ، مەھمۇد كاشغەرىنى ئۇنىڭغا ئولتۇرغۇزۇپ قەشقەرگە ساق – سالامەت ئېلىپ كەلدى.

مەھمۇد كاشغەرى قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئانا يۇرتى ئوپالغا ماكانلاشتى. ئۇ ئوپالدىكى مەدرىستە مۇددەرسلىك قىلىپ، ياشلارغا نۇرغۇن بىلىم بەردى، نورۇز بۇلاقنىڭ بويىدا شاگىرتلىرى بىلەن شېئىر ـ نەزمە ئوقۇشتى ۋە ئىلمىي مۇھاكىمە قىلىشتى. بۇ ئۇلۇغ ئىنسان ئۆمۈر بويى ئىلىم يولىدا كۆيۈپ  پىشىپ ۋە خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، 97 ياشقا كىرگەندە ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلدى. كىشىلەر ئۇنى ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان تاغ باغرىدىكى «چەشمە زۇلال» ناملىق بۇلاق ئۈستىدىكى سەيناغا دەپنە قىلدى.

## 2. «دىۋانۇلۇغەتت تۈرك»نىڭ مەزمۇنى

مەھمۇد كاشغەرى ئۆزىنىڭ «دىۋانۇلۇغەتت تۈرك» ناملىق ئەسىرىدە 7500 دىن ئارتۇق سۆزلەرنى چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى تۈركىي مىللەتلەرنىڭ تىلى، تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك بايان قىلىپ بەردى. شۇڭا بۇ ئەسەر ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي مىللەتلەر ھەققىدىكى يېگانە قامۇس دەپ ئاتالدى.

مەزكۇر ئەسەردە ئالدى بىلەن تۈركى تىللارنىڭ فونىتىكىسى، لېكسىكىسى ۋە گراماتىكىسى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بېرىلدى ۋە تۈركى تىللارنىڭ دىئالىكت شىۋىلىرى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇلۇپ، ئەھمىيەتلىك خۇلاسىلەر چىقىرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە تۈركى تىللار بىلەن ئەرەب ۋە پارس تىللىرى سېلىشتۇرۇلۇپ مۇھاكىمە قىلىندى.

«دىۋان» دا ھەرقايسى تۈركىي مىللەتلەر ۋە قەبىلىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تارىخىغا ئائىت مەلۇماتلار بېرىلدى. مەھمۇد كاشغەرى ئۆز دەۋرىدىكى بارلىق تۈركىي قەبىلىلەرنى غەربتىن شەرققە قاراپ كەتكەن تەرتىپ بويىچە بىرمۇ - بىر تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. ئۇلار پەچەنەك، قىپچاق، ئوغۇز، يەمەك، باشقىرت، باسمىل، قاي، ياباقۇ، تاتار، قىرغىز، چىگىل، توخسى، ياغما، ئۇغراق، چارۇق، چومۇل، ئۇيغۇر، تاڭغۇت ۋە قىتانلاردىن ئىبارەت ئىدى.

مەھمۇد كاشغەرى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى جايلار، شەھەر - قەلئەلەر، تاغ – دەريالار، يېزا – قىرلار ۋە قاتناش تۈگۈنلىرى ھەققىدە تەپسىلىي چۈشەنچە بەردى. ھەتتا ئۇ بىر پارچە خەرىتە سىزىپ چىقىپ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىنى كۆرسەتتى. مەزكۇر خەرىتە ئالىملار تەرىپىدىن ئاسىيانىڭ ئەڭ قەدىمكى خەرىتىسى، شۇنداقلا يەر شارىنىڭ يۇملاق ئىكەنلىكىنى كۆرستىپ بەرگەن تۇنجى خەرىتە دەپ قارالدى.

مەھمۇد كاشغەرى ئۆز ئەسىرىگە ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي مىللەتلەرنىڭ 300 كۇپلېتتىن ئارتۇق شېئىر - قوشاق ۋە داستان پارچىلىرىنى 200 پارچە ماقال – تەمسىلىنى، ئون نەچچە پارچە ئەپسانە – رىۋايىتىنى كىرگۈزدى. بىز بۇ ئەدەبىي پارچىلار ئارقىلىق بىر تەرەپتىن ئەينى دەۋردىكى ئەدەبىياتنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولساق، يەنە بىر تەرەپتىن ئاشۇ دەۋر كىشىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي، پەلسەپىۋى ۋە ئەخلاقى قاراشلىرىنى بىلەلەيمىز.

«دىۋان» دا تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ فولكلور مەدەنىيىتى كەڭ كۆلەمدە تونۇشتۇرۇلدى، بولۇپمۇ ئەينى دەۋر كىشىلىرىنىڭ يېمەك – ئىچمەك، كىيىم – كېچەك،

زىبۇ – زىننەتلىرى، چالغۇ – ئەسۋابلىرى، جەمئىيەت تەشكىلى ۋە ئائىلە قۇرۇلمىسى، ئەدەب – قائىدىلىرى ۋە داۋالىنىش ئادەتلىرى كۆڭۈل قويۇپ بايان قىلىندى. ھەتتا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان بەزى پاكىتلارمۇ بېرىلدى. مەسىلەن، بۇنىڭدىن مىڭ يىل بۇرۇنلا ئاياللارنىڭ باغىرداق تاقايدىغانلىقى، كىيىم – كېچەكلەرگە دەزمال سېلىپ كىيىدىغانلىقى قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

«دىۋان» دا يېزا - ئىگىلىك، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك، قول – ھۈنەرۋەنچىلىك، ئوۋچىلىق، ئىشلەپچىقىرىشقا ئائىت سۆزلەر، ھەرخىل ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانلارنىڭ نامىلىرى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى چۈشەندۈرۈلدى. كالېندارچىلىق ۋە ئاسترونومىيىگە دائىر مەلۇماتلار سۆزلەندى. يىللارنى مۆچەل بىلەن ھېسابلاش ئۇسۇلىنىڭ تۈركىي مىللەتلەردە ناھايىتى قەدىمدە مەيدانغا كەلگەنلىكى قەيت قىلىندى.

«دىۋان» دا يەنە ھاكىمىيەت تۈزۈلۈشكە ئائىت ئاتالغۇلار، ئەمەلدارلارنىڭ دەرىجىلىرى ۋە ئۇنۋانلىرى، شۇنىڭدەك ھەربىي ئىشلار، جەڭ ۋە تاكتىكا توغرىسىدا مەلۇمات بېرىلدى.

دېمەك، مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «دىۋانۇلۇغەتت تۈرك» ناملىق ئەسىرى ئەينى دەۋردىكى تۈركىي مىللەتلەرنىڭ تىلى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىدىغان بىردىنبىر لۇغەت بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇ تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ تارىخى، كېلىپ چىقىشى، ئۆرپ – ئادەتلىرى، قائىدە – يوسۇنلىرى، ئىقتىسادى، مەدەنىيىتى، ئەدەبىيات – سەنئىتى، قانۇن – تۈزۈملىرى، پەلسەپىۋى - ئەخلاقى چۈشەنچىلىرى، تېبابەتچىلىك، ئاسترونومىيە ۋە جۇغراپىيىسىگە ئائىت قىممەتلىك ماتېرىياللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇكەممەل قامۇستۇر.

## 3. «دىۋانۇلۇغەتت تۈرك»نىڭ سەرگۈزەشتىسى

مەھمۇد كاشغەرى «دىۋانۇلۇغەتت تۈرك» نى باغدادنىڭ ھۆكۈمرانى خەلىپە ئەلمۇقتەدىگە تەقدىم قىلىغاندىن كېيىن، بۇ كىتاب ئوردىدا بىر مەزگىل ساقلاندى. مىلادىيە 1258 – يىلى ئۇ ئابباسىيلار خەلىپىلىكى بىلەن بىللە مالمۇكلار خاندانلىقىغا كەلتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن قاھىرە ۋە دەمەشقتىكى بىر قىسىم ئالىملار بۇ كىتابنى كۆرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. 1266 – يىلى دەمەشقتە مۇھەممەد ئىبنى ئەبۇ بەكرى ئىبنى ئەل فاتىھ دېگەن كىشى مەھمۇد كاشغەرىنىڭ ئۆز قولىيازمىسىدىن بىر نۇسخا كۆچۈرۈپ، قالدۇرۇپ قويىدى.

1517 – يىلى ئوسمانىيلار تۈركلىرى مامۇلۇكلار خاندانلىقىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، بۇ ئەسەرنى ئىستانبولغا ئېلىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم تۈرك ئالىملىرى بۇ كىتابنى كۆرۈش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولدى.

مىلادىيە 1200 – يىلىدىن 1700 – يىللارغىچە ئۆتكەن ئالىملاردىن جامالىددىن ئىبنى مۇھەننا، بەدرىددىن مەھمۇد ئىبنى ئەھمەد ئىبنى مۇسا ئەينى، شاھابىددىن ئەھمەد، ئىبنى مۇھەممەد كاشغەرى، ئەبۇ ھەييان، مۇستەفا ئىبنى ئابدۇللا كاتىپ چەلەبى قاتارلىقلار ئۆزلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە «دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك» نى تىلغا ئالدى ۋە ئۇ ھەقتە مۇھاكىمە ئېلىپ باردى. بولۇپمۇ، ئوسمانىيلار دەۋرىنىڭ ئاتاغلىق يازغۇچىسى چەلەبى 1650 – يىلى «كەشفۇز زۇنۇن» ناملىق ئەرەبچە ئەسىرىدە «دىۋان» نىڭ ئاپتورى ۋە ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى تونۇشتۇردى.

«دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك» نىڭ بىزگە يېتىپ كەلگەن نۇسخىسىنى ئوسمانىيلار ئىمپېرىيىسىنىڭ ۋەزىرلىرىدىن نازىپ بىيىنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىدىن بولغان بىر ئايال ساقلىغان ۋە مىلادىيە 1914 – يىلى تۇرمۇش ئېھتىياجى بىلەن بىر كىتابپۇرۇشنىڭ سېتىپ بېرىشىگە ھاۋالە قىلغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئەسەر كىتاب ھەۋەسكارى ئەلى ئەمىر ئەپەندىنىڭ قولىغا چۈشتى. ئەلى ئەمىر بۇ كىتابنى كىلىسلى رىفئەتكە تاپشۇردى. رىفئەت 1917 – يىلىدىن 1919 – يىلىغىچە بۇ قوليازمىنى ئۈچ توم قىلىپ مىخ مەتبەئەدە باستۇردى. شۇنىڭ بىلەن بۇ جاھاندا تەڭدىشى يوق ئەسەر پۈتۈن دۇنياغا مەلۇم بولدى.

«دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك» ھازىرقى زامان ئالىملىرىغا مەلۇم بولغاندىن كېيىن، كەينى – كەينىدىن ياۋروپا ۋە ئاسىيادىكى ھەرقايسى مىللەت تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ، زور شۆھرەت قازاندى. دۇنيادىكى نۇرغۇن ئالىملار جۈملىدىن بېسىم ئاتالاي، كارل بروككېلمان، شاكىر ئۆلكۈتاشىر، ئومېليان پرتساك، مارتىن ھارتمان،فۇئات كوپرۇلۇ، روببېرت دانكوۋ، ن. ئا. باسكا كوۋ، سالىھ مۇتەللىپوۋ، كلاۋسون، بارتولد، ئەخمەد زەكى ۋەلىدى، كىلياشتورنى، لۇيىس بازىن، ئېنتۇر روسسى، تايمىس، شېنكوۋىچ، رىشات گەنج، جەمس كېللىي، شىناسى تېكىن، كونول ئالپاي تېكىن قاتارلىقلار مەزكۇر ئەسەر ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

## 4. مەھمۇد كاشغەرىنىڭ ئۇيغۇرلاردا ياد ئېتىلىشى

ئۇيغۇر خەلقى ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرىنى مىڭ يىلدىن بېرى «ئىلىمگە

هۆددىگەر پىرىم» دەپ ھۆرمەت بىلەن ياد ئېتىپ كەلدى. كىشىلەر ئۇنىڭ مۇبارەك نامىنى «ھەزرىتى مەۋلام شەمسىددىن مەھمۇد ئىبنى ھۈسەيىن»،قىسقارتىپ «ھەزرىتى موللام» دەپ ئاتىدى. ئالىم ۋاپات بولغاندىن كېيىن، قەشقەرنىڭ ئوپال يېزىسى ئازىق كەنتىدىكى مەنزىرىسى گۈزەل نورۇز بۇلاق ئېگىزلىكىگە مەقبەرە تىكلەندى. «ھەزرىتى موللام» نامى بىلەن مەشھۇر بولغان بۇ مەقبەرىنىڭ ئالدى ئىلىم ئەھلىلىرى قەرەللىك ھالدا توپلىشىپ تاۋاپ قىلىدىغان خاسىيەتلىك ئورۇنغا ئايلاندى. كىشىلەر مەھمۇد كاشغەرىنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالماسلىق ئۈچۈن ئوپالدىكى مەھمۇد كاشغەرى مۇددەرىسلىك قىلغان مەدرىسىنى «مەھمۇدىيە» دەپ ئاتىدى ۋە مەھمۇد كاشغەرىنىڭ خاس تەزكىرىسىنى يېزىپ قالدۇردى. بۇ تەزكىرە «تەزكىرەئى ھەزرىتى موللام» نامى بىلەن قولدىن - قولغا كۆچۈرۈلۈپ كەلدى. 1836 – يىلى ئۆز ۋاقتىدىكى قەشقەر ئۆلىماسى ۋە ئەدىب مۇھەممەد سادىق كاشغەرى «مەسنەۋى شەرىپ» ناملىق قىممەت باھالىق كىتابىنى مەھمۇد كاشغەرىنىڭ مازىرىغا تەقدىم قىلدى ۋە ئۇنىڭغا «بۇ كىتابىمنى قەشقەرنىڭ ئوپال رايونى تاغ باغرىدا، سۈزۈك بۇلاق ئۈستىدە دەپنە قىلىنغان ھەزرىتى مەۋلام، دىنىنىڭ قۇياشى، ھۈسەيىن ئوغلى، قەلەم ئېگىسى بولغان مەھمۇد كاشغەرىنىڭ مازىرىغا مۇتلەق ۋەخپە ۋە ئەبەدىي سەدىقە قىلدىم» دەپ يازدى. بۇ ۋەخپىنامىدە مەھمۇدى كاشغەرىنىڭ نامى بىۋاستە تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئۇ ئاتا – بوۋىلىرىمىزنىڭ يېقىنقى ئەسىرلەرگىچە ئالىمنىڭ مۇبارەك نامىنى قەلب تۆرىدە ساقلاپ كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى. 19– ئەسىرنىڭ داڭلىق شائىرى ئابدۇرېھىم نىزارى:

«ئوپالدا يېتىپتۇ ھەزرىتى مەۋلى،
كى موللام ئاتاپ  ھەر زەئىپۇ قەۋى»

دەپ يېزىپ، مەھمۇد كاشغەرىنى چوڭقۇر ياد ئەتكەن بولسا، شۇ دەۋرنىڭ يەنە بىر شائىرى تۇردۇش ئاخۇن غەرىبى مەھمۇد كاشغەرى مەدرىسىنىڭ ئىشىكىگە :

«ئۇمىد بىرلە كېلىپتىمەن دەرگاھىغا پادىشاھىم دات،
بۇ بەقرۇ – زارى بىرلە ئەرز قىلدىم، قىلغىمىل بەرباد»

دەپ يېزىپ، ئۇنىڭغا بولغان ئىخلاس ئېتىقادىنى ئىپادىلىدى. مەھمۇد كاشغەرىنىڭ قەبرىسى «تاشبالىق» دەپ ئاتىلىدىغان تاغنىڭ باغرىغا جايلاشقان ئىدى. كىشىلەر كېيىن

بۇ تاغنىڭ نامىنى «ھەزرىتى موللام تىغى» غا ئۆزگەرتتى. بۇ ھەقتە مۇنداق بىر نەزمە توقۇلغان ئىدى:

«تاشبالىق بولسۇن ئەبەد ھەزرىتى موللامنىڭ تىغى،
نامى ئۆچمەس، گۈل – چېچەكلەر مىۋە بولغاي موللام بېغى».

ئوپال رايوندا يەنە مەھمۇد كاشغەرى ھەققىدە نۇرغۇن شېئىر - نەزمىلەر توقۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىرسىدە مۇنداق دېيىلىدۇ:

«ئەلۋىدا ئەي شەيخ مەۋلانى شەمسىددىن پىرىم
ئەلۋىدا ئەي مەھمۇد ئىسمىڭ ھەمدە ئۇرگەنتىڭ بىزىم».

دېمەك،خەلقىمىز مەھمۇد كاشغەرىنىڭ نامىنى تاكى بۈگۈنكى دەۋرلەرگىچە ئۇنتۇپ قالماي يادلاپ كەلدى.

كىشىلەر مەھمۇد كاشغەرىنىڭ قەبرىسىنى قايتا- قايتا رېمونت قىلىپ تۇردى. ئۇلار بۇ قەبرىدە ياتقان زاتنى مۇبارەكنى ياد ئېتىپلا قالماي، ئۇنىڭ دادىسى ھۈسەيىن، بوۋىسى مۇھەممەد بۇغراخانلار ئۇچۇنمۇ خاس قەبرە قاتۇرۇپ، ئۇلارنى «بۈزرۈكۋارلىرىم »دەپ ئاتىدى. ئوخشاشلا مەھمۇد كاشغەرىنىڭ ئانىسى بۈۋى رابىيەنىڭ قەبرىسىنى «بۈۋى رابىيە خېنىكەمنىڭ مازىرى» دەپ، ئۇنىڭ دادىسى خوجا سەيپىددىننىڭ قەبرىسىنى «سەيپىددىن بۈزرۈكۋارنىڭ مازىرى» دەپ ئاتاپ، ئۇلارغا بولغان ئىززەت - ئېكرامىنى بىلدۈردى.

20- ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، ئۇيغۇر ئالىملىرى تۈركىيىدە نەشر قىلىنغان «دىۋانۇلۇغەتت تۈرك» تىن خەۋەر تېپىپ، ئۇنى ئانا ۋەتىنىدە ئۆگىنىش ۋە تەشۋىق قىلىشنى باشلىۋەتتى. ئابدۇقادىر داموللام ۋە قۇتلۇق شەۋقىلەر تۈركىيىدە رىفئەت تەرىپىدىن مىخ مەتبەئەدە ئەمەدلا بېسىپ چىققان «دىۋانۇلۇغەتت تۈرك» نى دەرھال قەشقەرگە ئېلىپ كېلىپ، كىشىلەرنىڭ پايدىلىنىشىغا سۇندى. 1920 –1930 – يىللىرى قەشقەردە ئابدۇقادىر داموللام، قۇتلۇق شەۋقى، شەمسىددىن داموللام، مەمەتئېلى تەۋپىق قاتارلىقلار مەھمۇد كاشغەرى ۋە «دىۋانۇلۇغەتت تۈرك» ھەققىدە بەلگىلىك تەتقىقاتلارنى ئېلىپ باردى. قۇتلۇق شەۋقى ئۆزىنىڭ «قەشقەر» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق يازدى:

«يادىكار ئەيلەپ جاھانغا يازدى <دىۋانۇلۇغەت>

مەھمۇدىل قەشقەر كەبى ئەھلى شەرەپشانلار ياتۇر»

1940– يىللارغا كەلگەندە ئەھمەد زىيائى، ئىمىن تۇرسۇن، ئىبراھىم مۇتئى، بورھان شەھىدى، ھىدايىتۇللا ئاخۇن، سابىر ئاخۇن، ئابلىمىت رۇزى قاتارلىق ئالىملار ماقالىلەرنى يېزىپ «تۈركى تىللار دىۋانى» ھەققىدە مۇھاكىمە ئېلىپ باردى. ئىسمائىل داموللا دېگەن كىشى رىفئەت نەشر قىلدۇرغان مىخ مەتبەئە نۇسخىسىنى چۆچەكتە ئۇيغۇرچە تەرجىمە قىلىش ئىشىنى باشلاپ، ئۇنىڭ بىرىنچى تومىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن «دىۋانۇلۇغەتت تۈرك» نى تەرجىمە قىلىش ۋە تەتقىق قىلىش خىزمىتى كۈنتەرتىپكە قويۇلۇپ، بىرقىسىم ئالىملار بۇ خىزمەتكە جەلپ قىلىندى. مەسىلەن، 1951 – يىلدىن 1953 – يىلغىچە قەشقەردە ئەھمەد زىيائى ۋە مۇھەممەد پەيزىلەر، 1960 _ 1965 _ يىللىرى ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇر سايرانى ۋە مۇھەممەد سالىھلار «دىۋانۇلۇغەتت تۈرك» نى تەرجىمە قىلىپ چىقتى. ئەمما ئۆز ۋاقتىدىكى سولچىل سىياسەتنىڭ كاساپىتىدىن بۇ تەرجىمىلەرنىڭ ھېچقايسىسى نەشر قىلىنالمىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن تارتىپ، 1979 – يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا جۇڭگو ئالىملىرىدىن مۇھەممەدجان سىدىق، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەد ئىمىن، گۇئاڭتېيەن، ئەھمەد زىيائى، ئابلىمىت رۇزى، گېڭشىمىن، فېڭ جياشېڭ، چېڭ سۇلۇ، مۇگۇاڭۋېن، خۇ جېنخۇا، جاڭ گۇئاڭدا، ئابدۇشكۇر تۇردى، خاۋ گۇەنجۇڭ، ما ئەن قاتارلىقلار ئىلمىي ماقالىلەرنى يېزىپ، «دىۋان» نى تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى.

مەھمۇد كاشغەرى ۋە ئۇنىڭ ئەسىرى «دىۋانۇلۇغەتت تۈرك» نى تەرجىمە ۋە تەتقىق قىلىش خىزمىتى پەقەت مەملىكىتىمىزدە ئىسلاھات يولغا قويۇلغاندىن كېيىنلا ھەقىقىي يوسۇندا سىستېمىلىق ئېلىنىشكە باشلىدى.

1978 – يىلى «دىۋانۇلۇغەتت تۈرك» نى تەرجىمە قىلىپ، نەشر قىلىش خىزمىتى مەملىكەتلىك ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقات پىلانىغا كىرگۈزۈلدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مۇتەخەسسىس ئالىملارنىڭ بىرنەچچە يىللىق جاپالىق ئەمگىكى نەتىجىسىدە «دىۋانۇلۇغەتت تۈرك» نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىنىپ، 1981 – يىلدىن 1984 – يىلغىچە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. ئارقىدىنلا ئۇنىڭ خەنزۇ تىلىدىكى نۇسخىسىمۇ نەشر قىلىنىپ، پۈتۈن مەملىكەتكە تارقىتىلدى. 1982 – يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىل تەتقىقات ئىنستىتۇتىدىن ئىبراھىم مۇتئىي، مىرسۇلتان ئوسمانوۋ، قەشقەر شەھىرىدىكى مەدەنىيەت تارماقلىرىدىن مۇھەممەد زۇنۇن سىدىق، مۇھەممەد

ئىمىن سايىت، ئابدۇرىشىت سابىت، ئىسمائىل ئىبراھىم قاتارلىقلار تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئوپالدىكى ھەزرىتى موللام قەبرىسىنىڭ مەھمۇد كاشغەرىنىڭ قەبرىسى ئىكەنلىكىنى ئىلمىي يوسۇندا ئىسپاتلاپ چىقتى. ئۇلار ئوتتۇرىغا قويغان پولاتتەك پاكىتلار پۈتۈن دۇنياغا جاكارلىنىپ، «دىۋانشۇناسلىق» تەتقىقاتى جەھەتتە چوڭ بۆسۈش ھاسىل قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مەھمۇد كاشغەرىنىڭ قەبرىسىنى ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى قىلىپ بېكىتتى، نەتىجىدە 900 يىللىق تارىخقا ئىگە بۇ قەدىمىي قەبرە قايتىدىن چوڭ رېمونت قىلىندى. بۇ قەبرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 73 مىڭ كۋادرات مېتىر ئورۇن مۇۋاپىق دائىرىسىگە كىرگۈزۈلۈپ، مەملىكەتنىڭ ئىچى ۋە سىرتىغا داڭقى كەتكەن زىيارەت رايونىغا ئايلاندى.

يېقىنقى 30 يىل ئىچىدە مەملىكىتىمىزنىڭ «دىۋانشۇناسلىق» تەتقىقاتىدا زور نەتىجىلەر بارلىققا كەلدى. بۇ تەتقىقات نەتىجىلىرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ئائىت ئىلمىي ئەسەرلەر، لۇغەت، قامۇس ۋە قوللانمىلاردا نامايان قىلىندى. ئالىي ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىك كىتابلىرىدا «دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك» كە ئائىت بىلىملەر كەم بولسا بولمايدىغان ھالەت شەكىللەندى. ھەتتا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا «دىۋانشۇناسلىق» ناملىق مەخسۇس بىر دەرس تەسىس قىلىندى. مەھمۇد كاشغەرى ۋە ئۇنىڭ ھاياتى تەسۋىرلەنگەن رەسىم، ھەيكەل، ناخشا، شېئىر ۋە رومانلار ئىجاد قىلىندى. كاشغەرشۇناسلىققا بېغىشلانغان مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرى توختىماي ئېچىلىپ تۇردى. بولۇپمۇ 2005 – يىلى 10 – ئايدا قەشقەردە مەملىكەت بويىچە ئالىملار يىغىلغان كاتتا يىغىن ئۆتكۈزۈلۈپ، مەھمۇد كاشغەرىنىڭ مىڭ يىللىقى داغدۇغىلىق تەبرىكلەندى.

## 5. خاتىمە

«دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك» 11 – ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ پارلاق نامايەندىسى، جۇڭگو ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ بىباھا مىراسى، ئادىمىيات پەنلىرى ساھەسىدىكى يېگانە مۆجىزە، تىلشۇناسلىق، ئەدەبىياتشۇناسلىق، تارىخشۇناسلىق، جۇغراپىيە، فولكلورىستىكا، ئېتنوگرافىيە، ئانتروپولوگىيە ۋە سوتسىئولوگىيە پەنلىرىنى كىرىشتۈرۈپ تەتقىق قىلىشنىڭ يۈكسەك نەمۇنىسى. بۈيۈك ئالىم مەھمۇد كاشغەرى

هازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىۋاسىتە ئەجدادى. قەشقەر خەلقىنىڭ نەسەب يىلتىزى ئۇنىڭغا تۇتىشىدۇ. ئىككىنچى تورلۇك قىلىپ ئېيتقاندا، بۈگۈنكى زاماندىكى قەشقەر ئۇيغۇرلىرى دەل ئەنە شۇ مەھمۇد كاشغەرى جەمەتىنىڭ كېيىنكى ئەۋلاتلىرىدۇر. شۇ سەۋەبتىن ئۇيغۇر خەلقى مىڭ يىلدىن بېرى ئۆزىنىڭ بۇ ئۇلۇغ ئالىمنى ياد ئېتىپ كەلدى؛ ئۇنىڭغا مەقبەرە تىكلىدى، تاۋاپ قىلدى، ئۇنىڭ ھاياتى ھەققىدە تەزكىرە يازدى، ئۇنىڭ كامالەتكە يەتكەن بىلىمى، يۈكسەك پەزىلىتىنى مەدھىيىلەپ ئاغزاكى ھېكايىلەرنى توقۇدى ۋە ئۇنى ئەۋلادمۇ – ئەۋلاد تارقىتىپ كەلدى. دۇنيا بويىچە مەھمۇد كاشغەرىنىڭ مىڭ يىللىقى تەنتەنىلىك خاتىرىلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ بۇ مۇنەۋۋەر ئالىمىدىن ھەقلىق يوسۇندا پەخىرلىنىدۇ.!

ئۇلۇغ ئالىم، سۆيۈملۈك بوۋا، خاتىرجەم يېتىڭ! سىز ياندۇرغان مەرىپەت مەشئىلىنى مەڭگۈ ئۆچۈرمەيمىز.

# «ئون» ۋە «توققۇز» سان مۇققەدەسلىكىدىن هون (ئون)لار، ئوغۇزلار ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي باغلىنىشىغا نەزەر

ئەزىز ھېيت كۆن

## 1.«ئون» ۋە «توققۇز» مۇققەددەس (خاسىيەتلىك)سان ئۇقۇمىنىڭ مەنىسى ۋە كۆچمە مەنىسى ھەققىدە

ئىلاۋە: بۇ ماقالە 20 يىللىق ئىزدىنىشىمنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، يېرىمىنى يوللىدىم. يېرىمىنى بىر مەزگىلدىن كېيىن يوللايمەن. ماقالىدىكى قاراشلار بىر ماتېرىيال ۋەكىللىك قىلىدۇ. ماقالىدا ئون ۋە توققۇز مۇققەدەسلىكىنىڭ تۇرانىيلاردا ، ھونلاردا، كۆكتۈركلەردە، قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا، ئوغۇزلاردا ئىزچىللاشقانلىقى، تۈركىي خەلق لەر تارىخىدا 3000 يىلدىن بۇيان ئونلار (ھونلار) ۋە توققۇزلار (ئوغۇزلار) دىن ئىبارەت ئىككى چوڭ گۇرۇھ-تەركىبىنىڭ مىلادىيە 10-ئەسىرگىچە مەۋجۇت بولغانلىقى، ماقالىنىڭ ئاخىرقى بۆلىكىدە تۈركىي تىللىق خەلقلەر تارىخىدا تۇرانىيلار (دىڭلىڭلار)، ھونلار (ئونلار)، كۆكتۈركلەر، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى، ئوغۇز تۈركلىرى -سەلجۇق ئىمپېرىيىسىدىن ئىبارەت 5 چوڭ تارىخىي دەۋرنىڭ بولغانلىقى يەكۈنلىنىدۇ.

تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى خەلقلەردە نېمە ئۈچۈن ئون ۋە توققۇز ئاتالغۇسى مىلادىدىن ئاۋۋالقى 2000-يىللارنىڭ ئالدى-كەينىدىكى دەۋرلەردىن تاكى مىلادىيە 15-ئەسىر ھەتتا 20-ئەسىرگىچە قىسقىسى 4،3 مىڭ يىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ؟بۇنىڭدا قەدىمكى زامان، ھازىرقى زامان تارىخشۇناسلىرىغا ۋە ئىلىم ئەھلىگە ئا يان بولمىغان بىر سىر بار. ئۇ بولسىمۇ تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى خەلقلەردە يىراق قەدىمدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان شامان(قام دىنىدىكى) «ئون»ۋە «توققۇز» مۇققەددەسلىكى چۈشەنچىسى ۋە شۇ چۈشەنچىنىڭ دىڭلىڭلار(تۇرانىيلار)، ھونلار، تۇۋالار(شىمالىي ۋېي خاندانلىقى ) تۇرالار،

قاۋقاللار، كۆك تۈركلەر،قەدىمكى ئۇيغۇرلار، ئوغۇزلاردا يىراق قەدىمكى زاماندىن تاكى مىلادىيە 10-ئەسىرگىچە داۋاملىششىدۇر.مىلادىيە 10-ئەسىردە ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرى بىلەن ئۇيغۇرلارنى مەركەز قىلغان تۈركىي خەلقلەردە 10 نى مۇقەددەس بىلىش ئاخىرلاشقان بولسىمۇ لېكىن 9 نى مۇقەددەس  بىلىش، ئۇلۇغلاش تا بۈگۈنگىچە داۋام قىلماقتا. لېكىن سېرىق ئۇيغۇر ۋە تۇۋا قاتارلىق ئورخۇن دەۋرىدىكى قەدىمىيلىكنى ساقلاپ كېلىۋاتقان قىسمەن تۈركىي تىللىق مىللەتلەردە ئون ۋە توققۇزنى مۇقەددەس بىلىش، ئۇلۇغلاش چۈشەنچىسى بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئوخشاشلا داۋام قىلماقتا.

سان-سىفر نۇقتىسىدىن قارىغاندا ئون ۋە توققۇز ئاددى رەقەم بولۇپ ھېچ قانداق خاسىيەتكە ئىگە ئەمەس. مۇقەددەسلىككە تېخىمۇ ئىگە ئەمەس. لېكىن تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى خەلقلەرنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئەجدادلىرى ئون ۋە توققۇز رەقەملىرىنى قەدىمكى دىنىي ئېتقادى، ئالەم قاراشلىرى بىلەن يۇغۇرۇپ يىگانە ھالەت تىكى مۇقەددەس سان دەرىجىسىگە كۆتەرگەن. «ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتابتا ئاپتور ئەھەد سۇلايمان قۇتلۇق ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ يادرولۇق ئاھالىسى بولغان ئون ئۇيغۇرلار بىلەن توققۇز ئوغۇزلارنىڭ نېمە ئۈچۈن «ئون ئۇيغۇ » «توققۇز ئوغۇز»دەپ ئاتالغانلىقىنى ئون تارماق ئېقىنى بولغان ئاخىرى سېلىنگا دەرياسىغا قۇيۇلىدىغان ئورقۇن دەرياسىنىڭ نامى ۋە توققۇز تارماق ئېقىنىدىن تەشكىل تاپقان تۇغلا دەرياسىنىڭ نامى بىلەن باغلىنىشلىق ئىكەنلىكى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزگەندىن كېيىن 141-بەتنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق يازىدۇ: «توققۇز بىلەن ئون  بولسا مەۋھۇم سانلار بولۇپ، ئۇلار قانداقتۇ ئۇيغۇر قەبىلىرىنىڭ توققۇزدىن ياكى ئوندىن تەركىپ تاپقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەرمەيدۇ. چۈنكى «جامىئۇل تاۋارىخ» تا " ئۇ چاغدا ئۇيغۇرلار جەمئىي 122 قەبىلىگە بۆلۈنگەن. ئۇلارنىڭ تولۇق نامى مەلۇم ئەمەس "دېيىلگەن.««سۇيىنامە.تېبىلار تەزكىرىسى» دىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ 40 نەچچە قەبىلىسىنىڭ نامى تىلغا ئېلىنغان. شۇڭلاشقا توققۇز، ئون دېگەن سانلارنى ئېھتىمال ئۇلار ئەڭ دەسلەپ ئولتۇراقلاشقان جايدىكى دەريالارنىڭ نامى بولۇشى، ياكى ئۇلار چوقۇنغان ۋە بەخت-سائا دەتكە سىمۋول قىلغان ئىككى سان بولۇشى مۇمكىن دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئابدۇكېرىم راخمان « قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدىكى ئاسترونومىيىلىك قاراشلارنىڭ بىر قىسىم ئېتنولوگىيىلىك مەنبەلىرى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسىدا مۇنداق يازىدۇ؛ «قەدىمكى زامان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئاسترونومىيىلىك قارىشى ئاسمان جىسىملىرىغا چوقۇنۇشتىن باشلاندى. قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ قارىشىدا كۈن، ئاي، يۇلتۇز بىرگەۋدىلىك ئۇقۇم بولۇپ، ئاسمان بوشلۇقىدا ھەركەت قىلىدىغان «تەڭرى» لەردۇر. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە «قۇياش تەڭرىسى» كۆك

تەڭرىلىرى ئىچىدە ئەڭ چوڭى بولۇپ، «قۇياش تەڭرى»دىن كېيىن ئىككىنچى تەڭرى-«ئاي تەڭرى»سىدۇر «ئوغۇزنامە » ئېپوسىنىڭ ئاخىرىدا ئوغۇز خاقان ئەل-جامائەتنى يىغىپ خۇشاللىق غەلبە مۇراسىمى ئۆتكۈزگەندە بىر مەيداننىڭ ئىككى تەرىپىگە قىرىق غۇلاچلىق ئىككى خادا ئورنىتىپ، شەرق تەرەپتىكى خادىنىڭ ئۇچىغا ئالتۇن توخۇ، غەرب تەرەپتىكى خادىنىڭ ئۇچىغا كۈمۈش توخۇ بېكىتىدۇ. بۇ قەدىمكى مۇراسىم ئادىتى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ «كۈن ئايغا چوقۇنۇش "ئىدىيىسىنىڭ بىر ئىپادىسى ئىكەنلىكى ئېنىق. چۈنكى كۈن قىزىل بولۇپ، شەرقتىن چىقىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭغا ئالتۇن توخۇ سىمۋول قىلىنغان. ئاي كۆكۈش، كۈمۈش رەڭلىك بولىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭغا كۈمۈش توخۇ سىمۋول قىلىنغان. ئەسلىدە ئالتاي شامانلىرىنىڭ «تەڭرى» ئاتالغۇسىمۇ ئېتمولوگىيە جەھەتتىن قۇياشنى بىلدۈرەتتى .....قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ئۆز قىياسىغا ۋە ئەمەلىي كۆزىتىش تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن ئاسماندىكى يەتتە سەييارىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان.ئۇلارنىڭ ئاسمان بوشلۇقىدىكى ئورنىغا قاراپ مۇنداق گورۇپپىلاشتۇرغان:

يەر بىلەن ئاي شارى ئارلىقىدىكى بوشلۇق 1-پەلەك،
ئاي شارى بىلەن مېركۇري ئارلىقىدىكى بوشلۇق 2-پەلەك،
مېركۇري بىلەن ۋېنىرا ئارلىقىدىكى بوشلۇق 3-پەلەك،
ۋېنىرا بىلەن قۇياش ئارلىقىدىكى بوشلۇق 4-پەلەك،
قۇياش بىلەن مارس ئارلىقىدىكى بوشلۇق 5-پەلەك،
مارس بىلەن يۇپىتېر ئارلىقىدىكى بوشلۇق 6-پەلەك،
يوپىتېر بىلەن ساتۇرن ئارلىقىدىكى بوشلۇق 7-پەلەك.

شۇنداق قىلىپ يەتتە قات ئاسمان چۈشەنچىسى مۇشۇنىڭدىن كەلگەن....بۇنىڭدىن 3000 يىل ئىلگىرى يۇلتۇزلار ھەققىدە كۆزىتىش ئېلىپ بېرىلىشقا باشلىغان. قۇياشمۇ يۇلتۇزلارنىڭ بىرى بولۇپ، بۇنىڭدىن 2000 يىل ئىلگىرى تىك خادا بىلەن قۇياش سايىسىنى ئۆلچەش ئارقىلىق، سايىنىڭ ئەڭ قىسقا ۋاقتىنى ياز، ئەڭ ئۇزۇن ۋاقتىنى قىش دەپ بەلگىلىگەن. تىك خادا سايىسىنىڭ ئۇزۇن قىسقىلىقىغا قاراپ، بىر يىل 365.25 كۈن قىلىپ بېكىتىلگەن. دەرۋەقە يۇلتۇزلار سىستېمىسى (تۇركۇمى) بىلەن سەييارىلەر ئوخشاش ئۇقۇم ئەمەس. چۈنكى سەييارىلەر ھېچقاچان ئېكلىپتىكىغا كۆتۈرۈلمەيدۇ. ئۇ ھەردائىم قۇياشنىڭ ئەتراپىنى دەۋر قىلىپ ئايلىنىپ تۇرغاچقا، كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ھەممىدىن بۇرۇن ئۆزىگە تارتقان. شۇنىڭ بىلەن بابىلنىڭ 6-پادىشاھى خامۇرابى(مىلادىدىن

ئىلگىرىكى 1790-1750-يىللار)زامانىدا،كىشىلەر مېركۇرىي، ۋېنىرا، مارس، يۇپپېتىر، ساتۇرنىدىن ئىبارەت بەش سەييارىنى بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن. مىلادىدىن بۇرۇنقى 650-يىللاردا بابىللىقلار كۈن، ئاي، ۋە يەتتە سەييارىنى «ئىلاھ» دەپ ئۇنىڭغا چوقۇنغان. شۇنىڭدەك ئۇلار بۇ يەتتە ئىلاھ پۈتۈن كائىناتقا بىر كۈندىن نۆۋەتچىلىك قىلىدۇ بۇنداق نۆۋەتچىلىك ئۈزلۈكسىز مەڭگۈ داۋام قىلىدۇ دەپ قارىغان.شۇنىڭ بىلەن يەتتە كۈننى بىر ھەپتە ھېساپلايدىغان تۈزۈم پەيدا بولغان.ھازىر قۇياش سىستېمىسى ئىچىدە قۇياشنى مەركەز قىلىپ ئايلىنىدىغان توققۇز سەييارە بايقالدى.ئۇلار: 1.مېركۇرىي، ئۇيغۇرچە نامى ئاررۇ. ئاتارود دېيىلىدۇ.قۇياش سىستېمىسىدىكى ئەڭ كىچىك سەييارە بولۇپ،قۇياش بىلەن ئارلىقى ئەڭ يېقىن. 2. ۋېنىرا، ئۇيغۇر تىلىدا سەۋىت، زۆھرا، چولپان دەپمۇ ئاتىلىدۇ.ئۇ غەرپ ئاسمىنىدا ئەڭ يورۇق سەييارە بولۇپ،يەر شارىدىن بىر ئاز كىچىك. يەر شارىغا ھەممىدىن يېقىن كېلىدۇ.3.مارس،ئۇيغۇرلار كۈرۈد،مىرىخ دەپمۇ ئاتايدۇ.ئۇيەرشارى بىلەن ۋېنىرادىن كىچىك. «جەڭ ئىلاھى» دەپمۇ ئاتالغان.4.يەر شارى، 5.يۇپىتېر، ئۇيغۇرلار ئۇنى ئوڭاي، مۇشتەر دەپمۇ ئاتايدۇ.ئۇ يەرشارىدىن 1مىڭ 320 ھەسسە چوڭ. 6.ساتۇرن، ئۇيغۇرلار ئۇنى سەكەنتىر،زۆھەل دەپمۇ ئاتايدۇ.ئۇ يەر شارىدىن 95.18 ھەسسە چوڭ. 7.ئوران.ئۇ يەر شارىدىن40 14.3 ھەسسە چوڭ.8.نپتون،ئۇ يەر شارى دىن 17.22 ھەسسە چوڭ.9 پلوتون، ئۇ ئەڭ چەتتىكى سەييارە بولۇپ ،پۈتكۈل دىئامېتىرى 350 كىلومېتىر، قۇياش بىلەن بولغان ئارلىقى 7 مىليارد 442مىليۇن 600 مىڭ كىلومېتىركېلىدىغان ئەڭ يىراق سەييا رە ھېساپلىنىدۇ.ئاي شارى:يەر شارىنىڭ تەبىئي ھەمراھى بولۇپ يەرشارىنىڭ تۆتتىن بىرىگە توغراكېلىدۇ»( ئابدۇ كېرىم راخمان «مەدەنىيەت ئىز لىرىدىن تۇغۇلغان ھېسلار»149-148 141-142-145-146-147-- بەتلەر.)

لىن گەن«ھونلارنىڭ ئومۇمىي تارىخى»ناملىق كىتابىدا:«خەننامە.ھونلار ھەققىدە قىسسە »دە تەڭرىقۇت لاندى ئۇرۇقىدىن بولۇپ،ئېلىدىكىلەر ئۇنى«تەڭرىقۇت» دەپ ئاتايتى.ھونلار كۆك(ئاسمان)نى«تەڭرى»ئوغۇلنى«قۇت»دېيىشەتتى.«تەڭرىقۇت» تەڭرىگە ئوخشاش بۈيۈك دېگەنلىك بولاتتى دەپ خاتىرلەنگەن.تەڭرىقۇت قەدىمدە خەنزۇچە چەنيۇ(单于)دەپ تەلەپپۇزقىلىنغان بولۇپ،ھون تىلىدا ئەڭ ئالىي ھۆكۈمران دېگەن مەننىنى بىلدۈرگەن.« تارىخىي خاتىرلەر.ھونلارھەققىدە قىسسە»دە«شۈەنيەن يىلنامىسى»دىن نەقىل ئېلىنىپ، شى ئەن«خەننامە»نى ئوقۇۋېتىپ،بۇ سۆزنىڭ(تەڭرىقۇت دېگەن سۆزنىڭ)مەنىسىنى چۈشىنەلمىگەندە،ياندا تۇرغان ھون قۇلى بۇ ھونچە «تەڭرىنىڭ ئوغلى بولىدۇ،دېگەن» دېيىلگەن.« تەڭرىقۇت» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى يىغىنچاقلىغاندا،

ئۇ هون تەڭرىقۇتلىرىنىڭ ئۆزلىرىنى داۋاملىق« تەڭرى تىكلىگەن ئۇلۇغ هون تەڭرىقۇتى» ياكى «ئاسمان-زېمىندىن تۆرەلگەن، قۇياش-ئاي تەرىپىدىن قويۇلغان ئۇلۇغ هون تەڭرىقۇتى» دەپ ماختانغىنىدەك «ئىنتايىن ئۇلۇغ ۋە يۈكسەك»دېگەن مەنىلەرگە ئىگە بولغان...هونلارتەڭرىنى«تەڭرى»ئوغۇلنى«قۇت»دەيتتى. «تەڭرىقۇت» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «تەڭرىنىڭ ئوغلىغا ئوخشاش بۈيۈك باشلىق»دېگەنلىك بولاتتى.بۇ خىل ئاتاش تەڭرىقۇتنىڭ ئادەتتىكى رەهبەر مەنىسىدىن تەڭداشسىز رەهبەر مەنىسىگە ئۆزگەرگەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. تەڭرىقۇت هونلارنىڭ ئەڭ ئالىي هۆكۈمرانى هەم هاكىمىيەتنىڭ ئەڭ ئالىي باشلىقى بولۇپ، هەربىي، سىياسى ۋە دىپلوماتىيە قاتارلىق بارلىق چوڭ هوقۇقنى ئۆز چاڭگىلىدا تۇتاتتى.

توققۇز ۋە ئون يىراق قەدىمدە تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى خەلقلەر چوقۇنغان مۇقەددەس بىلىپ تېۋىنغان ئاي بىلەن قۇياشنىڭ، ئاسمان،-پۈتكۈل كائىنات،-ئالەمنىڭ سان بىلەن ئاتىلىشىدۇر. توققۇز ۋە ئوننى خاسىيەتلىك، مۇقەددەس سان دەپ بىلىش شامان دىنى چۈشەنچىسىدۇر. شامان دىنى كۆپ خۇدالىق دىنى بولۇپ كۆكتەڭرى،كۈن تەڭرى، ئاي تەڭرى، يەر تەڭرى، سۇ تەڭرى، ئورمان تەڭرى،قاتارلىق كۆپ تەڭرىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.تەڭرىلەر ئىچىدە قۇياش تەڭرى، ئاي تەڭرى، كۆك تەڭرى ئەڭ يۈكسەك ئورۇندا تۇرىدۇ.هون دەۋرىدىكى هون خانلىقى بىلەن ئورقۇن دەۋرىدىكى ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى قۇياش تەڭرىنى مۇقەددەس بىلىپ قۇرۇلغان.كۆكتۈرك خانلىقى بولسا كۆك تەڭرىنى مۇقەددەس بىلىپ قۇرۇلغان.شامان دىنىدا ئون:پۈتۈنلۈكنىڭ –قۇياشنىڭ نامىغا،توققۇز:كەمتۈكلۈكنىڭ ـ ئاينىڭ نامىغا قارىتىلغان .بۇ خىل تېۋىنىش-چوقۇنۇش ئىپتىدائى ئېتىقادچىلىقى قەدىمكى زامانلاردا تەبىئەت هادىسىسىگە قارىتا يەكۈنلەنگەن. چۈنكى كۈن-قۇياش تولۇق پۈتۈن چىقىپ شۇ هالىتى بىلەن يوقايدۇ.ئاي دەسلەپ كەمتۈك چىقىپ بىر ئاي ئوتتۇرىغا بارغاندا ئاندىن تولىدۇ.قۇياش بىلەن ئاي،كۆك (ئاسمان) يۈكسەكلىك، مۇقەددەسلىك سۈپىتىدە قەدىمكى تۈركىي تىل سېستىمىسىدىكى خەلقلەرگە ئۇلۇغلىنىش بىلەن چەكلەنمەستىن يەنە تۈركىي قوۋمنىڭ ئىستىتىك ئېڭى،ئىشلەپ چىقىرىشى،تۇرمۇشى، هاياتىغا ناهايىتى چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.

قۇياش،ئاي،ئاسمان ئېتىقادچىلىقى يالغۇز تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى قوۋملار بىلەن چەكلەنگەن دىنىي ئېتىقاد ئەمەس. مىسىر، بابىل، هىندىستان،تارىم ۋادىسى، جۇڭغارىيە، جەنۇبىي سىبىرىيە، شۇنداقلا شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسى ئىندىيانلىرى،جەنۇبى ئامېرىكىدىكى مايالار ناهايىتى يىراق قەدىمكى دەۋرلەردە ئۇزاق ئېتىقاد قىلغان ئېتىقاد هادىسىسىدۇر. تۈركىي تىل سېستىمىسىدىكى قوۋملار ياشىغان بالقاشتىن بايقالغىچە،

خوتەنــدىن ئــۇرالغىچە بولغــان كەڭ زېمىنــدا گەرچە مىســر فىرامىدالىرىــدەك قۇيــاش ئېتىقادچىلىقىنىڭ غايەت تەۋەرۈك ئابىدىلىرى قېپقالمىغان بولسىمۇ ئەمما قــاڭقى چاقىدىن تارتىپ تونۇر ۋە نانغىچە، تۇگمەن تېشى، چېدىر (يۇملاق ئۆي)دىن تارتىپ قــازا، لىگەنچە بولغــان ماكان،ئىشــلەپچىقىرىش،تۇرمۇش بۇيــۇملىرىغىچە قۇيــاش ئېتىقادچىلىقىنىــڭ ۋە ئىستىتىك چۈشەنچى سىنىڭ ئىزنالىرى قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ هاياتىغا، تۇرمۇشىغا چوڭقۇر سىڭگەن. هەتتا شۇ ئىستىتىك تۇيغۇ چوڭقۇرلۇقى ۋە يۈكسەكلىكى ئۇيغۇر دوپپىسىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. قۇياش شەكىللىك قەبرىلەر لوپنۇر كۆلى ئەتراپلىرىدا ساقلىنىپ قالماستىن ئۈرۈمچى ئالغۇي قەبرىستانلىقىدىن تا تاشقورغان شامبابا قەبرىستانلىقىغىچە شەرقتىن غەرپكە مىڭ كىلومېتىر سوزۇلغان بولۇپ،تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالى يان باغرىلىرىدا قۇياش شەكىللىك تاش قەبرىستانلىقلارنىڭ سانىنى نەچچە ئونغا،يەككە قەبرە سانى نەچچە مىڭغا يېتىدۇ.

ئون ئاتالغۇسى يىراق قەدىمدە قوش خاسىيەتكە ئىگە بولغان.ئۇنىڭ قۇياشقا سىمۋول قىلىنىشى ئالدىنقى خاسىيەت بولسا توققۇز سەييارىنىڭ تەرتىپلىك تىزىلىشىدىن بىر پۈتۈن كائىنات –ئالەم بىنا بولغانلىقىغا سىمۋول قىلىنىش ئون ئاتالغۇسىنىڭ يەنە بىر چوڭ خاسىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن.ئوخشاشلا توققۇز ئاتالغۇسىمۇ قوش خاسىيەتكە ئىگە بولغان.يەنى توققۇز نىڭ ئايغا سىمۋول قىلىنىشى ئالدىنقى خاسىيەت بولسا،توققۇزنىڭ كائى ناتتىكى توققۇز چوڭ سەييارىغا قارىتىلىشى يەنە بىر چوڭ خاسىيەت هېساپ لانغان.دېمەك ئون ۋە توققۇز ئاتالغۇلىرى ئادەتتىكى ئەھۋالدا ئىككى سان ـ رەقەمنى كۆرسەتكەن بىلەن ئالەمگە تەدبىقلانغاندا، ئاسمان، قۇياش، ئاي شۇنداقلاتوققۇز سەييارە ۋە كۆل (كائىنات) بىلەن باغلانغان ئاسترونومىيىلىك ئۇقۇمغا ئايلانغان.

ئون توققۇز رەقىمىنىڭ ئاتىلىشى بولسا ئۇ ئادەتتە يىگىرمىدىن ئاۋالقى سان-رەقەمنى بىلدۈرسىمۇ قەۋم ،مىللەتكە ۋە كائىناتقا قارىتىلغاندا «پۈتۈن ئۇيۇل» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. 19 رەقىمى قەۋم،مىللەتكە قارىتىلغاندا قەۋمنىڭ پۈتۈنلىكىگە قا رىتىلىدۇ.مەسىلەن:تۇرانىيلارنىڭ 19 قەبىلىسى،هونلارنىڭ19 قەبىلىسى، تۇرالارنىڭ19 قەبىلىسى،قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ19 قەبىلىسى دېگەندەك.قەدىمكى ئۇيغۇرلارتاكى مىلادىيە 605-يىلى سوكۈن(تېكىن) ئېركىن ئۇيغۇر ئىتتىپاقىنى قۇرغانغا قەدەر يىراق قەدىمكى زامانلاردىن باشلاپ ئوغۇر،ئوغۇز،ئونوغۇر-هونوغۇر،گۇر دېگەندەك ھەرخىل ناملار بىلەن بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن.شۇنداقلا بۇنىڭ دىن 3600 يىللار ئىلگىرىكى ۋاقىتتىن باشلاپ يەنى مىلادىدىن ئاۋالقى 1600-يىللاردىن مىلادىي 1-ئەسىرگىچە كاسپى دېڭىزى بويلىرىدىن تاكى جەنۇبىي سىبىرىيىگىچە ياشىغان تۇرانىيلار (دىڭلىڭ) ئىرقىدىكى

(تۈركىي ) قەۋملەرمۇ ،يەنە شۇنىڭدەك مىلادىيە 3-4-ئەسىرلەردىكى تۇرالار(تىلى) مۇ ئوخشاشلا چوڭ ئىككى تۈركۈمدىن ئونلار(هونلار)ۋە توققۇزلار(ئوغۇزلار) دىن تەشكىل تاپقان.هون دەۋرىدە هونلار ئۆزلىرىنى«هون» دەپ ئاتىغاندىن باشقا «ئوغۇز»دەپمۇ ئاتىغان.پۈتكۈل تۇرانىيلار قەۋمىنىڭ ئىككى چوڭ تۈركۈمگە-هون(ئون)ۋە ئوغۇز(توققۇز)غا ئايرىلىشى بۇنىڭدىن 5000مىڭ يىل يەنى مىلادىدىن ئاۋالقى 30000 يىللار ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئىلگىرىكى زامانلاردىن باشلانغان ئىشتۇر.بۇ ھەقتەماقالىنىڭ كېيىنكى بۆلەكلىرىدە تەپسىلى توختىلىمەن.يىغىپ ئېيتقاندا ئون (هون) ۋە توققۇز (ئوغۇز)دىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تۈركۈم تۇرنىيلار(دىڭلىڭلار) هونلار(ئونلار)،تۇرالار (تىللار)، ئورخۇن ئۇيغۇرلىرى(605-5846-يىللا) يەنى 605-يىلدىكى سوكۇن ئېركىندىن ئۇنىڭ نەۋرىسى ئېلتەبىر تۇمىد 646- يىل ئۇيغۇر خانلىقنى قۇرۇپ 682-يىل كېيىنكى كۆكتۈرك خانلىقىغا ئورۇن بوشاتقىچە ۋە 744-يىلى قۇتلۇق كۆل بويلا كېيىنكى كۆكتۈرك خانلىقنى هالاك قىلىپ 745-يىلى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنى تىكلەپ،846-يىلى ئۇكا قاغان ۋاپاتى بىلەن خانلىق ئۇزۇل-كېسىل يوقالغىچە بولغان مەزگىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.848-يىلى پانتېكىن قاراشەھەردە ئۆزىنى قاغان دەپ جاكالىغاندىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ ھاكىمىيەت مەركىزى غەربىي يۇرتقا يۆتكەلگەن(.پانتېكىننىڭ قاراشەھەردە ئۆزىنى قاغان دەپ جاكارلىشى ئۇيغۇرلارنىڭ غەربىي يۇرتتا ئىلگىرى كېيىن قۇرۇلغان ئۈچ خاندانلىقىدىن سەل بۇرۇن يۈز بەرگەن ۋەقەدۇر.) دەۋرىدە ئوخشاشلا مەۋجۇت بولغان.قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ھۇلى بولغان ئۇيغۇر ئىتپاقىنى 605 -يىلى قۇرغاندا ئىچكى ئون قەبىلە (ئون ئۇيغۇرلار) بىلەن تاشقى توققۇز قەبىلە ( ئوغۇزلار -توققۇز ئوغۇزلار) ئەشۇ ئىتتىپاقنىڭ ئىككى چوڭ تەركىبى بولغان.ئىچكى ئون قەبىلە بىلەن تاشقى توققۇز قەبىلىنىڭ ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى نامى قاڭقىل ئىدى.تېخىمۇ ئىلگىرىكىكى نامى بولسا تۇرا ئىدى.ئۇنىڭدىنمۇ ئىلگىرى كى نامى بولسا هون ۋە ئوغۇز ئىدى.هونلارئۆزلىرىنى هون ھەم ئوغۇز دەپ ئاتايتى. ئۇلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئومۇمي نامى بولسا تۇران،تۇرانىيلار(دىڭلىڭ) ئىدى.ئورخۇن خانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە ئۇلارنىڭ ئومۇمي نامى ئۇيغۇر دەپ ئاتالدى.

ئۇيغۇر دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى توغرىسىدا ئون خىلدىن كۆپرەك تەبىر بېرىلگەنلىكىنى تارىخي تەتقىقات ماترىياللىرىدىن بايقايمىز.ئەمىلىيەتتە ئۇيغۇر دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «بىرلەشكەنلەر،ئىتپاق تۈزگەنلەر،پۇتۇنلەشكەنلەر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.ئىچكى ئون قەبىلە بىلەن تاشقى توققۇز قەبىلىنىڭ بىرلەشكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.ئۇيغۇر دېگەن سۆز بىلەن 19 سان رەقمىنىڭ مەنىسى ئوخشاشلا «بىرلىشىپ

پۈتۈنلىشىش،پۈتۈنلۈكنى ھاسىل قىلىش» دېگەنلىك بولىدۇ.ئۇيغۇر ئاتالغۇسى605-يىلدىن باشلاپ بارلىققا كەلگەن.شۇ مەزگىلدە ئوغۇر دېگەن سۆزمۇ مەۋجۇت ئىدى.مەسىلەن تۇنجى ئۇيغۇرئاقساقلى سوكۇن ئېركىننىڭ نەۋرىسى قاغان ئىلتەبىر تۇمىدنى 648-يىلى قەستلەپ ئۆلتۈرگۈچىنىڭ ئىسمىمۇ تۇمىدنىڭ جىيەنى ئوغۇر ئىدى.ئۇيغۇر ئىتتىپاقى قۇرۇلغاندىن كېيىن تەدرىجى ھالدا ئوغۇر دېگەن سۆزنىڭ ئورنىنى « ئۇيغۇر»سۆزى ئىگىلىگەن بولۇشى مۇمكىن.ئۇيغۇر سۆزىدىكى«ئۇي»بوغۇمى« ئۇيۇل،پۈتۈن»مەنىسىگە ئىگە. « ئۇيغۇر» سۆزى بولسا «بىر پۈتۈنلۈككە ئايلانغان قەۋم،پۈتۈنلەشكەن ئۇيغۇرلار» دېگەن مەنىلەرگە ئىگە.بەزى تەھلىللەردە ئۇيغۇر سۆزى «ئىتتىپاقلاشماق، ئۇيۇشماق » مەنىسىگە ئىگە دەپ پېئىلنىڭ كەلگۈسى بولۇشلۇق ھەركەتنامى بويىچە تەبىر بېرىلگەن.ئەملىيەتتە ئۇيغۇر سۆزى «ئۇيۇشۇپ بولغان، بىرلىشىپ بولغان،پۈتۈنلىشىپ بولغان» مەنىلىرگە ئىگە.دېمەك ئۇيغۇر سۆزى 19 قەبىلىنىڭ بىرلەشكەن -پۈتۈنلەشكەن ھالىتىگە قارىتىلغان بولۇپ «بىرلەشكەنلەر،پۈتۈنلەشكەنلەر» مەنىسىگە ئىگە.19 سان رەقىمى مەۋجۇدىيەتكە قارىتىلغاندا 18 مىڭ ئالەمنىڭ كائىناتتا مەۋجۇت بولىدىغانلىقى، 18 مىڭ ئالەمگە كائىنات قوشۇلۇپ ئەڭ چوڭ پۈتۈنلۈك -19 نى ھاسىل قىلىدىغانلىقىنى كۆرستىدۇ. دېمەك 19 سان رەقىمى ئەڭ چوڭ پۈتۈنلۈككە سىمۋول قىلىنغان ساندۇر. بىزنى ھەيران قالدۇردىغىنى ئون ۋە توققۇز رەقىمى نىڭ بۇنىڭدىن بەش مىڭ يىل ئىلگىرى مەۋجۇت بولۇپلا قالماستىن 9 رەقىمىنىڭ ئامېرىكا ئىندىئانلىرىنىڭ قەبىلە تۈزىمىدىمۇ تا بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقانلىقىدۇر. ئون ۋە توققۇز سان مۇقەددەسلىكى 5000 مىڭ يىللىق چۈشەنچىدىن ھالقىپ 20،10 مىڭ يىللار ئىلگىرىكى ئىپتىدائى چۈشەنچىلەرگە بېرىپ تاقىلى دىغانلىقى تېخىمۇ ئەجەپلىنەرلىكتۇر.

## 2.«ئون» (ھون، قون، خون، غۇن) نىڭ مەنىسىنىڭ ۋە «توققۇز» (ئوغۇز، غۇز، قۇز) ناملىرىنىڭ مەنىسىنىڭ ئوخشاشلىقى ھەققىدە

ھون ئاتالغۇسىنى يەككە سۆز نوقتىسىدىن شۇنداقلا بۈگۈنكى زاماندىكى سۆز ئىبارە، ئاتالغۇ نوقتىسىدىن تەھلىل قىلغاندا قانداق مەنا بىلدۈردىغانلىقىنى قەتئى بىلگىلى بولمايدۇ. ھەتتا چەتئەل بولۇپمۇ ياۋروپا تىللىرىدىن كىرگەن سۆز بولۇشى مۇمكىن دېگەن چۈشەنچىگىمۇ كەلتۈرۈپ قويىدۇ. ئەمما بەش تۈرلۈك پاكىت «ھون، قون، خون» ئاتالغۇسىنىڭ ھازىر ئۇيغۇر تىلىمىزدا ئىپى تىلىپ كېلىۋاتقان«ئون»سۆزىنىڭ قەدىمكى

تەلەپپۇز قىلىنىشى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.يەنى قەدىمكى ئۇيغۇرلار ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى بول غان تۇرانىيلار مۇھىمى تۇرانىيلارنىڭ يادرولۇق تەركىبىنى تەشكىل قىلغۇچى، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىۋاستە ئەجدادى بولغان ئونلار (ھونلار)(قىزىل دىلارنىڭ ئەۋلادلىرى) ئون )ئاتالغۇسىنى« قون، ھون،خون»دەپ تەللەپپۇز قىلغان.

بىرىنچى: ئالدى بىلەن «ھون»ئاتالغۇسىنىڭ قانداق مەنا بىلدۈرىدىغانلىقى ھەققىدىكى پاكىتقا قاراپ باقايلى.ئورقون دەرياسى دەپ ئاتىلىدىغان بىر دەريا ھازىرمۇ قەدىمكى ئورنىدا ئېقىپ سېلىنگا دەرياسىغا قۇيۇلۇپ تۇرىۋاتىدۇ.ئۇ دەريانىڭ نامى خەرىتىگە ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا ئورقۇن دەرياسى دەپ يېزىق لىق.شۇ دەريا بويىدا مىلادىيە 745يىلى قۇرۇلۇپ مىلادىيە 840-يىلى ھالاك بولغان ئۇرقۇن ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن شۇ دەۋردە ياشىغان ئۇرقون ئۇيغۇرلىرى نىڭ تارىختا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقىغا پۈتكۈل دۇنيا چۈمپۈتۈكلۈك.يەنە ئورقۇن دەريا بويىدىن تېپىلغان مەڭگۇ تاش پۈتۈكلىرىدىمۇ ئورقۇن دەرياسى ۋە ۋادىسى«ئورقۇن» دەپ يېزىلغان.ئەھەت سۇ لايمان قۇتلۇق «ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتابىنىڭ 139-بېتىدە مۇنداق ياز غان.«ئۇرخۇن دەرياسى موڭغۇلىيىدىكى ئەڭ چوڭ دەريا –سېلىنگا دەرياسى نىڭ ئەڭ چوڭ تارمىقى بولۇپ،قاڭقاي تاغ تېزمىسىدىن باشلىنىپ 1123 كى لومېتىر مۇساپىنى بوسۇپ بايقال كۆلىگە قۇيۇلىدۇ. ئۇنىڭ يۇقۇرى ئېقىنىدا نۇرغۇن كىچىك تارماق ئېقىنلىرى بار. ئۇرخون دەرياسىنىڭ قەدىمكى نامى «ئون كۈن دەرياسى»بولۇپ،بۇ قەدىمكى تۈرك ياكى ئۇيغۇر تىلىدا ئون كۈن ياكى ئون قۇياش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.چۈنكى قەدىمدە ئۇيغۇرلار قۇياش نى مۇقەددەس بىلىپ قۇياشقا چوقۇنغان ھەم ئۆزلىرىنى قۇياشتىن تۆرەلگەن دەپ قارىغان.ھونلارمۇ ئۆزلىرىنى«كۈنلەر»پادىشاھلىرىنى قۇياش ئوغلى ياكى «قۇياش تەڭرىدىن تۆرەلگەن»دېگەن مەنىدە «تەڭرىقۇت»دەپ ئاتىغان. تۈرك ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ قاغانلىرىمۇ مەڭگۈ تاشلاردا ئۆزلىرىنى كۈن تەڭرىدىن بولغان دېگەن مەنىدە«كۈن تەڭرىدە ئۇلۇغ بولمىش»ياكى«كۈن تەڭرىدە قۇت بولمىش »دېگەنلەرنى نامىدا ئاتاپ كەلگەنىۋقۇرىقى شەرھىدە كۆرۈلۈپ تۇرىدۇكى«ئۇرقون» نىڭ مەنىسى« ئون كۈن» دېگەنلىك .«ئۇر»نىڭ مەنىسى«كۈن، قۇياش» نى،«قون»نىڭ مەنىسى بولسا« ئون»نى بىلدۈرىدۇ.« ئۇر»ئاتالغۇسى ھەققىدە توختالغاندا دۇنيا تارىخى جۈملىدىن پېرسىيە بابىل تارىخىغ مۇراجەت قىلىشقا،بابىلدا مىلادىدىن ئاۋالقى 2173-يىل قۇرۇلغان ئۇر (قۇياش،كۈن)سۇلالىسى ۋە پادىشاھ ئۇرۇكىنانى ئەسلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.قۇياش ئېتىقادچىلىقى شۇمەرلىكلەردە بابىلدا يۇكسەك پەللىگە يېتىپ خانلىق بىلەن پادىشاھ نامىمۇ كۈن مەنىسىدىكى«ئۇر»دېگەن نام بىلەن ئاتالغان »قون« ئاتالغۇسىنىڭ

يەنە«قون، هون»ۋارىيانتلىرى مۇ بار.هون ئاتالغۇسىنىڭ مەنىسى ۋەكىلىپ چىقىشى هەققىدە خىلمۇ-خىل قاراشلار،ئوتتۇرغا قويۇلغان هەم مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ تارىخىي ئەمىلىيەتكە،ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى بولغان ئونلار،قىزىل تۇرانىيلار(چىدى)لارنىڭ ئېتىقادى،ئالەم چۈشەنچىسى،ئۆرپ-ئادىتىگەئاساسلانغاندا هون سۆزى نىڭ مەنىسى ئون دېگەنلىكتۇر دەپ قاراش تارىخىي ئەمىلىيەتكە ئۇيغۇن . بىزنى ئەجەپلەندۈردىغىنى موڭغۇل ئېگىزلىكىدىكى ئورقۇن دەرياسىنىڭ نامى بىلەن بابىل يەنى ئىران ئېگىزلىكىنىڭ نېمە باغلىنىشى بار؟ دېگەن مەسىلى نىڭ تۇغۇلىشىدۇر.هۆرمەتجان ئابدۇراخمان «تۈركىي خەلقلەرنىڭ قەدىمكى دىنىي ئېتىقادلى رىدىك «تەڭرى»توغرىسىدا»ناملىق ماقالىسىدا مۇنداق يازىدۇ:»بەزى ئالىملار«تەڭرى»سۆزىنى سومېر تىلىدىكى « dinggir (دىنگىر) »(تەڭرى»(ئاسمان مەنى سىدە) سۆزىدىن كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن دەپ قارىشىدۇ...بىز جوڭگو يىلنامىلىرىدە هونلارنىڭ كۆككە چوقۇنۇش ئادەتلىرى هەققىدە مەلۇماتلار خاتىرلەن گەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆتكەن ئىدۇق...ئالىملارنىڭ قارىشىچە «بۇنىڭدىن 5000 يىل بۇرۇن بابىلدا ياشىغان سومېرلىقلارنىڭ تىلى بىلەن ئۇلاردىن 2500 يىل كېيىن شىمالىي جوڭگودا ئوتتۇرغا چىققان هونلارنىڭ تىلدائورتاق بىرسۆزنىڭ تېپىلىشى قىيىن بولسىمۇ دىنگىر سۆزى بىلەن«تەڭرى»سۆزىنىڭ ئوخشاشلىقى ئېتراپ قىلىنغان ...سومېرلىقلارنىڭ شىمالىي ئاسىيادىن مىسوپوتامىيەگە كۆچكەن بىرقەۋم ئىكەنلىكى چۈشىنىل سە،تەڭرى سۆزىنىڭ سومېرلىقلاردىمۇمەۋجۇت بولۇشىنىڭ ئېهتىماللىقى تېخىمۇ ئارتىدۇ »(«تارىخىمىزدىكى سىرلار»ناملىق كىتا 189-190-بەتلەر.)

بۇ هەقتە ئەسئەت سۇلايمان مۇنداق يازىدۇ:« سىماچيەن مىلادىدىن ئىلگىركى 3-ئەسىردىلا هونلارنىڭ تىلىدا«تەڭرى»( tengli) سۆزىنىڭ بارلىقىنى تىلغا ئالىدۇ...بەزى تەتقىقاتچىلار قەدىمكى هون(شيوڭنۇ)لارنىڭ مىل لەت نامىنى ئۇلارچوقۇنغان ئاسمان جىسمى —«كۈن»دىن ئۆزگىرىپ كەلگەن دەپ قارايدۇ.خېي شىڭلياڭ ئەپەن دى 胡， 昆， 鬼， 昆式， قاتارلىق سۆزلەرنىڭ هەممىسى تۈركىي تىلىدىكى (kun) سۆزىنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئاهاڭ تەرجىمىسى هېساپ لىنىدۇ .بولۇپمۇ 昆 خېتى kun) سۆزىگە ئاهاڭ جەهەتتىن ناهايىتى يېقىنلىشىدۇ»دەپ قارايدۇ...ئارخىلوگىيىلىك تېپىندىلار ۋە خەنزۇ مەنبەلىرى تەمىنلىگەن مەلۇماتلارغ قارىغاندا،بۇنىڭدىن 6 مىڭ يىللار ئىلگىرى شىمالىي ئاسىيانىڭ تارىخ سەهنىسىدە كۆرۈنگەن تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ يىراق ئەجدادى دىلار ،ئۇنىڭ دىن قالسا هونلاردا بۆرە تۇتېمىغا تېۋىنىدىغان ئۇرۇقلارنىڭ بولغانلىقى مەلۇم...كوناقۇرۇقلۇق(ئاسىيا،ياۋروپا قىتئەلىرى)دىكى هەرقايسى خەلقلەرنىڭ بۆرە ئەپسا نىلىرىدىكى ئوخشاشلىقلار بىز دە بۆرە تۇتېمى ئەپسانىلىرى ئوخشاش بىر

مەنبەدىن تارالغانمۇ -يوق دېگەن گۇماننى پەيدا قىلىدۇ.ئارىيانلار ياۋروپا بىلەن ئىچكى ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنى باغلىغان تارىختىكى ئەڭ قەدىمكى قوۋمدۇر.ئاتاقلىق تەتقىقاتچى قۇربان ۋەلى « قەدىمكى ئارىيانلارنىڭ ياراتقان مەدەنىيەتلىرى ھىندى ۋادى سىدىكى ھىندىلار غا،تارىم ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارغامىراس قالغان ...ئارىيانلار بۇنىڭدىن 5000 مىڭ يىل ئىلگىرى ھىندىستانغا بارغان.ئۇلارنىڭ قايەردىن بار غانلىقى توغۇرلۇق يەكۈن چىقىرىلمىدى.لېكىن ئارىيانلارنىڭ ئەڭ بۇرۇن ئوتتۇرائاسىيا يايلاقلىرىدا ياشىغان قوۋم ئىكەنلىكىگە ھېچقانداق ئالىم گۇمان قىلمايدۇ» دەيدۇ. ئەسئەت سۇلايمان«ئۇيغۇر تۇتېم مەدەنىيىتى»-92-252-150-36بەتلەر)

يۇقۇرىقى نەقىللەردىن كۆرۈېلىشقا بولىدۇكى موڭغۇل ئىگىزلىكىدىكى ئورقۇن دەرياسىنىڭ نامى بىلەن بابىل-سومېرلارنىڭ ئۇر پادىشاھلىقىنىڭ«ئۇر» (كۆن، قۇياش) نامىنىڭ ئوخشاپ قېلىشى قىلچەئەجەپلىنەرلىك ئەمەس.قەدىمكى سومېرلىقلار بىلەن دىڭلىڭلار(تۇرانىيلارمەنبەداش ياكى ئارلاش ياشىغانلىقى ئۇچۇن مىلادىدىن ئاۋالقى 3000،2500 يىللار ئىلگىرى تىل ۋە باشقاجە ھەتتەئۆز-ئاراتەسىركۆرسەتكەنلىكى ئېنىق.ئېپتىدائى ئېتىقادى قۇياشقاچوقۇ نۇش ۋە بۆرىنى تۇتېم قىلىشى پۈتۈنلەي ئوخشاشلىقتا ئىگە بولغان.

ئىككىنچى:ئۇيغۇر جانلىق ئېغىز تىلىمىزدا«بار »سۆزىنى«با»دەپ ر ھەرپىنى چۈشۈرۈپ قويۇپ تەلەپپۇز قىلغاندەك بەزى سۆزلەرگە ھ تاۋۇشىنى قوشۇپ تەلەپپۇز قىلىش ئادىتى قەدىمكى ۋە يېقىنقى زاماندىن 2000-يىللارغىچە ساقلانغان.

| ئۇيغۇر يېزىق تىلىدا: | ئۇيغۇر جانلىق ئېغىز تىلىدا: |
| --- | --- |
| ئۆركۆتمەك | ھۆركۆتمەك |
| ئۆتمە-تۆشۈك | ھۆتمە –تۆشۈك |
| ئوشۇق | ھوشۇق |
| ئونبەش | ھونبەش |
| ئون توققۇز | ھون توققۇز |

يۇقۇرىقى ئەھۋال ئۇيغۇر ئېغىز تىلىدا كۆپلەپ مەۋجۇت. ھۆتكەمە (ئۆتكەمە)، ھىكەك (ئىكەك) ھەششاپتۇل (ئەششاپتۇل) ھەيپىناق (ئەيپىناق) قاتارلىق سۆزلەردە «ھ» تاۋۇشىنى قوشۇپ تەلەپپۇز قىلىش ئادىتى تا 2000-يىللار غىچە جەنۇپ يېزىلىرىدا ساقلانغان ئىدى.بۇ ئەھۋال ھازىرمۇ ياشانغان ئۇيغۇر كىشىلىرىدە ئۇچرايدۇ.

ئۇچۇنچى: «باغداش مۇنبىرى» نادىر تېمىلار كۆزنىكىدە ئابلىز ئۆمەرهاجى ئاپتورلىقىدا «تەڭرى داۋان ئېتەكلىرىدە»ناملىق زىيارەت خاتىرسى بېرىلگەن بولۇپ، زىيارەت خاتىرسىدە تۆت نەپەر ئۇيغۇر زىيالىنىڭ 2004-يىلى 8-ئاينىڭ 14-كۈنىدىن23-كۈنىگىچە قۇمۇلدىن گەنسۇ ئۆلكىسى جاڭيې شەھرى سۇنەنناھايىسىگە سېرىق ئۇيغۇرلارنى زىيارەت قىلغىلى بارغانلىق ئەھۋالى بايان قىلىنىش بىلەن بىرگە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا ۋە قۇمۇل شىۋىسىگە يېقىنلىقى ئۇخشىشىدىغان سېرىق ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ هازىرقى زامان ئۇيغۇرتىلىدىكى سۆزلۈكلەر سېلىشتۇرمىسى بېرىلگەن. تۆۋەندە قىسمەن ئۇزۇندىلەر ئېلىندى:

| سېرىق ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەر: | هازىرقى ئۇيغۇرچە ئاتىلىشى : |
|---|---|
| گوس | كالا |
| هۆكۈز | ئۆكۈز،ئۇي |
| هوت | ئوت(گۈلخان،ئاتەش) |
| هاي | ئاي (ئاسماندىكى) |
| ئاقياغ | سارماي |
| تۇس | تۇز |
| خىتى | ئالتە |
| يىتى | يەتتە |

يۇقۇرىقى سۆزلۈكلەردىن كۆرۈلۈپ تۇرىدىكى سېرىق ئۇيغۇر(يۇغۇر)لار ئېلى مىزنىڭ گەنسۇ ئۆلكىسى جاڭيې شەھرىنىڭ سۇنەن ناھىيىسىدە ياشاۋاتقان بولۇپ، ئۇلار شەرقي يۇغۇرۋە غەربي يۇغۇردەپ ئىككى چوڭ تۈركۈمگە بۆلۈنىدىكەن.شەرقي سېرىق ئۇيغۇر قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئارلاش موڭغۇل تىلىنى ساقلاپ قالغانكەن.ئۇلار بۇددا دىنغا ئېتىقاد قىلىدىكەن.غەربي سېرىق ئۇيغۇرلار قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنى ساپ هالىتىدە ساقلاپ قالغانكەن.ئۇلار بۇددىزىم ئارىلاش شامان دىنغا ئېتىقاد قىلىدىكەن.

تۆتىنچى" ئەنۋەر بايتۇر«شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى»ناملىق كىتابىنىڭ 161-162-بېتىدە مۇنداق يازىدۇ. «هونلار مىلادىدىن ئاۋالقى 209-يىلى باتۇر تەڭرىقۇت تەختنى تارتىۋالغاندىن باشلاپ قۇدرەت تاپتى...بايقال كۆلى ئەتراپىدىكى دىڭلىڭلار، يەنسەي دەريا بويىدىكى قىرغىز هەم هونگىرلەر،چۈشۈرلەر،شىنلى قاتارلىق قەبىلىلەرنى بېسىۋالدى.» ئالىم ئىبراھىم مۇتئى «ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىقى ۋە تىلى ھەققىدە»ناملىق

كىتابىنىڭ 196-197-198- 596-بەتلىرىدە مۇنداق يازىدۇ: «ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىيات باسقۇچى .1:ئالتاي دەۋرى(يىراق قەدىمكى زامانلاردىن مىلادىدىن ئاۋالقى 3-ئەسىرگىچە)بۇ دەۋردە تۈركىي تىللار موڭغۇل تىللىرىدىن ۋە تۇنگۇس،مانجۇ تىللىرىدىن بۆلۈنۈپ چىقمىغان .....شۇ دەۋردە تۈرك،موڭغول قەبىلىلىرىدىن ئوغۇرلار، ئونئوغۇرلار، سارا‌غورلار، قۇتئوغۇرلار ۋە شۇنىڭ غائوخشاش قەبىلىلەر مەۋجۇت بولغان.كېيىنكى«ئون ئوغۇر» «ئۇيغۇر» ۋە «ئوغۇز»دېگەن قەبىلە نامىلىرى مۇشۇ قەبىلىلەرنىڭ نامىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇنىڭ دىن قارىغاندا«ئۇيغۇر»دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى ئالتاي دەۋرىگە بېرىپ تاقىلىدۇ.2:هون دەۋرى.مىلادىدىن ئاۋالقى 3-ئەسىردىن مىلادىيە 5-ئەسىرگىچە. هون دەۋرىدە ئوغۇر،ئونئوغۇر،ساراغورلار -بۇلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى بولغان قەدىمكى ئاۋارلار،سابىرلار،بولغارلار ۋەھازىرقى چۇۋاشلارنىڭ تىللىرى ؛z \ sتىللىرى-يەنى ئوغۇرلار،قەدىمكى قىرغىزلارۋەقىسمەن قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىللىرى ۋە بۇلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى بولغان ئوغۇزلار،قىپچاقلار،ۋەقارلۇقلارنىڭ تىللىرى دېگەن ئىككى تارماق تىللار ئايرىلىپ چىقىشقا باشلىغان...ئۇيغۇرلار باشتا هون قەبىلىلەر ئىتتىپاقىدا بولغان.غەربىي هون قەبىلىلىرى ئىچىدە ساراغورلار،ئونئوغۇرلار، قۇتئوغۇرلاردېگەن قەبىلىلەرنىڭ بولغانلىقى بۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ....هونلار ياۋروپاغا كۆچۈپ بارغاندىمۇ ئاتىللا قوشۇنى ئىچىدىكى چەۋەندازلار ئىچىدە ئىككى ئۇيغۇر قەبىلىسى بولغان.»

يۇقۇرىقى ئىككى نەقىلنىڭ ئالدىنقىسىدا «هونگۇر» كېيىنكىسىدە «ئونئوغۇر» ئاتالغۇلىرى ئوخشاشلا قەبىلە نامى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغان.شۈبھىسىزكى ئەنۋەر بايتۇر تىلغا ئالغان «هونگىر »سۆزى بىلەن ئىبراهىم مۇتئى تىلغا ئالغا«ئونئوغۇر»سۆزى ئوخشاشلا «ئون ئوغۇر»(ئون ئۇيغۇر) دېگەن سۆزنىڭ ئىپادە قىلىنىشىدۇر. بۇيەردە ئەنۋەر بايتۇر «هونگۇر» دەپ ئالسا ،ئىبراهىم مۇتئى «ئونئوغۇر »دەپ ئالغان،هازىرقى ۋېنگىرىيەنى بەزىلەر «هونگىرىيە» دەپ تەلەپپۇز قىلىپ قالماستىن يازما ماترىياللارغىمۇ شۇنداق يازغان ئەھۋال بار.

بەشىنچى: سىبىرىق ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخچىسى ۋە يازغۇچىسى تېمىر(تۆمۈر)نىڭ «سىبىرىق ئۇيغۇرلارنىڭ مىڭ يىللىق تارىخى» ناملىق كىتابىدا مۇنداق بىر بايان بار:«چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدە سىبىرىق ئۇيغۇر قەبىلىلىرى جە مەتلىرىنىڭ بۇرۇنقى نامى تەدرىجى ئۆزگىرىشكە باشلىدى. شەرقى قىسمى دىكى بەش قەبىلە (ئۆتۈك) نىڭ تىلى موڭغول تىلى ئائىلىسىگە، غەربىي قىسمىدىكى ئىككى قەبىلىنىڭ تىلى تۈركىي تىل ئائىلىسىگە تەۋە بولغاچقا ئۇلار «شەرقىي يۇغۇرلار»دەپ ئاتالدى. غەربىي قىسمىدىكى تۈركىي تىلنى قوللىنىدىغان يۇغۇرلار شەرقىي قىسمىدىكى موڭغۇل تىلىنى قوللىنىلىدىغان

يۇغۇر لارنى ئادىتى بويىچە ئاڭكىر (ankar)دەپ ئاتىغان. بەزى ئۇيغۇرلار ۋەموڭغۇل لار بۇ قەدىمكى زاماندىكى بىر ھون قەبىلىسىنىڭ نامى، دەپ قارايدىكەن. جەنۇبى سىبىرىيەدە «ئاڭكىر»دەپ ئاتىلىدىغان بىر دەريا ۋە جاي بار. ئۇيغۇر تىلىدا ۋە موڭغۇل تىلىدا ۋېنگىرىيە( (xankar)» ھاڭكىر، ھونگىر» دەپ ئاتىلىدۇ. موڭغۇل تىلىدا كۇڭگەي جايلارمۇ« ئاڭكىر»دەپ ئاتىلىدۇ.بەزىدە پەرھىز يۈزىسىدىن «سىرىق» دېگەن سۆزنىڭ ئورنىدا سېرىق رەڭنى كۆرسىتىدۇ. يەنە بىر ئېيتىلىشچە، بۇ خەلقنىڭ ئەجدادى كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغاندا دائىم ئېگىزچاقلىق ياغاچ ھارۋا ئىشلىتىدىكەن.ھارۋىلار يايلاقتا گويا تۇرنىلاردەك قاتار تىزىلىپ ماڭىدىكەن ھەم تۇرنىلاردەك توختىماي ئاڭكىر (xanka)ھوڭكەر((xankar دېگەن ئاۋاز چىقىدىكەن.شۇڭا كىشىلەر ئۇلارنى «ئاڭكىر»دەپ ئاتىغانكەن.شەرقىي قىسىمدىكى موڭغۇل تىلىنى قول لىنىدىغان ئۇيغۇرلار غەربىي قىسىمدىكى تۈركىي تىلنى قوللىنىدىغان يۇغۇر لارنى خارا يۇغۇر دەپ دەپ ئاتىغان.« خارا»نىڭ مەنىسى «قارا رەڭ» دې گەنلىك بولىدۇ.بۇ يەردە «خارا»قارا رەڭ بىر جۇغراپىيىلىك يۆنۈلۈشنى كۆر سىتىدۇ.» ( تۆمۈر«سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ مىڭ يىللىق تارىخى»190-بەت)  شەرقىي سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ نامىغا قارىتىلغان ئاڭكىر،ھوڭكەر سۆزلىرى «ھونگىر»«ئونگىر»سۆزلىرىنىڭ باشقىچە ئاتىلىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

يۇقۇرىقى بەش خىل پاكىتلىق ئەھۋالغا ئاساسلانغاندابۇنىڭدىن 2000 يىل ئاۋالقى«خون،ھون قون»ئاتالغۇسىنىڭ تارىختىن بۇيان ھەرقايسى تۈركىي تىللاردا ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئىپادىلەنگەنلىكى ،ئۇيغۇر تىلىدا «ھ،ق،خ،غ» قاتارلىق سۆز بېشىدىكى ئۈزۈك تاۋۇشلارچۈشۈپ قېلىپ،«ھون،قون،خون،غون»دەپ تەللە پۇز قىلىشىنىڭ «ئون» دەپ تەلەپپۇز قىلىشقا ئۆزگەرگەنلىكىنى،سېرىق ئۇيغۇر تىلى قاتارلىق قىسمەن تۈركىي تىللاردا بولسا«خ،ھ،ق»قاتارلىق سۆز بېشىدا كېلىدىغان ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ 1000 يىل بۇرۇنقى ئەينەنلىكىنى ئۆز پېتى ساقلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ.

| ئۇيغۇر تىلىدا: | سېرىق ئۇيغۇر تىلىدا : |
| --- | --- |
| ئون | ھون |
| ئون بەش | ھون بەش |
| ئون توققۇز | ھون توقۇز |

بىز يۇقۇرىقى ئۈچ سان رەقىمنى يېزىق بىلەن ياكى تاۋۇش بىلەن ئىپادىلەشتە سېرىق ئۇيغۇرتىلىدا ھ ھەربىرىنىڭ ئۈچ قېتىم قوشۇلۇپ قالغانلىقىنى، ئۇيغۇر تىلىدا بولسا

رەقەم بېشىدا ھ ھەرىپى ياكى تاۋۇشىنىڭ ئۈچ قېتىم ئېلىۋېتىلگەنلىكىدىن باشقا بىرەر مەنا ئۆزگىرىشى يۈز بەرمىگەنلىكىنى بايقايمىز. سېرىق ئۇيغۇرتىلىدا سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن باشلانغان سۆزلەرگە ھ ھەرىپىنى قوشۇپ ھاي-(ئاي)ھود-(ئوت)دەپ تەلەپپۇز قىلىش ئادىتىنىڭ تا بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقىنىغا ئاساسلانغاندا ئون ئاتالغۇسىنىڭ قەدىمكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەردە«ھون،خون،غۇن،گۈن» دەپ ھەرخىل تەلەپپۇز قىلىنىشىنىڭ ناھايىتى نورماللىق ئىكەنلىكى نى ،خۇددى ھوت سۆزى ئوتقا قىسقارغاندەك قۇن ياكى ھون سۆزى ئون سۆزىدىن ئىبارەت ئاۋالقى ئۈچ تاۋۇشلۇق سۆزدىن ئىككى تاۋۇشلۇق سۆزگە قىسقارغان. ھون سۆزى قەدىمدە 1:ئون دېگەن رەقەمنى 2:ھون ناملىق بىر كىشىنى3:.ھون دەپ ئاتىلىدىغان قەبىلىنى 4:ھون دەپ ئاتىلىدىغان قەۋم، خەلقنى، ئەلنى 5 : ھون(ئون) دەپ ئاتىلىدىغان قەبىللەرئىتپاقى-بىرلەشمىسىنىڭ نامىنى بىلدۈرگەن. 6: ھون دەپ ئاتىلدى غان ئۇرۇشقاق،جىدەلخور ،مالمانچى ياۋايىلار،كۆچمەن خەلق نامىنى بىلدۈر گەن.خەنزۇچە «شوڭنۇ»دېگەن ئاتالغۇ دەل مۇشۇ6-مەنىگە قارىتىلغان بولۇ شى مۇمكىن.7:ھون دېگەن سۆز قۇياشىنىڭ بىر پۈتۈنلىكىگە، مەڭگۈ پۈتۈنلىكىنىڭ ئۆزگىرىپ قالمايدىغانلىقىغا قارىتىلغان.8:ھون ئاتالغۇسى توققۇز سەييارى نى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئالەم-كائىناتنىڭ،-كۆلنىڭ بىرپۈتۈنلىكىگە سىمۋول قىلىنغان دېيىشكە بولىدۇ .ئون يەنى( ھون (ياكى (خون،قون)ئاتالغۇسى توققۇزدىن كېيىنكى پۈتۈن سان رەقىمى بولۇش ۋە شامان دىنىدىكى خاسىيەت لىك سان،مۇقەددەس سان بولۇشتىن باشقا ئونلار (ھونلار) دەۋرىدىكى ۋە ئورقون ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئون (ھون) قەبىلىسىنىڭ نامىنى ،ئون قەبىلىسى يادرولۇقىدىكى پۈتكۈل ئون(ھون،قون،خون)قەۋمىنىڭ نامىنى، ئون(ھون) دۆلىتى-ئېلىنىڭ نامىنى بىلدۈرىدۇ.بۇ نامنىڭ قانداق كېلىپ چىقىشى بولسا ئونلارنى بىر تەركىبى قىسمى قىلغان 3500-4000يىل ئىلگىرىكى تۇرانىيلار (دىڭلىڭلار،دېلار)نىڭ شامان دىن ئېتىقادى بويىچە قۇياش،ئاينى خۇدا بىلىپ،قۇياشىنىڭ پۈتۈنلى كىگە،كائىنات-ئالەمنىڭ بىر پۈتۈنلىكىگە ئىزچىل ھوننى )ئوننى) سىمۋول قىلغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.ئادەتتە ئونلار(ھونلار) دېگەن ئاتالغۇ «كۈن»ئاتالغۇ سى بىلەن تاۋۇش-ھەرىپ جەھەتتىن قىلچە يې قىن كەلمەيدۇ. لېكىن ھون (ئون) قۇياشىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىگەقارىتىلغان بولغاچقا كۈن دېگەن سۆز بىلەن ئون(ھون) دېگەن سۆز مەنا جەھەتتە ناھايىت يېقىن كېلىدۇ. قۇياشقا چوقۇنغۇچى -تېۋىنغۇچى قوۋم، كۈنلەر، ئونلار (ھون لار)دېگەن سۆزلەر مەنىداش يەنى ئۆز-ئارا بىر-بىرىنى تولۇقلايدىغان سۆزلەردۇر. ئون(ھون) دېگەندە يەككە ئون(ھون) قەبىلىسىنى ياكى بىر نەپەر ئون (ھون) كىشىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئونلار (ھونلار) دېگەندە قەۋمنى،دۆلىتىنى- ئېلىنى كۆرسىتىدۇ.ئېلىمىزنىڭ

خەنزۇچە تارىخىي كىتابلىرىدا،ياۋروپانىڭ تارىخىي يازمىلىرىدا نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان «شىيوڭنۇ»(ياۋۇز قۇل) ۋە «خۇنس » دەپ خاتىرلىنىپ كەلگەن قەدىمدە شىمالىي ئاسىيانى ۋە ياۋروپانى دىر-دىر تىترەتكەن،مىلادىدىن ئاۋالقى 3-ئەسىردىن مىلادىيە 5-ئەسىر گىچە تارىخ سەھنىسىدە يۇلتۇزدەك چاراقلاپ يانغان ئۇلۇغ كۆچمەن قوۋمنىڭ نا مى قەدىمكى ئون(ھون)نامى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان.مەرھۇم ئالىم ئابدۇ شۇكۇر مۇھەمەدئىمىن«قەدىمكى مەركىزى ئاسىيا»ناملىق كىتابىدائون(ھون)سۆزىنى مىللەت نامى دېيىش تارىخىي ئەملىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلىقىنى،قەبىلى لەر ئىتپاقى،تۈركىي تىلدىكى قوۋملارنىڭ زور بىرلەشمىسى دېيىش مۇۋاپىق بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئون(ھون) دېگەن قەبىلىنىڭ،خەلقنىڭ، دۆلەتنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقى راست. ئونلار (ھونلار)نىڭ ئايرىم بىر مىل لەت بولۇشتىن ھالقىپ،تۈركىي تىللىق ۋەموڭغول تىللىق مىللەرلەرنىڭ چوڭ ئىتتپاقى بولۇش قەدىم كى زاماندا تارىخى ئەملىيەتكە ئايلانغان. ھونلار(ئونلار) قۇرغان ئىمپىريەنىڭ زور قەبىلىلەر ئىتتپاقى ئىكەنلىكىدە شەك يوق. باتۇر تەڭرىقۇت مىلادىدىن ئاۋالقى 200-يىلى خەنگاۋزۇ-لىيۇباڭغا ئەۋەتكەن مەكتۇبىدا ئۆزىنىڭ كۇنپىتىشتىكى ياۋچى، ئۇيسۇن،توخرى قاتارلىق 26 ئەلنى تولۇق بويسۇرغانلىقىنى، ئوقيا تۇتىدىغان بارچە مىللەتلەرنىڭ بىر سەپ بولۇپ ئۇ يۇشقانلىقىنى،خەن سۇلالىسىنىڭ ئونلارغا تەسلىم بولۇشى زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ئاگاھلاندۇرغان.خەن گاۋزۇ-لىيۇباڭ غەزەپلىنىپ جاۋاپ قايتۇرغان. كەيىندىن بەيدىڭ تېغىدىكى تىركىشىش يەنى يەتتە كېچە-كۈندۈز داۋاملاشقان بەيدىڭ تېغى مۇھاسىرىسى يۈز بېرىپ،غەربىي خەن سۇلالىسى ئېغىر مەغ لۇبىيەت ۋە ھاقارەتكە ئۇچراپ،تەسىرى خەن ۋۇدى تەختكە چىقىپ تاكى ھونلارنى مەغلۇپ قىلغۇچە ئالاھەزەل 70 يىل داۋاملاش قان.باتۇرتەڭرىقۇتنىڭ«ئوقيا تۇتىدىغان بارچە مىللەتلەر بىرسەپ بولۇپ ئۇيۇشتى»دېگەن سۆزىدىن قارىغاندا مەرھۇم ئالىم ئابدۇشكۇر مۇھەمەد ئىمىننىڭ قىياسىنىڭ توغرىلىقى كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. ھون (ئون)دۆلىتى غايەت زور بىرئىتپاقنىڭ نامى بولۇپ،نۇرغۇن قەدىمكى مىللەتلەر جۈملىدىن قەدىمكى ئۇيغۇرلار شۇ ئىتپاق تەركىبىگە كىرگەن.

دۇەن لىيەنچىن يازغان «دىڭلىڭلار،قاڭقىللار،ۋەتۇرالار »ناملىق چوڭ ھە جىملىك ئەسەرىنىڭ 2-كىتاب3-قىسىم 825-826-بەتلىرىدە مۇنداق با يان بار:« ھون قەبىلىسىنىڭ ئۆلۈش يېرى:« سۈينامە.تېبىلار ھەققىدە قىسە »دە «ھونلار تۇرا دەريا سىنىڭ شىمالىدا » دېيىلگەن.« يېڭى تاڭنامە.ئۇي غۇرلارھەققىدە قىسە»نىڭ داۋامى دا:«ھون قەبىلىسى تۇرا قەبىلىلىرىنىڭ ئەڭ جەنۇبىدا »دېيىلگەن.بۇنىڭغا ئاساسەن ھون قەبىلىسىنىڭ ئۆلۈش يېرىنى تۇرا دەرياسىنىڭ شىمالىي ۋەقىيپاش جەنۇبىدىكى جايلاردىن

ئىزدەش كېرەك... دىلك چىيەن«لىياڭجۇ ئايمىقىنىڭ چېگرىسىدىكى چۇخۇن تېغى»ئەتراپى (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلدىكى بايىنچۇر ئايمىقىنىڭ ئالاشەن خوشۇنىنىڭ غەربىي شىمالى)نى ھون قەبىلىسىنىڭ ئولتۇش يېرى دەپ قارايدۇ ھەم دە تاڭ سۇلالى سىنىڭ ھون قەبىلىسىدە تۇرغان لىياڭجۇ تۇتۇق مەھكىمىسىگە قاراشلىق گاۋ لەن ئايمىقىنى ئىسپات ئۇچۇن شىپى كەلتۈرىدۇ.سىر-تاردۇش خانلىقى يىم رىلگەندىن كېيىن تاڭ سۇلالىسى ھون قەبىلىسىنىڭ زېمىنىدا قۇرغان گاۋلەن ئايمىقى ئەسلىدە چۆللۈكنىڭ شىمالىدا ئىدى.خانىكە ۋۇزېتەن دەۋرىدە شەر قىي تۈركلەرنىڭ ئاقسۆڭىكى قۇتلۇق چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدا خانلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ (كېيىنكى كۆك تۈرۈك خانلىقى 682-744-يىللار)نى قۇرۇپ ئۇ زۇن ئۆتمەي قۇملۇقتىن ئۆتۈپ شىمالدىكى تۇرالارنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىنى تارتىۋالغان.ھون قەبىلىسى تاڭ سۇلالىسىنىڭ خېشى ئارلىقىدىكى لىياڭ جۇ ئايمىقى چېگرىسىغا كۆچۈپ بارغان.شۇڭا لىياڭجۇ ئايمىقىدا ھون قەبى لىسىنىڭ گاۋلەن ئايمىقى بارئىدى.دىلك چىيەن ئېيتقان چۇخۇن تېغى ئەينى ۋاقىتتىكى ھون قەبىلىسىنىڭ جايلاشقان ئورنى بولۇپ،ئەسلىدىكى شىمالدا تۇرغان ۋاقىتتىكى جايلاشقان ئورنى ئەمەس.»

يۇقۇرىقى بايانىدىن ئىككى نۇقتىنى يەنى بىرىنچى :ھون قەبىلىسىنىڭ تاكى تاڭ سۇلاسىنىڭ ئاخىرىقى مەزگىلگىچە يەنى 9-10-ئەسىرلەرگىچە مەۋجۇت بولغان لىقىنى،يەنە بىرى:چىن،خەن دەۋرلىرىدە قالتىس دەۋرسۈرگەن باتۇر ھونلارنىڭ كېيىنكى تارىخىي دەۋرلەردە ئاجىز ئورۇنغا چۈشۈپ غۇربەتچىلىك تارتقانلىقىدەك تارىخى ئەملىيەتنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ.يەنە شۇنىڭدەك غەربىي خەن دەۋرىدە ئۇيغۇر قاتارلىق نەچچە ئون تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنى ئۆز ئىتتىپاقى تەركىبىگە كىرگۈزگەن قۇدرەتلىك ھون لارنىڭ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە ئوغۇزلار تەركىگەئوچۇق ئېيتقاندا ياغ لاقار ئۇرۇقى رەھبەرلىكىدىكى ئون ئۇيغۇر،توققۇز ئوغۇزلار ئىتپاقىدىن تەشكىل تاپقان ئۇيغۇرلارنىڭ تەركىبى قىسمىغا كىرگەنلىكىنى كۆرىۋېلىشقا بولىدۇ. ئور قۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە توققۇز ئوغۇز ياكى ئۇيغۇر ئىتپاقى تەركىبىدىكى تاشقى توققۇز قەبىلىنىڭ 3-رەت تەرتىپىگەقۇن قەبىلىسى تىزىلغان. ئۇيغۇر لارنىڭ تاشقى توققۇز قەبىلىسىنىڭ تەرتىپى مۇنداق بولغان:ئۇيغۇر، بوگۇ، قۇن ، ) ھون)، بايىرقۇ، تۇڭرا، ئىزگىل، چۆبە (قىبئار)،باسمىل، قارلۇقتىن ئىبارەت.

ئاۋالقى ئۈچ خىل پاكىت، تارىخىي ئەملىيەت، قەدىمكى جۇغراپىيىلىك تۈزۈلۈش ۋە ئونلار (ھونلار)نىڭ تۈركىي تىل سېستىمىسىدىكى مىللەتلەر شۇنىڭدەك ئوتتۇراتۈزلەلىك قاتارلىق جايلار بىلەن مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت پۈتكۈل ئەھۋال لارنى بولۇپمۇ شامان

دىندىكى چوڭ ئىككى سان مۇققەدەسلىكى، تۈركىي تىل ۋە ئىرق سىستېمىسى بولغان تۇرانىيلار چوڭ تۈركۈمىدىكى ئىككى يادرولۇق ئورۇق ئونلاربىلەن توققۇزلارنىڭ مەۋجۇتلىقىنىڭ مىلادىدىن ئاۋالقى 3000-يىللاردىن مىلادىيە 1000-يىللارغىچە ئىزچىل داۋاملاشقانلىقىدىن قارىغاندا «ھون، قون، خون، غون» سۆزلىرىنىڭ قەدىمكى زاماندا تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەردە ئون مەنىسىدە تەلەپپۇز قىلىنغانلىقىنى كۆرىۋالغىلى بولى دۇ.قىسقىسى «ھون»ياكى«خون» ئاتالغۇسى ھازىرقى ئون رەقىمىنىڭ قەدىمكى تۈركىي تىل سىستېمى سىدا تەلەپپۇز قىلىنىشىدۇر. قۇياش بىلەن ئاي،كۈندۈز بىلەن كېچە زىچ باغلىنىشلىق بولغانىدەك توققۇز رەقىمى ئونغا زىچ مۇناسىۋەتلىك. تارىخى ئەسەرلەردە توققۇز ئوغۇز، ئوغۇز، غۇز،قۇز دېگەن ئاتالغۇلار ئۇچرايدۇ.ئەسلىدىكى تولۇق ئاتالغۇ «توققۇز» بولۇپ،بۇنىڭ قىسقار تىلمىسى «ئوغۇزز»ئاتالغۇسىدۇر.« ئوغۇز » ئاتالغۇسى قانداق كېلىپ چىققان؟ قانداق مەنىنى بىلدۈرىدۇ ؟دېگەن سۇئالغا قارىتا كۆپ خىل قاراشلار ئوتتۇرغا قويۇلغان ۋە بۇندىن كېيىن يەنە ئوتتۇرغا قويۇلىشى مۇم كىن.« ئوغۇز»دەل توققۇز دېگەنلىكتۇر، ياكى توققۇز سۆزىنىڭ باش ھەرپىنى چۈشۈرۈپ قويۇپ تەلەپپۇز قىلىشتۇر.بۇ ئەسلىدىكى مەنا« ئوغۇز »ئاتالغۇسىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى مەنىسى بىرى: ئاق رەڭ،يەنە بىرى تۇنجى سۈت دېگەن مەنىدە.« ئوغۇز» ئاتالغۇسىنىڭ بۈگۈنكى زامان مەنىسى مۇ«توققۇز »ئاتالغۇسىنىڭ ئەسلى مەنىسىدىن پۈتۈنلەي يىراقلاپ كەتمى گەن.چۈنكى«توققۇز»نىڭ مەنىسى بىرى:ئايغا قارىتىلىشتىن باشقا يەنە بىرى: «كەم، تولۇقلىنىۋاتقان،تولۇقلىنىدىغان»دېگەن مەنىلەرنىمۇ ئۆزئىچىگە ئالىدۇ.

«ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى»نىڭ 140-141-بەتلىرىدە مۇنداق بايان ئۇچرايدۇ:« تۇغلا دەرياسى دېگەن سۆز قەدىمكى تۈرك-ئۇيغۇر تىلىدا «توققۇزدەريا»دېگەنلىك بولىدۇ.قەدىمدە تۈركىي خەلقلەردە،جۈملىدىن ئۇيغۇرلاردا «توققۇز»خاسىيەتلىك،قۇتلۇق سان ھېساپلانغان ھەم توققۇزغا چوقۇنۇش قارىشى بولغان.ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى مەخمۇد قەشقىرى«تۈركىي تىللار دىۋانى»دا:ئۇيغۇرلاردىكى توققۇز ئۇلۇغلىقىنى شەرھىلەپ«خاننىڭ قول ئاستىدىكى ۋىلا يەتلەر ھەر قانچە كۆپىيىپ، مەرتىۋىسى يۇقۇرى كۆتۈرۈلسىمۇ تۇغلىرى توققۇزدىن ئاشمايدۇ.چۈنكى توققۇزسانىنى خاسىيەتلىك ھېساپلىنىدۇ»دەپ يازغان.ئۇنىڭدىن باشقائورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدىمۇ، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دىمۇ دۆلەت ۋەزىرلىرى توققۇزكىشىدىن تەشكىل ياپقان.ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۈچ كىشى ئىچكى ئىشلار ۋەزىرى، ئالتىسى تاشقى ئىشلار ۋەزىرى بولغان » «كۆلتىكىن مەڭگۈ تېشى»دىمۇ كۆلتېكىننىڭ ئىلگىرى–كېيىن توققۇزقېتىم باشقا-باشقا

ئاتقا مىنىپ جەڭگە كىرگەنلىكىنى،توققۇزئەسكەرنى نەيزىلىگەن لىكى تەسۋىرلەنگەن .... بەزى تەتقىقاتچىلار تۈركىي خەلقلەردىكى «توققۇز» نى ئۇلۇغلاش ئادىتى ئۇلاردىكى «پۈتۈن ئالەم توققۇز ھاياتلىق مەنبەسىدىن قۇرۇلغان»دېگەن ئىپتىدائى چۈشەنچىدىن كېلىپ چىققان دەپمۇ قارايدۇ. بۇ نىڭدىن قارىغاندا،توققۇز ئۇيغۇر (ياكى توققۇز ئوغۇز)دەپ ئاتالغان قەبىلە گۇرۇ ھى مەيلى «توققۇز دەريا»مەنىسىدىكى تۇغلا دەريا ۋادىلىرىدا ياشىغان بول سۇن ياكى ئۇلار توققۇزنى مۇقەددەس بىلگەن ،ئۇنىڭغا چوقۇنغان بولسۇن ۋە ياكى بۇ ھەر ئىككى ئېھتىماللىق ئۇلارنىڭ «توققۇزئۇيغۇر»ياكى(توققۇزئوغۇز) دەپ ئاتىلىشىدا ئوخشاش رول ئوينىغان بولسۇن ،ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى توققۇز ئۇيغۇر(ياكى توققۇز ئوغۇز )دەپ ئاتىغانلىقى يەنىلا تۇغلا دەرياسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك....« «ئون ئۇيغۇر» «توققۇز ئوغۇز»لار ئور خۇن دەرياسى ۋادىسى بىلەن تۇغلا دەرياسى ۋادىسىدا ياشىغان."

يۇقۇرىقى نەقىلدىن باشقا«توققۇزلار»يەنى «ئوغۇزلار»نىڭ بۇنىڭدىن 2000يىل ئىلگىرىلا ئاق تاغ (بوگۇنكى تەڭرى تېغى –تېلەن-تىيانشان) نىڭ ئەتراپلىرىدا ياشىغانلىقى بۇغدا، شەرقى تەڭرى تاغ ئېتەكلىرىنى مەركەز ،تەڭ رى تاغنىڭ جەنۇپ، شىمال ئېتەكلىرىنى دائىرە قىلىپ پائالىيەت ئېلىپ بار غانلىقى ئېلىمىز ۋە چەتئەل تارىخى ئەسەرلىرىدە كۆپ ئۇچرايدۇ.مەيلى تۇغلا ۋادىسى،ياكى تەڭرى تېغى ئەتراپى ۋەياكى ئورال، ئىسسىق كۆل بويلىرى ئەت راپلىرىدا ياشىغان ئوغۇزلار بولسۇن شامان دىن ئېتىقادىدا ئايغا، ئاي تەڭرى سىگە،ئاق رەڭگە،ئاقلىققا چوقۇنۇشنى مەركە قىلغان.خەنزۇچە تارىخى كىتاب لاردا بەيدى،روڭ دى،روڭ دەپ خاتىرلەنگەن قەۋملەر،ئەڭ قەدىمكى تۈركىي ياكى ئەڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ئۇرۇم،ئورۇڭ دەپ ئاتالغان قەۋملەر دەل ئوغۇزلار «توققۇزلار»نى كۆرسىتىدۇ.ئونلار قۇياشقا چوقۇنۇپ،ئوننى ئۇلۇغلاش نى مەركەز قىلىسىمۇ ئاينى ۋەتوققۇزنى ئۇلۇغلاشنى ئېتىراپ قىلغاندەك ئايغا، ئاق رەڭگە،ئاقلىققا چوقۇنۇپ ،توققۇزنى ئۇلۇغ لىغان ئوغۇزلار ئوخشاشلا ئونلار نىڭ قۇياش بىلەن ئوننى ئۇلۇغلىشىنى ئېتىراپ قىلغان.غەيرەتجان ئوسمان« ئۇيغۇرلار شەرقتە ۋە غەرپتە»ناملىق كىتابىدا: قەدىمكى زاماندىكى دىلار (تۇرا نىيلار)نىڭ ئاق دى،قىزىل دى،كۆك دى دەپ تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى ئاق، قىزىل ،كۆك رەڭلەرنى ئۇلۇغلاپ،مۇقەددەس بىلىشى بىلەن مۇناسى ۋەتلىك ئىكەنلىكى نى،ئۇلارنىڭ ئاق دى،قىزىل دى،كۆك دى دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى بولسا ئۇ لارنىڭ كىيىمىنىڭ رەڭگى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى، قۇ ياشقا چوقۇنغۇچى قەبىلەر قۇياش قىزىل -چوغ رەڭنى ئۇلۇغلاپ قىزىل كىيىم كىيىدىغانلىقى،ئاينى ئۇلۇغلايدىغانلىرى ئاق رەڭلىك كىيىم كىيىدىغانلىقى،كۆك رەڭ -ئاسماننى ئۇلۇغلايدىغانلىرى كۆك رەڭلىك

كـىـيىم كىيىــدىغانلىقى ،ھــونلار ۋە ئۇيغــۇرلار قىزىــل دىلارنــىڭ،ئوغۇزلار ئــاق دىلارنــىڭ، كۆكتــۈركلەر كــۆك دىلارنــىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىنــى تىلغــا ئالــدۇ.دېــمەك قەدىمكــى ئــاق تۇرانىي، قىزىل تــۇرا نىي،كــۆك تۇرالارنــىڭ كەيگــەن كىيىمنىــڭ رەڭگــگە ئاساســەن تــۈركگە ئايرىلغانلىقى، كىيىمنىــڭ رەڭگــى بولسا قۇيــاش،كۆك ئاســمان،ئايدىن ئىبــارەت ئــۈچ چــوڭ مەۋجۇتلۇقنىــڭ كۆرۈنــۈش-رەڭگــگە ئاساســەن تاللانغــانلىقىنى بىلگىلــى بولــدۇ. ئــونلار ئىنتىپاقنىــڭ،چوڭ گۇرۇھنىــڭ نــامى بولغانــدەك ئوغۇزلارمۇ مىللەتنىــڭ نــا مــى بولماســتىن تۇرالارنــىڭ ئــونلاردىن باشــقا يەنە بىــر چــوڭ تۈركــۈمى توققــۇزلار نــى-ئوغۇزلارنى،ئايغــا ۋە ئاينىڭ كەمتۈكلۈك سۈپىتى  بولغان توققۇزغا چوقۇن غۇچى بىــر ئىتتىپــاق-چــوڭ گۇرۇھنىــڭ نامىنى كۆرسىتىدۇ.7-ئەسىردىن باشلاپ تەڭرى تاغدىن غەربكە سۈرۈلگەن ئوغــۇزلار 11-ئەســىرنىڭ ئوتتۇرلىرىــدا تۇغرۇلبېكنىــڭ باشــلامچىلىقىدا ئانــاتولىيە(ھــازىرقى تــۈركىيە)گە بېسىپ كىرىش ئالدىدا«ئوغۇز تۈرۈكلىرى»دەپ ئاتالغان. ئوغۇزلارنىڭ ئــۆزلىرىنى «ئوغــۇز » دەپ ئاتىشى تۇغلا دەرياسىنىڭ نامى،ئايغا چوقۇنۇش مەركەزلىكىدىن باشقا ئاقتــاغ-قــارلىق تاغ، بوگۈنكى شىنجاڭدىكى تەڭرى تېغىنى قەدىمكى زامانلاردا ئانا ماكــانى قىلغانلىقى،ئــاق چوققــا-كۆمــۈش چوققــا- قــارلىق تاغلارنــىڭ ئاپپــاق رەڭگىنــى مــۇقەددەس بىلىــپ ئۆزلىرنى«ئوغۇز»دەپ ئاتىغان بولۇشى مۇمكىن. ئوغۇزلارنىڭ قــارلىق تــاغلارنى ئۇلۇغلىشــى بىلەن ئايىنى ئۇلۇغلىشى توقۇنۇشــۇپ قالمىغــان.ئەكســىچە يۇغۇرۇلــۇپ سىڭىشــىپ كەتــكەن. شۇڭا قەدىمكى ئوغۇزلار تىلى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بولغان.

## 3: ھون(ئون)لارنى مەركەز قىلغان قەدىمكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەردىكى 19 قەبىلە ئىزچىللىقىغا ئائىت پاكىتلار

ئەسئەت سۇلايمان«ئۇيغۇر بۆرە تۇتېم مەدەنىيىتى» ناملىق كىتابىدا ھــون لارنــىڭ 19 قەبىلىسى بىلەن قەدىمكى كۆكتۈركلەرنىڭ 20 ئوق قەبىلىسىنى تىلغا ئالدۇ.دۇەن لــيچىن «دىڭلىڭلار، تۇرالارۋە قــاڭقىللار» نــاملىق كىتابىــدا قەدىمكــى تــۇرانىيلار(دىڭلىڭــلار)لارنــىڭ 19قەبىلىسىنى، تۇۋالار (شىمالىيۋېي خان دانلىقى(429-551-يىللار)نىڭ10خــان جەمەتــى ئۇرۇقنى شۇنداقلا ۋېي خاندانلىقى تەۋەلىكىدىكى دىلارنىڭ 19 قەبىلىســىنى تىلغا ئالــدۇ. ئەھەت ســۇلايمان قۇتلــۇق ۋە باشــقا نۇرغــۇن تارىخشۇناســلار قەدىمكــى ئورخــۇن ئۇيغــۇر خانلىقىنىــڭ 19 قەبىلىســىنىڭ نــامىنى تىلغــا ئالــدۇ.ســېرىق ئۇيغۇرلارنــىڭ تارىخشــۇناس

ئالمى تۆمۈر سىرىق ئۇيغۇرلارنىڭ 10قەبىلىسى يايلىقىنىڭ تاكى 1958-يىلغىچە مەۋجۇت بولغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ.ۋە يەنە قاڭقىللار نىڭ 12 ئۇرۇقى بولغانىغا ئوخشاش سىرىق ئۇيغۇرلارنىڭ جەمئىي 12 قەبىلىسىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ كەلگەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ.

ئەسئەت سۇلايمان«ئۇيغۇرلارنىڭ بۆرە تۆتېم مەدەنىيتى»ناملىق كىتابىدامۇنداق يازىدۇ: «تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئەجدادى بولغان ھونلاردا ئۇرغۇن ئۇرۇقلار ،ئۇلارنىڭ تۆتېملىرىمۇ ناھايىتى كۆپ ئىدى«.جىننامىە.يات ئەللەر تەزكىرىسى. ھونلار ھەققىدە قىسسە» دە:« شىمالىي دىلار قەبىلىنى بىرلىك قىلىپ ئايرىلاتى.ئۇلار ئۆكۈكۈر-قورغانلاردا تۇراتى.ئۇلارنىڭ 冠头种，鲜支种，黑狼种，真树种 قاتارلىق 19 ئۇرۇقى بولۇپ، ھەربىرى بىر قەبىلە ھېساپلىناتى.ئۆز-ئارا ئارلىشىپ كەتمەيتى» دەپ خاتىرلەنگەن....خې شىڭلىياڭ ئەپەندى يۇقۇرىقى 19 قەبىلە نامى ئىچىدە (قۇلان» (ياۋا ئات» سۆزىنى ئاھاڭ تەرجىمسى بويىچە خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان دەپ قارايدۇ. ھونلارنىڭ 19 قەبىلىسى ئىچىدە ئۈچ قەبى لىنىڭ نامى »قۇلان»«قارا بۆرە» «تۈخلا» قاتارلىقلار بولدۇ. قالغان 16 ئۇ رۇقنىڭ نامى ۋە تۆتېمنى كېيىنكى تەتقىقاتلارنىڭ ئېنىقلىشىغا قالدۇرىمىز». (ئەسئەت سۇلايمان«ئۇيغۇرلاردا بۆرە تۆتېم مەدەنىيتى» 138-138-بەتلەر) ئەسئەت سۇلايمان كۆكتۈرۈك خانلىقى ئىككىگە بۆلۈنگەندىن كېيىنكى ئەڭ چوڭ بىر تۈركۈم بولغان غەربىي كۆكتۈرۈك خانلىقىدىكى سول قانات دوغلات قەبىلە ئىتپاقى ۋە ئوڭ قانات ساداقلىقلار قەبىلە ئىتپاقىدىكى جەمئىي 20 قەبىلىنىڭ نامىنى تىلغا ئالىدۇ. ئۇلار :

| سول قانات دوغلات قەبىللەر ئىتپاقى ۋە ئۇنىڭ تەركىبىدى كى قەبىلىلەر: | ئوڭ قانات ساداقلىقلار قەبىللىرى ئىتپاقى ۋە ئۇنىڭ تەركىبى دىكى قەبىلىلەر: |
|---|---|
| 1.سۇنىش | 12.قۇشۇ |
| 2.چۆمكۈن | 13. ئىزگىل |
| 3.تۈركەش | 14. بارسقان |
| 4.شىبشىت | 15.چۆبە |
| 5.قۇلۇغۇ | 16.ياغما |
| 6.چىگىل | 17.كەڭگۇ |

7.چۇمۇل
8.چۆل تۈرۈكلىرى
9.قۇشۇ
10.چۆبە
11.قارلۇق
18.قاز
19.ئارغۇ
20.قاسار

يۇقۇردا تىلغا ئېلىنغان سول قانات دوغلات قەبىلىلەر ئىتپاقى ۋە ئۇنىڭ تەركىبىدىكى 11 قەبىلە ئىچىدە 8-رەت تەرتىپتە ئېلىنغان «چۆل تۈرۈكلىرى» بەزى تارىخماتېرىياللاردا «ئاق تونلۇق تۈركلەر» دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئۇلار ئەمەلىيەتتە بىر قەبىلە نامى بولماستىن تەرمە -خىلمۇ-خىل قەبىلى لەر كىشىلىرى يىغىلغان بىر توپنىڭ نامى.ھەقىقىي مەنىدىن ئالغاندا ئۇلار بىر مۇستەقىل قەبىلە نامىغا ۋەكىللىك قىلماستىن ھەريەر-ھەر يەردىن كېلىپ يىغىلغان تۈركلەر توپى نامىغا ۋەكىللىدۇ.شۇڭا سول قانات دوغلات قەبىلىلەر ئىتپاقىنى تەشكىل قىلغۇچى قەبىلىلەر 11بولماستىن بەلكى 10دۇر، ئوڭ قا نات ساداقلىقلار قەبىلىلەر ئىتپاقىنى تەشكىل قىلغۇچى 9 قەبىلىنى قوشقاندا غەربىي كۆكتۈرك خانلىقىنىڭ قەبىلىلىرى 20بولماستىن ھونلار ۋە دىڭلىڭلارغا ئوخشاش جەمئىي 19 بولغان بولىدۇ.غەربىي كۆكتۈركلەرنىڭ سول قانات دوغلات قەبىلىلەر ئىتپاقى ۋە ئوڭ قانات ساداقلىقلارقەبىلىلەر ئىتتىپاقى دەپ ئىككى چوڭ تۈركۈمگە بۆلۈنىشى كۆكتۈركلەرنىڭ دىڭلىڭلار-تۈرانىيلارغا ئوخشاش 10 ۋە توققۇزنى ئۇلۇغلايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.ئەمما نامىنىڭ پەقەت ئوخشىماسلىقى تۇرانىيلار بىلەن كۆكتۈركلەرنىڭ ئوخشاش بىر تىل تۈركۈمگە مەنسۇپ بولغان ئىككى خىل قەۋم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.يەنى تۇرانىيلار ئونلار(ھونلار) ۋە توققۇزلار (ئوغۇزلار) دەپ ئىككى چوڭ تۈركۈمگە

بۆلۈنسە، كۆكتۈركلەر يەنى غەربىي كۆكتۈركلەر سول قانات دوغلات قەبىلىلەر ئىتتىپاقى ۋە ئوڭ قانات قەبىلىلەر ئىتپاقى دەپ ئىككى چوڭ تۈركۈمگە بۆلۈنگەن. يەنە بىر ئەھۋال شۇكى 744-يىلى كۆكتۈرك خانلىقى قەدىمكى ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن يوقۇتىلغاندىن كېيىن كۆكتۈركلەرنىڭ كۆپ قىسمى قەدىمكى ئۇيغۇرلارغا سىڭىپ كېتىشتىن باشقا يەنە بىر بۆلۈك قىسمى موڭغوللارغا سىڭىپ كەتكەن.چۈنكى بىز يېقىنقى زامانلارغىچە موڭغوللارنىڭ «دوغلات قەبىلىسى»بولغانلىقىنى ماتېريال لاردىن كۆرۈپ كېلىۋاتىمىز.

تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك ئەھۋال شۇكى ھونلاردا، دىڭلىڭلار (تۇرانىي)دا، تۇرا (تىلى) لاردا، قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا 19 قەبىلە مەۋجۇت بولسا ھەم «ئون » ۋە

«توققۇز»دەپ ئاتالسا،ياكى «ئونئۇغۇر» ۋە «توققۇز ئوغۇز،ئۇيغۇر » دېگەن نامىلار بىلەن ئىككى توپ-گۇرۇھقا ئايرىلسا كۆكتۈركلەردە نېمە ئۈچۈن 20 قەبىلە مەۋجۇت بولىدۇ؟ ئىككى توپ –چوڭ گۇرۇھ نامىمۇ باشقىچە ھالدا «سول قانات دوغلات قەبىلىلەر ئىتتىپاقى، ئوڭ قانات ساداقلىقلارقەبىلىلەر ئىتتىپاقى »دېگەن نام ۋە «ئون ئوق قەبىلە» دېگەن نامىلار بىلەن ئاتىلىدۇ؟ بۇ ئەھۋال كۆكتۈركلەرنىڭ تۇرانىي تىل سىستېمىسىدا كۆكتۈركلەرنىڭ ھونلارغا، ئوغۇزلارغا، ئۇيغۇرلارغا ئوخشىمايدىغان ئالاھىدىلىككە، ئۇنىڭ چوڭ بىلىپ، ئىنتايىن مۇقەددەس قارىسىمۇ توققۇزنى ئانچە بىلىپ كەتمەيدىغانلىقنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. كۆكتۈركلەر ئۇننى ناھايىتى چوڭ بىلگەن.،

دۇەن لىيەنچىن :« دىڭلىڭلار،قاڭقىللار ۋە تۇرالار» ناملىق كىتابىدا دىڭلىڭلار(تۇرانىيلار)نىڭ 19 قەبىلىسى ھەققىدە مۇنداق بايان قىلىدۇ:« دىڭلىڭ قەبىلىلىرى مىلادىيە 265-يىلدىن 284-يىلغىچە بولغان 20 يىل ئىچىدە ئىلگىرى كېيىن بولۇپ،ھون ۋە ئارلاشما غوزلاردىن 280مىڭ ئادەم سەددى چىننىڭ ئىچىگەكىرىپ ئولتۇراقلاشتى. «جىننامە. شىمالىي دىلار ھەققىدە قىسسە»دە«شىمالىي دىلار قەبىلىلەرنى ئاساس قىلىپ، سەددىچىننىڭ ئىچى دىكى رايۇنلارغا كېلىپ ئولتۇراقلاش تى.ئۇلار جەمئى19 ئۇرۇق ئىدى. قەبىلىلەر ئايرىم-ئايرىم ئولتۇراقلاشقان »دېيىلگەن. بۇ 19 ئۇرۇق:

1.تۇغا ئۇرۇقى
2.شيەنجى ئۇرۇقى
3.كۇەنتو ئۇرۇقى
4.ئوغان ئۇرۇقى
5.چىلى(تۇرا) ئۇرۇقى
6.خەنجى ئۇرۇقى
7.كۆكبۆرە ئۇرۇقى
8.چىشا ئۇرۇقى
9.يۇبىڭ ئۇرۇقى
10.ۋېيشا ئۇرۇقى
11.تۇتۇك ئۇرۇقى
12.بومىي ئۇرۇقى
13.جياڭجۇ ئۇرۇقى
14.قۇلان ئۇرۇقى
15.جوڭجى ئۇرۇقى
16.دالۇ ئۇرۇقى
17.يوڭجو ئۇرۇقى
18.جىنشۇ ئۇرۇقى
19.لى جى ئۇرۇقى

يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان 19 ئۇرۇق «جىننامە.شىمالىي دىلار ھەققىدە قىسسە»نىڭ «ھون ماددىسى» غا كىرگۈزۈلگەن. ئەمما تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا ،ئۇلارنىڭ بىرقىسمى ھون ئەمەس.بەلكى ھون دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان غەيرى مىللەت

قەبىلە ياكى ئۇرۇقلىرى يەنى ھونلارنىڭ باشقا قەبىلىلىرى ئىدى...كىشلەر 19 «ئۇرۇق»نىڭ ئىچىدىكى كۆپۈنچىسىنىڭ مىللەت تەۋەلىكىنى ھازىرغىچە بىلەمىدى.19 ئۇرۇقنىڭ ئىچىدە ھېچ بولمى غاندا قۇلان، تۇغا ،كۇەنتو قاتارلىق ئۇرۇقلار ھون مىللىتىگە تەۋە.بۇنىڭدىن باشقا يەنە سىيانپى، ئوغان مىللەتلىرىگە تەۋە ئۇرۇقلارمۇ بار....19 ئۇرۇقنىڭ ئىچىدە چىلى قەبىلىسىدىن باشقا يەنە دىڭلىڭلارغا تەۋە كۆپلىگەن ئۇرۇقلار بولۇشى مۇمكىن»(دۇەن لىيەنچىن «دىڭلىڭلار،قاڭقىللار ۋە تۇرالار»-305-306-307-308بەتلەر.)

يۇقۇرىقى نەقىلدە ئوتتۇرغا قويۇلغان دۇەن لىيەنچىننىڭ دىڭلىڭلار-تۇرانىيلار19 قەبىلىسى بىلەن ئەسئەت سۇلايمان بايان قىلغان ھونلارنىڭ 19 قەبىلىسى پۈتۈنلەي ئوخشاشلىقتا ئىگە.ئوخشاش بولىشىدىكى سەۋەپ: نەقىل ئېلغان-پايدىلانغان مەنبەنىڭ بىر بولغانلىقىدا.بۇ توغىرلىق دۇەن لىيەنچىن «جىننامە.شىمالىي دىلار ھەققىدە قىسسە»نىڭ «ھون ماددىسى»غا كىرگۈزۈلگەن»دەپ ئېنىق يازغان.دېمەك دۇەن لىيەنچىن «دىڭلىڭلارنىڭ 19 ئۇرۇقى »دەپ يازغىنى ئەملىيەتتە ھونلارنىڭ 19 ئۇرۇقىدۇر.نېمە ئۈچۈن ھونلارنىڭ 19 ئۇرۇقى ئىچىدە ھون قەبىلىرىدىن باشقا يەنە تۇرانىي قەبىلىرى ، موڭغول تىلى ۋە توڭگۇس تىلى تۈركىي مىگە تەۋە قەبىلىلەر بولىدۇ؟ بۇنىڭ بىردىن-بىر سەۋەبى : باشتا ئېيتقىنىمىزدەك ھون دۆلىتىنىڭ ھون قەبىلىرىنى يادرو قىلغان ھالدا كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ بىرلەشمىسى، زور قەبىلىلەر ئىتپاقى بولغانلىقىدا.ھون دېگەن ئاتالغۇ قەدىمكى بىر مىلللەتنىڭ نامى بولماستىن كونكرېتلىقتا ھون قەبىلىسىنىڭ، ماكروۇلۇقتا زور بىر ئىتپاقنىڭ نامى.

«شىمالىي ۋېي خانلىقى (تۇۋا خانلىقى )ھۆكۈمران ئۇرۇقنىڭ 10 جەمەتى: «كېيىنكى غۇز جەمەتى،جۇ جەمەتى،چاڭسۇن جەمەتى،شى جەمەتى،يى جەمەتى،چيۇ جەمەتى،گەي جەمەتى،ئىلخان جەمەتى،چى جەمەتى، تۇغبات (خان جەمەتى) جەمەتى قوشۇلۇپ،10 بولۇپ،ئۆز -ئارا توي قىلىشماي تى....ئۇرۇقنىڭ ئون جەمەتى ئىچىدە ئىلخان جەمەتى دىڭلىڭلاردىن ھېساپلىنىدۇ.(قاڭقىللارنىڭ 12 قەبىلىسىنىڭ ئىچىدىكى ئىلخان جەمەتى بۇنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ»(دۇەن لىيەنچىن «دىڭلىڭلار،قاڭقىللار ۋە تۇرالار» 276-277-278-بەتلەر) بىز كېيىنكى دەۋردە قەشقەر ۋە بالاساغۇننى مەر كەز قىلغان قاراخانىيلار سۇلالىسى قۇرۇلۇپ،شەرقىي قاراخانىيلار ۋە غەربىي قاراخانىيلار دەپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەندە شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ بۇغرا خانلار دەپ ،غەربىي قاراخانىيلارنىڭ ئىلىك خانلار دەپ ئاتالغانلىقىنى بىلىمىز.«ئىلخان جەمەتى»دېگەن سۆز قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا«خان جەمەتى»دېگەن مەنىدە بولۇشى مۇمكىن.بۇ نامنى تەتقىق قىلىشقا توغرا

كېلىدۇ.

دۇەن لىيەنچىن يۇقۇرىقى كىتابىدا شىمالىي ۋېي (تۇۋا ) خانلىقى تەۋەلىكى دىكى دىڭلىڭلارنىڭ 19 قەبىلىسىنى تەپسىلى تونۇشتۇرغان بولۇپ،شىمالىي ۋېي سۇلالىسى429-يىلى قۇرۇلغان.284-يىل بىلەن سېلىشتۇرغاندا 150 يىل پەرق مەۋجۇت.بۇ19 قەبىلە يۇقۇرىقى كىتابنىڭ279-280-281-282-283-284-285-286بەتلەرگىچە تەپسىلى تونۇشتۇرۇلغان بولۇپ، ناملىرى تۆۋەندىكىچە :

1.خې شى جەمەتى(تېلە،كۆك بۆرە)
2.تېلو جەمەتى (تېلە))
3.ئاپۇرغان جەمەتى(داۋغان)
4.ئېلتەبىر جەمەتى (ئەمەل نامى)
5.تېلى جەمەتى (بۆركلى)
6.چى فۇ جەمەتى(بۆركلى)
7.تېلەن جەمەتى (تېلە)
8.غۇبات جەمەتى (پۇۋۇغۇر)
9تېلە جەمەتى (بۆركلى)
10.مولۇجېن جەمەتى (لۇ)
11.خې گەن جەمەتى (بۆركلى)
12.ئارسلان جەمەتى،شىر(توڭا)
13.چۆبە جەمەتى
14ئىزگىل جەمەتى
15 (ۋۇين جەمەتى (خاك
16. (كۇدى جەمەتى (چىدى-قىزىل تۇرا
17. كى گو جەمەتى (بايقال تۇرالىرى)
18.تېلە جەمەتى (تۆرە،ئالىي ئۇرۇق)
19 تېنە جەمەتى(كۆك بۆرە ،تېلە-خې شى)

ئەھەت سۇلايمان قۇتلۇق «ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى »ناملىق كىتابىنىڭ 406-بېتىنى مەخسۇس ئۇيغۇرلارنىڭ 19 قەبىلىسىنى تونۇشتۇرۇشقا ئاجراتقان :

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى توققۇز قەبىلىسى(ياكى توققۇز ئۇيغۇرلار

1. ياغلاقار( ئوپۇغۇر)
2.ئوتۇرقار(قورتارغار)
3.دېرىمار (كۇرەبىر)
4.بايىرسېق (بۇقاسقىر)
5. ئابدال
6.قازار
7.قوغۇرسۇ
8.ئوۋۇغار(ئاۋۇچاگ- ياغما)
9.ئاياۋېر (سابار)

ئۇيغۇرلارنىڭ تاشقى توق
قۇز قەبىلىسى (ياكى
توققۇز ئوغۇزلار

1.ئۇيغۇر (خۇيخې)
2.بارغۇت(بوٚگوٛ)
3.قون(غۇن)
4.بايىرقۇ
5.توڭرا
6. ئىزگىل
7.چوٚبە (قىبئار)
8باسمىل
9 .قارلۇق
(كېيىن ئائىز قەبىلىسىنىڭ قوشۇلىشى بىلەن يەنە«ئون ئۇيغۇر»دەپ ئاتالغان.)

يۇقۇرقى 19 ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ تونۇشتۇرۇلىشىغا تۆۋەندىكى ئۈچ خىل ئىزاھ بېرىش زۆرۈر.بىرىنچى: ئاتئېز قەبىلىسى ئالدىنقى توققۇز قەبىلىگە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى قەبىلىسىگە قەدىمكى زامانلاردا (ھون دەۋرىدىلا) قېتىلىق. ئىككىنچى : ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى توققۇز قەبىلىسىنىڭ ئەسلى نامى توققۇز ئۇيغۇرلار بولماستىن ئون ئۇيغۇرلار يەنى ئىبراھىم مۇتئى تىلغا ئالغان مىلادىدىن ئىلگىرىكى 11-ئەسىردىن مىلادىيە 3-ئەسىرگىچە ئىز چىل تۇرانىيلار تەركىبىدە ۋە ھون ئىتتىپاقى تەركىبىدە مەۋجۇت بولغان« ئونو غۇرلار»دۇر. ئۇلار قىرغىز تارىخچىسى ئەنۋەر بايتۇر قاتارلىقلار«ھونگېر»دەپ ئاتىغان. ئۈچۈنچى: ئۇيغۇردىن باسمىلغىچە بولغان توققۇز قەبىلىنىڭ ھونلار دەۋرىدىكى ۋە ھونلار دەۋرىدىن ئىلگىرىكى نامى ئىبراھىم مۇتئى تىلغا ئالغان «ئوغۇر» ۋە «ئوغۇزلاردۇر»دېمەك ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئون ئۇيغۇرلار شۇنداقلا توققۇز ئوغۇزلار ياكى توققۇز ئۇيغۇرلار مىلادىدىن ئىلگىرى كى 1100-يىللاردىن مىلادىيە 1-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە «ئونۇغۇر، ئوغۇز،ئۇغۇر»دېگەنناملار بىلەن ئاتالغان.

ئەھەت سۇلايمان قۇتلۇق يۇقۇرىقى كىتابىدا ئون ئۇيغۇرلارتوغۇرلۇق مۇنداق يازىدۇ.« ئون ئۇيغۇر:ئون ئۇيغۇرلار دەل «كونا تاڭنامە.ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى »دە بايان قىلىنغان «ئىچكى توققۇزقەبىلە»دۇر.«ئورخۇن-يېنسەي مەڭگۈ تاشلىرى» ۋە تاڭ سۇلالىسى تارىخىغا دائىر ماتىرىياللاردىن قارىغاندا،ئون ئۇيغۇرلار موڭغولىيەدىكى سۇ، ئوت-چۆپى مول بولغان سېلىنگا دەرياسى، تۇغلا دەرياسى، ئورخون دەرياسى ۋادىلىرىغا جايلاشقان بولۇپ، مۇقەددەس جاي ھېساپلىنىدىغان ئۆتۈكەن تاغلىرى ئۇلارنىڭ ئاساسلىق پائالىيەت مەركىزى بولغان. ئورخۇن خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن بۇ رايۇن خانلىقنىڭ مەركىزى

بولغان... مويۇنچۇر قاغان دەۋرىدە يەنى 750-751-يىللىرى ئون ئۇيغۇرلارنىڭ بىرقىسىم قەبىلىلىرى سىبىرىيەنىڭ جەنۇبىدىكى يەنسەي دەرياسىنىڭ يۇقۇرى ئېقىنىدىكى رايۇنلارغا يەنى ھازىرقى روسىيە تەۋەلىكىدىكى تۇۋا ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى تەۋەسىگە كۆچۈپ شەھەر ۋە بوستانلىقلارنى بەرپاقىلغان.شۇڭا ھازىرغىچە تۇۋادىكى بىرقىسىم كىشىلەر ئۆزلىرىنى بەزىدە«تۇۋا» دەپ ئاتىسا،يەنە بەزىدە«ئۇيغۇر ئولۇسى»دەپ قارايدۇ،بۇ يەردە ياشايدىغان ئورانخايلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ تىلىنى ئۇيغۇر تىلى دەپ قارايدۇ.1949-يىلى سابىق سېۋىت ئىتپاقى ئارخىلوگلىرى تۇۋا ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى تەۋەلىكىدە 12 ئورۇندىن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار تەرپىدىن ياسالغان شەھەر قەلئە خارابىلىرىنى تېپىپ چىققان.يەنە بىر قىسىم ئون ئۇيغۇر قەبىلىلىرى موڭغۇلىيەنىڭ غەربىدىكى ئېرغۇنا دەرياسى ۋادىلىرىغا كېلىپ خاتۇن بالىغ(يەنى قونچۇي بالىغ)شەھرىنى بىنا قىلغان.كېيىن تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ئوتتۇرسىدا قۇدىلىق مۇناسىۋەت ئورنىتىلغاندىن كېيىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇر قاغانلىرىغا ياتلىق قىلىنغان مەلىكىلىرى مۇشۇ شەھەردە تۇرغان.يەنە بىر قىسىم ئون ئۇيغۇر قەبىلىلىرى چۇغاي تېغى باغرىغا كېلىپ خاتۇن بالىغ شەھرى ۋە مېيجىيەن بالىغ (眉间城) شەھەرىنى بىنا قىلىپ، چارۋىچىلىق، سودا ۋە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.يە نە بىر قىسىم ئون ئۇيغۇر قەبىلىلىرى خېشى رايۇنىغا كېلىپ بۇ يەردىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرى بىلەن يېپەك يولى سودىسىنى ئاۋاتلاشتۇرغان. يەنە قۇجۇ بەشبالىغ رايۇنلىرىدىمۇ ئون ئۇيغۇرلارنىڭ بىرقىسىم قەبىلىلىرى بولغان.مانى دىن مەزمۇنىدىكى تۇركچە تېكىستە ( TM301نومۇرلۇق) كۆرسىتىلىشىچە ،قۇجۇنىڭ سىرتىدىكى يايلاقلارنى ئەل تۇتمىش قاغان ،بۆگۈ قاغان ئىدارە قىلغان. بۆگۈ قاغاننىڭ ئەتىۋارلىق ئوغلى ئەل ئۆگەسى تۈزلۈك بەگ قۇ جۇ شەھرىنىڭ بېگى بولغان. ئون ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى ھەققىدە «كونا تاڭنا مە،ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»دە:« سۈي سۇلالىسى دايى تۈنجى يىلى (مىلادىيە 605-يىلى) «ئۇلارنىڭ نوپۇسى 100 مىڭ، ئەسكەرلىككە يارايدىغىنى50 مىڭ،» ئىكەنلىكى خاتىرلەنگەن.....بۇ سان ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇ لۇشتىن 140يىل ئىلگىرىكى سان بولۇپ،ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇل غان، ئۇيغۇرلار قۇدرەت تاپقان مەزگىلدىكى ئەمەلىي نوپۇس دەپ ئېيتىشقا بولمايدۇ. » («ئورخۇن ئۇيغۇرخانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى »227-228- 229-بەتلەر.)

يۇقۇرىقى نەقىلدە 605-يىلدىن 846-يىلغىچە بولغان ئورخۇن ئۇيغۇرلىرى دەۋرىدە ئون ئۇيغۇرلارنىڭ تۇغلا،ئورخون،سېلىنگا دەريا ۋادىلىرىدىن ئىبارەت ئۆتۈكەن تاغلىرى بويلىرىدا ياشاپ پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقى،شۇ رايۇننى مەركەز قىلغانلىقى بايان قىلىنغان.ئۇنداقتا ئون ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن شۇ جايدا ياشى غانمۇ ؟ ياكى شۇ جايغا باشقا

يەردىن كۆچۈپ بارغانمۇ ؟ بۇ ھەقتە ئەنۋەر بايتۇر «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى»ناملىق كىتابىنىڭ464 ـ 465-بەتلىرىدە ئۇيغۇرلار بىلەن ئوغۇزلار يىراق قەدىمكى زاماندا تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىنى ئانا ماكان قىلغانلىقى ،مىلادىدىن ئاۋالقى 108-يىلىدىن كېيىن ئۇيغۇر قەبىلىلىرى خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتقا كىرىپ ھونلار بىلەن توقۇنۇشقان ئەنسىز ۋەزىيەتتە توقۇنۇشتىن يىراق تۇرۇش ئۈچۈن شەرققە -موڭغولىيە ئېگىزلىكىدىكى ئورقون، تۇغلا،سېلىنگا دەريالىرى بويلىرىغا كۆچۈپ كەتكەنلىكى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىتتىپاقدىشى بولغان ئوغۇزلار بولسا كۆچمەي تەڭرىتاغ ئەتراپلىرىدا ياشاپ قېلىۋەرگەنلىكى، شەرققە كۆچكەنلىرى شەرقىي ئۇيغۇرلار،تەڭرى تاغدا قالغان ئوغۇزلار بولسا غەربىي ئۇيغۇرلار دەپ ئاتالغانلىقى، موڭغۇلىيە ئېگىزلىكىگە كۆچۈپ بارغانلار كېيىن ئۇيغۇر دېگەن نام بىلەن قۇدرەت تاپقانلىقى،تەڭرىتاغدا قالغان ئوغۇزلار مىلادىيە 6-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن 7-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىغىچە كۆكتۈرك خانلىقى، ۋە غەربىي كۆكتۈرك خانلىقىنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن غەرىپكە-تالاس دەرياسى بويلىرىغا ،كېيىن تېخىمۇ غەرىپكە كۆچكەنلىكى،مىلادىيە 10-ئەسىرگە كەلگەن دە ئوغۇز تۈرۈكلىرى،سەلجۇق تۈركلىرى،تېخىمۇ كېيىن ئوسمان تۈرۈكلىرىنى،ئەڭ ئاخىرىدا نۇرغۇن تارىخي ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاپ بۈگۈنكى تۈركىيە تۈركلىرىنى شەكىللەندۈرگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.قەدىمدە تەڭرىتاغنى ماكان قىلغان ئوغۇزلار توققۇز ئوغۇزلارنىڭ ئەڭ چوڭ غول قىسمىدۇر.ئەمىلىيەتتە ھون دەۋرىدە شەرققە كۆچكەن ئۇيغۇرلار يەنى ئون ئۇيغۇرلارغا يەنە قىسمەن ئوغۇز ،-توققۇز ئوغۇز قەبىلىلىرىنىڭ قوشۇلۇپ كۆچكەنلىكىنى شۇنداقلا مىلادىيە 6-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرى دىن 7-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىغىچە تەڭرىتاغدىكى ئوغۇزلارنىڭ غول قىسمى غەربكە كۆچكەن بولسىمۇ يەنە بەلگىلىك ساندىكى ئوغۇز قەبىلىلىرىنىڭ تەڭرى تاغ ئەتراپلىرى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا قېپ قالغانلىقىنى جەزىم قىلىشقا بولىدۇ.

سېرىق ئۇيغۇرلار يازغۇچىسى تۆمۈر «سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ مىڭ يىللىق تارىخى»ناملىق كىتابىنىڭ 189-بېتىدىن 206-بېتىگىچە ئۆزئالدىغا يايلىقى بار بولغان 10 سېرىق ئۇيغۇر قەبىلىسى(ئۆتۈكى)ۋە ئۇندىن باشقا سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ 2قەبىلىسىنى تونۇشتۇرغان.سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ10قەبىلىسى: 1.چوڭ ئاقساقال قەبىلىسى(نويان ئۆتۈكى) 15 ئات جەمەتى دەپمۇئاتىلىدۇ. 2.نېمان ئوتوكى(نېمان ئوتوك)خەنزۇچە سەككىز ئات جەمەتى دېيىلگەن . 3.ئېچىنى ئوتوكى يەنى مۇنتى قەبىلىسى ،خوجايىن-پادىشاھ قەبىلىسى. 4.ياڭاك ئوتوك(ياڭكا ئوتۈك) تاڭغۇتچە خۋانبۇ ساۋۋا 5.سېرت ئەڭ ئوتوكى خەنزۇچە تۆت ئات قەبىلىسى دەپمۇ ئاتالغان. 6.گۇرھكې ئوتوكى خەنزۇ تىلىدا « 罗尔家»دەپ ئاتىلىدۇ. 7.باياد تاۋۇن ئوتوكى ،تاۋۇن-بەش،باياد -جەمەت، 8.ئارنېمان

ئوتۈكى،نېمان-سەككىز((西八个马) ئەسلى شىمالدىكى نېمان 9.ياغلاقار ئوتوكى (yalageijia 亚拉格家) ياغلاقار قەبىلىسى ،ئاق،قارا 10.خائوروكوتە ئوتوكى «jia hulangge))«呼郎格家،18ئات جەمەتى «1949- يىلى يېڭى جوڭگو قۇرۇلغاندا ھەرقايسى قەبىلىلەر ئاساسىدا يېزىلىق ھۆكۈمەتلەر قۇرۇلدى.بۇنداق ھالەت داۋاملىشىپ 1959-يىلغا كەلگەندە يايلاق چېگراسىنىڭ ئايرىلىشى سەۋەبلىك،كۆچكەندە ئىلگىرىكى ھالەت ئۆزگۈرۈپ كەتتى...ئەسلى يۇقۇرىقى 10 قەبىلە گورۇھى چېك سۇلالىسىنىڭ كاڭشى ۋە يوڭجېڭ يىللىرىدا بۆلۈپ بېرىلگەن يايلاقلارغا ئىگە دارچىلىق قىلغان.سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئون قەبىلىسىگە بۆلۈپ بېرىلگەن يايلاقلار 1959- يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان.(يۇقۇرىقى كىتاب205-191-بەتلەر.)سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ يۇقۇرىقى ئون قەبىلىسىدىن باشقا تونۇشتۇرۇشقا تېگىشلىك يەنەئىككى ئالاھىدەگورۇھى بار:1.خوڭنىباۋ سېرىق ئۇيغۇرلىرى (موڭغول تىلىنى قوللىنىدىغان)2. بانتا ئۆتۈكى (بانتا قەبىلىسى)»(يۇقۇرىقى كىتاب 205-بەت) يۇقۇرىقى ئون قەبىلە ۋە باشقا ئىككى قەبىلە بىرگە ھون لار دەۋرىدىكى ئونۇغۇ لارنى،ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئون ئۇيغۇرلارنى ئەسلىتىش بىلەن بىرگە يەنە ئىككى جەمەتنىڭ قوشۇلىشى مىلادىيە 4-ئەسىردىكى قاڭقىللارنىڭ ئالتە جەمەت،12 ئۇرۇقتىن تەشكىل تاپقانلىقىنى ئىختىيارسىز ئەسلىتىدۇ.چۈنكى قاڭىللارنىڭ12 ئۇرۇقى بولغانغا ئوخشاش سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭمۇ تاكى 20-ئەسىرنىڭ 50-يىللىرىغىچە ياي لىقى بار 10 قەبىلىسى بولغاندىن باشقا يەنە ئايرىم 2 قەبىلىسى بولۇپ جەمئىي 12 قەبىلىسى مەۋجۇت بولغان.

## 4 : گۇيفاڭلارنىڭ «9 ئۇرۇقى» ۋە شىمالىي ئامېركا ئىندىئانلىرىنىڭ «9 ئۇرىقى» ،شۇنداقلا توققۇز جاۋۇپ غۇزلىرىنىڭ «9 ئۇرۇقى» ھەققىدە مەلۇمات

ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى مەنبەلەرگەنەزەر ئاغدۇرساق گۇيفاڭلار(گورلارئېلى) نىڭ شاڭ، غەربىي جوۋ سۇلالىرى دەۋرىدىلا 9 ئۇرۇقتىن تەشكىل تاپقانلىقى ھەققىدە مەلۇمات قالدۇرۇلغان .«دىڭلىڭلار،قاڭقىللار ۋە تۇرالار»ناملىق كىتاب نىڭ 115-116بەتلىرىدە «شىيا، شاڭ،جۇ سۇلالىرى دەۋرىدىكى گۇيفاڭلار (گۇرلارئېلى) دىڭلىڭلارنىڭ ئۆزى ئىدى.« تاغ ئىزىملار قۇرى،ئەلنامە »دە خاتىرلەنگەن ئەللەرنىڭ ئىچىدە«گۇرلار ئېلى»بار بولۇپ گۇرئېلىدىكى كىشى لەرنىڭ ئالاھىدىلىكى «يەكچەشمە»ئىدى.شۇ كىتاپنىڭ«چەتئەللەر

»دېگەن بابىدا ئۇلارنى«يەكچەشمىلەر ئىبلى »دەپ ئاتاپ ئۇ ئەلدىكىلەرنىڭ ھەممىسى نىڭ «بىركۆزى يۈزىنىڭ ئوتتۇرسىدا چوقچىيىپ چىققان»دەپ كۆرستىلگەن «يەكچەشمىلەر» دېگەنلىك گۇرئىبلىدىكىلەرنىڭ بېشىغا كىيىدىغان دۇبۇلغىسى غاياكى يۈزلىرىگە تاقىۋالىدىغان نىقاپلىرىغا قارىتا ئېيتىلغان بولۇشى مۇمكىن» دەپ يېزىلسا «132-133-بەتلىرىدە«خۇەي جەمەتىنىڭ توققۇز ئۇرىقى يە نى يىن دەۋرىدىكى جۇۋاڭنىڭ مەزگىلىدىكى گۇربېگىنىڭ باشچىلىقىدىكى گۇي فاڭلارنىڭ ئەل بولغان قوۋملىرى ئىدى...گۇر بېگىنىڭ باشچىلىقىدىكى گۇي فاڭلارنىڭ ئەل بولغان قوۋملىرىنىڭ ئىچىدە توققۇزئۇرۇق ياكى توققۇزقەبىلى نىڭ بولغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن...جۇ سۇلالىسى قۇ رۇلغاندىن كېيىن خۇەي جەمەتىنىڭ توققۇز ئۇرىقى جۇ سۇلالىسىنىڭ پۇقرا لىرىغا ئايلانغان ئىدى.» دەپ يېزىلغان.

«جۇ سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن »دېگەن جۈملە مىلادىدىن ئاۋالقى 1066-يىلى قۇرۇلغان شەرقىي جۇ سۇلالىسىنى كۆرستىدۇ.دىڭلىڭلار(گۇيفاڭلار)دا توققۇز ئۇرۇق،توققۇز جەمەت چۈشەنچىسى ئېلىمىزنىڭ يىن (شاڭ سۇلالىسى مىلادىدىن ئاۋالقى 1600-1066-يىللار) دەۋرىدىلا ھەقىقەتەن مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى كۆرستىدۇ .ئەسئەت سۇلايمان «ئۇيغۇرلارنىڭ بۆرە تۇتېم مەدەنىيتى»كىتابىدا شىمالىي ئامېرىكا ئىندىئانلىرى بىلەن شىمالىي ئاسىيا رايۇنىدىكى ئالتاي تىللىرى سېستىمىسىغامەنسۇپ مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيتىدە ئوخشاشلىقلار بارلىقىنى تىلغا ئالىدۇ.«ئۇلارنىڭ قارىشىچە ،يەرشارىنىڭ مۇزدەۋرىدە شىمالىي ئاسىيا رايۇنىدا قاتتىق ئىقلىم ئۆزگىرشى يۈز بېرىپ،بېرىنگ بوغۇزى مۇز تۇتقان.شۇنىڭ بىلەن شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسى بىلەن ئاسىيا قىتئەسىنىڭ شەرقىي شىمالىي ئۇچى ۋاقىتلىق تۇتاشقان.بۇ چاغدا مۇشۇ رايۇنىدىكى ئېپتىدائى ئاھالىلەرئىككى قېتىم كۆچكەن.بىرىنچى قېتىملىق كۆچۈشتەخمىنەن 35 مىڭ يىللار ئىلگىرى بولغان.لېكىن بۇ ھەقتە تولۇق ئىسپات يوق.ئىككىنچى قېتىملىق كۆچۈش 15-18 مىڭ يىللار ئىلگىرى بولغان.ئامېرىكا قىتئەسىدىن قېزىۋېلىنغان مۇز دەۋرىگە ئائىت ئارخىلوگىيلىك تېپىلمىلارنى كاربون 14 ئارقىلىق ئانالىز قىلىش نەتىجىسىدە ،بۇ قېتىمقى كۆچۈشنىڭ يىل دەۋرىنىڭ توغرىلىقى ئىسپاتلانغان. بۇ خىلقاراشنى ئوتتۇرغا قويغان ئالىملار تېخىمۇئىلگىرلىگەن ھالدامۇنداق يەكۈننى چىقارغان:ئامېرىكا ئىندىيانلىرى ئەسلىدە شىمالىي ئاسىيا رايۇنىدىكى تارىختىن بۇرۇن بىرمەھەل گۈللەنگەن چوڭ قۇملۇقتا ياشىغان مەدەنىيەتلىك قوۋمدۇر،بۇگۈنكى كۈندە گەرچە بۇ قوۋم لۇق بىر پارچە قاقاس چۆللۈككەئايلانغان بولسىمۇ، لېكىن مۇز دەۋرىدە ئۇنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىم رايۇنلىرى يەلپۈنۈپ تۇرغان ئوتلاق ئىدى.« بۇ ھەقتىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى يىغىنچاقلىغاندا تۆۋەندىكى نەتىجىلەرگە

ئېرىشىمىز: بۇگۈنكى ئىنسانشۇناسلارنىڭ ھەممىسى ئامېرىكا ئىندىئانلىرى تارىختىن بۇرۇن قى ئاسىيالىقلار تىپىغا مەنسۇپ،ئۇلار ئىپتىدائىي موڭغۇل ئىرقىدىن كېلىپ چىققان دەپ قارايدۇ... ئىككىنچى ئىندىئان تىللىرىنىڭ تۈرلۈك دىئالېكىت-شىۋىلىرىنى تەتقىق قىلغان تىلشۇناسلارئىندىئان تىللىرىنىڭ ئاخىرقى مەن بەسى ئىپتىدائىي موڭغول تىللىرىغا بېرىپ تاقالغانلىقنى بايقىغان.ھەممىگە مەلۇمكى ئىپتىدائىي موڭغول تىلى ئىپتىدائىي ئالتاي تىلى (ئالتاي تىللىرى بۆلۈنۈپ چىقىشتىن ئىلگىرىكى ئانائالتاي تىلى)دىن بۆلۈنۈپ چىققان ۋەتەدرىجى تەرەققىي قىلغان تىل ئائىلىسىدۇر.شۇڭا ئىندىئان تىلى بىلەن ئالتاي تىللىرىسىستېمىسىغامەنسۇپ مىللەتلەر تىللىرىدا مۇئەيەن ئورتاقلىق بار دېيىشكە بولىدۇ.ئەنگلىيە ئىنسانشۇناسى ئېدۋارد تەيلور(Edward Bernatt TyLore 1832-1917 )نىڭ «ئىپتىدائىي مەدەنىيەت»ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە خاتىرىگە ئېلىنغان ئىندىئانچە سۆزلەربىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇرتىلىدىكى سۆزلەرنى سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى:

| ئۇيغۇر تىلى: | ئىندىئان تىلى: | مەنىسى: |
|---|---|---|
| ئاھ | ah | ھاياجاننى بىلدۈردىغان ئۈندەش سۆز |
| پۇۋ | pub | پۇۋدەشنى بىلدۈرىدۇ |
| ئۆھۇ-ئۆھۇ | hoh-ho | يۆتەل- ئاۋازنى بىلدۈرىدۇ |
| پىش-پىش | pish-pish | مۈشۈكنى قوغلاش ياكى چاقىرىش |
| ھەي | hai | ئادەمنى چاقىرغان ئاۋاز |
| ھىھ-ھىھ | hee-hee | كۈلكە ئاۋازى |
| كىش-كىش | ksih ksih- | ئات-ئۇلاغنى ھەيدىگەن ئاۋاز |

ئۈچۈنچى. ئارخېئولوگىيە جەھەتتە ئامېرىكا قىتئەسىدىن تېپىلغان ئاخىرىمۇزدەرىگە ئائىت بىرقىسىم ئىپتىدائىي قورال-سايمانلار ،تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە باشقا نەرسىلەرنى كاربون 14 ئارقىلىق ئانالىز قىلىش نەتىجىسىدە،جوڭگونىڭ شىمالىي قىسمى،موڭغول ئېگىزلىكى ۋە پۈتكۈل سىبىرىيىدىن تېپىلغان بۇيۇملار بىلەن تامامەن ئوخشاش چىققان. تۆتىنچى: ئىندىئانلارنىڭ ئۇرۇق- قەبىلە تۈزىمى بىلەن ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ، بولۇپمۇ تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئۇرۇق-قەبىلەتۈزۈمىنى سېلىشتۇرساق،ئاجايىپ زورئوخشاشلىقلارنى بايقايمىز. تۆۋەندە ئۆرنەك كۆرۈپ باقايلى:

بىرىنچى.ئىركوز ئىندىئانلىرىنىڭ ئۇرۇق-قەبىلە قۇرۇلمىسى:

ئۇرۇق:

قەبىلە :

قەبىلىلەر ئىتتىپاقى :

بۆرە،ئېيىق، تاشپاقا

قۇندۇز،

بىگىزتۇمشۇق،

سېنېكا قەبىلىسى،

ئىروكوز

كۆككوتان،قارچۇغا،بۇغا

قەبىلىلەر ئىتتىپاقى

بۆرە، ئېيىق، تاشپاقا،

قۇندۇز،بىگىزتۇمشۇق، كايۇگا قەبىلىسى،

يىلانبېلىق،قارچۇغا،بۇغا

ئىككىنچى:ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۇرۇق-قەبىلە تۈزۈلمىسى:

ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۇرۇق -قەبىلە تۈزۈلمىسى ۋە ئەمەل مەنسەپ تۈزۈلمىسى كۆكتۈرك خانلىقىنىڭكى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش، يەنى ئۇرۇق: قەبىلىلەر:

قەبىلىلەر ئىتتىپاقى: ياغلاقار، ئوتۇرقار، دىرىمار ئىچكى توققۇز قەبىلە

ئاۋۇچاگ، بوقاسقىر، قازار (ئون ئۇيغۇر ئۇيغۇر قەبىلىلەر) ياماقار، ئاياۋىر، قوغۇرسۇ،

ئۇيغۇر، بۆگۈ، هون

بايىرقۇ، توگرا، ئىزگىل، تاشقى توققۇز قەبىلە، ئىتتىپاقى

چۆبە،باسمىل،قارلۇق (توققۇز ئوغۇزلار )

بەشىنچى: ئامېرىكىدىكى ئوماخا ئىندىئانلىرى بىلەن كۆكتۈرك خانلىقى دەۋرىدىكى تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ تۇققانچىلىق مۇناسىۋەتلىرى بىلەن قېرىنداشلىق مۇناسىۋەتلىرى روشەن ئوخشاشلىققا ئىگە...ئالتىنچى:ئامېرىكا ئىندىئانلىرى بىلەن شىمالىي ئاسىيا

رايۇندىكى ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىغا مەنسۇپ مىللەتلەر ئوخشاشلا ئۇزاق مەزگىل شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان.ئۇلار دۇنيادىكى ئەڭ تىپىك شامان مەدەنىيىتى رايونىنى ھاسىل قىلغان بولۇپ،ئۇلارنىڭ شامانىزىم بىلەن باغلىنىدىغان ئۆرپ-ئادەتلىرى ،ناخشا-ئۇسسۇللىرى ۋە كۈي-مۇزىكىلىرىدا غايەت زور ئورتاقلىقلار ساقلانغان.بولۇپمۇ«مۇزىكا تارىخى تەتقىقاتچىلىرى ئامېرىكا ئىندىئانلىرىنىڭ ناخشا-مۇزىكىلىرى،خەلق ناخشا ئاھاڭلىرى بىلەن شىمالىي جوڭگودىكى مانجۇ،شىبە،ئېلۇنچۈن،ئېۋىنكى،موڭغۇل،داغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ خەلق ناخشا-كۈي ئاھاڭلىرىنىڭ ئوخشاشلىقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى بايقىغان. يەت تىنچى: ئامېرىكا ئىندىئانلىرىنىڭ شىمالىي ئاسىيا رايونىدىن كۆچۈپ بارغان لىقى ھەققىدە،ئىندىئانلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئەپسانە-رىۋايەتلىرىمۇ بىرنى مول ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ.موكوي ئىندىئانلىرى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان ئۆزلىرىنىڭ ئەسلى يىلتىزى بولغان توققۇزئۇرۇقنىڭ غەرب تەرەپتىن كۆچۈپ كەلگەنلىكى ھەققىدىكى ئەپسانە بىرگە ئىندىئانلارنىڭ مەنبەسىنى ئايدىڭ لاشتۇرۇپ بېرىدۇ. »(ئەسئەت سۇلايمان «ئۇيغۇرلارنىڭ بۆرە تۇتېم مەدەنىيى تى»41-42-43-44-45-46-47-48-49-بەتلەر)

يۇقۇرىقى ئىككى خىل چوڭ بايان -گۇيفاڭلارنىڭ توققۇز ئۇرۇقى ۋە ئامېرىكا ئىندىئانلىرىنىڭ توققۇز ئۇرۇقى ھەققىدىكى بايانلار بىرگە ئالتاي تىل سىستېمىسى نىڭ،بۆرە تۇتېمىنىڭ،شامان دىنىنىڭ،شۇنداقلا توققۇز رەقىمى مۇقەددەس لىكىنىڭ بىر-ئىككى مىڭ يىللىق تارىخ بىلەن چەكلەنمەيدىغانلىقىنى،ناھايىتى يىراق قەدىمكى زامانلارغا تۇتىشىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.گەرچە ئامېرىكا ئىندىئانلىرىنىڭ شىمالىي ئاسىيادىن كۆچۈپ بارغانلىقى ھەققىدىكى ھۆكۈم ئىسپاتلىنىش باسقۇچىدا كېتىۋاتقان بولسىمۇ شامان ئېتىقادچىلىقى ۋە توققۇز سان مۇقەددەسلىكىنىڭ ھېچ بولمىغاندا ئالتە-يەتتەمىڭ يىللىق تارىخ قا ئىگە ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرگىلى بولىدۇ.ئالتاي تىلى سىستېمىسىدىكى ئۈچ چوڭ تۈركۈم (مانجۇ-تۇڭگۇس تىلى،موڭغۇل تىلى،تۈركىي تىللار)نىڭ بىرى بولغان تۈركىي تىللار تۈركۈمى چوڭ گەۋدە بولغان دى،دىڭلىڭلار-تۇرا نىيلار مىلادىدىن ئاۋالقى 2500-يىللاردىن مىلادىدىن ئاۋالقى 1200-يىللار ئارلىقىدا شىمالىي ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدا نۇرغۇن ئىزلارنى قالدۇرغانلىقى ئارخېئولوگىيە جەھەتتە تالاي ئىسپاتلىنىپ،ھەرخىل مەدەنىيەت ناملىرى بىلەن ئاتالدى.

«غۇز ۋە توققۇز ئۇرۇق - «غۇز» تارىختىن بۇيان ئۆزگۈرۈپ كېلىۋاتقان مە دەنىيەت ئۇقۇمى.1919-يىلى ۋاڭ گوۋېي «غەربىي غۇزلار ھەققىدە تەتقىقات »قاتارلىق ئەسەرلەرنى يېزىپ بۇ ھەقتە قانائەتلىنەرلىك مۇلاھىزە يۈرگۈزگەن كېيىن لۇي سىميەن «غۇزلار ھەققىدە تەتقىقات»ناملىق ئەسرىدە ۋاڭ گوۋېي نىڭ :«پېقىرقەدىمكى ۋەسقىلەردۇنياسىنى

كەزگەندىن كېيىن،شۇنداق خۇلا سىگە كەلدىمكى،ئالدىنقى خەن زامانىدا هونلار ۋە غەربىي يۈرت ئاتاقتا قوشۇ لۇپلا غۇز دېيىلگەن.كېيىنكى خەننىڭ زاۋاللىققا يۈز تۇتىشى ۋە هونلارنىڭ ئايرىلىپ كېتىشى بىلەن غەربىي يۇرت خاس هالدا غۇز دەپ ئاتالدى.بۇ هەقتە ئارتۇق گەپ هاجەتسىز»دېگەن پىكرىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ئىدى...«يېڭى تاڭنامە»221-جىلد «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە سەمەر قەنت دۆلىتى ۋە ئۇنىڭ بېقىندىلىرى هەققىدە مۇنداق خاتىرىلەر پۈتۈلگەن.:« پادىشاهىنىڭ فامىلىسى ئون (هون 温) بولۇپ توخرىلاردىن،دەسلەپ چىلان تاغ (连山)نىڭ شىمالىدىكى جاۋۇپ شەهرىدە ياشايتى.كېيىنچە تۈركلەر(ئەس لى كىتابتا«هونلار»دەپ ئېلىنغان)تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ جەنۇپقا سۈرۈ لۈپ،پامىردىن ئۆتكەن ۋە شۇ ئەتراپقا ماكانلىشىپ قالغان، ئۇنىڭغا قارايدىغان بەگلىكلەردىن بۇخارا،ئۆرتۆپە،(كىبئوت)شاش، ماغىيان، خىۋا، خارازىم، ۋاردان، شەهرى سەبىز(كېش) قاتارلىقلار بولۇپ،ئادەت بويىچە توققۇز ئورۇق دەپ ئاتىلىدۇ.بىردەك جاۋۇپ جەمەتىدىن» غەربىي غۇزلارنىڭ «توققۇز ئۇرۇقى»هەق قىدىكى بۇ تەپسىلى بايانلارتوغرىسىدا فېك چېڭجۈن باشقا ئالاقىدار تارىخي ۋەسىقىلەردىن پايدىلىنىپ تۇرۇپ «توققۇز ئۇرۇقنىڭ توققۇزدۆلەتكە ۋەكىللىك قىلىشى ناتايىن»دېگەن پىكرىنى ئوتتۇرغا قويىدى ۋە ئۇنى مۇنداق كونكرېت چۈشەندۈردى:«توققۇز ئۇرۇقتىكى بۇخارا،سەمەرقەنت،ئۆرتۆپە،شاش،ماغىيان، خىۋا،شەهرى سەبىز(كېش)قاتارلىق يەتتە ئۇرۇق ۋەسىقە-پۈتۈكلەردە كۆپلەپ كۆزگە چېلىقىدۇ.ۋاردان دېگىنى فادى دېگەننىڭ باشقىچە يېزىلىشى بولۇپ، غەربىي بۇخارانى كۆرسىتىدۇ.خارازىم بولسا«تارىخي خاتىرلەر»123-جىلد «پەرغانە تەزكىرىسى»دە خارازىم دېيىلگەن.«بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى»دە بولسا خارازىمكا دېيىلگەن. «يۈەن سۇلا لىسى تارىخى»دا بولسا خارازىم دېيىلگەن.تاڭ دەۋرىدە بۇ ئىككى دۆلەتكىلەرنىڭ دۆلەت نامىنى فامىلە قىلغانلىقى كۆزگە چېلىقمايدۇ.سۈي-تاڭ دەۋرلىرىدىكى كۆپلىگەن تارىخي ئەسەرلەرۋە شۈەنزاڭنىڭ خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا،يەتتە ئۇرۇقتىن باشقا يەنە مەرۋى دۆلىتى دەپ يەنەبىرى بار.پېقىر ئۇنىڭ زادى قايسى دۆلەت ئىكەنلىكىنى مۇقىملاشتۇرۇشقا ئامىلسىز قالدىم.ئەمما توققۇز ئۇرۇقنىڭ توققۇز دۆلەتكە ۋەكىللىك قىلىشى ناتايىن،چۈنكى ئۆرتۆپە دۆلىتىدىن شەرقىي ئۆرتۆ پە،ئوتتۇرا ئۆرتۆپە،غەربىي ئۆتۆپە دەپ ئۈچى بار.بۇخارا دۆلىتىدىنمۇ شەرقىي بۇخارا،ئوتتۇرا بۇخارا،غەربىي بۇخارا دەپ ئۈچى بار.كېش دۆلىتىدىنمۇ چوڭ كېش ۋە كىچىك كېش دەپ ئىككىسى بولغان.يەنە كېلىپ ساۋ،ئەن،شى فا مىلىسىنى قوللانغانلارنىڭ ئاشۇ دۆلەتلەرنىڭ ئۆزپۇقرالىرى ئىكەنلىكىنى بېكىتكىلى بولمايدۇ.» توققۇز غۇزلار قەلئەلەر تۈپى بولۇپ ئۇيۇشقانلىقتىن،ئۇ لاردىكى بەزى فامىلىنىڭ ئاشۇدۆلەتكە تەۋەلىرى ۋە

بېقىنندى بەگلىككە تەۋەلى رىمۇ مەۋجۇت ئىدى.بۇ ئەھۋال ئۇلاردىكى مۇرەككەپ ئۇرۇق قۇرۇلمىسىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ،بۇنى «ئارىلاشما غۇزلار»دەپ ئاتاش ئانچە غەيرىلىك بولمىسا كېرەك.تاڭ دەۋرىدىكى توققۇز غۇزلار يەنى ئارلاشما غۇزلار ھەققىدە چېن يىنكى ئەپەندى ئىككى «تاڭنامە»ۋە نەزمىلەرنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق مۇن داق خۇلاسە چىقارغان ئىدى.«ئارىلاشما غۇزلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى توققۇز جا ۋۇپ غۇزلىرىنى كۆرسىتىدۇ.تاڭ دەۋرىنىڭ ئادەملىرى توققۇز غۇزلارنى ئارىلاش ما غۇزلار دەپ ئاتاشقا كۆنۈپ كېتىشكەن ئىدى.«ئارىلاشما»دېگىنى پەقەت قانداشلىق جەھەتتىكى مۇناسىۋەتنى كۆرسىتىشتىن سىرت يەنە سۇس ئېتنىك نامنى بىلدۈرەتتى.»...توققۇز غۇزلار جايلاشقان ماكان خەن-ۋېي-تاڭ سۇ لالىرى دەۋرىدە سوغدى ( سودەي ياكى سۇلى) دەپ ئاتالغان بولۇپ،شەرقتىن غەرپكە توغرىسىغا ئۇزۇنراق،جەنۇپ-شىمال كەڭلىكى تارراق كەلگەن ئوتتۇرا ئاسىيا بوستانلىقى ئىدى.قاق ئوتتۇرسىغا جايلاشقان خېۋە دۆلتى (كۇشان دۆ لىتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.)سوغدىيانا رايۇننى بۇخارا باشچىلىقىدىكى غەربىي سوغدىيانا ۋە سەمەرقەنت باشچىلىقىدىكى شەرقىي سوغدىيانا دەپ ئىككىگە بۆلۈپ تۇراتتى.پۈتكۈل سوغدىيا رايۇنىنىڭ جان يېرى شەرقتە بولۇپ،سەمەر قەنت يېتەكچىلىك قىلاتتى.«بارچە غۇز ئەللىرى سەمەرقەنتنى مەركەزھېساپ لايتى.شۇڭا سەمەرقەنت يولغا قويغان ۋە ئەمەلدىن قالدۇرغان قائىدە-يوسۇن لارنى يىراق-يېقىن ھەممىسى ئۈلگە قىلاتتى.ئۇلارنى فۇنكسىيىسى بويىچە پەيتەخت،شەھەرۋە قەلئە دەپ ئۈچ دەرىجىگە ئايرىشقا بولاەتتى.مەسىلەن سوغدىيانانىڭ پەيتەختى سەمەرقەنت بولۇپ،چوڭ شەھەرلىرى 30غا،كىچىك قەلئەلىرى 300 گە يېتەتتى.بۇخارانىڭ پەيتەختى ئاربامتان بولۇپ،چوڭ شەھەرلىرى 40 چە بولسا، كىچىك قەلئەلىرى 1000 دىن ئاشاتتى.سوغدى شەھەر،قەلئەلىرىنىڭ ئەمەل تۈزۈمىمۇ شەھەرلەرنىڭ ئوخشىمىغان فۇنكسىي لىرىگە ماس ھالدا خۇددى تاڭ تارىخنامىلىرىدە بايان قىلىنغاندەك پادىشاھ، شەھەر بېگى،ئۇلۇغ سەرداردېگەن ئۈچ چوڭ تۈرگەبۆلۈنەتتى»(سەي خوڭشىڭ «تاڭ دەۋرىدىكى توققۇز غۇزلار ۋە تۈرك مەدەنىيىتى »3-4-5-6-7-8- بەتلەر.) يۇقۇرىقى بايانىدا توققۇز جاۋۇپ غۇزلىرىنىڭ توققۇز ئۇرۇقى ھەققى دە مەلۇمات بېرىلگەن بولۇپ ئۇنىڭدىن ئۈچ خىل ئالاھىدىلىكنى بايقاپ ئالغى لى بولىدۇ.بىرى : توققۇزجاۋۇپ غۇزلىرى –سوغدىيانالىقلار مىلادىدىن بۇرۇنلا شەھەر-قەلئەلىلىشكەقەدەم قويغان بولۇپ،مىلادىيە7-ئەسىردە شەھەرلىشىش نىڭ يۇقۇرى پەللىسىگەقەدەم قويغان.توققۇز ئۇرۇق نامى كۆچمەن چارۋىچىلىق تىكى قەبىلە نامى بىلەن ئاتىلىشتىن شەھەر نامى بىلەن ئاتىلىدىغان بولغان. ئۇلاردىكى توققۇز شەھەر نامى ھەم شەھەر نامىنى ھەم ئۇرۇق نامىنى كۆرسىتى دىغان

قوش مەنگە ئىگە بولغان.يەنە بىرى: توققۇز جاۋۇپلاردا يەنى سوغدىيانا لاردا ئۇن ۋە توققۇزنى مۇققەدەس بىلىش ئۇلارنىڭ ئىككى چوڭ گۇرۇھقا –سەمەرقەنت گورۇھى ۋە بۇخارا گۇرۇھىغا بۆلۈنۈشتە ئەكس ئەتكەن.خۇددى ئۇيغۇرلار ئۇن ئۇيغۇر ۋە توققۇز ئوغۇزدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تۈپتىن تەش كىل تاپقىنىغا ،پۈتكۈل ئۇيغۇرلارغا ئۇن ئۇيغۇرلار باشلامچىلىق قىلغىنىغا ئوخ شاش توققۇز جاۋۇپ غۇزلىرى –سوغدىيانىلىقلارمۇ ئۇنلار گۇرۇھى بولغان سەمەرقەنت لىكلەر ئىتتىپاقى ۋە بۇخرالىقلار ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ گورۇھتىن تەركىپ تاپقان،،ئۇنلار گۇرۇھى بولغان سەمەرقەنتلىكلەر پۈتكۈل سوغدىيانا-توققۇز جاۋۇپ غۇزلىرىغا يىتەكچىلىك قىلغان. ۋە يەنە بىرى :توق قۇز جاۋۇپ غۇزلىرى پادىشاھىنىڭ ئۇن (هون ) ئاتىلىشىدۇر.قەدىمكى هون دەۋرىدىكى تەڭرىقۇت، كېيىنكى قاغان ناملىرى توققۇز جاۋۇپ غۇزلىرىدا ئىزچىللاشقان.خۇددى موڭغولىيە ئېگىزلىكىدە ۋە تەڭرى تاغىنىڭ شىمالىدىكى جوڭغار،جەنۇبىدىكى تارىم ئويمانلىقىدا تۇرانىيلار مىلادىدىن ئاۋالقى 1600 - يىللاردىن تاكى مىلادىيە 8-ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە ئىككى چوڭ گۇرۇھ-ئۇن لار(هونلار)ۋەتوققۇزلار(ئوغۇز)دىن ئىبارەت ئىككى چوڭ گورۇھقابۆلۈنىشى ئۇ زۈلمەي ئىزچىللىقنى سىجىل ساقلاپ كەلگىنىدەك سەمەرقەندنى مەركەز،باش لامچى قىلغان سوغدىيالىقلار ئۇن ئورۇق ۋە توققۇز ئۇرۇق چۈشەنچىسى تۈزۈل مىسنى ئەينەن هالىتى بىلەن داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. بۇ خىل ئوخشاشلىق ئۇلارنىڭ( شەرقىي تۇرانىي «دىڭلىڭ» ۋە غەربىي تۇرانىي«دىڭلىڭ»)نىڭ ئې تنىك تەركىبىنىڭ ئوخشاشلىقىدىن كېلىپ چىققان.نۇرغۇن تارىخى ئەسەرلەر دە جۈملىدىن ئەنۋەر بايتۇر «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى »ناملىق كىتابى دا ناھايىتى ئېنىق قىلىپ مىلادىدىن ئاۋالقى 1-2-ئەسىرلەردە شەرقىي دىڭلىڭلارنىڭ موڭغولىيە ئېگىزلىكىدە،غەربىي دىڭلىڭلارنىڭ تالاس دەريا ۋادى سى،سەمەرقەنتتە ياشايدىغانلىقىنى ئوتتۇرغا قويغان.شۇڭا سوغدىيانالىقلارنىڭ تۇرانىيلار-قاڭقىللار-تۇرالار-ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش ئۇن ۋە توققۇز ئۇرۇق گۇ رۇھلىرىدىن تەشكىل تېپىش، ئۇنلار پۈتۈن قەۋمگە باشلامچىلىق قىلىش ئەن ئەنىسىنى شەرقتىكى تۇققانلىرىغا ئوخشاش تاكى 9-ئەسىرگىچە داۋاملاش تۇرىشى شەرقتىكى تۇققانلىرى بولغان ئۇيغۇرلار بىلەن قېرىنداش-بىر قەۋم ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. گەرچە سوغدىيانالىقلارنىڭ كۆپى تۇخرى ۋەباشقا ياۋروپا ئىرقىدىكى مىللەتلەر بولسىمۇ شۇ رايۇندا قەدىمكى تۇرانىي ئاھالىلىرى بولۇشتىن سىرت تۇخرىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ياۋروپا ئىرقىدىكى قەۋملەرمىلادىيە 6-ئەسىردىن 8-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىغىچە تۈركلىششكە، 8-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن 112-ئەسىرگىچە ئۇيغۇرلىشقا باشلىغان.تاڭ سۇلالىسى مەزگىلىنىڭ ئوتتۇرلىرى يەنى8-ئەسىرنىڭئوتتۇرلىرى

توققۇزجاۋۇپ غۇزلىرى –سوغدىيانلىقلار تۈركلىششىنى ئاساسەن تاماملاپ بولغان مەزگىل ئىدى. 9-ئەسىردە ئىسلام دىنى سوغدىيانا رايونىدا كەڭ تارقىلىپ،10-ئە سىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئومۇمىي يۈزلۈك ئوموملاشتۇرۇلغاندىن كېيىنلا شا مان ئېتقادى شۇنداقلا ئون ۋە توققۇزنى مۇقەددەس بىلىش ئەقىدىسى سوغدىيانا رايونىدىن يوقىلىپ تارىخقا ئايلانغان.سوغدىيانالىقلار ئىسلام ئەقى دىسى ۋە مەدەنىيىتىگە ئۇيغۇن بولغان يېڭى دەۋرگە قەدەم قويۇپ، نەچچەمىڭ يىل داۋاملاشقان ئېتىقاد ۋە مەدەنىيەت بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلاشقان.

## 5 :«ئون» (10) رەقىمىنىڭ 1000يىل ئىلگىرىكى ئۇيغۇرچە ئاتىلىشى توغرىسىدا

«ئورخۇن يېزىقىدىكى يادىكارلىقلار ئورخۇن يېزىقى دەسلەپ ئورخۇن دەرياسى ئېقىپ قوشۇلىدىغان چوڭ دەريا-سېلىنگا دەرياسى بويىدىن تېپىلغان.ئۇ يەنە «يەنسەي يادنامىلىرى» دە ئاتىلىدۇ.ئۇ يادنامىلەر جەمئىي 85 پارچە...ھا زىر ئالتايدا تېلىنگۈتلار،تېلىۋۇ...قاتارلىق ئۈچ قەبىلە بار.« تېلى»دېگەن سۆز ئۇلارنىڭ تىلىدا ساقلىنىپ قالغان.« تېلىلارنىڭ تىلى-قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئانىسى»دەپ ھېساپلىنىدۇ.ئۇلارنىڭ ساناقلىرى باشقىچە ئىكەن.كو نا ئۇيغۇرچە ساناقلارنى ئىشلىتىدىكەن.ئون ئىككى دېگەننىڭ ئورنىغا ئىككى يىخىرمە،13 دېگەننىڭ ئورنىغا ئۈچ يىگىرمە،20 گە قاراپ 30،3 غا قاراپ 3 دەپ سانايدىكەن.قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ساناق شۇنداق ئىدى. بۇ ساناق 11-ئەسىرگە كەلگەندە ھازىرقى ساناققا ئۆزگەردى. ئۇلارنىڭ ئۈچ يىگىرمە دېگىنى يىگىرمىگە قاراپ ماڭغان ئۈچ،يەنى 13 دېگەن سۆز.« بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى»دىمۇ بۇخىل ساناق بار.(ئىبراھىم مۇتئى«ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى ۋە يېزىقى» ناملىق كىتابى 283-284-بەت،)«قەدىمكى ئۇيغۇرتىلى ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى توغرىسىدا»ناملىق ماقالىسىدىن ئېلىندى.)

يۇقۇرقى تېلەنگۇت،تېلىئو ھەققىدە تۆۋەندىكىدى ئىزاھاتلارنى بېرىش مۇۋا پىق.

«6.7ئايىق\ تۇلۇ گورۇپپىسى: ئالتايچە -ئالتاي تىلى روسىيە فىدرا سىيەسى ئالتاي ئاپتونوم رايونىدا ياشايدىغان ئۇيرات،تېلەنگىت،ۋە تېلېئۇت لار،شىمالىي ئالتاي دىيالېكتىداسۆزلىشىدىغان تۇۋا،كوماندى،چالقاندۇلارنىڭ يېزىق تىلىدۇر.ئالتايچىدا سۆزلىشىدىغانلارنىڭ ئومۇمىي سانى1989-يىلدى كى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا 70مىڭ 777كىشى. بۇ شىمالىي ئالتاي دىيالېكتلىرىدا سۆزلىشىدىغانلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.»

(تالات تېكىن، مەھەممەت ئۆلمەز،«تۈركىي تىللارغا كىرىش»117-118-بەتلەر.)

تېلەنگۈتلەرنىڭ قەدىمكى ئەھۋالى ھەققىدە:«تېلەنگۈتلەر دەسلەپ شەرقىي تۈرك خانلىقىغا تەۋە بولغان.ئورخۇن ئۇيغۇرخانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن قاغانلىقىنىڭ بىر قەبىلىسىگە ئايلانغان. ئۇلار تۇغلا دەرياسىنىڭ يېقىن ئەتراپلىرىغا جايلاشقان بولۇپ، ياراملىق ئەسكىرى ئونمىڭ ئىدى. ئۇلارنىڭ نامى ئورخۇن ئابىدىلىرىدە«تالانغۇت»دەپ يېزىلغان....تۇۋالار(توباسلار)تۇۋالارتوققۇز ئوغۇز لارغا تەۋە قەبىلىلەر بولۇپ،ھازىرقى روسىيە تەۋەلىكىدىكى تۇۋا ئاپتونوم جۇم ھۇرىيىتىگە جايلاشقان.ئۇلار تۇۋا(توباس)، مىلى، گېئېچى قاتارلىق ئۈچ قەبىلى دىن تەشكىل تاپقان.ئۇلارنىڭ شىمالىدا بايقال كۆلى،غەربىدە قىرغىز، جەنۇ بىدا ئۇيغۇرلار بار.»( ئەھەت سۇلايمان قۇتلۇق «ئورخۇن ئۇيغۇرخانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى» 236-237-بەتلەر.)

«قۇچۇ (ئۇيغۇر) مەھكىمىسى ساقۇرت پۈتۈكى» ئۇيغۇر تىلىنىڭ 15-ئەسىرگە ئائىت مۇھىم يادىكارلىقلىرىنىڭ بىرى...بۇ بىر تەرەپتىن پۈتۈكتە قارىخانىيلار ۋە قۇچۇ دەۋرىدىكى ئەدەبىي تىلنىڭ بىرمۇنچە خۇسۇسىيەتلىرى ئەينەن ساقلانغان بولسا،يەنە بىر تەرەپتىن (بولۇپمۇ لېكسىكا جەھەتتىن) ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ بىرمۇنچە خۇسۇسىيەتلىرىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ سۆزلۈكتە ئالدى بىلەن خاقانىيە ئەدەبىي تىلى بىلەن ئوخشاش نۇقتىلار مۇنۇ جەھەتلەردە بايقىلىدۇ: 1.خاقانىيە تىلى تۈركىي تىللارنىڭ d تىلى باسقۇچى دىن y تىلى باسقۇچىغا كۆچۈۋاتقان دەۋرى ھېساپلىنىدۇ.ئۇ تىلدا dl تىلى يەنىلا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىللەيدۇ.« قۇچۇ سۆزلۈكى»بۇ نۇقتىدا خاقانىيە تىلى خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆز پېتى ساقلىغان.ud (ئۆي) baduk (بۈيۈك) (adi ئېيىق)3 . خاقانىيە تىلىدا جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلار كۆپۈنچە سوزۇل مايدۇ.(ئىككى قاتلانمايدۇ. «قۇچۇ سۆزلۈكى» بۇ جەھەتتىمۇ خاقانىيە تىلىغا ئوخشايدۇ.مەسىلەن.ئوتتۇز( (Otuz توققۇز (tokuz)سەككىز((sakkiz ( yiti)7يەتتە قاتارلىق ساناق سېستېمىسىمۇ تولۇق ئۆزگىرىپ بولمىغان. (بىزگەمەلۇم كونا ئۇيغۇرچە ساناق سېستېمىسى ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا كىر گەندىن كېيىن،ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى بىلەن ئۆزگىرىشكە باشلىغان بۇ ئۆزگىرىش قەشقەرىيەدە10-ۋە 11-ئەسىرلەردە يۈزبەرگەن.)« قۇچۇ سۆزلۈكى»دىكى (11-(bir yigirma ay ئاي دېگەن سۆز بۇنىڭدىن دالالەت بېرىدۇ.بۇنىڭدىن باشقا«قۇچۇسۆزلۈكى»دە دەرىجە سان قوشۇمچىسى نىڭ ئىككى ۋاريانتى مەۋجۇت.مەسىلەن uqunq, ikindiدېگەندەك سۆز لەردىكى,ndi,nq قوشۇمچىلىرىغا ئوخشاش، بۇ قوشۇمچىلاردىمۇ خاقانىيە ئەدەبىي تىلىدىكى ئەنئەنە ساقلانغان. «قۇچۇ سۆزلۈكى» دىكى ساناق سىستېمىسىغا ئائىت سۆزلەردە يەنە tuman, yuztuman

ming,, yuz، مىليۇن، يۈز مىليۇن(koldi) مىليارد) （nayotدېگەن پۈتۈن بىرىۈرۈش ئاتالغۇلارنىڭ بولۇشى 15-ئەسىردىكى ئۇيغۇر تىلى ساناق سىستېمىسىنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى»(ئىبراھىم مۇتئى«ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىقى ۋە تىلى ھەققىدە»ناملىق كىتابى 424-425-426-427بەتلەر.)

ئەمدى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى «سۇنەن ئۇيغۇرلىرى»دەپ ئاتالغان سېرىق ئۇي غۇرلاردا قەدىمكى ئورخۇن خانلىقى ئۇيغۇرلىرىنىڭ ساناق ساناش ئادىتىنىڭ تا ھازىرغىچەئەينەن ساقلىنىش ئەھۋالىغانەزەر ئاغدۇرايلى:«بىز68 ياشلىق بىرپېشقەدەم كەنت شۇجىسىنىڭ ئۆيىگە كىردۇق.كەنت شۇجىسىنىڭ ئايالى نىڭ ئىسمى كاڭگان،ئانىسىنىڭ ئىسمى مىدۇق ئىكەن.كەنت شۇجىسىنىڭ ئىسمى ئاركاماكابولۇپ،باشتىن-ئاخىرىغىچە كۆرسىتىپ چوڭ سۈپەت ئولتۇر دى.ئۇنىڭ ئايالى ئاقرىپ كەتكەن ھەربىي شەپكەكىيىۋاپتۇ.ئۇ كۆرۈمسىز بولغىنى بىلەن تولىمۇ ئوچۇق-يورۇق،خۇشال،سۆزمەن،سادda ئايال ئىكەن .....كاڭگان موماي يەنە بىزنىڭ تەلپىمىزگە ئاساسەن 1دىن100 گىچە بولغان سانلارنى سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ساناق ساناش ئادىتى بويىچە ساناپ بەردى...خىتى-ئالتە،يىتى-يەتتە،ساققىس-سەككىز،توقس-توققۇز، ئوم-ئون،بىرئومبىر-ئونبىر(11)بىرئومئىككى-ئون ئىككى (12)بىر يىھرمى-يىگىرمە بىر(21)....... ھامۇ سېرىن (خەنزۇچە ئىسمى (دۇگۇيىڭ)مومايىنىڭ سېرىق ئۇيغۇرچە ئىسمى يوق ئىكەن.(71ياشقا سېرىق ئۇيغۇرچىدا«يىتى ئومبىر» ياشقا)كىرىپتۇ»(ئابلىزئۆمەر ھاجى «تەڭرى داۋان ئېتەكلىرىدە»ناملىق 2004-يىلى قومۇلدا يېزىلغان.2015-يىلى 12-ئاينىڭ 2-كۈنى «باغداش مۇنبىرى»نىڭ «ئۇيغۇرنىڭ كۆزى» سەھىپىسىدە ئېلان قىلىنىپ ،نادىرلانغان شۇ تېمىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى.

«قەدىمكى تۈركلەرگە چوڭقۇر ئورناشقان سان ئۇقۇمى «ئون ئىككى»ئەمەس بەلكى «ئون»، تۈركلەرنىڭ ئەجدادلىرى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ ھەممىسىلا «ئون»بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك،تۈركلەرنىڭ ئەجدادلىرىدىن بىرئوغۇل بولۇپ «ئون ياش»ئىكەن.ئۇ چوڭ بولغاندىن كېيىن بىرچىشى بۆرە بىلەن جۈپلىشىپ ئۇنىڭدىن«ئون ئوغۇل» تۇغۇلۇپتۇ. نۇرتۇرلۇقنىڭ «ئون خوتۇنى» بارئىكەن.ئەل بىنا قىلىنغان دەسلەپكى يىللاردا«يۇقۇرى-تۆۋەن ئەمەل مەنسەپلەرجەمئىي ئون دەرىجەبولغان»تۈرك قانۇنىدا:« ئوغرىلىق قىلغۇچى ئوغرىلىغان نەرسىنىڭ ئون ھەسسىسى بويىچە جەرىمانە تۆلەيدۇ»دەپ بەلگىلەنگەن.غەربىي تۈركلەرنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي تۈزۈلمىسىگىمۇ «ئون» لۇق تامغا بېسىلغان.« كونا تاڭنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە»دە:« بۇ دۆلەت ئون بۆلەككەبۆلۈنۈپ،ھەربىر بۆلەككە بىركىشى باش بولدى ۋە ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ئون شاد دەپ ئاتالدى»كۆرۈنۈپ تۇرىدۇكى، ئىككى

ئالقاننىڭ بارماق ساندىن كەلگەن «ئون»رەقمى ئىستىخىيلىك ھالدا تۈركلەردىكى ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىنىڭ تەشكىلى سىستېمىلىرىدا ۋە ئۇنىڭغا ماس ھالدا ھەربىي بىرلىكلەردە قوللىنىلغان. نامى جاھانغا تارالغان قاغان«تۈمەن» (ئونمىڭ)نىڭ نامىمۇ «ئون» نىڭ تۆتىنچى دەرىجىسى ئىدى.شۇنى مۇقىملاش تۇرۇشقا بولىدۇكى،قەدىمكى تۈركلەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇقۇمىدا« ئون» كائىنات تىكى سىرلىق رەقەم بولۇپ قالغان.(سەي خوۋشىڭ «تاڭ دەۋرىدىكى توققۇز غوزلار ۋە تۈرك مەدەنىيىتى»ناملىق كىتاب309-ۋە310-بەت.)

يۇقۇرىقى مەلۇماتلار ھازىرمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋاتقان ئالتاي تىلى دىيالېكت لىرىغا تەۋە تىلەنگۇت،تېلېئوت،تۇۋا قاتارلىق تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ، 15-ئەسىردىكى قۇچۇ(تۇرپان)ئۇيغۇرلىرىنىڭ شۇنداقلا ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكى سى سۇنەن ناھىيىسىدىكى سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىدا قەدىمكى ئورخۇن خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ساناق ساناش ئادىتىنىڭ ئەينەن  قېلىش ئەھۋالىنىڭ ئىنتايىن ئوخشاشلىقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرستىپ بېرىدۇ.تۇۋا لار،گەنسۇ سۇنەن سېرىق ئۇيغۇرلىرى،15-ئەسىردىكى تۇرپان،قۇمۇل ئۇيغۇر لىرىدا ئورخۇن دەۋرىدىكى تېخىمۇ توغرىسى يىراق قەدىمكى ھون دەۋرىدىكى قەدىمكى –ئەڭ كونا ساناق ساناش ئادىتى قۇمۇل، تۇرپاندا 15-ئەسىرگىچە  قەشقەر، كۇچادا 10-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىغىچە داۋام قىلغان.پەقەت ئالتايدىكى تۇۋالار بىلەن گەنسۇدىكى سېرىق ئۇيغۇرلاردىلا تا بۈگۈنكى دەۋرگىچە داۋام لاشقان.ئالتايدىكى تۇۋالاردا ھازىرمۇ داۋام  قىلىۋېتىپتۇ.ئەڭ قەدىمكى شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلىشمۇ داۋام قىلىۋېتىپتۇ. مەيلى 15-ئەسىردىكى تۇرپان ئۇيغۇرلىرى بولسۇن ياكى بۈگۈنكى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى سۇنەن ئۇيغۇرلىرى ۋە ياكى بۈگۈنكى تىلەنگۈت، تېلېئوت، تۇۋا  مىللەتلىرى بولسۇن ئورخۇن دەۋرىدىكى شامان دىنىغا ياكى بۇددىزىما دىنىغا بولغان ئەڭ قەدىمكى ئېتىقادىنى بولۇپمۇ ئورخۇن دەۋرىدىكى ئۆرپ-ئادەتلىرىنى ساقلاپ قالغان. يۇقۇرىقى ئۈچ خەلق توپىنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرى بىۋاستە ھالدا ئورخۇن ئۇيغۇرخانلىقىغا بىۋاستە باغلىنىدۇ. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرى جۈملىدىن ساناق ساناش ئادەتلىرى كۆكتۈرك خانلىقىنىڭ ئادەت-يوسۇنلىرىنى ئۆرنەك قىلغان. كۆكتۈرك خانلىقى ئۆرپ-ئادەتلىرى بولسا ھونلارنىڭ ئۆرپ-ئادەت لىرىنىڭ تەبئىي داۋامى ئىدى.

ھونلاردا تۈمەن(مىلادىدىن ئاۋالقى 209-يىلىغىچە دەۋر سۈرگەن) تەڭرىقۇت ۋەتۈمەن شەھرى(بۈگۈنكى ئوردۇس يايلىقى ئەتراپى) دېگەن نامىنىڭ بولۇشى، ھونلاردا مىلادىدىن ئاۋالقى 1300-يىللاردىكى  چۈنۋېي زامانىدىن مىلادىدىن ئاۋالقى 209-يىلدىكى تۈمەن تەڭرىقۇت دەۋرىگىچە«ئون»نى مۇقەددەس بىلىش ئىنتايىن يۈكسەك

ئورۇنـدا تۇرغـانلىقنى كۆرـۋالغىلى بـو لـدۇ. بۇگـۈنكى سـېرىق ئۇيغـۇرلاردىكى ۋە ئالتـاي تىلەنگۈتلىرى، تۇۋالرىـدىكى سا نـاق سـاناش ئادىتىنـىڭ ناھـايىتى يـىراق مەنبەسـى ھـون سـەلتەنەتى دەۋرىـدىكى ھونلارنـىڭ «ئـون»نـى يۈكسـەك،مۇقەددەس بىلىشـگەبېرىپ تاقىلىدۇ. «تۈمەن يىللاريا شىسۇن»دېگەن گەپنىڭ ئەسلى مەنبەسى ھونلارنىڭ تۈمەن تەڭرىقۇتى دەۋرىدە«تۈمەن يىللار -مەڭگۈ دەۋر سۈرىدىغان تەڭرىقۇت»سۆزىدىن«تۈمەن تەڭرىقۇت» ئاتالغۇسى بارلىققا كەلگەنلىكىنى،كۆكتۈرۈك خانلىقىنىڭ قۇرغۇچى سى بـومىن قاغـان شـۇ ئەڭ قەدىمىـي ئەنئەنگەۋارىسـلىق قىلىـپ «تـۈمەن قاغـان» ئاتالغۇسـىنى قوللانغانلىقىنى قىياس قىلىشقا بولىدۇ.ئوتتـۇرا تـۈزلەڭلىكتە پادىشـاھلارنى «تـۈمەن يىلـلار ياشىسۇن» دېگەن شۇئارنىڭ تاڭ سۇلالىسى ئە مەس بەلكى غەربىـي خەن سۇلالىسـى يـاكى چـىن سۇلالىسـى دەۋرىـدىكى چىنشـىخۇاڭ زامانىـدىن باشـلاپ بارلىققـا كەلگەنلىكىنى،ئـۇ ئادەتنىڭ تـۈمەن تەڭرىقـۇت زامانـدىكى ھـونلاردىن ئوتتـۇرا تـۈزلەڭلىككە كـۆچكەنلىكىنى قىيـاس قىلىشـقابولىدۇ.خەنـزۇلاردا بۈگـۈنكى كۈنـدىمۇ «تـۈمەن»دىـن ئىبـارەت ئوننـىڭ 4- خانىسنى ھېساپلاش بىرلىكى قىلىـپ،«»«五万»«五百万»«五千万 سـاناش ئـادىتى سـاقلانماقتا.خەنـزۇلار بۈنىڭـدىن 2000 يىـل ئىلگـىرى ھونلارنـىڭ تەسـىرىگە چوڭقـۇر ئۇچرىغان.خەن دەۋرى ۋە كېيىنكى مەزگىللەردە خەنزۇ لار ھونلارنىڭ«تەڭرىقۇت»(黄帝) ئاتالغۇسـىنى قوبـۇل قىلغـان.مەدەنىـيەت ئىنقى لابـى مەزگىلـىدە«ماۋجۇشى تـۈمەن يىللار ياشىسۇن!» دېگەن شۇئار ئون يىل توۋلاندى.« تۈمەن يىللار ياشىسۇن!»دېـگەن ئىبـارە ۋە ھونلارنىڭ «تۈمەن »ئاتالغۇسى بويىچە ساناق ساناش ئـادىتى خەنـزۇلار تەرىپىـدىن قوبـۇل قـى لىنغـانمۇ -يـوق؟ بـۇنى تەتقـىق قىلىشـقا تـوغرا كېلىـدۇ.شىيا،شـاڭ،غەربىي جـوۇ، ئەمىنىيە،يىغىلىق دەۋرى،چىن،خەن دەۋرلىرىدە خەنزۇلاردا ئون ياكى توققۇز نى مۇقەددەس بىلگەنلىك ھەققىدىكى مەلۇمات يوق.خەنزۇلارنـىڭ «تـۈمەن» بـويىچە سـاناش ئـادىتىنى ۋە «تۈمەن يىللارياشىسۇن» ئىبارىسىنى ھونلاردىن قوبـۇل قىلغـانلىق ئېھتىمـالى كۈچلـۈكرەك. بۇ تەتقىق قىلىنىشقا تېگىشلىك مە سىلە ھېساپلىنىدۇ.

### 6: «سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ مىڭ يىللىق تارىخى» ھەققىدە

بۇ بۆلەكتە سېرىق ئۇيغـۇرلار تـارىخى ھەققىـدە مەخسۇس قىسقىچە توختىلىشتىكى مەقسەت: تۈركىي تىل سىستېمىسـىدىكى ئاساسـلىق قەدىمكـى قـوۋملار بولغـان تـۇرانىيلار،

هونلار، كۆكتۈركلەر، قەدىمكى ئۇيغۇرلار، ئوغۇزلاردا شامان ئېتىقادچىلىقى، تۈركچە تىل تۈركۈمگە كىرىدىغانلىقى، كۆك بۆرىنى ئورتاق تۇتېم قىلغانلىقى، كۆچمەن چارۋىچىلىقتىن ئىبرەت ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش شەكلىنى قوللانغانلىقى، ئورتاق هالدا تۈركچە ئىرققا كىرىدىغانلىقى، ياشاش ماكانى جەھەتتىكى ئورتاقلىقى، ئون ۋە توققۇزنى مۇقەددەس بىلىش ياكى ئوننى مۇقەددەس بىلىشتىكى ئورتاقلىقىدىن ئىبارەت 7 چوڭ جەھەتتىكى ئورتاقلىق قەدىمكى تۇرانىيلار، هونلار، كۆكتۈركلەر، قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا ئىزچىللاشقان ۋە تاكى 10-ئەسىرگىچە داۋاملاشقان.1000 يىلدىن ئىلگىرى كى شۇ ئۇزاق قەدىمكى تارىخ بەكمۇ يىراقتا قالدى. شۇنداقتىمۇ بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز بولغان ياكى ئەجدادلىرىمىز بىلەن ناهايىتى قويۇق باغلىنىشلىق بولغان تۇرانىيلارنىڭ، هونلارنىڭ، كۆكتۈركلەرنىڭ، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ، ئوغۇزلارنىڭ تارىخى ۋە مەۋجۇتلۇق ئەھۋالىنى بەكمۇ بىلگىمىز كېلىدۇ. ئەپسۇس ئۇ ھەقتىكى تارىخي ئەسەرلەر،يازمىلار،ئۇچۇرلار چەكلىك بولماس تىن ئارخىلوگىيلىك پاكىتلار،ئاساسلارمۇ ئوخشاشلا چەكلىك.خۇشاللىنارلىق ئەھۋال شۇكى تەلىيىمىزگە قەدىمكى شۇ ئەينەنلىكنى ساقلاپ بۈگۈنكە يەت كۈزگەن ۋە داۋاملاشتۇرۋاتقان تۈركچي تىللىق ئىككى مىللەت بار.ئۇلارنىڭ بىرى:سېرىق ئۇيغۇر.يەنە بىرى بۈگۈنكى روسيە فىدراسىيەسى تەۋەلىكىدىكى ئالتاي تۇۋا ئاپتۇنوم جۇمھۇرىيىتىدىكى تۇۋا، تېلەنگۇت، تېلئۇتلاردۇر. سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە تۇۋالارنىڭ ئەھۋالىدىن تولۇق خەۋەردار بولۇش قەدىمكى تۇرانىيلار-دىڭلىڭلار،هونلار-هون ئېمپىرىيىسىگە تەۋە قوۋملار،كۆكتۈركلەر، ئورخۇن ئۇيغۇرلىرى، ئوغۇز تۈرۈكلىرى-سەلجۇق تۈركلىرىنى چۈشىنىشتە مۇھىم يىپ ئۇچى ۋە پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە ئەھۋاللار بىلەن تەمىنلەش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە.بىراق تۇۋا،تېلەنگۇت،تېلئۇتلار ھەققىدە تەتقىقات يوقنىڭ ئورنىدا.سېرىق ئۇيغۇرلار ھەققىدە بولسا سېرىق ئۇيغۇرلار تارىخچىسى ۋە ئەدىبى تۆمۈر«سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ مىڭ يىللىق تارىخ» ناملىق قىممەتلىك ئەسەرنى يېزىپ نەشر قىلدۇرغان.تۈركچي تىللىق مىللەت،قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ كېيىنكى يەنە بىرتۈركۈم ئەۋلادى-سېرىق ئۇيغۇرلارنى بىلىپ چىقىش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.تۆۋەندە شۇ ھەقتە توختىلىمەن.

سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخچىسى ۋە يازغۇچىسى تۆمۈر «سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ مىڭ يىللىق تارىخى» ناملىق كىتابىنى ئابدۇراخمان مۇتىلا ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان.بۇ كىتاب شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرپىدىن 2012-يىلى 10-ئايدا 1-قېتىم نەشر قىلىنغان. كىتابىنىڭ «كىرىش سۆزى»دە مۇن داق بايان بار:«ئادەتتە تارىختا يېزىقى بولمىغان كۆچمەن چارۋىچى مىللەت لەتلەرنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشىنى تازائېنىق بىلمەيدۇ. ئەمما سېرىق ئۇيغۇرلاردەل ئۇنىڭ ئەكسىچە. سېرىق ئۇيغۇرمىللىتىنىڭ

بىرقانچەيۈز يىللىق تارىخنى ئېنىق سۆزلەپ بېرەلەيدۇ»كىتابتاسىرىق ئۇيغۇرلارنىڭ 1950 -يىلغىچە سېرىق ئۇيغۇر،1950-يىلدىن يۇغۇرمىللىتى دەپ ئاتالغانلىقىنى ،سېرىق ئۇيغۇرلارتارىختىن بۇيان شەرقىي سېرىق ئۇيغۇر(موڭغۇل تىلىداسۆز سۆزلىشىدىغان)، غەربىي سېرىق ئۇيغۇر(تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان) دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنگەنلىكى، ئۇلارنىڭ تارىخى مىلادىدىن ئىلگىرىكى زامانلاردىن مىلادىيە 1800-يىللارغىچە بولغان ئارلىقتا هونلار، كۆكتۈركلەر، موڭغوللار بولۇپمۇ 13-ئەسىردىن 18-ئەسىرگىچە دەۋر سۈرگەن موڭغۇللار نىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغانلى قى،يەنى هونلار، كۆكتۈركلەر، ئۇيغۇرلار، موڭغوللار سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەركىبىنى تەشكىل قىلغان مەنبە ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان.كىتابتا«يۇغۇرلارنىڭ تەركىبى ئىنتايىن مۇرەككەپ بولۇپ، يۇغۇرلارنىڭ ئاسىيا، ياۋروپا يايلاقلىرىدىكى نۇرغۇن مىللەتلەر بىلەن ئىنتايىن قويۇق مۇناسىۋىتى بار. شۇنداق دېيىشكە بولۇدىكى«ئۇلارئۆز-ئارا قوشۇلۇپ،سىڭىشىپ ياشىغان». تاكى هازىرغىچە دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا بىرقانچەمىللەت ئۆزىنى يۇغۇر(سېرىق ئۇيغۇر) دەپ ئاتاپ كەلمەكتە. يۇغۇر لار ئوتتۇرا ئاسىياغا مەنسۇپ مىللەت.ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرى دېگىنىمىز-بارلىق تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنى، ئىنچىكىلىگەندە ئالتاي تىلى سىستېمىسىغا مەنسۇپ بولغان تۈركىي تىل تۈركۈمى، موڭغول تىلى تۈركۈمى، توڭ گۇس تىلى تۈركۈمگە تەۋەمىللەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. يۇغۇرلارنىڭ تارىخى-ئاسىيا-ياۋروپا يايلاقلىرىدىكى نىشاندىن ئادىشىپ قالغانلارنىڭ ،سەرگان دانلارنىڭ تارىخىدۇر. شۇنداقلا ئۆزگىچىلىككە ئىگە بىرخىل يايلاق تارىخىدۇر» «ئاسىيا-ياۋروپا يايلاقلىرىدا ناهايىتى نۇرغۇن چوڭ-كىچىك كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر ياشىغان. بۇ كىتابتا بايان قىلىنغان يۇغۇرلار شۇ مىللەت لەرئارىسىدىكى بىر مىللەتتۇر.ئاسىيا-ياۋروپا يايلاقلىرىدا ياشىغان چوڭ كۆچ مەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ قانداشلىق مۇناسىۋىتى بار..كۆچمەن چارۋىچى لارنىڭ چارۋىچىلارنىڭ چەۋاندازلىرى گاھ دوناي دەرياسى بويىدا پەيدا بولسا، گاھ هازىرقى بېيجىڭ ۋە داتوڭدىكى شەهەرسېپىللىرىدا پەيدا بولۇپ تۇر غان.3000 يىلدىن كۆپەرەك ۋاقىتتىن بۇيان ئاسىيا-ياۋروپا قىتئەسىدىكى بۇ كەڭ زېمىن داكۆچمەن چارۋىچىلارتوختىماستىن چېپىپ ئۆتكەن. ئۇلار ئەقىل-پاراسەتلىك، ئېغىر-بېسىق، ئەملى يەتچىل ۋە كۆپچىلىكنى دادىللىق بىلەن يېتەكلەشكە ماهىر ئىرقتۇر.كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ قانداشلىق باغلى نىشى ماكان ۋە زاماندىن هالقىغان باغلىنىشتۇر. كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ ئەنئەنىسى خەلقئارا خاراكتىرگە ئىگە ئەنئەنىدۇر.شۇڭا كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ نوپۇزى توپتوغرا 3000 يىل داۋاملاشتى. ئۇيغۇر(سېرىق)لارنىڭ ئەجدادى مانا مۇشۇيايلاقنىڭ تارىخ سەهنىسىدە دۇنياغا كەلگەن.»( تۆمۈر،يۇقۇرىقى كىتاب1-2-3-

4-5-بەتلەر.) «2400يىل بۇرۇن ئاسىيا-ياۋروپا«ئۇيغۇر»دېگەن نام پەيدا بولغان.ئىنچىكە سۈرۈشتۈرسەك ئۇيغۇرلار605-يىلى باش كۆتۈرۈشتىن 800 يىل بۇرۇنلا ئۇيغۇر(يۇغۇر-سېرىق ئۇيغۇر)مەۋجۇت ئىدى.... كۆك بۆرە يۇغۇرلارنىڭ قەلبىدە مۇقەددەستۇر.ئادەتتە ئۇلار كۆك بۆرىنىڭ نامىنى بىۋاستە ئاتىماي«قاراساقال تاغا» ( xasahalt nagtf )دەپ ئاتايدۇ... «ئۇيغۇر سۆزىنىڭ بىرىنچى:قوشۇۋالماق، بىرلەشمەك، ئىككىنچى: بىرلەشمەك، ئۈچۈنچى: مەدەنىيەت،ئەقىل-پاراسەت دېگەن مەنىلىرى بار.يەنە موڭغۇلچە «ئورمان» ئادىمى دېگەن مەنىسمۇبار.يۇغۇر بىلەن ئۇيغۇر بىرئاتال غۇ بولۇپ،كېيىنكى چاغلاردا تۈرك تىلى شىۋىلىرى پەرقى بىلەن ئىككى خىل(يۇغۇر-خېمىر يۇغۇر،ئۇيغۇر-قېتىق ئۇيىدى) ئاتىلىدىغان بولغان.ئۇيغۇر ياكى يۇغۇردېگەن بۇنام دەسلەپتە ئىرق نامى ئەمەس،سىياسى نام بولۇپ،ھون دېگەن نامغا ئوخشاش قەبىلىلەر بىرلەشمىسى دېگەن مەنىدە قوللىنىلغان ۋە مەنىسى زامان-ماكانغا ئاساسەن ئۆزگىرىپ تۇرغان.ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى مىلادىدىن ئاۋالقى6-ئەسىردىلا قۇللۇق جەمئىيەتكە قەدەم قويغان.ھون ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە،ئەڭ ئاۋالقى ئۇيغۇرلار ھونلارنىڭ بىرقەبىلىسى بولۇپ، ھونلارنىڭ بىرقىسمى ئىدى.ھونلارنىڭ ئاساسلىق قىسمى غەربكە كۆچكەندىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپ قىسمى موڭغۇل ئېگىزلىكىدە قېلىپ ئاۋار (جورجان)لار تەرىپىدىن بويسۇن دۇرۇلغان....ئۇيغۇرلار ئوخشاش ئىرقتىن بولغان تۈرك ھۆكۈمرانلىرى بىلەن ئىناق ئۆتمىگەن.ئۇلار دائىم ئۆزلىرىنىڭ زېمىنىدىن تۈرك ھۆكۈمرانلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ تۇرغان.ئەينى ۋاقىتتا ئاز بىرقىسىم ئۇيغۇرلار تاڭغۇت-زاڭزۇلار يايلىقىغا يەنى چىلانتاغنىڭ جەنۇپ، شىمالىغا كۆچۈپ بارغان.ئۇلارتۈنجى تۈركۈمدەشۇ يەرگە كۆچۈپ بارغان ئۇيغۇرلاردۇر.ئۇلار تاڭغۇتلارغا بارا-بارا سىڭىشىپ كەتكەن.تاڭغۇتلار ئۇلارنى «خور»( (horدەپ ئاتىغان....ئۇيغۇرلار ئورخۇن دەرياسى بويىدا ئۆزىنىڭ ھاكىمىيەت مەركىزىنى قۇرغان.ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئىچىدە ياغلاقار (jaglabar) قەبىلىسى ئەڭ كۈچلۈك بولۇپ،ھېچقاچان باشقىلاردىن يېڭى لىپ باقمىغان. شۇڭا ئۇلۇس باشلىقلىرىنىڭ كۆپۈنچىسى مۇشۇ قەبىلىدىن كېلىپ چىققان...745-يىلى ئورخۇن ئۇيغۇرقاغانلىقى قۇرۇلغاندا تۈركخان لىقى دەۋرىدىكى نۇرغۇن چارۋىدارلار، شاھزادە، بەگلەر بىر ئۆرۈلۈپلا ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئېسىلزادىلىرى بولىۋالغان.ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ ئامراق ئېچىملىكى قىمىز ئىدى.ئۇنىڭدىن قالسا قېيىن شەربىتى(سۈتى-سۈيى)نىمۇ ياقتۇرۇپ ئىچەتتى.ئۇيغۇر قاغانلىرىنىڭ چېدىرى ئاق،شەكلى يۇملاق بولۇپ،ئىچىگە كالا تېرىسى،تېشىغا كىگىز ئىشلىتەتتى.بۇنداق كىگىز ئۆي تەرەققىي قىلىپ، كېيىن موڭغۇللارنىڭ كىگىز ئۆيى بولۇپ قالغان.قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ بارى گاھلىرىدا ئۇلارنىڭ چېدىرلىرى ھامان بىر چوڭ چەمبەر شەكلىدە تىكىلەتتى...755-يىلى ۋە 762-يىلى ئىككى قېتىم

ئاتلىق ئەسكەر ئەۋەتىپ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى قىتان مىللىتىدىن بولغان ئۆچلۈك، سۆيگىنلەر ئىگىللىۋالغان چاغئەن،لىياك ۋەخىبىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى قايتۇرۇۋال غان.تاك سۇلالىسىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا گۇمران بولمىغانلىقى ئورخۇن ئۇي غۇرخانلىقىنىڭ ناھايىتى زور ھەربىي كۈچىگە تايانغانلىقىدىن بولغان.لېكىن نۇرغۇن ئۇيغۇر ئەزىمەتلىرى شۇ جەڭلەردە قازا قىلغان.تۆۋەنكى يۇغۇر خەلق قوشىقى ھازىرغىچە خەنزۇ رايۇنلىرىدا ساقلىنىپ قالغان:

ئاي تولۇر سەككىزىنچى ئاينىڭ ئون بەشى<br>تەس ئىكەن ئاپىرىپ قويماق يېقى كېلىننى.<br>تۆكۈلۈپ تېرىقتەك بويىنىمىزدىكى ھېقىلار،<br>ئەسلىتەر ھەر بىرى تارام-تارام كۆز ياشىمىزنى.<br>قايتۇرۇپ ئېلىندى چاڭ ئەن ھەم لىياڭ ،<br>قالمىدى بارمىغان جەڭگاھ تاك تەۋەلىكىدە .<br>جۇدا بولۇپ ئۇيغۇرلار ئەرلىرىدىن،<br>ياش قۇربىماس ئۇيغۇرلار كۆزلىرىدىن.<br>قوغداپ قېلىندى بۈيۈك تاك دۆلىتى ،<br>ئەللىك مىڭ سەرۋاز بولۇپ قۇربانىنى،<br>ئېلىپ كەلدى خاتۇن خانىشنى.

ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ قەدىمكى قوشىقىدا تىلغا ئېلىنغان خانىش ئېھتىمال تاك سۇ زوڭنىڭ گۆدەك قىزى نىڭگو مەلىكىنى ئۇيغۇرلارنىڭ قاغانى مويۇنچۇر قاغانغا ياتلىق قىلغانلىقىنى كۆرسىتىسە كېرەك.بۇنىڭ ۋاقتى 758-يىلىنىڭ كۈز پەسلى بولۇپ،ئەمىلىيەتتە تاك سۇلالىسى شۇنىڭدىن كېيىنمۇ بىرنەچچە چوڭ ۋەزىرلىرىنىڭ قىزلىرىنى ئۇيغۇر قاغانلىرىغا ياتلىق قىلغان....840-يىلى ئۇيغۇر ئولۇسى قىرغىزلار تەرىپىدىن مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن،خېشى كارىدورى ئەتراپىغا كۆچۈپ بارغان ئۇيغۇرلار خەنزۇچە تارىخى كىتابلاردا گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى دەپ ئاتالدى.يەنە «خېشى ئۇيغۇرلىرى»دەپمۇ ئاتالدى.بۇ يەردە بۇرۇن يەنى 7-ئەسىردىلا كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلار بار ئىدى.كېيىن ئۇيغۇرلار گەنجۇنى ئاستانە قىلىپ،خانلىق قۇردى....1036-يىلى تاڭغۇتلار خېشى رايۇنىدىكى ئۇيغۇرلارنى تولۇق بويسۇندۇردى.بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىرقىسمى تەڭرىتاغ ۋە ئالتۇنتاغنىڭ جەنۇپ-شىمالىغا كۆچتى.يەنە بىرقىسمى پاناھ ئىزدەپ چىڭخەي-شىزاڭ ئېگىزلىكىدىكى

تاڭغۇلارنىڭ ھەر قايسى قەبىلىلىرىگە بىرىپ قوشۇلۇلدى ۋە كېيىن تاڭغۇتلارغا سىڭىشىپ كەتتى.ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى ھازىرمۇ ئۆزلىرىنى «خور»»دەپ ئاتايدۇ.خېشى ئۇيغۇرلىرى مىلادىيە 840- يىلى گەنجۇغا كېلىپ كېيىن تاڭغۇتلار دۆلىتى تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنغانغا قەدەر گەنسۇ ئەتراپىدا 200 يىلغا يېقىن ھۆكۈم سۈردى.بۇجەرياندا جەمئىي ئون نەپەر قاغان ئۆتتى.» (تۆمۈر«سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ مىڭ يىللىق تارىخى» ناملىق كىتاب 6-8-9-12-13-16-18-19-27-28-29-30-بەتلەر.)

«840-يىلى قىرغىزلار ئورخۇن خانلىقىنى ھالاك قىلىپ،ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندە، جوڭغار ئويمانلىقى ۋەئالتاي تاغلىرىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن ياشاپ كېلىۋاتقان بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلاربار ئىدى.ئۇلارموڭغول تىلىدا سۆزلەش كۈچى سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى ئىدى.كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ قوشۇلىشى بىلەن 865-يىلغىچە ئۇلارنىڭ سانى 600 مىڭدىن 700 مىڭغىچە ئىدى.(بۇغدا تىغى ئەتراپىغاكۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلارتارىخى كىتابلاردا 200 مىڭ ئۆپ-چۆرىسىدە دېيىلىدۇ.ئۇنداقتا تۆمۈر يۇقۇرىقى كىتابىدا دېگەن 600 مىڭ ئۇيغۇرنىڭ 200 مىڭى موڭغول ئېگىزلىكىدىن كۆچۈپ كەلگەن بولسا 840-يىلغىچەجوڭغاردا ياشاپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇرلار 250مىڭ ئۆپ-چۆرىسى دە بولىدۇ.موڭغول ئېگىزلىكىدىن زور تۈركۈمدە ئۇيغۇرلار كۆچۈپ كېلىپ قوشۇلۇش نەتىجىسىدە ۋە20يىللىق نوپۇس كۆپىيىشتىن كېيىن بۇغدا تىغى ئەتراپىدىكى جەمئىي ئۇيغۇرلار 600 مىڭ 700 مىڭ غا يېتىپ بارغان بو لىشى مۇمكىن.) 866-يىلى بۆگۈتېكىن قەبىلىسىنى باشلاپ،تاڭغۇتلارنىڭ سانغۇنى لۇنكۇگرا(لۇنشاڭزا)نى ئۆلتۈرۈپ،ئالتۇن تاغنىڭ جەنۇپ ۋە شىما لىدىكى يايلاقنى ئىگىللەپ،شۇ جايدىكى تارقاق ئۇيغۇرلارنى بىرلەشتۈرۈپ ئىدىقۇت ئۇيغۇرخانلىقىنى قۇردى...1209-يىلى موڭغوللارباش كۆتەرگەندە ئىدىقۇت ئۇيغۇرخانلىقى موڭغوللارنىڭ ھامىيلىقىغا ئۆتتى.بارچۇق ئارت تېكىن 10مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر چەۋەندازنى موڭغول باش قوماندان چەبە نويان باشچىلىقىدا غەربكە يۈرۈشكە ئەۋەتتى.ئىدۇقۇت خانلىقى موڭغوللارنىڭ بىر يەرلىك ھاكىمىيتى بولۇپ قالدى....مىلادىيە 1368-يىلى جۇ يۈەنجاڭ موڭغوللارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى.مۇشۇ يىل ھەققىدە سېرىق ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھەرخىل رىۋايەت بار.كەمىنە مۇئەللىپ يۇغۇر بوۋايلاردىن  ئەن جىڭخۇ ۋە لاما پەيتۇستەن قاتارلىقلارسۆزلەپ بەرگەن مۇشۇ مەزگىلدىكى تارىخ توغرىسىدىكى رىۋاياتلەرنى توپلىدىم:ئېيتىشلارغا قارىغاندا «ناڭ خاياتلار «nangxj;t)يەنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەر)چىڭگىزخان قۇرغان ھاكىميەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش قەستىدە،بارلىق يېزا-قىشلاق، شە ھەر-بازارلاردا ناھايىتى كەڭ دائىرىدە مەخپىي پىلان تۈزۈپ،8-ئاينىڭ 15 -كۈنى تاۋۇز چاغىنىدا بىرلا ۋاقىتتا ئىسيان كۆتۈرمەكچى

بولغان.شۇ كۈنگە كەلگەندە ئۇقتۇرۇشنى ئاي توغاچىنىڭ ئىچىگە تىقىپ ،تەرەپ-تەرەپتىن بىر-بىرىگە مەخپىي ئۇقتۇرۇش قىلغان.8-ئاينىڭ15-كۈنى ئۆز-ئارا ئاي توغاچ سۇنىدىغان ئادەت بولۇپ،بۇ ھېچقانداق كىشىنىڭ گۇمانىنى قوزغىمىغان.ئۇقتۇرۇشتا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە تۇرىۋاتقان موڭغول ۋە ئۇيغۇر لەشكەرلىرىنى بىرلاۋاقىت ئىچىدە ئۆلتۈرۈش ئورۇنلاشتۇرۇلغان.شۇنداق قىلىپ، ئامانلىقنى ساقلاش ئۈچۈن جاي-جايلاردا تارقاق تۇرىۋاتقان موڭغول،ئۇيغۇر لەشكەرلىرى پۈتۈنلەي ئۆلتۈرۈلگەن.ھۆكۈمرانلارنىڭ لەشكەرلىرى پۈتۈنلەي يوقىتىلغان.ئىپتىشلارغا قارىغاندا بۇ قېتىمقى بالا-قازا كۆچمەن چارۋىچى لارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بەرگەن.شۇنىڭ بىلەن «8-ئاينىڭ15-كۈنى دىكى تاۋۇز چاغىنى»غا تېرىقچىلار كۆچمەن چارۋىچىلار ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بەرگەن ۋەقەنى خاتىرلەيدىغان يەنە بىر مەزمۇن قوشۇلغان .كېيىن بۇ بايرام كىشىلەرگە چاغان سار(ئاق ئاي)نى خۇشال ئۆتكۈزۈش بىلەن بىرگە «قاراسار»(قارا ئاي)دىكى كۈلپەتنىمۇ ئۇنتۇپ قالماسلىقنى بىشارەت بېرىدىغان بولۇپ قالغان.مىڭتەيزۇ-جۇ يۈەنجاڭ چاغان بايرىمى پۈرستىدىن پايدىلىنىپ ئىسيان كۆتۈرۈپ مۇۋاپىقيەت قازانغان.موڭغول تىلىدا سۆزلەشكۈچى سېرىق ئۇيغۇرلار1-ئاينى قاراسار (قاراڭغۇ ئاي-كۈلپەت ئاي) دەپ ئاتايدىغان بولغان.سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ يوقىلىپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان بىرخىل ئادىتى بار.يەنى 12-ئاينىڭ 31-كۈنى يېرىم كېچىدىن 1-ئاينىڭ 1-كۈنى سۈبھىگىچە بولغان ئارلىقتا كىشىلەر ئوتقاش ياكى قول چىرىقىنى كۆتۈرۈپ ئۇرۇق-تۇققان،قولۇم-قوشنىلىرىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئېسەنلىك سورايدۇ. ياشانغانلار كۆرۈشكەندە «مىندۇ» (تىنچ-ئامانمۇ) دەپ ئېسەنلىك سورىشىدۇ. مانا بۇ بۇرۇنقى چوڭ قىرغىنچىلىقتىن ئامان قالغان كىشىلەرنىڭ بىر-بىرىنى يوقلاش،بىر-بىرىگە تەسەللى بېرىپ خاتىرلەش پائالىيىتىدۇر. بۇ ئادەت شۇ چوڭ قىرغىنچىلىقتىن ئامان قالغان كىشىلەرنىڭ ئۆز-ئارايوقلىشىپ، ئىز-دېرىكىنى قىلىشىپ قايتا تەشكىللىنىش ئارزۇسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان...

1375-يىلى مەلۇم كۈنى مىڭ سۇلالىسى ئەلچىسى خان يارلىقىنى ئېلىپ موڭغۇل تىلىدا سۆزلەشكۈچى سېرىق ئۇيغۇرلار رايۇنىنىڭ غەربىنى تىنچ لاندۇرغۇچى بەھەيۋەت سانغۇنى تېمۈرنىڭ قۇشى(بارگاھى)غا كەلگەن.كېيىن تېمۈر چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئەلچىسىنىمۇ كۈتىۋالغان. يەنە ئالتاي ئەتراپىدىكى ئۇيرات موڭغۇللىرىنىڭ ئەلچىسىنىمۇ كۈتىۋالغان. مانا مۇشۇنداق ئۈچ كۈچلۈك رەقىپ ئوتتۇرىسىدا قالغان سېرىق ئۇيغۇرلار بىر مەھەل ئاتاقتا مىڭ سۇلالىسىگە ئەل بولغان. ئۇزاق ئۆتمەي چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانى شەمئى جاھان ۋە ئۇيرات موڭغۇللىرى تەرىپىدىن كونتۇرۇل قىلىنغان.كېيىن كۈچلۈك مىڭ سۇلالىسى مىڭغول تىلىدا سۆزلەشكۈچى سېرىق ئۇيغۇرلار رايۇنىدىكى سەك كىز ئۇيغۇر،موڭغۇل قەبىلىلىرىنى

ئاساس قىلىپ،1479- سەككىز ياساۋۇلخا نا تەسىس قىلدى...چاغاتاي خانلىقى تەۋەسى كېيىن «موغۇلستان»دەپ ئاتالدى....1412-يىلى مىڭ سۇلالىسى سىرىق ئۇيغۇرلارغا جازا يۈرىشى قىلدى.ئۇرۇشتا سىرىق ئۇيغۇرلار مەغلۇپ بولۇپ360 ئادىمى ئۆلتۈرۈلدى. قالغانلىرى ئەسىرگە ئېلىندى.1425-يىلى مىڭ سۇلالىسى لەشكەرلىرى بى لەن تاڭغۇت چارۋىچىلىرى بىرلىشىپ سىرىق ئۇيغۇرلارغا جازا يۈرىشى قىلىپ، سىرىق ئۇيغۇرلارنىڭ 1000 ئادىمى قىرغىن قىلىندى.مىڭ سۇ لالىسى قوشۇنى 140مىڭدىن ئارتۇق تۆگە، ئات، كالا، قوينى بۇلاپ كەتتى. 1430-يىلى مىڭ سۇلالىسى يەنە سىرىق ئۇيغۇرلارغاجازا يۈرۈشى قىلىپ، 1000دىن ئارتۇق ئادەمنىڭ كالللىسىنى ئېلىپ، 340 دىن ئارتۇق ئەر-ئايالنى ئەسىرگە ئالدى. 340 مىڭ دىن ئارتۇق تۆگە،ئات،كالا،قوينى بۇلاپ كەت تى...16-ئەسىردە چاغاتاي خانلىقى ئىنتايىن كۈچەيدى...سىرىق ئۇيغۇر لارنىڭ شەرقىدە مىڭ سۇلالىسىنىڭ ھەر تەرەپتىن كەلگەن جازا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇنى بارئىدى.مۇشۇمەز گىلدىن باشلاپ موڭغۇل تىلىدا سۆز لەشكۈچى سىرىق ئۇيغۇرلارۋە ئۇيرات موڭ غولىرى ئانا يۇرتىدىن ئايرىلىپ،جەنۇپ تەرەپتىكى ئاھالىسى شالاڭ چىلانتاغ ( tenker ula ) (تەنكىر ئۇلا) ۋە كۆكنۇرىيايلاقلىرىغا كۆچۈپ باردى.»( تۆمۈر«سىرىق ئۇيغۇر لارنىڭ مىڭ يىللىق تارىخى»36-37،-40،-51-52-53-54-55- 56،-58-59-60-61-بەتلەر.)

« «خامىل»(xamil)قۇمۇل دېگەن يەرنامىنىڭ يۇغۇرچە ئاھاڭ تەرجىمىسى. يۇغۇرلارشەرققە كۆچۈشتىن ئىلگىرى قۇمۇل بىلەن بولغان مۇناسىۋتى بەك قويۇق ئىدى.16-ئەسىرنىڭ بېشىدىن بۇرۇن قۇمۇل بىلەن سىرىق ئۇيغۇر لارنىڭ يۇرتىنىڭ ئارلىقى ئۈچ-تۆت كۈنلۈك يول ئىدى.قۇمۇل بىلەن سىرىق ئۇيغۇرلار يايلىقىنىنىڭ مۇناسىۋتى چىش بىلەن كالپۇكتەك يېقىن ئىدى. قۇمۇلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يېرىمى مۇسۇلمان،يېرىمى بۇددىست ئىدى... قۇمۇلنىڭ ئەينى ۋاقىتتا كۈچلۈك دۆلەتلەر تالىشىدىغان بىر ئۆلجا بولۇپ قې لىشىنىڭ جەزمەن بىرسەۋەبى بولۇپ، مىڭ سۇلالىسىدىن بۇيانقى خەنزۇچە ماتېرىياللار، سىرىق ئۇيغۇرلارنىڭ رىۋايەتلىرىدىن بۇ نىڭ جاۋابىنى تاپقىلى بولى دۇ.چىڭگىزخاننىڭ كەنجى ئوغلى تولىنىڭ جەمەتىدىن ئورناشىلنى يۈەن سۇلالىسى قۇمۇلنى ساقلاشقا تەيىنلىگەن.ئۇ كېيىن سەلتەنەت لىك ۋاڭ دەپ ئا تالغان.ئورناشىل بىلەن موڭغۇلچە سۆزلىشىدىغان سىرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئەج دادى بىر بولۇپ،ھەر ئىككىلىسى تولىنىڭ ئەۋلادلىرى ئىدى. موڭغۇل تىلىدا سۆزلىشىدىغان سىرق ئۇيغۇرلار ئالتان ئۇرۇق دەپ ئاتىلىدىغان جەمەتتىن ئىدى. 14 -ئەسىردە يۈەن سۇلالىسى ھالاك بولغاندىن كېيىن قۇمۇلدىكى ئال تان ئۇرۇقنىڭ ئەھۋالى قانداق بولغان؟1391 -يىلى مىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى قۇمۇلغا ھۇجۇم قىلدى. مەھكىمە باشلىقى يۇسەن ئارغامچا بىلەن سېپىل دىن

يەرگە چۈشۈپ تەسلىم بولدى. سۈبھىدە ۋاڭ ئورناشلىنىڭ ئادىمى ئىبغىل دىكى نەچچەيۈز ئاتنى ھەيدەپ شەھەرنىڭ سىرتىغا ئىلىپ چىقتى.مىڭ قوشۇنلىرى ئات تۇتۇش بىلەن بولۇپ كەتكەن قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ ئورناشلىنىڭ ئادەملىرى قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىپ كەتتى. بىنۋاڭ لىئەرچە تۆمۈر،ساڭگاشىرى قاتارلىقلارنى ئۆزئىچىگە ئالغان 1400دىن ئارتۇق ئادەم قىرغىن قىلىندى.لىئەرچە تۆمۈر قاتارلىق 170 ئادەم ئەسىرگە چۈشۈپ پەي تەختكە ياللاپ ئاپىرىلدى.ئەنىق تۆمۈر قۇمۇل ۋاڭلىقىغا ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن مىڭ سۇلالىسى ئۇنىڭ نامىنى سادىق -ئادىل ۋاڭغا ئۆزگەرتتى. 1405- يىلى ھەرقايىسى جايلاردىكى كۈچلۈك دۆلەتلەر كۆرىشىدە يەرلىك موڭغۇللاردىن گۈلچخان بىر زىياپەتتە ئەنىق تۆمۈرنى زەھەرلەپ ئۆلتۈردى.شۇ يىلى يازدا چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانى شەمئى جاھان ئىسسىق كۆلدىن لەشكەر تارتىپ گۈلچقا جازايۈرشى قىلىپ،ئەنىق تۆمۈرنىڭ ئىنتىقامىنى ئالدى. مىڭ سۇلالىسى ئورناشلىنىڭ بالا ۋاقتىدا ئەسىر ئىلىنغان ئوغلى توقتۇ نى سادىق ۋاڭ قىلىپ تىكلىدى.  ۋە يەنە توقتۇنىڭ نەۋرە ئىنىسى تۇلى تۆمۈرنى سادىق ۋاڭلىققا تەيىنلىدى.تۇلى تۆمۈردىن كېيىن ئۇنىڭ ئىنىسى تۇغان تۆمۈرنى تەيىنلىدى. موڭغول گۈلچ سىڭلىسىنى تۇقتۇغا ياتلىق قىل غان.تۇقتۇنىڭ ئوغلى بۇداشىر، بۇداشىر ئۆلگەندىن كېيىن ئوغلى داۋدا شىرى(خىلىل سۇلتان) ئورنىغا ۋارىسلىق قىلغان. شۇ چاغلاردا قۇمۇلنىڭ جە نۇبىدا موڭغۇل تىلىدا سۆزلىشىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار قۇمۇلنىڭ شىمالىدىكى ئۇيرات موڭغۇللىرىنىڭ خانى ئىسەنخان بىلەن بىرلىشىپ قۇمۇلغا ھۇجۇم قىلىپ نۇرغۇن چارۋا ماللارنى ئولجا ئالدى.قۇمۇل ۋاڭى داۋداشىرى ئۆلگەندىن كېيىن ئىنىسى بۇراق تۆمۈرئورنىغا ۋارىسلىق قىلدى.بۇراق قول ئاستىدىكىلەر تەرىپىدىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ ئوغلى بولمىغاچقا قۇمۇلنىڭ ئىشلىرىغا نائىلاج بۇراق بىلەن داۋداشىرنىڭ ئانىسى نوۋىن داشىرى ھۆكۈمرانلىق قىلدى. كىشىلەرئۇنى «ئايال ۋاڭ»دەپ ئاتىدى. شۇ چاغدا ئايال ۋاڭ ياشىنىپ قال غان. ئۇنىڭ ئۈستىگە كېسەلچان بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇ كۆزگە كۆرۈنگەن مەشھۇرئايال بولۇپ،قۇمۇلنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنى ناھايىتى پۇختا بىرتەرەپ قىلغان ئىدى.ئۇنىڭ قىياپىتى سۈرلۈك بولۇپ،ئەقىل-پاراسەتتەبەگ - تۆرىلەردىن خېلىلا ئۈستۈن ئورۇندا تۇراتى.ئاقسۆڭەكلەر ۋە پۇقرالار ئۇنى ھۆرمەت لەيتى ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەتمەنلىك بىلەن بويسۇناتى. ئىپتىشلارغا قارىغاندا بىر قاتىل ئۇنى قەستلەپ ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ ئۇنىڭ قېشىغا كىرگەن.بىراق ئۇنىڭ سۈرلۈك چىرايىنى كۆرۈپ قورقىنىدىن يىڭگە تىقىۋالغان خەنجەر يەرگەچۈشۈپ كەتكەن. كەڭ قورساق ئايال ۋاڭ قاتىلنى كەڭچىلىك بىلەن بىرتەرەپ قىلغان.ئايال ۋاڭ مىڭ سۇلالىسى،چاغاتاي خانلىقى، ئۇيرات لار،سېرىق ئۇيغۇرلار ۋە تاڭغۇتلارغا ئەلچى ئەۋەتكەن.ئايال ۋاڭ ئالتۇن

تاغدىكى سىرىق ئۇيغۇرلار ۋاقىلىرى جەمەتىدىن قۇمۇل ۋاقىلىرىغا ۋارىسلىق قىلىدىغان ئەۋلادلارنىڭ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىپ كەلگەن. چۈنكى قۇمۇل ۋاقىلىرى بىلەن موڭغۇلچە سۆزلىشىدىغان سىرىق ئۇيغۇر ۋاقىلىرىنىڭ ئەجدادى بىرئىدى.لېكىن ئەينى ۋاقىتتا موڭغۇلچە سۆزلىشىدىغان سىرىق ئۇيغۇر خانى رىنچىن گېسىر قۇمۇل مۇرەككەپ،دائىم ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ۋەزىيەتنى چۈشىنىپ كېتەلمىگەچكە ئەۋلادلىرىنى مۇنداق ياكى مۇنداق ۋەقەلەر يۈز بېرىپ تۇرىدۇ،دېگەن ئەندىشە بىلەن زادىلا ئادەم ئەۋەتمىگەن.1454 -يىلى بىرمەزگىل ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى بىلەن موڭغۇل رايونىنىڭ خوجايىنى بولغان ئېسەنخان ئۆلۈپ،ئايال ۋاڭ ۋە قۇمۇللۇقلار يۆلەنچۈكسىز قالدى...موڭغوللارنىڭ ئۇيرات قەبىلىسىنىڭ باشلىقى بەگئارسلان قوشۇن تارتىپ،قۇمۇلنى بېسىۋالغان. ئايال ۋاڭ ئادەملىرىنى باشلاپ جىيايۈگۈەن قۇۋۇقىنىڭ غەربىدىكى 23 چاقىرىم كېلىدىغان كۇيۇ دېگەن يەرگە قېچىپ بارغان.بەگئارسلان لەشكەرلىرى قۇمۇلدىن كەتكەندىن ئايال ۋاڭ قۇمۇلغا قايتىپ كەلگەن. 1472-يىلى شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانى يۇنۇسخان تۇرپاننى بازا قىلىپ شەرققە يۈرۈش قىلدى.تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ بەشىنچى ئەۋلاد ۋارىسى يۇنۇسخان ئىرانلىق مەشھۇر ئالىم ۋە يازغۇچى شەرىپىددىننىڭ شاگرتى ئىدى.يۇنۇس قۇمۇلنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن ئايال ۋاڭ نوۋىن داشىرىنى ئەسىرگە ئالدى ۋە ئالتۇن تاغنى قولغا چۈشۈردى.ئايال ۋاڭنىڭ ئەۋرىسىنى ئوغلى ئەھمەدخانغا خوتۇنلۇققا ئېلىپ بەردى.يۇنۇسخان سىرىق ئۇيغۇرلار ئۈستىگە يۈرۈش قىلدى.بىرىلدىن كېيىن يۇنۇسخان ياMۇلان سانغۇننى قۇمۇلنى ساقلاشقا قالدۇرۇپ،ئۆزى غەربكە قايتتى.ياMۇلان ئالتۇنتاغدىكى شەرقىي سىرق ئۇيغۇرلاردىن ئىدى.ئۇباللىق چېغىدا چاغاتاي مۇسۇلمانلىرى تەرىپىدىن ئەسىرگە ئېلىنىپ،يۇنۇسنىڭ قولىدا چوڭ بولغان ھەم يۇنۇسنىڭ سىڭلىسىغا ئۆيلەنگەن ئىدى... 1476 -يىلى ئايال ۋاڭ نوۋىن داشىرى چاغاتايلارنىڭ قولىدا نەزەربەند بولۇپ يەكەندە ئۆلدى.يۇنۇسخانمۇ ئىككى يىل كېيىن ئۆلدى.يۇنۇسنىڭ چوڭ ئوغلى مەخمۇد چاغاتاي خانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىغا،ئىككىنچى ئوغلى ئەخمەد شەرقىي قىسمىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان. سىرىق ئۇيغۇرلار ئەخمەدنى «ئالاچى» مەنىسى (كاللا كېسەر، جاللات، قانخور) دەپ، لەشكەرلىرىنى «ماقانچى»» (گۆشخور) دەپ ئاتىغان... 1482-يىلى ئايال ۋاڭنىڭ نەۋرىسى خەنشىن سىرىق ئۇيغۇر ۋە تاڭغۇت، موڭغۇل لەشكەرلىرىدىن 10مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى باشلاپ بىر كېچىدە تۇيۇقسىز قۇمۇلغا ھۇجۇم قىلدى. قۇمۇل ئىشغال قىلىندى. 9 يىل سەرسان بولغان سىرىق ئۇيغۇرلار ۋە موڭغۇللار قۇمۇلغا قايتىپ كەلدى.1488-يىلى خەنشىن مىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن قۇمۇلغا سادىق ۋاڭ قىلىپ تەيىنلەندى. ئەھمەد خەنشىننىڭ ۋاقىلىقىنى ئېتىراپ قىلماي جازا يۈرىشى قىلدى. 1488-يىلى خەنشىن ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى ئەھمەد

تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. بۇ باتۇر ئەزىمەت ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى زاۋاللىققا يۈز تۇتتى. خەنشىننىڭ ئىنىسى ياقىبۇللا ۋە سانغۇن ئامغۇلاڭ قوۋملىرىنى باشلاپ قۇمۇلدىن قېچىپ كەتتى. ئامغۇلاڭ مىڭ سۇلالىسىدىن ياردەم سورىغان بولسىمۇ قىلچە ياردەمگە ئېرىشەلمىدى. ئۇيرات موڭغۇللىرى خەنشىننىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن ئەھمەد بىلەن بىرنەچچە يىل ئۇرۇش قىلدى. خەنشىننىڭ قېين ئاتىسى جەڭگاھتا ئايرىم قازا قىلدى. تۆت يىل ئۆتۈپ كەتتى.1492 -يىلى مىڭ سۇلالىسى شانبانى قۇمۇلغا ۋاڭلىققا ،ئامغۇلاڭ بىلەن يانقىبۇللا ياردەمچىلىك كە تەيىنلەندى.1493-يىلى ئەھمەد ئەتىيازدا قۇمۇلغا بىر كېچىدە ھۇجۇم قىلىپ نەچچەمىڭ ئادەمنى ئۆلتۈردى...1495 -يىلى ئۇيرات موڭغۇللىرى چاغاتايلارغ اھۇجۇم قىلىپ ئەھمەدنىڭ ئاساسلىق كۈچىنى يوقاتتى.شۇ يىلى قىشتا مىڭ سۇلالىسى قۇمۇلغا ھۇجۇم قىلىپ،ئوت قويۇپ پۈتۈن شەھەرنى كۆيدۈرگەندىن كېيىن قايتىپ كەتتى.قۇمۇل چاغاتايلارنىڭ قولىدىن خەنشىننىڭ ئىنىسى يانقىبۇللانىڭ قولىغا ئۆتتى.1496-يىلى ئەھمەد بىلەن ساتار سانغۇن ھۇجۇم قىلىپ قۇمۇلنى يەنە بېسىۋالدى. ئەھمەد قايتىپ كەتكەندىن كېيىن يانقىبۇللا قۇمۇلنى يەنە قايتۇرۇۋالدى.1497 -يىلدىن كېيىن ئۆزبېك-قازاقلار غەرب تەرەپتىن چاغاتايلارغا ھۇجۇم قىلدى. ھەرتەرەپتىن بېسىمغا ئۇچرىغان ئەھمەد تۆت تىل ئەسىرگە ئالغان شانبانى قويۇپ بەردى.1504-يىلى قۇمۇلدا بىرقىسىم كىشىلەر ھاكىمىيەت ئۆزگىرىشى قوزغاپ، چاغاتاي خانلىقىدىن ئەھمەدنىڭ كىچىك ئوغلى چىن تۆمۈرنى ئەكىلىپ، قۇمۇلغا ۋاڭ قىلىپ تىكلىدى.شانبا كۇيۇگە قېچىپ كەتتى. ئىچكىرىدىكى سۇجۇدا تۇرىۋاتقان يانقىبۇللا مىڭ سۇلالىسى قوشۇنى بىلەن قۇمۇلغا كېلىپ 13 ياشقا كىر گەن چىن تۆمۈرنى ئەسىرگە ئالدى. شانبامۇ قۇمۇلغا قايتىپ كەلدى. 1505-يىلى شانبا ھاراقنى بەك كۆپ ئىچىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۆلدى. ئوغلى بايزد قۇمۇل ۋاڭى بولدى. ئۇ قاپاقۋاش ئىدى. ئۇ قۇمۇلغا يەتتە يىل ۋاڭ بولغاندىن كېيىن 1513 - يىلى ئاسىيلىق قىلىپ چاغاتاي تەۋەسىگە قېچىپ كەتتى.قۇمۇلدىكى ئاخىرقى سېرىق ئۇيغۇر ۋاڭ مانا مۇشۇنداق غايىپ بولدى.شۇنىڭدىن كېيىن قۇمۇلنى چاغاتايلار ئىگىللىدى. مەنسۇرخان قۇمۇلنى ساقلاشقا مەشھۇر خوجا تاجىدىننى ئەۋەتتى.خو جا تاجىدىن مەشھۇر ئالىم ۋە تىجارەتكە ماھىرئىدى. ئۇ سېرىق ئۇيغۇرلارغا 20 نەچچە يىلغىچە تىنماي ھۇجۇم قىلدى. 1514-يىلى مەنسۇرنىڭ يەنە بىر ئىنىسى سەئىدىخان باش كۆتۈردى.سەئىدخان لوپنۇرغىچە كەڭ زېمىنلارنى ئىشغال قىلىپ سېرىق ئۇيغۇرلارنىمۇ قىرغىن قىلدى ۋە ئەسىرگە ئالدى.سەئىدخان يەكەن خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسىدۇر.خوجا تاجىدىن مىڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان ئۇرۇشتا سۇجۇدا ئوقيا تېگىپ ئۆلدى.1528-يىلى يامۇلان مىڭ سۇلالىسگە ئەل بولدى.شۇ يىلى ئۇنىڭ موڭغول

تىلىدا سۆز لەشكۈچى سىرىق ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىنىڭ كۆپچىلىكى بالايى-ئاپەتتىن قېچىپ ئۇياقتىن بۇياققا كۆچۈپ يۈردى.ياۋمۇلان ئىنىسى تۇقتى بىلەن 2000 دىن ئارتۇق ئادىمىنى باشلاپ، يەنە بىر قەبىلىنىڭ باشلىقى تېمىرگېيى بىلەن10مىڭ كىشى ئىچكىرىدىكى چىلانتاغ ئېتىكىگە كۆچتى.ياماالان قاتارلىق ئالتە كىشى مىڭ سۇلالىسى قوشۇنى تەرىپىدىن ياللاپ بېيجىڭغا ئېلىپ بېرىلدى.ئۇلار ئۇچىڭ دېگەن جايدا نەزەربەنتلىكتە تۇرۇپ ئۆلدى. ئۇنىڭ قەۋمى چىلانتاغ،سۇجۇ،گەنجۇ ئەتراپلىرىدا تارقاق كۆچمەن چارۋى چىلىق بىلەن ياشىدى.شۇنىڭدىن ئېتىبارەن كۇلپەتلىك قوۋۇل ئاخىرى چاغاتاي مۇسۇلمانلىرىنىڭ قولىغا ئۆتتى.غەيرى مۇسۇلمانلارنىڭ بىرقىسمى ئىسلام دىنىغا كىردى.بىر قىسمى قوۋۇلنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى بارىكۆل يايلاقلىرىغا ۋە گەنسۇ،چىڭخەي ئەتراپلىرىغا كۆچۈپ كەتتى.ئالتۇن تاغ ئەتراپىدىكى سېرىق ئۇيغۇرلارمۇ پاناھلىق ئىزدەپ كۆچۈشكەباشلىدى.بۇ مەزگىلدە موغۇل ئېگىزلىكىدە ۋە تۈركلەر رايونىدىمۇ كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ كۆچۈش دولقۇنى قوزغالدى...

سېرىق ئۇيغۇرلار9-ئەسىردىن 16-ئەسىرگىچە ئالتۇن تاغنى مەركەز قىلىپ،ئۇنىڭ جەنۇپ ۋە شىمالىدا ياشىغان.ئۇلار شىمالدا تۇرپان ئويمانلىقى،تەكلىماكان قۇملۇقىغىچە، غەربىي شىمال، غەربىي جەنۇپتا لوپنۇر، كورلا چارقىلىق،ماڭلاي سۆيەر رايۇنىغىچە،جەنۇپتا سەيدام ئويمانلىقىغىچە، شەرقتە گەنسۇنىڭ دۇنخۇاڭ، خېشى كارىدورىغىچە چارۋا باققان ئىدى.سېرىق ئۇيغۇرلارگەنسۇ،چىڭخەي،شىنجاڭ چېگرالىرى تۇتىشىدىغان جايلارغا جايلاشقان ئىدى...ئالتۇن تاغ بۇ رايۇننى كېسىپ ئۆتىدۇ.چىڭخەينىڭ شىمالى ۋە شىنجاڭغا جايلاشقان ئالتۇنتاغ قۇرۇم تېغىنىڭ بىر تەركىبى قىسمى. «قۇرۇم» سۆزى خوتەن تىلى بولۇپ، مەنىسى «جەنۇ»»دېگەنلىك ئىكەن.قۇ رۇمتاغ ئوماي تۇرىدىغان جاي ئىكەن.« قۇرۇم» تۇرۇكچە «ئاسمان-پەلەكقۇرام تاش»دېگەنلىك ئىكەن.ئالتۇنتاغ دېڭىز يۈزىدىن 3500مېتىر ئېگىز، ئۇزۇنلى قى1000كىلومېتىر،كەڭلىكى 200كىلومېتىر كېلىدۇ.ئالتۇنتاغ چوققىلىرى تە بىئىي سۇ ئامبىرى ھېساپلىنىدۇ.ئۇ چوققىلاردىن تاشساي دەرياسى، ۋاششەھە رى دەرياسى،چاقىلىق دەرياسى،مىرەن دەرياسى،نارىنكۆل دەريالىرى ھاسىل بولۇپ سايدام ئويمانلىقى بىلەن تارىم ئويمانلىقىنى كۆكەرتىدۇ. ...ئالتۇن تاغدا ھاۋاسى نەمخۇش ھۆل-يېغىن مىقدارى مول نارىنكۆل (قۇياش دەرياسى )رايۇنى بار بولۇپ،بۇ جاي خەتەرلىك يەر بولۇپ،كىشىلەر«ئالۋاستى جىلغىسى»دەپ ئاتايدۇ.بۇجاي ئىنتايىن گۈزەل بولسىمۇ ھاۋاسى ئۇشتۇمتۇت ئۆزگىرىپ تۇرغاچقا كىشىلەرخەتەردىن قورقۇپ ئۇ جايقا بېرىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ.ئالتۇن تاغدىن ئالتۇن كۆپ چىققىدۇ.قاشتاش قاتارلىق تەبئىي بايلىقلىرىمۇ بار.بۇنىڭدىن 5000،4000مىڭ يىللار ئىلگىرى ئالتۇنتاغ رايۇنىدا ئۆزگە خاس

ئالاھىدىلىكىكە ئىگە بىر قوۋم ياشايتى ئۇلار سارغۇچ قوڭغۇر چاچلىق،ئاتىيۇزلۇك،قاڭشارلىق
ئىدى،باشلىرىغا رەڭلىك جىلتەك بىلەن زىننەتلەنگەن ئۇچلۇق ئىگىز قالپاق
كىيەتتى.قالپىقىنىڭ چوققىسىغا قۇش پېيىنى تاقىۋالاتتى.ئۇچىسىغا يىرىك يۇڭ يىپ بىلەن
توقۇلغان چەكمەندىن تىكىلگەن ئۇزۇن چاپان كىيەتتى. بىلىگە پوتا باغلايتتى.پۇتىغا ئۆتۈك
كى يەتتى.بويۇن ،بىغىش،بەللىرىگە ئۇستىخان ياكى تاشتىن ياسالغان زىننەت بويۇملىرىنى
ئېسىۋالاتتى.ئەينى ۋاقىتتا ئالتۇنتاغ رايۇنى ئىنتايىن گۈزەل ئىدى.كېيىن بۇجاي كىرروران
خانلىقىنىڭ زېمىنى بولغان ئىدى.كەينىدىن تاغۇت ۋە ساكلار ياشىدى.9 -ئەسىردىن
كېيىن ئۇيغۇر ۋە موڭغۇل چارۋىچىلار ئارىلاش ياشىدى.بۇ جايدا ئالتاي تىل سىستېمىسى،
خەن-زاڭ تىل سىستېمىسى، ئىران-ياۋروپا تىل سىستېمىسىدىكى ساك تىلىدا سۆزلى
شىدىغان مىللەتلەر گىرەلىشىپ ئارىلىشىپ كەتكەن ئىدى...مىلادىيە9-ئەسىردە ئۇيغۇرلار
غەربكە كۆچكەندە بۇ جايدىكى قەدىمكى ئىرق قوۋملىرى قېرىپ كەتكەن ئىدى.ئىلگىرى
بۇجاي بۇددا دىنى تارقالغان جاي ئىدى. بۇددا دىن سېرىق ئۇيغۇرلار ئارىسىدا
ئومۇملاشمىغان. شۇ زامانلاردا سېرىق ئۇيغۇرلار تۈركىي تىل مەدەنىيتى،زاڭزۇ بۇددا
مەدەنىيتى، موڭغول مەدەنىيتى،خۇاڭخې ۋادىسى خەنزۇ مەدەنىيتى بىلەن كەڭ دائىرىدە
ئۇچراشمى غان ئىدى. بۇ مەدەنىيەتلەرنىڭ نۇرى ئالتۇنتاغ ۋە قۇرۇم تاغلىرىغا چۈشكەندە
تولىمۇ ئاجىز بولغان ئىدى....ھازىر ئاسىيا-ياۋروپا يايلاقلىرىدا ئۆزلىرىنى «يۇغۇر»»دەپ
ئاتايدىغان بىرقانچە تۈرلۈك مىللەت ۋە قەبىلە بار.مەسىلەن موڭغولىيەنىڭ جەنۇبى
قىسمىدىكى تاغلىق رايۇندىكى يۇغۇر قەبىلىسى-«يۇغۇر موڭغۇللىرى»دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلار
موڭغول تىلىنىڭ بىرخىل ئۇيرات شىۋىسىنى قوللىنىلىدۇ. ئۇلار قەدىمكى ئۆرپ-ئادىتىنى تا
ھازىرغىچە ساقلاپ قالغان.يەنە ھارزىرقى چارقىلىق ناھىيىسى ئۇيغۇرلىرى ئىچىدىمۇ
ئۆزلىرىنى موڭغول تىلىدا سۆزلىشىدىغان«سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادى بىز»دەپ قاراي
دىغان بىر بۆلۈك ئۇيغۇرلار بار. ئالتۇنتاغ رايۇنى سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا ماكانى
،كېڭەيگەن دائىرىسى ئاسىيا-ياۋروپانىڭ بىپايان يايلاقلىرىدۇر.9-ئەسىردىن 16-
ئەسىرگىچە ئۇلار ئالتۇنتاغ رايۇننى ماكان تۇتقان..... بۇنىڭدىن 400يىل بۇرۇن بىر
يامغۇرلۇق سەھەردە سېرىق ئۇيغۇرلار ئاتلىرىغا مىنىپ بۇجاي بىلەن مەڭگۈلۈك
خوشلىشىپ باشقا جايغا يۆرۈپ كەتتى...16-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يەنى 1514-يىلدىن
كېيىن گۆر ئاغزى دىن قايتقان نەچچە ئونمىڭ سېرىق ئۇيغۇرلارئۇزاق سەپەر قىلىپ سايدام
چۆلىگە كەلگەن. بىر قىسىم كىشىلەر سۈرتىلى ۋە بازىدۇنگە كەلگەن. .. سېرىق ئۇيغۇرلار
ئالتۇنتاغ ئېتەكلىرىنى بويلاپ مېڭىپ سۇجۇ ۋە گەنجۇنىڭ جەنۇبى ۋە غەربىدىكى چىلان
تاغىنىڭ شىمالىي تىزمىلىرىغا كەلدى مىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ئۇلارغا ھۇجۇم قىلغاندا

بىرقىسمى قۇربان بولدى.بىر قىسمى ئەسىرگە چۈشتى.بەزىلىرى نۇرغۇن يىل سەرگاندان بولۇپ ئۇ جىلغىدىن بۇ جىلغىغا بېرىپ،ئاخىر چىلان تاغقا كەلدى.چىلانتاغ ئۇلارغا چەكسىز ئۈمىد بېغىشلىدى...سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئاپتىن قېچىپ شەرققە كۆچۈش نىنىڭ سەۋەبى تۆت تۈرلۈك: بىرىنچى: چاغاتاي خانلىقىنىڭ 14-15-ئەسىردە شەرققە يۈرۈش قىلىشى، بولۇپمۇ ئىسلامدىنىنى قورال كۈچى بىلەن تارقىتىشىنىڭ ئەدەبىي كېتىشى، ئىككىنچى: مىڭ سۇلالىسىنىڭ قاتتىق، يۇمشاق ۋاستىنى تەڭ قوللىنىشى. مىڭ سۇلالىسى بىر تەرەپتىن سېرىق ئۇيغۇرلارغا سوغا ۋە ئۇتۇغات بېرىپ،سېرىق ئۇيغۇرلارنى چاغاتايلارغا قارشى تۇرۇشنىڭ ئالدىنقى بازىسى قىلدى.يەنە بىر تەرەپتىن سېرىق ئۇيغۇرلارنى«يۈەن سۇلالىسى پۈشتى» دەپ قاراپ باستۇردى ۋە بۇلاپ-تالىدى 3.ئىچكى قالاي مىقانچىلىق ۋە قىرغىنچىلىق.4.يايلاقنىڭ چېكىنىشى ۋە كىلىماتنىڭ ئۆزگىرىشى.15-ئەسىردىن باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىيا قۇرۇقلۇقنىڭ كىلىماتى بارغانسېرى قۇرغاقلاشتى.شۇ دەۋرگە كەلگەندە 5350 كۇۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان لوپنۇر كۆلى قۇرۇپ كىچىكلەپ كەتتى.ئامۇ دەرياسىدىكى پايانسىز قومۇشلۇق يوقالدى.ئالتۇنتاغ يايلاقلىرىنى قۇم بېسىپ كەتتى. ئادەملەرنىڭ چۆمۈلدەك كۆپىيىشى،تېرىلغۇ ئېتىزلىرىنىڭ كېڭىيىشى بىلەن ئامۇ دەرياسى ۋە ھىندى قۇشتاغلىرى بىلەن ھىندىستان تۇتىشىدىغان تاغلاردا قاقاسلىق كۆپەيدى.بۇ يەرلەرمەشھۇ رغەربىي يۇرت شىرى ياشايدىغان جاي بولۇپ،17 –ئەسىرگە كەلگەندە نەسلى قۇرۇپ كەتتى. »(تۆمۈر «سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ مىڭ يىللىق تارىخى»ناملىق كىتابىنىڭ 62-63-64-65-66-67-68- 69-70-71-72-73-74-75-76-77-78-79-80-81-82- 83-84-85-86-87،-89-90،97-،-100،-104-105-بەتلەر)

يۇقۇرىقى مەلۇماتلاردىن«سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ مىڭ يىللىق تارىخى»لائەمەس بەلكى نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىنى،قەدىمكى ئەنئەنىسىنى ساقلاپ كەلگەنلىكىنى،ئالتۇنتاغ بىلەن چىلانتاغ ئەڭ قەدىمدىن ماكانى بولغانلىقىنى، سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ موڭغۇللار بىلەن تۈركىي تىللىق خەلقلەرھونلار، كۆك تۈركلەر،ئۇيغۇرلار بىلەن باغلىنىشلىق بولۇپ قالماي يەنە زاگرۇلار ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى تەسىرگەكۈچلۈك ئۇچرىغانلىقىنى بىلەلەيمىز.شۇنداقلا ئۇلارنىڭ خاراكتىرىدە چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ چارۋاچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى، كۆچمەنلىكتىن ئىبارەت تۈپ ئالاھىدىلىكنى تاكى 1958-يىلغىچە داۋاملاش تۇرغانلىقىنى بىلەلەيمىز.ئاپتور ئۇچرىغان بىر چەكلىمە شۇكى :ئاپتور پۈتۈكۈل ئەسەردە سېرىق ئۇيغۇر دېگەن ئومۇمىي نامدىن ئىبارەت يۈكسەك نە زەردە تۇرماي كىتابىتا باشتىن-ئاخىر «موڭغۇل تىلنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇي غۇرلار»دېگەن ئىبارىنى سېرىق ئۇيغۇر ئاتالغۇسىنى ھەر بىر قېتىم تىلغا ئالغاندا قوشۇپ ئىشلەتكەن.بىز

كىتابتىكى ئومۇمىي تونۇشتۇرۇش ئەھۋالىدىن قارىغاندا گەنسۇ ئۆلكىسى سۇنەن سېرىق ئۇيغۇر ئاپتونوم ناھىيىسىدە ياشاۋاتقان موڭغول تىلىدا سۆزلىشىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار يەنى شەرقىي يۇغۇرلار، شۇنداقلا تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار يەنى غەربىي يۇغۇرلار،شۇنداقلا شىزاڭلىقلار«خور»دەپ ئاتايدىغان زاڭزۇلارغا سىڭىپ كەتكەن سېرىق ئۇيغۇرلار ۋە يەنە موڭغۇلىيەنىڭ جەنۇبىدىكى «موڭغول ئۇيغۇر لىرى»دەپ ئاتالغان يۇغۇرلار قاتارلىق جەمئىي تۆت تۈركۈم سېرىق ئۇيغۇر لارنىڭ ياشاپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلەلەيمىز. سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمىي ئەجدادى مەسىلىسىدە يۇقۇرىقى كىتابتا ئۈچ خىل قاراش ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بىرى:سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى كىملەر؟دېگەن سوئالغا كىتابنىڭ بىرقانچە يېرىدە «ھونلار،تۈركلەر،ئۇيغۇرلار،موڭغوللار سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجداتلىرى »دېيىلگەن.يەنە 62-بەتتە باشلانغان «كۈچلۈك دۆلەتلەر ئارىسىدا» (2) ناملىق بۆلەكتە بولسا «سېرىق ئۇيغۇرلار بىلەن قۇمۇلغا ھۆكۈمرانلىق قىلى ۋاتقان موڭغۇللارنىڭ ئالتۇن ئۇرۇقىنىڭ ئەجدادى بىر» دېيىلىش ئارقىلىق سېرىق ئۇيغۇرلاربىلەن موڭغوللارنىڭ ئەجدادى بىر دېگەن قاراش ئىلگىرى سۈرۈلگەن. ۋە يەنە بىرى 86-بەتتە « بۇنىڭدىن 4000-5000مىڭ يىللار ئىلگىرى سارغۇچ قوڭغۇر چاچلىق، ئات يۈزلۈك، قاڭشارلىق ئادەملەر ئالتۇنتاغ ۋە ئەتراپىدىكى رايونلاردا ياشايتتى.» دېگەن. توغرىسىنى ئېيتقاندا بارلىق سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى ئەشۇ« 4000،5000»مىڭ يىل ئىلگىرى ياشىغان ئارىيان ئىرقىغا مەنسۇپ قەۋمدۇر. ئۇلار ئىبراھىم مۇتىئى تىلغا ئالغان «ساراغور» (سېرىق ئوغۇر)لاردۇر. سارىغورلار تارىختا ھونلارنىڭ، ئاۋار-جورجانلار نىڭ، كۆكتۈركلەرنىڭ، ئۇيغۇرلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى شۈبھىسىز. سېرىق ئۇيغۇرۇرلارنىڭ بۈگۈنكى كۈنگە موڭغول تىلىنى، تۈركىي-ئۇيغۇر تىلىنى، زاڭزۇ تىلىنى قوللىنىپ يېتىپ كېلىشى، بۈگۈن كى كۈندە بولسا خەنزۇ تىلىنى قوللىنىشى قىلچە ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس. خەنزۇ ۋە زاڭزۇ تىلىدىن باشقا موڭغۇل ۋە تۈركىي تىلى ئوخشاشلا ئالتاي تىلى سىستېمىسىغا مەنسۇپ. ئالتاي تىلى مىلادىيە 3-ئەسىردىن باشلاپ تۈركىي تىل تۈركۈمى، توڭگۇس تىل تۈركۈمى، موڭغول تىل تۈركۈمگە ئايرىلىشقا باشلىغان. موڭغول تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار شۇ مەزگىلدە موڭغول تىلى قوۋمدىكىلەر بىلەن يېقىن ياكى ئارىلاش ياشىغانلىقى ئۈچۈن موڭغول تىلىنى قوللىنىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار بولۇپ شەكىللىنىشكە باشلاپ موڭغول خانلىقى دەۋرىدە مۇقىملاشقان بولىشى مۇمكىن. تۈركىي يەنى ئۇيغۇرچە سۆزلىشىدىغان سېرىق ئۇيغۇرلار 3-ئەسىردىن باشلاپ تۈركىي تىلدىكى قوۋملار بىلەن بىللە ياشىغانلىقى ئۈچۈن تۈركىي تىلنى ئوچۇق ئېيتقاندا ئورخۇن خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇر تىلىنى قوللىنىشتا مۇقىملاشقان بولىشى مۇمكىن. 9-ئەسىردىن ئىلگى رى سېرىق ئۇيغۇرلار

زاڭزۇلار تەسىرىگە ئۇچرىمىغان. زاڭزۇلاردا «خور»لارنىڭ بارلىقىقا كېلىشى ئېھتىمال 14- ئەسىردىن كېيىن بولۇشى مۇمكىن. سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ گەنسۇ سۇنەندە شەرقىي يۇغۇرلار ۋە غەربىي يۇغۇرلار دەپ ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈنۈشى، يەنە بىر تۈركۈم يۇغۇرلارنىڭ موڭغۇلىيەدە موڭغول ئۇيغۇرلىرى دەپ ئاتىلىشى، يەنە بىر تۈركۈمنىڭ بولسا شىزاڭدا« خور» ئاتىلىپ،زاڭزۇلار تەركىبىدە مەۋجۇت بولۇشىدىن ئىبارەت سېرىق ئۇيغۇر لارنىڭ تۆت تارماققا بۆلۈنۈپ كېتىشىنى ئۇزاق ۋە مۇرەككەپ تارىخىي جەريان بەلگىلىگەن. گەنسۇدىكى سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى مەسلىسىدە يۇقۇرىقى كىتابنىڭ ئاپتورى قۇمۇلدىكى موڭغوللارنىڭ ئالتۇن ئۇرۇقى بىلەن سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ خان جەمئەتىنىڭ بىرئۇرۇق ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ.بۇ قىسمەنلىك بولۇشى مۇمكىن.چۈنكى گەرچە چىڭگىزخان بارچۇق ئارت تېكىننى 5-ئوغلى ھېساپلاپ بىرقىزىنى بېرىپ ئۆزىگە تۇققان قىلىۋالغان بولسىمۇ شۇنىڭ بىلەنلا ئۇيغۇرلار بىلەن موڭغوللار بىر مىللەتكە تەۋە بولغان بولمايدۇ. كىتابتا ئاپتور قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقى ۋە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرغان ئۇيغۇرلار ئەسلى يۇغۇر -سېرىق ئۇيغۇر ئىدى دەپ قارىغان. بۇ بىر تەرەپلىمىلىك بولۇپ قالغان. ساراغورلار ئورخۇن خانلىقى تەركىبىدە بولۇپ، ئون ئۇيغۇرلار-ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى ئون (توققۇزمۇ دېيىلىدۇ) قەبىلىسىنىڭ 9- رەت-قاتارىغا تىزىلغان سابارلار دەل قەدىمكى سېرىق ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتەمدۇ-يوق؟ بۇ نۇقتىنى تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.